ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا تېخنىكومىلار ۋە كەسپىي
مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# جەمئىيەتشۇناسلىق

ئەخمەت يەھيا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

جەمئىيەتشۇناسلىق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

封面设计：艾克拜尔．沙力

بۇ دەرسلىك تۆۋەندىكى كەسپلەردە ئورتاق قوللىنىدۇ.

- خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىق (تولۇق كۇرۇس)
- مەمۇرىي باشقۇرۇش (تولۇق كۇرۇس)
- ئاخباراتچىلىق (تولۇق كۇرۇس)
- مەمۇرىي باشقۇرۇش (تولۇق كۇرۇس)

ISBN 7-228-06726-6
C·99(民文)定价：24.00元

ISBN 7-228-06726-6
9 787228 067268 >

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالىي مەكتەپلەر، ئۆزلۈگىدىن ئۆگەنگۈچىلەر
ۋە كەسپىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# جەمئىيەتشۇناسلىق

باش تۈزگۈچى: ئەخمەت يەھيا

تۈزگۈچىلەر: ئەخمەت يەھيا، غوپۇر ئىسمائىل
سەمەت ئابلىكىم، شېرىن قۇربان
ئابدۇشكۈر روزى، ئىسمائىل ھاجى
تۇرسۇن ساۋۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

社会学/艾合买提·亚克亚编著.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.10
ISBN 7-228-06726-6

Ⅰ.社… Ⅱ.艾… Ⅲ.社会学—维吾尔文(中国少数民族语言) Ⅳ.C91

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 071070 号

责任编辑:阿布里米提·伊明
责任校对: 赛纳瓦尔,扎米拉
封面设计: 艾克拜尔·萨里

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码: 830001)
新疆新华书店发行
新疆新都实业总公司印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 15.625 印张 2 插
2001 年 10 月第 1 版 2001 年 10 月第 1 次印刷
印数: 1—3000

ISBN7-228-06726-6/C.99 定价:24.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

«جەمئىيەتشۇناسلىق» ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىشتە تەسىس قىلىنغان ئاساسىي دەرسلەرنىڭ بىرى. بۇ دەرسلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ، جەمئىيەتتىكى سىياسىي - قانۇن ساھەسىدىكى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنىڭ، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي خىزمەت ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملارنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇلارنى «جەمئىيەتشۇناسلىق» بويىچە بىرقەدەر سىستېمىلىق بىلىمگە ئىگە قىلالايدۇ.

بۇ دەرسلىكتە «جەمئىيەتشۇناسلىق»نىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي كاتېگورىيەلىرى ۋە بىلىملىرى بىرقەدەر سىستېمىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«جەمئىيەتشۇناسلىق» جەمئىيەتنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە قاراپ، ئىجتىمائىي قۇرۇلما بىلەن ئىجتىمائىي جەريانىنى تەتقىق قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال پەن. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ مېخانىزمى ئۈستىدە كونكرېت تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى ۋاقىتتا جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز بېيىشىغا

ئەگىشىپ، «جەمئىيەتشۇناسلىق» بارغانسېرى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان زوروْر بىلىمگە ئايلىنىپ قالـ. دى. «جەمئىيەتشۇناسلىق» جۇڭگودا 1979 ـ يىلى قايتا ئەسلە. گە كېلىپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پەن سىستېمىسىدىكى ئورنى تو. لۇقلانغاندىن كېيىن، خەنزۇ تىلىدا خېلى كۆپ دەرسلىك ۋە مەخ. سۇس تەتقىقات ئەسەرلىرى يېزىلىپ «جەمئىيەتشۇناسلىق» پېنى. نى قايتا بەرپا قىلىش ۋە «جەمئىيەتشۇناسلىق» بىلىملىرىنى ئو. مۇملاشتۇرۇش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. ئەپسۇسكى، ھا. زىرقىغا قەدەر ئۇيغۇر تىلىدا جەمئىيەتشۇناسلىققا ئائىت سىستې. مىلىق بىرەر ئەسەر ياكى دەرسلىك يېزىلىپ باققىنى يوق. بۇ تۈنجى دەرسلىك بولۇپ، تۈزۈش جەريانىدا ئېلىمىزدە نەشر قى. لىنغان «جەمئىيەتشۇناسلىق»قا دائىر دەرسلىك ۋە ئەسەرلەردىكى ئاساسىي نەزەرىيىۋى قاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلەردىن تولۇق پايدى. لاندۇق. ئوقۇرمەنلەرنىڭ «جەمئىيەتشۇناسلىق»تىن ئىبارەت بۇ پەن توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشىغا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، بۇ دەرسلىك مەزمۇنىنى جەمئىيەت قۇرۇلـ. مىسىنىڭ مۇئەييەن لوگىكىلىق تەرتىپى بويىچە بايان قىلىشقا تىرىشتۇق.

بۇ دەسلىكنى تۈزۈپ چىقىشتا ئاپتونوم رايونلۇق ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسى، شىنجاڭ ئۇنى. ۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسى ۋە ئۇرۇمچى غالىبىيەت كىتاب. خانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ ـ قۇۋۋەت. لىشى ۋە ياردىمىگە ئىگە بولدۇق. بىز ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

ئەخمەت يەھيا (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوتسېنتى) كىتابنى تۈزۈشكە مەسئۇل بولۇپ، تۈزۈش پروگراممىسىنى يېزىپ چىقتى ۋە كىتابنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى تەكشۈرۈپ ـ بېكىتىپ چى. قىپ، پۈتۈن كىتابنىڭ سىستېمىسى، ئۇسلۇبى ۋە سۆز ئاتالغۇلـ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىنى بىرلىككە كەلتۈردى. شۇنىڭدەك كىتابنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 5 ـ، 6 ـ، 8 ـ، 12 ـ بابلىرىنى؛ غوپۇر ئىسمائىل (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى)، سەمەت ئابلىكىم (شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى لېكتورى) 4 ـ، 7 ـ، 9 ـ، 11 ـ بابلىرىنى؛ شېرىن قۇربان (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى) 10 ـ بابنى؛ ئابدۇشكۇر روزى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى لېكتورى) 4 ـ بابنىڭ 2 ـ پاراگرافىنى يېزىپ چىقتى. ئىسمائىل ھاجى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوتسېنتى)، تۇرسۇن ساۋۇت (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى لېكتورى) قاتارلىق يولداشلار مۇناسىۋەتلىك بابلارنىڭ مەزمۇنىنى يېزىشقا قاتناشتى.

«جەمئىيەتشۇناسلىق» دەرسلىكىنى تۈزۈش بىزنىڭ تۇنجى ئەمگىكىمىز. تەجرىبىمىزنىڭ يوقلۇقى، سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولغانلىقى ۋە ۋاقىتنىڭ قىسقا بولۇشى تۈپەيلىدىن بەزى خاتالىقلارنىڭ بولۇپ قېلىشى تەبىئىي. كەسىپداشلارنىڭ ۋە ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دەرسلىكنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشى ۋە تولۇقلىنىشى ئۈچۈن تەنقىدىي تۈزىتىش پىكرى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

تۈزگۈچىدىن

2001 .7 .28

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب جەمئىيەتشۇناسلىق ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ........................................ 1

بىرىنچى پاراگراف جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ........................ 1

1. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى ........................................ 1

2. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ........................................ 11

ئىككىنچى پاراگراف جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە ئالاھىدىلىكى ........................ 16

1. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەبىرى ........................ 16

2. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ........ 20

3. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى .............. 26

4. جەمئىيەتشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ........................................ 29

ئۈچىنچى پاراگراف جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئىجتىمائىي پەندىكى ئورنى ........................................ 39

1. جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ........................................ 39

2. جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ مۇناسىۋىتى ........................................ 45

تۆتىنچى پاراگراف جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى ........................................ 48
1. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي ئۇ- سۇلى ........................................ 48
2. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئاساسىي باسقۇچلار ........................................ 55
**ئىككىنچى باب جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى** ........................................ 61
بىرىنچى پاراگراف جەمئىيەت دېگەن نېمە؟ .............. 61
1. جەمئىيەت چۈشەنچىسى ........................................ 61
2. ماركسىزملىق جەمئىيەت قارىشى .............. 64
ئىككىنچى پاراگراف نوپۇس ........................................ 69
1. نوپۇس قۇرۇلمىسى ........................................ 69
2. نوپۇسنىڭ تەبىئىي قۇرۇلمىسى ........................................ 70
3. نوپۇسنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى .............. 75
4. نوپۇسنىڭ ماكان جەھەتتە تارقىلىشى .............. 77
5. نوپۇس جەريانى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشى .............. 78
6. نوپۇس جەريانىنىڭ خاراكتېرى ۋە قانۇنىيىتى ... 82
ئۈچىنچى پاراگراف تەبىئىي مۇھىت .............. 89
1. تەبىئىي مۇھىت چۈشەنچىسى ........................................ 89
2. تەبىئىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوغداش ........................................ 94
تۆتىنچى پاراگراف مەدەنىيەت ........................................ 99
1. مەدەنىيەت چۈشەنچىسى ........................................ 100
2. ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى .............. 102

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3. ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ......... 105
4. مەدەنىيەتنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ............ 108
**ئۈچىنچى باب جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى... 111**
بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي جامائە ............ 112
1. ئىجتىمائىي جامائە چۈشەنچىسى ............... 112
2. ئىجتىمائىي جامائەنىڭ رولى .................. 116
3. ئىجتىمائىي جامائەنىڭ تۈرلىرى ............... 119
ئىككىنچى پاراگراف دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە ... 125
1. دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە چۈشەنچىسى ...... 125
2. دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە ۋە كېيىنكى
ئىجتىمائىي جامائە ............................ 127
3. دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائەنىڭ ئالاھىدىلىكى ... 130
ئۈچىنچى پاراگراف ئائىلە ......................... 132
1. ئائىلە، نىكاھ ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى ........... 132
2. ئائىلىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى ۋە تىپلىرى ... 136
3. ئائىلىنىڭ رولى ................................. 139
4. ئىجتىمائىي تەربىيە بېرىش رلى ............... 143
5. مەنىۋى تۇرمۇشنى قامداش رولى .............. 143
تۆتىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلار ... 144
1. ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ
تىپلىرى ........................................ 144
2. ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلارنىڭ ئالاھى-
دىلىكى .......................................... 148
3. تەشكىلىي ئورگان قۇرۇلمىسى .................. 150
4. ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگان باشقۇرۇشى ...... 152

بەشىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي رايون ......... 156
1. ئىجتىمائىي رايون چۈشەنچىسى ............ 156
2. ئىجتىمائىي رايونلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ... 161
3. ئىجتىمائىي رايونلارنى تۈرگە ئايرىش ......... 164
4. شەھەر ۋە يېزا ئىجتىمائىي رايونى ............ 167
5. ئىجتىمائىي رايون تەتقىقاتىنىڭ ئۇسۇلى ........ 169
**تۆتىنچى باب جەمئىيەتنىڭ سىنىپىي قۇرۇلمىسى**... 172
بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي سىنىپ ۋە قاتلام ... 172
1. ماركسىزملىق سىنىپ كۆزقارىشى ............ 172
2. سىنىپ ۋە ئىجتىمائىي سالاھىيەت ............ 177
3. سىنىپ ۋە ئىجتىمائىي ئورۇن ............... 178
4. سىنىپ ۋە ئىجتىمائىي كەسىپ ............... 180
5. سىنىپ ۋە دەرىجە ............................ 181
ئىككىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي تەبىقە ............ 182
1. سىنىپ بىلەن تەبىقىنىڭ مۇناسىۋىتى ........... 182
2. ئىجتىمائىي تەبىقىگە ئايرىش ئۇسۇلى ۋە ئۆل-
چىمى ........................................ 183
3. ئىجتىمائىي تەبىقە تۈرلىرى.................. 186
ئۈچىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي يۆتكىلىش............ 188
1. ئىجتىمائىي يۆتكىلىش دېگەن نېمە؟ ........... 188
2. ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ شەكلى .............. 189
3. ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ سەۋەبى ۋە شەرتى ... 191
4. جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي
يۆتكىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ساقلانغان
مەسىلىلەر ................................... 197

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەشىنچى باب ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ۋە خاسلىقى ........................................ 200
بىرىنچى پاراگراف ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ··· 200
1. ئادەم ۋە ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ··· 200
2. ئادەمنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ۋە ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى ........................................ 204
ئىككىنچى پاراگراف ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ··· 208
1. ئىجتىمائىيلىشىش چۈشەنچىسى ................ 208
2. ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ................ 209
3. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ ئىمكانىيىتى ۋە شەرت - شارائىتى ........................................ 212
ئۈچىنچى پاراگراف ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ جەريانى ··· 219
1. باللار ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ........................................ 219
2. ياش قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ ئۇزلۇكسىز ئىجتىمائىيلىشىشى ۋە تەكرار ئىجتىمائىيلىشىشى ........................................ 225
3. قايتا ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ........................ 228
تۆتىنچى پاراگراف خاسلىق ........................ 229
1. خاسلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ······ 229
2. ئادەمنىڭ خاسلىق پەرقى ۋە ئىپادىسى ········ 231
3. خاسلىق، مىللىيلىك ۋە سىنىپىيلىك ········ 239
ئالتىنچى باب ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى ······ 242
بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى ........................ 243

1. ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكەت چۈشەنچىسى ......... 243
2. ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكەت تۈرلىرى .......... 246
3. ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكەت قۇرۇلمىسى ......... 249
ئىككىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكەت شە-
كىللىرى ................................ 254
1. ھەمكارلىق ................................ 254
2. رىقابەت ................................ 257
3. توقۇنۇش ................................ 259
4. ماسلىشىش ................................ 261
5. ئاسسىمىلياتسىيە ................................ 263
ئۈچىنچى پاراگراف كوللېكتىپ ھەرىكەت .......... 266
1. كوللېكتىپ ھەرىكەت چۈشەنچىسى ............ 266
2. كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبى
ۋە شەرتلىرى ................................ 268
3. كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ........ 271
يەتتىنچى باب ئىجتىمائىي تۈزۈم ........... 273
بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ
تىپلىرى ................................ 274
1. ئىجتىمائىي تۈزۈم چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ ئالا-
ھىدىلىكى ................................ 274
2. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تىپلىرى ............ 277
ئىككىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي تۈزۈم قۇرۇلمىسى
ۋە فۇنكسىيىسى ................................ 279
1. ئىجتىمائىي تۈزۈم قۇرۇلمىسى ............ 279
2. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ فۇنكسىيىسى ........... 280

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3. ئىلىمنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىسلاھاتى ······ 284
**سەككىزىنچى باب ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ······ 289**
بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ھەققىدە چۈشەنچە ········································ 289
1. ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ئومۇمىي مەنىسى ··· 289
2. ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ رولى ·············· 293
3. ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ۋە شەخسىي ئەركىنلىك··· 296
ئىككىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ۋاستىلىرى ········································ 300
1. ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ئۇسۇلى ·············· 300
2. ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ئاساسىي ۋاستىلىرى ········································ 304
ئۈچىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى ··· 313
1. ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىنىڭ مەنبەسى ۋە شەكىللىنىشى ········································ 313
2. ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ··· 315
3. مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىنىڭ رولى ········································ 318
**توققۇزىنچى باب ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ········ 321**
بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ھەققىدە چۈشەنچە ········································ 322
1. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش چۈشەنچىسى ·············· 322
2. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبلىرى ········ 326
3. ھازىرقى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ········································ 330

ئىككىنچى پاراگىراف ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ شەكىللىرى ........................................ 333
1. جەمئىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى .............. 333
2. ئىجتىمائىي ئىسلاھات ............................ 334
3. ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ............................ 335
4. ئىجتىمائىي چېكىنىش ............................. 336
ئۈچىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش توغرىسىدىكى بىرقانچە خىل نەزەرىيىلەر ................ 338
1. تارىخىي دەۋرىيلىك نەزەرىيىسى ................... 338
2. ئىجتىمائىي تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ... 339
3. ئىجتىمائىي مۇۋازىنەت نەزەرىيىسى ............... 340
4. ئىجتىمائىي توقۇنۇش نەزەرىيىسى .................. 341
**ئونىنچى باب ئىجتىمائىي مەسىلە** ................ 344
بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي مەسىلە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ................................ 345
1. ئىجتىمائىي مەسىلە دېگەن نېمە؟ ................ 345
2. ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ............. 348
3. جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ........................................ 350
4. ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى ........................................ 352
ئىككىنچى پاراگراف ئېلىمىزدىكى ئاساسىي ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ........................................ 354
1. نوپۇس مەسىلىسى ................................ 355
2. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسى .................. 362

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3. ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ······ 373
4. ياشانغانلار مەسىلىسى ······················ 379
5. جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسى ················ 382
6. ناتوغرا ئىستېمال مەسىلىسى ···················· 390
7. نامراتلىق مەسىلىسى ·························· 398
8. ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش
مەسىلىسى ··································· 404
ئون بىرىنچى باب جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ································ 415
بىرىنچى پاراگراف جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش
ئۇقۇمى ····································· 415
1. زامانىۋىلاشتۇرۇش دېگەن نېمە·················· 415
2. جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈزلۈكسىز داۋام-
لىشىدىغان تارىخىي جەريان ················ 416
3. جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش — تارىخىي ئەنئە-
نىلەرگە قارىتا ھەم تەنقىد قىلىش، ھەم ۋارىس-
لىق قىلىش جەريانىدۇر ························ 418
4. جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش — ئىجتىمائىي
سىستېمىنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىش
جەريانىدۇر ··································· 422
ئىككىنچى پاراگراف جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش
جەريانىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى ········· 425
1. پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىقتى-
سادىي تەرەققىياتتا يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈشى ··· 425
2. ئىقتىسادنىڭ سىجىل ھەم تېز سۈرئەتتە تەرەق-

قىي قىلىشى ........................... 428
3. ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە
سىياسىينىڭ دېموكراتىيىلىشىشى .......... 432
4. ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇل-
نىڭ زامانىۋىلىشىشى ...................... 433
ئۈچىنچى پاراگراف تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر-
نىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئالاھىدىلىكى .......... 436
1. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشى-
شىدىكى تارىخىي شارائىتلىرى ............. 436
2. مەقسەتلىك، پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان
«سەكرەش» شەكلىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش ... 437
3. چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى ۋە تەرەققىيات
ئەندىزىسىنى كىرگۈزۈش ۋە قوبۇل قىلىش ... 439
4. «ئىككى مەنبە»لىك جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ
ئۇزۇن مۇددەت بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇشى .................................. 440
تۆتىنچى پاراگراف ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش يولى .................... 442
1. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش
تارىخى ..................................... 442
2. ئېلىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشىنىڭ
ئالاھىدىلىكى .............................. 444
**ئون ئىككىنچى باب ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە**
**ئىجتىمائىي خىزمەت** ..................... 449
بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەزمۇنى ........................ 449
1. ئىجتىمائىي كاپالەت چۈشەنچىسى .............. 449
2. ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ...... 457
3. ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ رولى ........ 461
ئىككىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي خىزمەت .......... 465
1. ئىجتىمائىي خىزمەت چۈشەنچىسى ............. 465
2. ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى .......... 470
3. ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى ... 473
4. ئېلىمىزدىكى ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنى مەزمۇنى... 476

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

# جەمئىيەتشۇناسلىق ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

جەمئىيەتشۇناسلىق — ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئىجتىمائىي پىكىرلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن ئىلمىي سىستېمىغا كىرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ جەمئىيەتكە قارىتا بىر پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدا تۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئىجتىمائىي سىستېما ئىچىدىكى ئىجتىمائىي فۇنكسىيە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ تۇرغاچقا، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە دائىرىسىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

## بىرىنچى پاراگراف جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

### 1. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى

جەمئىيەتشۇناسلىق — ھازىرقى زامان تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە تېخنىكىلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي جەرياننى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى،

راۋاجلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ مېخانىزمى ئۇستىدە ئىنچكە، توغرا تەھلىل ئېلىپ بارىدۇ ۋە قىياس قىلىدۇ. جەمئىيەشۇناسلىق — جەمئىيەت توغرىسىدىكى بىر خىل بىلىم سىستېمىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى «جەمئىيەت توغرىسىدىكى تەلىمات» دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى بىرىنچىدىن، جەمئىيەتنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان پەنلەر ناھايىتى كۆپ، جەمئىيەتشۇناسلىق بولسا پەقەت بۇنىڭ ئىچىدىكى كونكرېت بىر پەن. ئىككىنچىدىن، پۈتكۈل جەمئىيەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ مەلۇم بىر ساھەسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىجتىمائىي پىكىرلەر جەمئىيەتشۇناسلىق پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغاچقا، جەمئىيەتشۇناسلىقنى ئىجتىمائىي پىكىرلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىلمىي باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز بېيىشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەتشۇناسلىق بارغانسېرى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان زور بىلىمگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش قانۇنىيىتىنى بىلىش ۋە ئىگىلىشىدە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى تۈرلۈك ئامىللارنى گارمونىيىلىك تەرەققىياتقا ئىگە قىلدۇرۇشتا ناھايىتى زور ئىلمىي رول ئوينىماقتا.

جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي پەنلەر ئىچىدىكى ياش بىر پەن. ئۇنىڭ مۇستەقىل بىر پەن بولۇپ شەكىللەنگىنىگە تېخى بىر يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت بولدى.

جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى بەرپا بولۇشتىن ئىلگىرى، يەنى ئىنسانلار جەمئىيىتى پەيدا بولغاندىن تارتىپلا كىشىلەردە جەمئىيەت توغرىسىدا تۈرلۈك پىكىرلەر ۋە تەلىماتلار مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى كۇڭزى، مېڭزىلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئېتىكا ئىدىيىلىرى، قەدىمكى يۇناندىكى پىلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارىستوتىلنىڭ جەمئىيەت توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى؛ ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىردىكى توماس. ئاكۋىنىيا، ماكىياۋىللى قاتارلىقلار-نىڭ ئىجتىمائىي پىكىرلىرى؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇتەپەككۇر-لاردىن ئەل. فارابى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۈرلۈك ئىجتىما-ئىي قاراشلىرى ۋە يېقىنقى زاماندىكى ياۋروپا بۇرژۇئا مۇتەپەك-كۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پىكىرلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دائىرى-گە كىرىدۇ. بۇ مۇتەپەككۇر، ئالىملار ئۆز زامانىسىدا، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان رېئال جەمئىيەتنى ۋە تۈرلۈك ھادىسىلەرنى ئۆزلۈكسىز كۆزىتىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا مۇناسى-ۋەتلىك بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە تۈرلۈك كۆزقاراشلارنى ۋە تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۈبھىسىزكى، بۇ پىكىرلەر-نىڭ كۆپ قىسمى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قارىتا توغرا ۋە ئەتراپ-لىق چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھازىرقى زامان جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىسى ھېسابلىنى-دۇ.

بىراق، ئەينى دەۋرلەردە بۇ خىل ئىجتىمائىي پىكىر ۋە قاراشلار كۆپىنچە پەلسەپە، ئېتىكا، تارىخ، ئىقتىساد، سىياسىي ۋە دىنىي چۈشەنچىلەردىن ئايرىلىپ كېتەلمەيتتى. پىكىرلەرنىڭ مەزمۇنىدىمۇ غايىۋى تەسەۋۋۇرلار ئوبيېكتىپ تەھلىلدىن، ئىدە-راكى ئەقلىي يەكۈن تەجرىبە ماتېرىياللىرى ئاساسىدىكى ئىسپات-لاشتىن كۆپرەك ئىدى. ئېتىقاد پەندىن ئۈستۈن تۇراتتى، بۇ رېئال جەمئىيەتنى ئالاھىدە بىر ئوبيېكت قىلىپ، ئىلمىي ئۇسۇل-دا، سىستېمىلىق تەھلىل قىلىۋاتقان ھازىرقى زامان جەمئىيەت-شۇناسلىقى بىلەن ئەلۋەتتە ئوخشاشمايدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي ئىدىيە قەدىمدىن تارتىپ بار بولغان بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتشۇ-ناسلىق يەنىلا XIX ئەسىردە شەكىللەنگەن پەن.

جەمئىيەتشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر، جەمئىيەتشۇناسلىق دې-گەن بۇ ئاتالغۇنى ئەڭ دەسلەپتە فرانسىيىلىك پەيلاسوپ ئاۋ-

غۇست. كونت (1798 — 1857) XIX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزمدىن ھالقىغان دەلىلچىلىك پەلسە-پىسىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ھامىيسى دەپ ھېسابلايدۇ.

ئەينى دەۋردە، مەشھۇر خىيالىي سوتسىيالىزمچى سىن. سىمون (1760 — 1825)، فورىي (1772 — 1837)، ئوۋېن (1771 — 1858) قاتارلىقلار پۈتۈن كۈچى بىلەن جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى تۈزۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىجتىما-ئىي قۇرۇلمىنىڭ سىستېمىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ لايىھىلىگەن. سىن. سىمون تارىخنىڭ قانۇنىيەتلىك ھالدا تەرەققىي قىلىش تەلىماتىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇپ باققان. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا تەبى-ئىي پەندە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان فىزىكىنى تەتقىق قىلىپ، فىزىكىدىكى كۆزىتىش، سېلىشتۇرۇش، تەجرىبە قىلىش ئۇسۇ-لىنى جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشقا تەتبىقلىماقچى بولغان ھەمدە ئۇنى قىياسەن «سوتسىئال فىزىكا» دەپ ئاتاپ، دەلىللەش ئۇسۇ-لى بويىچە ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان. كونت ئەسلىدە سىن. سىمونغا ئالتە يىل كاتىپ بولغان. ئۇ سىن. سىموننىڭ جەمئىيەتنى ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىق تەتقىق قىلغاندىلا، جەمئىيەتنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ، دېگەن كۆزقارى-شىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتنى قانداق قىلىپ ئۆزگەرتىش، ياخشىلاش توغرىسىدا پىلان تۈزگەن. ئەمما، كېيىنكى چاغلاردا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا نەزەرىيىۋى ۋە سىياسىي مەسىلىلەردە جىددىي پىكىر ئىختىلاپى تۇغۇلغانلىقتىن كونت سىن. سىموندىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆزى-نىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنى تىكلىگەن.

كونتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «دەلىللەنگەن سىيا-سىي سىستېما» ۋە ئالتە توملۇق «دەلىلچىلىك پەلسەپە دەرسلى-كى» دېگەنلەر بار. ئۇمۇ «دەلىلچىلىك پەلسەپە دەرسلىكى» نىڭ

www.uyghurkitap.com

3 ـ تومىدا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس پەننى «سوتسىئال فىزىكا» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، لېكىن 4 ـ تومىنى نەشر قىلغان چاغدا ئۇ، «سوتسىئال فىزىكا» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئۆزگەرتىپ، تۇنجى قېتىم «سوتسىئولوگىيە» دېگەن بۇ يېڭى ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن ۋە مۇشۇنداق بىر خىل يېڭى پەننى بەرپا قىلىش توغرىسىدا ئۆزىنىڭ دەلسەپكى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇ- رىغا قويغان. شۇڭا كېيىنكى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتشۇناسلار جەم- ئىيەتشۇناسلىق ئىلمى كونت تەتقىقاتىدىن ئېتىبارەن مەيدانغا كەلگەن دەپ قاراپ كەلمەكتە.

كونت جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن بۇ ئاتالغۇنى قوللىنىپ جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا دەسلەپكى تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ساھەدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان جەمئىيەتشۇناسلىقىمۇ بىر خىل تارىخىي ئىدېئا- لىزملىق ئىجتىمائىي تەلىمات بولۇپ، دەلىلچىلىكنى ئۆزىنىڭ پەلسەپە ئاساسىي قىلغان. ئۇنىڭ مەقسىتىمۇ ئەينى چاغدىكى كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭىچە بىر خىل ئىجتىما- ئىي تەرتىپنى تىكلەشتىن ئىبارەت.

كونت كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئاساسىي بىلىملىرىنى ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، فىزىكا، خى- مىيە، بىئولوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق دەپ ئالتە خىلغا بۆل- گەن. ئۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى جەمئىيەتشۇناسلىقنى مۇشۇ ئالتە خىل پەننىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمى دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا كونت ئوتتۇرىغا قويغان جەمئىيەتشۇناسلىق پۈتكۈل ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن ئوخشاش مەنىدە قارالغان. ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىمۇ جەمئىيەتتىكى بارلىق ئىجتىمائىي ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

كونت جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات تېمىسىنى ئىجتىما- ئىي ستاتىكا (تۇرغۇنلۇق ھالىتى) ۋە ئىجتىمائىي دىنامىكا (ھە-

ركەت ھالىتى) دەپ ئىككى چوڭ دائىرىگە بۆلىدۇ. كونت ئوتتۇ-
رىغا قويغان ئىجتىمائىي ستاتىكا — ئىجتىمائىي تەرتىپ توغرىسى-
دىكى نەزەرىيە بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئۇنىڭ ئىچىدى-
كى ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ ماسلىشىش مۇناسىۋىتىنى تەتقىق
قىلىدۇ. كونت «ئىجتىمائىي سىستېمىنىڭ پۈتكۈل گەۋدىسى
بىلەن ھەرقايسى بۆلەكلىرى ئوتتۇرىسىدا چوقۇم تەبىئىي مۇرەس-
سە بولۇش كېرەك. ئۇنىڭ ھەر خىل فاكتورلىرى ھامان مەلۇم
بىر چاغقا كەلگەندە بىرلىشىپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ماس كېلىدى-
غان شەكىلگە ئىگە بولىدۇ. مەيلى ئىجتىمائىي تۈزۈم بولسۇن،
مەيلى ئىجتىمائىي ئەخلاق بولسۇن، ھامان شۇنداق بولىدۇ. ئەخ-
لاق بىلەن ئىدىيە ئۆزئارا باغلانغان بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ خىل
باغلىنىشتىن ھاسىل بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە، مۇقەررەر ھالدا
ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتلەردىكى ئو-
مۇميۈزلۈك تەرەققىياتى بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىدۇ («دەلىلچى-
لىك پەلسەپە دەرسلىكى») دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ «ئىنسان
تەبىئىتى — بارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ كېلىپ چىقىش
مەنبەسى»، «بارلىق ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىكنىڭ سەۋەبى ئۆز
مەنپەئىتىنى كۆزلەشنىڭ ئۆزگىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەشتىن
ئېشىپ كەتكەنلىكىدە» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىزم
تەلىماتىغا ۋە ئىنقىلابقا قارشى چىقىدۇ.

كونت ئوتتۇرىغا قويغان ئىجتىمائىي دىنامىكا — ئىجتىمائىي
تەرەققىيات توغرىسىدىكى نەزەرىيە بولۇپ، ئىجتىمائىي سىستېمى-
نىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدۇ. كونت كاپىتا-
لىزم دائىرىسىدىكى تەرەققىياتنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ تارىخنى
ئىدېئالىستىك ھالدا ئىدىيە تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى دەپ چۈشى-
نىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جەمئىيەت تەرەققىيات باسقۇچى-
نى ئىلاھىيەت باسقۇچى (خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە كائىناتنى
چۈشەندۈرۈش)، مېتافىزىكا باسقۇچى (ئابستراكت پىكىرگە تا-

يىنىپ شەيئىلەرنى چۇشەندۇرۇش)، دەلىللەش باسقۇچى (كۆزىتىش، سېلىشتۇرۇش ۋە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق دەلىللەش) دەپ ئۈچ باسقۇچقا بۆلىدۇ. ئۇ ئەينى چاغدىكى قالايمىقانچىلىق ھالىتىنى ئىلاھىيەت سىياسىتى بىلەن مېتافىزىكىلىق سىياسەت پەيدا قىلغان دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇ دەلىللەش پەلسەپىسى ئارقىلىق يېڭى ئىجتىمائىي تەرتىپنى قۇرۇپ، جەمئىيەتنى ئوڭشاشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ مۇشۇنداق دەلىلچىلىكنى ئۆزىگە ئىدىيۋى بايراق قىلغان جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسى بىر خىل ئىسلاھاتچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائىي تەرتىپىنى قوغداپ قېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

كونت گەرچە ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن بۇ پەنگە يىغىنچاقلاپ، بۇ پەننىڭ مۇستەقىل ئورنى بولۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بۇ جەھەتتە سىستېمىلىق بىر نەزەرىيە يارىتالمىغان. لېكىن ئۇ جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئىجاد قىلىپ، بۇ پەننىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە تەبىئىي پەن ئۇسۇلىنى جەمئىيەت تەتقىقاتىغا تەتبىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. دەرۋەقە، بۇ ھازىرقى زامان جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور ئاساس بولۇپ قالدى، ئەمما ئۇنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەن دەپ قارىشى ھەم ئۇنى ئىجتىمائىي ستاتىكا ۋە ئىجتىمائىي دىنامىكا دەپ بۆلۈشى، گەرچە جەمئىيەتشۇناسلىق تارىخىدا ئۆزۈن مەزگىلگىچە تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھازىرقى كۈندە كىشىلەر تەرىپىدىن ناھايىتى ئاز قوللىنىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئۈچ باسقۇچلۇق تەلىماتىنىمۇ كىشىلەر ئاللىقاچان تاشلىۋەتتى.

كونتتىن كېيىن جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن كۆپ-

رەك شۆغۇللانغان كىشى ئەنگلىيىلىك ھېربېرت. سېپىنسېر (1821 — 1903) دۇر. ئۇ پەلسەپە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقتا كونتىنىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ جەمئىيەتشۇناسلىقنى كونكرېتلاشتۇرۇش ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇنىڭ بىر نەزەرىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشقان. ئۇ دار-ۋىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى ئىنسانلار جەمئىيە-تىدىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە تەتبىقلىغان. شۇڭا ئۇ غەرب جەمئىيەتشۇناسلىقىدىكى ئىجتىمائىي ئورگانىزم نەزەرىيىسى (سوتسىئال دارۋىنىزم) نىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنى-دۇ. سېپىنسېر بارلىق نەزەرىيىۋى پەنلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇنى-ۋېرسال پەلسەپە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن 10 توملۇق «ئۇنىۋېرسال پەلسەپە» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ بۇ زور ھەجىملىك ئەسىرى «بىرىنچى پرىنسىپ»، «بىئولوگىيە پرىنسىپلىرى»، «پسىخولوگىيە پرىنسىپلىرى»، «جەمئىيەت-شۇناسلىق پرىنسىپلىرى» ۋە «ئېتىكا پرىنسىپلىرى» دېگەن قى-سىملاردىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭ يەنە مەخسۇس جەمئىيەتشۇ-ناسلىق توغرىسىدا يازغان «ئىجتىمائىي ستاتىكا»، «جەمئىيەت-شۇناسلىق تەتقىقاتى» دېگەن ئەسەرلىرى بار.

سېپىنسېر جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى سوتسىئال دارۋىنىزمىدىن ئىبارەت. ئۇ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بىئولوگى-يىلىك ھادىسىلەرگە ئوخشاتقان. ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى خۇددى جانلىقلار ئورگانىزمىغا ئوخشاش بىئولوگىيىلىك قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنىدۇ، ھايۋانلار ئورگانىز-مىدا ئۈچ ئەزا سىستېمىسى، يەنى ئوزۇقلىنىش، ھەزىم قىلىش تەڭشەش سىستېمىسى بولغىنىغا ئوخشاش جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلمە ئىقتىدارىدىمۇ ئۈچ سىنىپ، يەنى ئوزۇقلاندۇرۇش رولىنى ئۆتەي-دىغان ئىشچىلار سىنىپى، تەقسىم قىلىش ياكى ئالماشتۇرۇش رولىنى ئۆتەيدىغان سودىگەرلەر سىنىپى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەيدىغان سانائەت كاپىتالىستلىرى سىنىپى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. دېمەك، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تۈزۈلمە ئىقتىدارىنى مۇشۇنداق ئورگانىك هالدا ماسلاشقان بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارايدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ رىقابەت، ئۇيغۇنلىشىش، ئۇيغۇنلىشالمىغانلىرى شاللىنىپ كېتىش، تەبىئىي هالدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش دېگەن بىئولوگىيىلىك قانۇنىيەتلەر بويىچە چۈشەندۈرىدۇ، شۇڭا ئۇ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ نىشانى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى هەل قىلىشقا تەكلىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش نەتىجىسىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇش دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ، هەرقانداق خىلدىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا قارشى تۇرىدۇ ۋە ئۇنى «ئىجتىمائىي مۇۋازىنەت»نى بۇزغانلىق دەپ قارايدۇ. سپېنسېرنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق ئىدىيىسى ماهىيەتتە كاپىتالىزمنىڭ ئەركىن رىقابىتىنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى جەمئىيەتشۇناسلىققا نىسبەتەن سپېنسېر نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىجتىمائىي هادىسىلەرنى بىئولوگىيىلىك هادىسىلەرگە ئاددىي، مېخانىكىلىق هالدا سېلىشتۇرۇشتەك ئۇسۇلىنى كىشىلەر خېلى بۇرۇنلا ئىنكار قىلغانىدى. سپېنسېر ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاساسىي تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىۋاستە هالدا ئائىلە، سىياسىي، دىن، سانائەت ۋە ئىجتىمائىي تىزگىنلەش قاتارلىق تۈزۈملەرنى تەتقىق قىلغان ھەمدە جامائەت، ئىش تەقسىماتى، ئىجتىمائىي بۆلۈنۈش قاتارلىق هادىسىلەرنى تەتقىق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىن مۇشۇلارنىڭ هەممىسى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، هازىرقى زامان جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى بولۇپ قالدى.

كونت جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قوي-

غاندىن تارتىپ هازىرغا قەدەر بىر يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. مۇشۇ بىر يېرىم ئەسىر داۋامىدا جەمئىيەتشۇناسلىق تەرەققىي قىلىپ، سىستېمىلىق نەزەرىيىگە ۋە ئىلمىي مېتودقا ئىگە بىر مۇستەقىل پەنگە ئايلاندى ھەمدە ئۇ نۇرغۇنلىغان تارماق پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھىم ئىجتىمائىي پەندىن بىرى بولۇپ قالدى. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تارماق پەنلىرى ۋە ئارىلىق پەنلىرى هازىر 100 خىلغا يېتىدۇ. هازىر هەرقايسى دۆلەتلەردە جەمئىيەتشۇناسلىق مۇهىم بىر ئىجتىمائىي پەن سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنماقتا. ئالىي مەكتەپلەردە جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتلىرى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس خادىملار يېتىشتۈرۈلمەكتە. ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەردە جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولى، تەرەققىيات شەكلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن بارغانسېرى باغلىنىشلىق بولماقتا ۋە ئۇنىڭغا مۇهىم تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ئېلىمىز جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەنلىكىگە كەلسەك، بۇ هەقتە ئەڭ بۇرۇن سۆزلىگەن كىشى كاڭ يۇۋېي (1858 — 1927) هېسابلىنىدۇ. كاڭ يۇۋېي گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ نەنخەي دېگەن يېرىدىن بولۇپ، ئۇ جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئەرباب، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىق پىكىر ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى، شۇنداقلا ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر زات. كاڭ يۇۋېي 1891 ـ يىلى گۇاڭجۇنىڭ چاڭ شىڭلى دېگەن يېرىدە بىر مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسىدا «يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئىلمى» دېگەن بىر پەن تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭدا سىياسىي ئىلىم، جامائە ئىلمى قاتارلىق دەرسلەر سۆزلەنگەن، بۇ يەردىكى جامائە ئىلمى ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىدى. كاڭ يۇۋېيدىن كېيىن، 1903 ـ يىلى يەن فۇ ئەنگلىيە جەمئىيەتشۇناسى سپېنسېرنىڭ «جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» دېگەن كىتابىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتاب جۇڭگودا غەرب جەمئىيەتشۇناسلىقىنى تونۇشتۇرغان تۇنجى كىتاب بولۇپ، دۆلەت ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان ۋە جۇڭگو جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولغان. كېيىنكى چاغدا جاڭ تەييوەن ئەپەندى جەمئىيەتشۇناسلىق ( 社会学 ) دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ياپون تىلىدىن قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، جەمئىيەتشۇناسلىق دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، چەت ئەللىكلەر باشقۇرغان مەكتەپلەردە جەمئىيەتشۇناسلىق دەرسى ئۆتۈلگەن. 20 ـ يىللاردىن كېيىنلا چەت ئەللەردە جەمئىيەتشۇناسلىق ئۆگەنگەن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار قايتىپ كېلىپ ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە جەمئىيەتشۇناسلىق بويىچە دەرس ئۆتكەن ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق فاكۇلتېتلىرى قۇرۇلغان. جۇڭگودا بۇ ساھەدىكى كەسپىي خادىملارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، جەمئىيەتشۇناسلىقمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1952 ـ يىلى ئالىي مەكتەپلەرنى رەتكە سالغان چاغدا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. 1979 ـ يىلىغا كەلگەندە، جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەن.

## 2. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش

ھەرقانداق بىر پەننىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخى جەريانىدىكى مەلۇم بىر مۇئەييەن تارىخى شارائىت بىلەن باغلىنىدۇ ھەمدە ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا پەنلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى شەرت قىلىدۇ.

كونتنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى مۇستەقىل بىر پەنگە ئايلاندۇرۇش تەسەۋۋۇرىنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. بەلكى ئەينى دەۋر-

دىكى ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىت ۋە ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن سەۋىيىسى بەلگىلىگەن مۇقەررەر نەتىجە.

ئىجتىمائىي شارائىتتىن قارىغاندا، كونىت ياشىغان دەۋر كاپىتالىزم زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كاپىتالىزمنىڭ خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي ئىللەتلىرى ئاشكارلىنىپ چىقىشقا باشلىغان مەزگىل ئىدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە يۈز يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە غەربىي ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابى، فرانسىيە چوڭ ئىنقىلابى غەربىي ياۋروپادا بىرنەچچە ئەسىر داۋام قىلغان ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ غەپلەت باسقان ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، جەمئىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىشلەرنى بەرپا قىلدى. كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ غايەت زور تەرەققىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى. پەن ـ تېخنىكا كەشپىياتلىرى، زور تىپتىكى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مىسلىسىز تەرەققىياتى مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئىشلار ئىدى. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بۇ خىل مىسلىسىز تەرەققىياتى جەمئىيەتنىڭ ھەممىلا ساھەلىرىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. جايلارنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ بۇرۇنقىدەك بېكىنمىچىلىك ھالىتى ۋە ئۆزىنى ـ ئۆزى قامداپ ئۆتۈشتەك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھالىتى تەدرىجىي تۈگەپ، ئۆز ئارا ئالاقە قىلىدىغان، بىر ـ بىرىگە تايىنىدىغان يېڭىچە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت شەكىللەندى. كاپىتالىزم غايەت زور شەھەرلەرنى پەيدا قىلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن زور تۈركۈمدىكى يېزا ئاھالىسى نادان يېزا تۇرمۇشىدىن قۇتۇلۇپ، شەھەر ئاھالىسىگە ئايلاندى.

ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي زىد-

دېيەتلىرى ئاشكارىلىنىپ، بىرمۇنچە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بار-
لىققا كەلدى. شۇ چاغدا شەھەرلەرگە نەچچە ئون مىڭلىغان دېھقان-
لار يىغىلغان بولۇپ، ئۇلار زاۋۇت - فابرىكىلارغا بېرىپ ئىش
ئىزلەيتتى. ئەمما ئۇ جايلارنىڭ ئەمگەك شارائىتى ئېغىر - مۇش-
كۈل بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ ھاياتى دائىم خەۋپ ئىچىدە ئۆتەتتى.
سېسىق، بۇلغانغان ھاۋادا، ئاددىي، قوپال سېخلاردا، شاۋقۇنلۇق
ماشىنا ئاۋازى ئىچىدە، ئەر - ئايال ئىشچىلار ۋە بالا ئىشچىلار
ئون نەچچە سائەت ئىشلىسىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن مائاشقا ئېرىشە-
لەيتتى. ماشىنىلارنى بۇزۇش، نامايىش قىلىش، ئىش تاشلاش،
ئىشسىزلىق ئارقىسىدا كاپىتالىستىك ھاكىمىيەت گۇمران بو-
لۇش، يىمىرىلىش ياكى ئاغدۇرۇلۇش ھالىتىدە تۇراتتى. كىشى-
لەرنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت كۆزقارىشى ئۆزگىرىشكە باشلىدى.
ئىجتىمائىي بايلىق تېزدىن مەركەزلىشىپ باي - كەمبەغەللىك
ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئىشسىزلىق، جىنا-
يەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەر
كەينى - كەينىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر
چوڭ داۋالغۇش، ئۆزگىرىش ۋە ئىنقىلاب دەۋرى بولۇپ، كاپىتا-
لىزم دەۋرىنىڭ ئۆتكەنكى ھەرقانداق دەۋرلەرگە ئوخشىمايدىغان
ئالاھىدىلىكى ئىدى.

مۇشۇ ۋاقىتتا كىشىلەر ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋا-
لىغا ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قارايدىغان
بولدى. بۇرۇن كىشىلەر دائىم ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئۆزگەرمەيدى-
غان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى
بويىچە تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەچكە، ئۇنى باشقىچە چۈشىنىشنى
ئويلىمايتتى. مۇشۇنداق تۇرمۇش يوللۇق دەپ قارايتتى. فېئودا-
لىزم جەمئىيىتىدە، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن
ھەرىكەت قائىدىسىگە قارىتا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇپ قال-
غان؟ دېگەن سوئالنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى

بولمايتتى ھەم ئۇنىڭغا يول قويۇلمايتتى. ئەمدى فېئودال، مۇس-
تەبىت تۈزۈم بىلەن دىنىي مەھكىمىنىڭ مۇقەددەس ھوقۇقى ئال-
لىقاچان گۇمران بولغان ئەھۋالدا كىشىلەر ئەنئەنىۋى ئىلاھىيەت
ئەقىدىلىرىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. كىشىلەر بۇرۇن خۇ-
دانىڭ ئىرادىسى ۋە چوڭ تەبىئەتنىڭ ئىرادىسى دەپ قاراپ ئىشى-
نىپ كەلگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە بولىدى-
غانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە
يۈز بەرگەن ئىشلارغا قارىتا، نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سوئال قويۇشى
ھەتتا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىشنى
جىددىي تەلەپ قىلىشى مۇمكىن بولۇپ قالدى.

ئىلىم - پەن تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،
ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلاھىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا، تەبى-
ئىي پەن ئۇزۇن مەزگىل ئىلاھىيەتنىڭ بوغۇشى ۋە چەكلىمىسىگە
ئۇچراپ كەلگەنىدى. پەقەت ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللى-
نىش دەۋرىگە كەلگەندىلا، تەبىئىي پەن گۈللەپ - ياشناش مەز-
گىلىگە قەدەم قويدى. مۇشۇ دەۋردە ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا،
جۇغراپىيە، فىزىكا، دىنامىكا، بىئولوگىيە قاتارلىقلاردا ناھايىتى
چوڭ ئىلگىرىلەشلەر بولدى. كونت دەۋرىگە كەلگەندە، تەبىئىي
پەنلەر تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. مەسىلەن، فارا-
دى ئېلېكتروليز قانۇنىنى كەشىپ قىلدى. نېمىس ئاسترونومى
گاللىي ماتېماتىكا ياردىمى بىلەن ئورنى ئالدىن ھېسابلاپ چىقىل-
غان سەييارە نېپتۇننى تېلېسكوپ ئارقىلىق تاپتى. بولۇپمۇ نيۇ-
تونىنىڭ مېخانىكا نەزەرىيىسى پۈتكۈل كائىناتنى مۇكەممەل سۈ-
رەتلەپ بەردى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىلمىي تەجرىبە
بىلەن ئىنچىكە ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇل
تەبىئەت ھادىسىلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا قوللىنىلغانلىقتىن
ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. شۇڭا ئەينى زاماندا تەبىئىي پەن ئۇسۇلى
ئۆزىنىڭ غايەت زور قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. بۇ ئىش ئىجتىما-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئي ئىسلاھاتچى ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ چوڭقۇر دىققىتىنى قوزغى-
غان ھەمدە ئۇلاردا، تەبىئىي پەن ئۇسۇلى تەبىئەت ھادىسىلىرى
تەتقىقاتىدا بۈنچىلىك زور نەتىجە يارىتالىغانىكەن، ئۇنداقتا ئۇنى
جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشتىمۇ پايدىلانسا بولامدۇ - قانداق؟ دې-
گەن ئوي تۇغۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تەبىئىي پەننىڭ چوڭ
تەبىئەت دۇنياسىنى بىلگىنىگە ئوخشاش جەمئىيەتنىمۇ بىلىش
ئېھتىياجى ۋە ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ.

ئەينى دەۋردە، مەشھۇر خىيالى سوتسىيالىزمچى سېن. سى-
مون (1760 — 1825)، فۇرى (1772 — 1837)، ئوۋېن
(1771 — 1858) قاتارلىقلار پۈتۈن كۈچى بىلەن جەمئىيەتنى
ئۆزگەرتىش پىلانىنى تۈزۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىجتىما-
ئىي قۇرۇلمىنىڭ يېڭى سىستېمىسىنى كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلەي-
دۇ. سېن. سىمون تارىخنىڭ قانۇنىيەتلىك ھالدا تەرەققىي قى-
لىش تەلىماتىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇپ باقىدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا
تەبىئىي پەندە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان فىزىكىنى تەتقىق قىلىپ،
فىزىكىدىكى كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلىنى جەمئىيەتنى
تەتقىق قىلىشقا تەتبىقلىماقچى بولىدۇ ھەمدە ئۇنى قىياسەن
«سوتسىئال فىزىكا» دەپ ئاتاپ، دەلىللەش ئۇسۇلى بويىچە ئىج-
تىمائىي مەۋجۇدىيەتنى چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ. دەل سېن.
سىمۇننىڭ ئىجتىمائىي تەلىماتى ۋە ئىدىيىۋى تەسىرى ئارقىسىدا
كونتمۇ تەبىئىي پەننىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، (كونت ماتېماتىكا
ۋە فىزىكا ئالىمى ئىدى) جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىدىغان مۇستە-
قىل بىر پەننى تىكلەش گاڭگىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە ئۇنى
سوتسىئالوگىيە دېگەن پەنگە يىغىنچاقلايدۇ.

بۇ بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلەر جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش
توغرىسىدا تۈرلۈك لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا،
يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەر-
گە قارىتا ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ ئىشسىز-

لىق، كەمبەغەللىك، بايلىق سەۋىيىسى، نوپۇس، تۇرالغۇ ئۆي، ئىش ھەققى، بالا ئىشچى، يېمەك - ئىچمەك باھاسى ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، بۇ ھەقتە- كى سانلىق مەلۇماتلارنى جامائەتكە ئېلان قىلىدۇ. مەخسۇس تېمىلار بويىچە جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا قىلىش ئۇسۇلىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىجتىمائىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا ۋە جەمئى- يەتنى كۆزىتىش ئۇسۇلىغا ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت- شۇناسلىق ئىلمى تەبىئىي ھالدا دۇنياغا كېلىدۇ.

## ئىككىنچى پاراگراف جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە ئالاھىدىلىكى

### 1. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەبىرى

ئومۇمەن ھەرقانداق بىر پەننى تونۇشتۇرۇشتىن ئاۋۋال شۇ پەننىڭ نېمىنى تەتقىق قىلىدىغانلىقى، خاراكتېرىنىڭ نېمە ئىكەن- لىكى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن، ئېنىق، يىغىنچاق بىر تە- بىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق جەمئىيەتشۇناس- لىق ھەققىدە مۇشۇنداق بىر تەبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش تەس، چۈنكى جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن بۇ ئۇقۇمغا قارىتا ئۆز ۋۇندىن بۇيان جەمئىيەتشۇناسلار تۈرلۈكچە تەبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. شۇڭا بۇ مەسىلە جەمئىيەتشۇناسلار ئوتتۇرىسىدا تېخى تالاش - تارتىشتا كېتىۋاتقان مەسىلە دېيىشكە بولىدۇ.

ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە، ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر- دە جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىققا بەرگەن تەبىرى ئوخشاش ئەمەس، ئېلىمىز جەمئىيەتشۇناسى سۇن بېنۋېن يازغان «جەمئىيەتشۇناسلىق ئاساسلىرى» دېگەن كىتابىدا جەمئىيەتشۇناس-

لىق توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك توققۇز خىل تەبىر تونۇشتۇرۇلـ.
دۇ: (1) ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس رۇس (Ross) نىڭ قارىـ.
شىچە: جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئىلمىي ئۇ.
سۇلدا تەتقىق قىلىدىغان پەن. (2) گېرمانىيىلىك جەمئىيەتشۇ.
ناس سىمېل (simmel) نىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتشۇناسلىق جەمـ.
ئىيەت شەكلىنى تەتقىق قىلىدۇ. (3) ئامېرىكىلىق مايو
(Mayo) بىلەن توماس (Thomas) نىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتشۇ.
ناسلىق جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى تەتقىق قىلىدۇ. (4) ئامېرىكىـ.
لىق ۋورىت (Ward) نىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىنسانـ.
لار مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. (5) ئامېرىكىلىق كاۋۋىر
(Kavvor) نىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيەتنىڭ
ئالغا بېسىشىنى تەتقىق قىلىدۇ. (6) ئامېرىكىلىق ۋارىت
(Wright) بىلەن خارىت (Hart) نىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتشۇناسـ.
لىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ. (7) ئامېرىكىلىق
سىمېر (small) نىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيەتـ.
تىكى ئۆزئارا ئالاقە جەريانىنى تەتقىق قىلىدۇ. (8) رۇسىيىلىك
جەمئىيەتشۇناس سوروكىن (Sorokin) نىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتـ.
شۇناسلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى
تەتقىق قىلىدۇ. (9) ئامېرىكىلىق پاك (park) نىڭ قارىشىچە،
جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى تەتقىق قىلىدۇ. سۇن
بېنۇس يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ خاتاسى يوق.
پەقەت پىكىرنىڭ كەڭ-تارلىقى ئوخشىمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇ
ئۆزى توققۇزىنچى قاراشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

دەۋر تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ چوڭـ.
قۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھازىر دۆلەت سىرتى ۋە ئىچىدە جەمئىـ.
يەتشۇناسلىقنىڭ تەبىرى ھەققىدە يېڭى چۈشەنچىلەر بارلىققا كەلـ.
مەكتە. ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر جەمئىيەتشۇناـ.
سى ئىنكىروس (Inkeles) ئۆزىنىڭ «جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن

نېمە» دېگەن كىتابىدا «ئەگەر سىلەر بىزدىن جەمئىيەتشۇناسلىق
شۇغۇللىنىدىغان ئاساسىي مەسىلىلەرنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن
شەرھلەپ بېرىشنى سورىساڭلار، ئۇ ھالدا بىز، جەمئىيەتشۇناسـ
لىق ئىجتىمائىي تەرتىپ بىلەن ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىكنىڭ
ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئىنتىلىدۇ»، «قىسقىسى،
جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي تەرتىپنى تەتقىق قىلىدۇ يەنى
ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىـ
لىندۇ دەپ ئېيتالايمىز» دەپ بايان قىلىدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىـ
پاقىدىكى جەمئىيەتشۇناسلار جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن بۇ ئۇقۇمغا
قارىتا مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «جەمئىيەت سىستېمىسىنىڭ
تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ قانۇنـ
يىتى»، «تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋـ
تى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك
قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى پەن». يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىـ
مىز جەمئىيەتشۇناسلىرى جەمئىيەتشۇناسلىققا قارىتا ئوخشاش
بولمىغان تەبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنى تۆۋەندىكى ئالتە
نۇقتىغا يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ: (1) جەمئىيەتشۇناسلىق كىشىـ
لەرنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان
پەن. (2) جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي پۈتۈنلۈكنىڭ گارمۇـ
نىيىلىك ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىش شەرتلىرى ئۈستىدە ئىزدىـ
نىدىغان بىر پەن. (3) جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي بىر
پۈتۈنلىشىش جەريانى ۋە ئىجتىمائىي قاتلاملارنىڭ ھەرقايسى تەـ
رەپلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان بىر
پۈتۈن ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. (4) جەمـ
ئىيەتشۇناسلىق مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە بۇ مۇناسىـ
ۋەتلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. (5)
جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا
مۇناسىۋىتىنى بىر پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئۈنۋېرسال تەتـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىق .قىلىدىغان بىر پەن. (6) جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيەتنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە قاراپ تەتقىق قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال پەن. ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تۈزۈلمە فورماتسىيىسىنى، ئىجتىمائىي قۇرۇلما شەكلىنى ۋە جامائەت پائالىيەت قانۇنىيىتىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تونۇش ئارقىسىدا يېقىنقى زاماندا بەرپا بولغان پەن. ئۇ ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ ۋە بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ.

يۇقىرىقى كۆزقاراشلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتشۇناسلار ئۆز-لىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەتقىقات چۈشەنچىسى ئاساسىدىلا جەمئىيەت-شۇناسلىققا بەرگەن تەبىرلىرى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى كەڭرەك مە-نىدە ئېيتىلغان بولسا، بەزىلىرى تارراق مەنىدە ئېيتىلغان. بەزى-لىرى ئابستراكتنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، بەزىلىرى كونك-رېتنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەرقانداق بىر خىلى جەمئىيەتشۇناسلار تەرىپىدىن ئو-مۇميۈزلۈك بىردەك ئېتىراپ قىلىنغانمۇ ئەمەس. لېكىن ھەرقان-داق بىر خىلىمۇ جەمئىيەتشۇناسلار تەرىپىدىن تەنقىدكە ئۇچرىغان-مۇ ئەمەس.

نېمە ئۈچۈن جەمئىيەتشۇناسلىققا قارىتا مۇنداق خىلمۇخىل تەبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، بىرىن-چىدىن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ناھايىتى كەڭ ۋە مۇرەككەپ بو-لۇپ، جەمئىيەتدىن ئىبارەت بۇ بىر پۈتۈن گەۋدىنى ئومۇملاشقان كۆزقاراش بويىچە تەتقىق قىلىش دائىم دېگۈدەك تارىخىي شارائىت-نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ پەننىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىگە تېخى بىر يېرىم ئەسىرگە يېقىنلا ۋاقىت ئۆتتى، تېخى مۇكەممەللىشىش دەرىجىسىگە يەتكىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پەننىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بىلەن دائىرىسى جەمئىيەت

ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يەنىلا داۋاملىق ئۆزگەرمەكتە.

لېكىن بىز دەرسلىك مەزمۇنىنى بايان قىلىشقا قولايلىق بولۇش ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىكتىكى ئاساسىي كۆزقاراشلارنى ئىگىلىشى ئۈچۈن، يۇقىرىقى تەبىرلەرگە ئاساسەن جەمئىيەتشۇناسلىق ئوقۇمىغا قارىتا قىسقىچە بىر تەبىرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي سىستېمىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى، ئىجتىمائىي جەرياندىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى، ئىجتىمائىي ھەرىكەتنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر پەن. بۇنى جەمئىيەتشۇناسلىققا قارىتا ئېنىق، مۇقىم بىر تەبىر دەپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، بۇ نۇرغۇنلىغان جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ بەزى ئورتاق قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

مەلۇم بىر پەنگە تەبىر بېرىشتىكى مەقسەتمۇ شۇ پەننىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئاشۇ پەن تەتقىقاتىنىڭ يۆنىلىشىگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. لېكىن بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ساھەسى ناھايىتى كەڭ بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى بىرنەچچە ئېغىز سۆز بىلەنلا يىغىنچاقلاپ كېتىش تەس. شۇڭا تەبىر ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلغاندىن كۆرە، ئەڭ ياخشىسى بىز جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆپرەك چۈشەنسەكلا بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىمىز تېخىمۇ ئايدىڭلىشىشى مۇمكىن.

### 2. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى

ھەرقانداق بىر پەننىڭ ئۆزىگە خاس تەتقىقات ئوبيېكتى بولغىنىغا ئوخشاش، جەمئىيەتشۇناسلىقمۇ ئۆزىگە خاس تەتقىقات

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوبيېكتىگە ئىگە. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى مەسىلىسى ھەققىدە جەمئىيەتشۇناسلار ئىچىدە تۈرلۈك كۆزقاراش ۋە پىكىرلەر مەۋجۇت. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىمىز جەمئىيەتشۇناسلىرىمۇ بۇ ھەقتە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارماقتا. بۇ خىل ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار ئەمەلىيەتتە، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىققا بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۇنداقتا جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى نېمە؟

ئەڭ ئومۇمىي مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىدۇ، يەنى جەمئىيەتنى ئوبيېكت قىلغان پەن. جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن بۇ ئاتالغۇ غەربىي ياۋروپا تىللىرىدا Sociology (سوتسىئولوگىيە) دەپ ئاتىلىدۇ. ياۋروپا تىللىرىدىكى بۇ ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ لاتىن تىلىدىكى Societas (جەمئىيەت) بىلەن يۇنان تىلىدىكى Logos (تەلىمات. بىلىم) دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئۇ جەمئىيەت توغرىسىدىكى بىلىم ياكى تەلىمات دېگەنلىك بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا كونت جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن بۇ ئاتالغۇنى دەل مۇشۇ مەنىدىن ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئىشلەتكەنىدى.

لېكىن، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەدرىجىي شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ جەمئىيەتشۇناسلىق باشقا پەنلەر بىلەن بىر قاتار تۈرىدىغان مۇستەقىل پەنگە ئايلانغاندىن كېيىن، جەمئىيەتشۇناسلار جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر قىسىم جەمئىيەتشۇناسلار جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيەتنىڭ مەلۇم بىر ساھەسىنى ياكى ئايرىم بىرقانچە ساھەسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ ئاساسەن ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت،

ئىجتىمائىي تۈرمۈش ياكى ئىجتىمائىي ھەرىكەت قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم جەمئىيەتشۇناسلار جەمئىيەتشۇناسلىق ئومۇمىي جەھەتتە پۈتكۈل جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ جەمئىيەتتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن گەۋدە ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى جەمئىيەتشۇناسلار بولۇپمۇ غەرب جەمئىيەتشۇناسلىرى جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسى باشقا ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىق قىلمايدىغان «قالدۇق ساھە»لەر بولۇپ، ئۇ بىر خىل «قالدۇق ئىجتىمائىي پەن» دەپ قارايدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى مەسىلىسىدە بۇنداق خىلمۇخىل كۆز قاراش ۋە پىكىر - ئېقىملارنىڭ پەيدا بولۇشى جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ مەيدانى، كۆزقارىشى ۋە تەتقىقات نۇقتىسى، ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماي، يەنە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ ئۆزىدىكى بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.

جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى جەمئىيەت، لېكىن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنى ناھايىتى ئاددىي ھالدا «جەمئىيەت» دېگەن بۇ ئۇقۇمغا يىغىنچاقلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى جەمئىيەتنىڭ كونكرېت ھادىسىلىرى ۋە جەريانلىرىنى ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك پەنلەر تەتقىق قىلىدۇ. تۈرلۈك كونكرېت پەنلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەمئىيەت ھاياتىدىكى مەلۇم بىر تەرەپنى، مەلۇم بىر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ياكى ھادىسىلەرنى (ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىدىيىۋى مۇناسىۋەت ياكى ھادىسىلەرنى) تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭا جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنى ئوچۇق نامايان قىلىش ۋە توغرا ئىگىلەش ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئوبدان چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

جەمئىيەت ماھىيەت جەھەتتە تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر (ماددىي

ۋە مەنىۋى مۇناسىۋەتلەر) نىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى، بۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر بولسا يەنە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر جەمئىيەتنىڭ سۇبيېكتى بىلەن ئوبيېكتىنىڭ بىر - بىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ تۈرلۈك ئىپادىلىرىدىن ئىبارەت. قانداق جەھەتلەردىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جەمئىيەت ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىنتىلگەن كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىرىنچىدىن، پائالىيەت جەمئىيەت سۇبيېكتىنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتچانلىقىنىڭ ئىپادىسى يەنى ئادەمدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي مەخلۇقنىڭ ئومۇميلىقىنىڭ ئىپادىسى. جەمئىيەت سۇبيېكتى ھېسابلانغان ئادەم تەبىئەت ساھەسىگە تەئەللۇق بولغان ھايۋاندىن پەرق قىلىدۇ. يەنى ئۇ باشقا نەرسىلەرنى ۋە ئۆزىنى ئوبيېكت قىلالايدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بۇنداق تەسىر كونكرېتنى ھالدا سۇبيېكتىنىڭ ئوبيېكتنى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش پائالىيىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، پائالىيەت ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ رېئال شەكلى يەنى ئۇ «ئادەملەرنىڭ ھايات كەچۈرۈش پائالىيىتىنىڭ شەكلى (نەتىجىسى)»[1] بولۇپ، بۇنداق شەكىل ھەرىكەت ھالىتىدە بولىدۇ، پائالىيەتنىڭ نەتىجىسى ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى شەكىللەندۇرىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئاساسى شەكلى بولۇپ قالىدۇ. دېمەك جەمئىيەت تۈپ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئادەملەر پائالىيىتىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسىدىن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ تۈرغۇن ھالەتتىكى شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

جەمئىيەت — ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتىن ئالغاندا، ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئىگە ئورگانىك سىستېما بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرغۇن

---

① «لېنىن ئەسەرلىرى» 1 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 131 - بەت.

ھالەتتىكى قۇرۇلمىسى بىلەن ھەرىكەت ھالىتىدىكى قۇرۇلمىسى جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ھەم بىر پۈتۈن گەۋدە، ھەم كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ ماھىيەتلىك ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى ھەم جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ھەم جەمئىيەتنى ھەرقايسى ساھە، ھەر خىل كۆرۈنۈشلەردىن تەتقىق قىلىپ، جەمئىيەتنى ئىلمى، ئەقىلغا مۇۋاپىق قىلىپ لايىھىلەپ، جەمئىيەتنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشى ھەم راۋاجلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغان ئەڭ ياخشى باشقۇرۇش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت.

جەمئىيەتنىڭ ئاساسى مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتىن قارىغاندا، جەمئىيەت ماددىي مۇناسىۋەت بىلەن مەنىۋى مۇناسىۋەتتىن تەركىب تاپقان ئومۇمىي مۇناسىۋەت سىستېمىسىدىن ئىبارەت. جەمئىيەت سۇبيېكتى بولغان ئادەم ئەمەلىي پائالىيەت جەريانىدا، بىر تەرەپتىن ماددىي كۈچتىن پايدىلىنىپ ئوبيېكتنى ئۆزگەرتىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ماددىي مۇناسىۋەت تورىنى شەكىللەندۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مەنىۋى كۈچتىن پايدىلىنىپ ئوبيېكتنى بىلىدۇ. ۋە شۇ ئارقىلىق مەنىۋى مۇناسىۋەت تورىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ۋەزىپىسى مۇئەييەن ئىجتىمائىي فورماتسىيە ئىچىدىكى كىشىلەردە شەكىللەنگەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت.

جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى جەھەتتىن قارىغاندا، جەمئىيەت ئادەم، نەرسە ۋە ئىدىيىلەردىن تەركىب تاپقان سىستېمىدىن ئىبارەت. ئادەم جەمئىيەتنىڭ سۇبيېكتىنى يەنى يەككە ئادەمنى ۋە دۆلەت، مىللەت، سىنىپ، ئائىلە بولۇپ ئۇيۇشقان ئادەملەر توپىنى (ئىجتىمائىي جامائەنى) كۆرسىتىدۇ. نەرسە جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ياكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى

ماددي بايلىقنى ۋە ماددي ئەشيالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئۇسۇ-
لىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى كۆرسىتى-
دۇ. ئىدىيە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتتە شەكىللەنگەن
روھىي ھالىتىنى، مەدەنىيىتىنى، ئاڭ شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.
ھەرقانداق جەمئىيەت ئاشۇ ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ
ئامىللارنىڭ ھەرقايسىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىغا ئىگە
بولغان بولىدۇ. نوپۇس قۇرۇلمىسى، مۇھىت قۇرۇلمىسى ۋە
مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ئىچكى جەھەتتە بىر خىل مۇقەررەر باغلى-
نىشقا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا ئۇيغۇنلاشقان، ماسلاشقان ھالدا
تەرەققىي قىلىدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيەتنى چوڭ بىر ئانا سىستېما ياكى
چوڭ بىر ئورگانىك قۇرۇلما سۈپىتىدە تەتقىق قىلىدۇ. بۇنىڭدا
ئۇ ئالدى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ئېچىپ بې-
رىپ، ئۇنىڭ ھەرقايسى بالا سىستېمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-
سىۋەتنى، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى، خۇسۇسىيىتىنى، ئىقتىدارى
ۋە تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەھلىل قىلىش
ئاساسىدا رەتلەپ، ئاندىن ئومۇملاشتۇرۇش تەتقىقاتى ئېلىپ بې-
رىپ، ھەرقايسى بالا سىستېمىلارنىڭ ئانا سىستېمىدىكى ئورنى
ۋە رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئومۇ-
مىي ماھىيىتى، ئومۇمىي ئىقتىدارى، ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ۋە
ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

دېمەك، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر ساھەسى، مەلۇم بىر قاتلىمى ئىچىدە
مەۋجۇت بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى
ساھەلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەت ۋە تۈرلۈك ئىجتى-
مائىي مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە
سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت ئىچىدە مەۋجۇت. شۇڭا جەمئى-
يەتشۇناسلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە قارىتا بىر پۈتۈن-

لىۋك نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي پەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىمۇ ئىجتىمائىي سىستېما ئىچىدىكى ئىجتىمائىي فۇنكسىيە ئالاھىدى- لىكىگە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي بىرلىكلەر ھېسابلىنىدۇ.

### 3. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى

جەمئىيەتشۇناسلىقنى باشقا پەنلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ تۆۋەندىكىچە بىرقانچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

1) جەمئىيەتكە بىر پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدا قاراش ئالاھىدىلى- كى

جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدا ئېيتقاندا، جەمئىيەتنى پەقەت ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە تەھلىل قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ تۈرلۈك تەركىبىي بۆلەكلىرىنى ۋە ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى ئومۇمييۈز- لۈك توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ. مانا بۇ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ باشقا ئىجتىمائىي پەنلەردىن ئالاھىدە پەرق قىلىپ تۇرىدىغان تۈپ- كى ئالاھىدىلىكى.

جەمئىيەت ئۆزىگە تەۋە بولغان ھەرقايسى قىسىملاردىن بى- رىككەن ئورگانىك سىستېما. شۇڭا جەمئىيەتنى ياكى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى (ساھەسىنى) تەتقىق قىلغان چاغدا، مۇشۇ قىسمىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئورنى بىلەن ئوينايدىغان رولىنى، جەمئىيەت- نىڭ بۇ قىسمى بىلەن باشقا قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشىنى ۋە تەسىرىنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ تەتقىق قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق تەتقىق قىلغاندىلا جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن گەۋدى- سىنى تونۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئىجتىمائىي بىر پۈتۈنلۈك ئىدىيىسى، جەمئىيەتشۇناسلىق تەرەققىيات تارىخىدا خېلى ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋات-

قان كۆزقاراش. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا غەرب جەمئى-يەتشۇناسى سپېنسېر «ئىجتىمائىي ئورگانىزم نەزەرىيىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇ بىئولوگىيىلىك ھادىسىلەر قانۇنىيىتىنى ناھايىتى ئاددىي، مېخانىكىلىق ھالدا ئىجتىمائىي ھادىسىلەر قانۇنىيىتىگە يۆتكەيدۇ، ئۇنىڭ نەزەرىيىسى گەرچە ناھايىتى قو-يۇق «سوتسىيال دارۋىنىزم» تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە چۈشىنىش ئىدىيىسىنى ئەلۋەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

2) كەڭ دائىرىلىك بولۇش ئالاھىدىلىكى

جەمئىيەتشۇناسلىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئۆزئارا ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنى كەڭ دائىرىدە تەتقىق قىلىدۇ. ئەڭ كىچىكى بىر ئادەم ئويناپ چىققان رول. ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىسى، مۇناسىۋى-تى، ئائىلە مۇناسىۋىتىدىن تارتىپ چوڭ ئىجتىمائىي ئورگانلار-نىڭ مۇناسىۋىتى، سىنىپى مۇناسىۋەت، مىللىي مۇناسىۋەت شۇ-نىڭدەك تۇرمۇش ئۇسۇلى مەسىلىسى، ئىجتىمائىي تۈزۈم مەسى-لىسى، يېزىلار مەسىلىسى، شەھەرلىشىش مەسىلىسى، ئېكولو-گىيە مەسىلىسى، ئىجتىمائىي قۇرۇلما مەسىلىسى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش مەسىلىسى، جىنايەت مەسىلىسى ۋە ئىجتىمائىي تىز-گىنلەش مەسىلىسى، ئىجتىمائىي زامانىۋىلاشتۇرۇش مەسىلىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرى-سى ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كەڭ دائىرىلىك بولۇش ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

3) ئۇنىۋېرسال بولۇش ئالاھىدىلىكى

جەمئىيەت بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدە ۋە كۆپ قەۋەتلىك، كۆپ قۇرۇلمىلىق، كۆپ سوستاپلىق مۇكەممەل بىر سىستېما. بۇ ئەلۋەتتە، جەمئىيەتنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالاھىد-

لىككە ئېگە بولۇش لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇ
خىل ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي
ھادىسە ياكى ئىجتىمائىي مەسىلىنى تەتقىق قىلغان چاغدا ھامان
مۇناسىۋەتلىك كۆپ خىل ئىجتىمائىي ئامىللارغا، ھەتتا تەبىئىي
مۇھىتقىچە باغلاپ كۆزىتىدىغانلىقىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.
مەسىلەن، جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتى-
نى تەتقىق قىلغان چاغدا، ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزىدىكى
تەرەققىيات بىلەن پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىلىرىنى
تەتبىق قىلىنىشىنى ئويلىشىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كىشىلەر-
نىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى بىلەن خاراكتېرىنى،
ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تەربىيىسى بىلەن كەسپىي تەربىيىلىنىش
سەۋىيىسىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىپىسىنى
چۈشىنىش دەرىجىسى بىلەن ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا بولغان ئى-
شەنچىنى ھەمدە تەبىئىي بايلىق بىلەن ئېكولوگىيىلىك مۇھىت
قاتارلىقلارنىڭ ئوينايدىغان رولىنىمۇ ئويلىشىدۇ. شۇڭا جەمئى-
يەتشۇناسلىق ھەرقانداق بىر خىل ئىجتىمائىي مەسىلە ئۈستىدە
تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، دائىم باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەتتا
تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى-
ۋېرسال خاراكتېردىكى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. مۇشۇ مەنى-
دىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتشۇناسلىق ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك
بىر پەن.

4) ئەمەلىيەتچىلىك ئالاھىدىلىكى

تەتقىقات مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەت-
قىقات تېمىلىرى دائىم كىشىلەر جىددىي ھەل قىلىش زۆرۈر دەپ
قاراۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەردۇر يەنى كىشىلەر ئىجتىمائىي
تۇرمۇشتا جىددىي دۇچ كېلىۋاتقان ئەمەلىي ئىجتىمائىي مەسىلە-
لەر. مەسىلەن، ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى،
ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى، نوپۇس مەسىلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سى، ئېكولوگىيە مەسىلىسى قاتارلىقلار. تەتقىقات ئىش تەرتىپى-دىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقات ماتېرىياللىرى ئەڭ ئەۋۋەل ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن بىۋاسىتە كېلىدۇ. مەيلى نەزەرى-يە تەتقىقاتىدا بولسۇن ياكى كونكرېتنى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تەتقىقاتىدا بولسۇن، ئەڭ ئاۋۋال ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئىچىگە بېرىپ بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلاش كېرەك. مۇشۇ ماتېرىيال-لارنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا يەكۈن چىقىرىش كېرەك، يېڭىچە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش لازىم. تەتقىقات ئۇسۇلىدىن ئېيت-قاندىمۇ، جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيەت ئۈستىدىن ئەمەلىي تەك-شۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ ئۇزاق مەزگىل تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، كۆپ مىقداردىكى تەكشۈ-رۈپ - تەتقىق قىلىش ماتېرىياللىرىنى توپلاپلا قالماستىن، بەلكى ئوخشىمىغان مەقسەت، ئوخشىمىغان ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدى-غان، ئىشەنچلىك ماتېرىيالغا ئىگە بولىدىغان تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش نەزەرىيىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

شۇڭا جەمئىيەتشۇناسلىق دائىم بەزى جەمئىيەتشۇناسلار ۋە باشقا پەندىكى ئالىملار تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئۇسۇل پېنى دەپ قارالماقتا.

## 4. جەمئىيەتشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيى-تى

جەمئىيەتشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىش ئىككى تەرەپلىمە ئەھ-مىيەتكە ئىگە. بىرى، نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە؛ يەنە بىرى، ئەمە-لىي ئەھمىيەتكە ئىگە. نەزەرىيىۋى ئەھمىيىتى، ئىجتىمائىي ھە-قىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش يەنى ئىجتىمائىي ساھەلەر ئىچىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي جەمئىيەتشۇ-ناسلىقنى بەرپا قىلىش. ئەمەلىي ئەھمىيىتى، ئىجتىمائىي ھەقى-قەتنى قوللىنىش ئارقىلىق جەمئىيەتنى ياخشىلاش، ئىجتىمائىي

مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، نۆۋەتتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

1) نەزەرىيىۋى ئەھمىيىتى

ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەرقانداق بىر تۈرى مەلۇم بىر تەرەپ-تىكى ئىجتىمائىي ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىپ، شۇ ساھەدىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەت پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم بولغاچقا، ئۇنىڭ نەزەرىيە-ۋى جەھەتتىن ھەل قىلىدىغان مەسىلىسىمۇ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئادەملەر ئىجتىمائىي ھەرى-كەتنىڭ قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىپ، مەلۇم بىر خىل ئىجتىما-ئىي ھەرىكەت پەيدا قىلغان سەۋەب بىلەن نەتىجىنى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى يەنى ئىجتىمائىي ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئىلمى ھالدا چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئىجتىمائىي ھادىسە ۋە ئىجتىمائىي جەريانلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئىجتى-مائىي ھادىسىلەرنى ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىشنىڭ ئۆزى، بۇ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر-نىڭ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەرگەنلىك بولىدۇ. قانداق ئامىل ۋە شەرتنىڭ رولى ئاستىدا قانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ياكى مەلۇم بىر خىل ئىجتىمائىي ھەرىكەت قانداق ئىجتىمائىي ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى چۈشەن-دۈرۈپ بەرگەندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا بىر قەدەر ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە قارىتا ئىلمىي ھۆكۈم چىقارغىلى بولى-دۇ. مەسىلەن، بىز ئىجتىمائىي ئورگانلار تەتقىقاتىدا كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئورگانلارنىڭ بولۇشىغا موھتاج بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قانداق ئېھتىياج قانداق ئىجتىمائىي ئورگاننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىجتىمائىي ئورگانلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمدارلىقى قانداق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. قانداق باشقۇرغاندا ئىجتىمائىي ئورگانلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ ۋە ئورگانلار قۇرۇلمىسى بىلەن ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى نېمە ئۈچۈن ئۆزگىرىپ بارىدۇ، دېگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. جىنايەت ۋە قائىدىغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى تەتقىق قىلغاندىمۇ، جىنايەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئىجتىمائىي سەۋەب نېمە؟ قانداق ئامىل جىنايەتچى ئۇنسۇرلاردا ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئۆلچىمىنىڭ تىزگىنلەش رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ ياكى يوقىتىۋېتىدۇ. جىنايى ھەرىكەت قايسى خىل ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر بىلەن مۇقەررەر ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە بولىدۇ، دېگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. پەقەت كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا پايدىلىق يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىشىغا شەرت ھازىرلىغىلى ۋە ئۇنى يېتەكلىگىلى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق، ئاكتىپ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنى قوزغاتقىلى ھەمدە ئىجتىمائىي ئورتاق تۇرمۇشقا پايدىسىز بولغان پاسسىپ ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئۈنۈملۈك ساقلانغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيىۋى ئەھمىيىتى ئىنسانلارنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش توغرىسىدىكى ئىلمىي بىلىملەر بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئىجتىمائىي باشقۇرۇش ۋە جەمئىيەتنى ياخشىلاشنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى تىكلەشتە. كىشىلەر جەمئىيەتتە ياشىغانىكەن، ئەلۋەتتە. ئۇلار جەمئىيەتنى باشقۇرۇشى ۋە ياخشىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتنى چۈشىنىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش لازىم بولىدۇ. باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرمۇ جەمئىيەتكە مۇناسىۋەت-

لىك بىلىملەرنى ئۆگىتىدۇ. ئەمما جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيە-
سى تۇرلۇك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق
قىلىپ، كىشىلەرگە ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىجتىمائىي ھەرى-
كەت قانۇنىيىتىنى ئۆگىتىدۇ ھەمدە كىشىلەرنى ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشنى ئاڭلىق باشقۇرۇش ۋە ياخشىلاش، جەمئىيەت تەرەققىياتى-
نى ئىلگىرى سۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

2) ئەمەلىي ئەھمىيىتى

جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتى دېگىنىمىز، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ قوللىنىلىش ئورنىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە تەتبىق جەمئىيەتشۇناسلىقى يەنى كونكرېتنى ئىجتىمائىي تەتقىقات رول ئوينايدىغان دائىرىنى كۆرسىتىدۇ.

پەلسەپە ئىلمىدىن باشقا ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي پەننىڭ قوللىنىلىش ئورنى جەمئىيەتشۇناسلىقتەك مۇنداق كەڭ دائىرىلىك ئەمەس. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە، ھەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇرلاپ كىرەلەيدۇ بولۇپمۇ كونكرېتنى جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ھەربىر تۇرىنىڭ ئېنىق مەقسىتى ۋە ئەمەلىي قوللىنىلىش ئورنى بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ قوللىنىلىش ئورنىنى بىر - بىرلەپ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ كېتىش دېگەندەك ئاسان ئەمەس. بىز پەقەت بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپكە يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

(1) جەمئىيەت توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىق ئوتتۇرىغا قويغان جەمئىيەتكە ئائىت ئاساسىي بىلىملەر ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىدىكى پۇقرالار بىلىشكە تېگىشلىك ساۋاتتۇر. يۇكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە، يۇقىرى دەرىجىدە مەدەنىيلەشكەن مەملىكەتلەرنىڭ پۇقراسى داۋاملىق ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ

مۇھىتىغا ئاڭلىق ھالدا ماسلىشالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇلار ئۆز جەمئىيىتىدىكى ئائىلە، ئىجتىمائىي جامائە، ئىجتىمائىي قۇرۇلما، نوپۇس، شەھەر ـ يېزا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئاساسىي تۈزۈلمە ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش يۈزلىنىشىگە قارىتا يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولۇشى، نېمىنىڭ ئائىلە، نېمىنىڭ نىكاھ، نېمىنىڭ ئىجتىمائىي كەسىپ ئىكەنلىكىنى بىلىشى زۆرۈر بولۇپمۇ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەملىكىتىمىزنىڭ پۇقرالىرىدا، ئەگەردە ئېلىمىز جەمئىيىتىگە قارىتا مۇشۇنداق بىلىملەر بولمىسا، ئۇ ھالدا ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت دېموكراتىك تۇرمۇشنى يولغا قويۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ھازىر زامانىۋىلاشقان دۆلەتلەردە، جەمئىيەتشۇناسلىق دەل مۇشۇنداق ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاچقا، جەمئىيەتشۇناسلىق تەربىيىسىگە ۋە ئىلمىي تەتقىقاتقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلمەكتە. چەت ئەللەردىكى نۇرغۇنلىغان مەملىكەتلەردە جەمئىيەتشۇناسلىق دەرسى ئالىي مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىمۇ تەسىس قىلىنىپ، جەمئىيەتشۇناسلىق بىلىمى ئومۇملاشتۇرۇلماقتا. پارتىيىمىز ئەزەلدىن ئاممىغا بولغان سىياسىي ـ ئىدىيەۋى تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ھەمدە بۇ جەھەتتە ياخشى ئەنئەنە ۋە تەجرىبىلەرگە ئىگە. ئەمما، سىياسىي ئىدىيەۋى تەربىيە بىلەن جەمئىيەت تەربىيىسىنى پۈتۈنلەي ئوخشاش دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. جەمئىيەت تەربىيىسى كەڭ دائىرىلىك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. مەسىلەن، جەمئىيەتنىڭ رولى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، شەخس بىلەن كوللېكتىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي چەكلىمە ۋە ئىجتىمائىي ئېتىكا، ئەخلاق ئۆلچەملىرى، ئىجتىمائىي تىزگىنلەش، ئىجتىمائىي مەسىلە قاتارلىقلار. پۇقرالارغا مۇشۇ جەھەتلەردىن سىستېمىلىق تەربىيە ئېلىپ بېرىش ناھايىتى زۆرۈر. جەمئىيەتشۇناسلىق دەل مۇشۇ

جەھەتتىكى يېتەرلىك بىلىم ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ بېرە-
لەيدۇ.

(2) ئىجتىمائىي خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي باشقۇرۇش جە-
ھەتلەردىكى بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە كىشىلەرنىڭ كىيىم - كې-
چەك، يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - جاي، يۈرۈش - تۇرۇش
(قاتناش) ئىشلىرى، تۇغۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش،
ئۆلۈم - يېتىم قاتارلىق مەسىلىلىرىنى فېئوداللىق جەمئىيەتتىد-
كىگە ئوخشاش خۇسۇسىي ئائىلىگە ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، يار -
بۇرادەرلىرىگىلا تايىنىپ ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ھازىر-
قى زامان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى تۇرمۇشنىڭ
ئىجتىمائىيلىشىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. جەمئىيەت تەرىپىدىن
تەمىنلەش زۆرۈر بولغان ئاممىۋى ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ۋە ئىج-
تىمائىي سۇغۇرتا ئىشلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. ئۇ بولسىمۇ
تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى مەسىلەن، ئىجتىمائىي
سۇغۇرتا، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش، ياش ئۆس-
مۈرلەر پاراۋانلىقى، ئاممىۋى تازىلىق ۋە مەدەنىيەت - كۆڭۈل
ئېچىش ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت مۇشۇ ساھەلەردە
ئىشلەنگەن خىزمەت ۋە باشقۇرۇش ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىجتىمائىي
خىزمەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئىجتىمائىي باشقۇرۇشمۇ ئىنتايىن مۇ-
رەككەپ، ئۇنىۋېرسال بىر خىزمەت. ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي
باشقۇرۇشى بىلەن كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى،
ئىلىم - پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى،
ئىجتىمائىي خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ باش-
قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۈرلۈك ئىجتىما-
ئىي باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما،
تۈپ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئادەم
باشقۇرۇش ئىشى. كونكرېتنى ئېيتساق، ئادەملەرنىڭ ئىجتىما-

ئي ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش بولىدۇ. يەنى تۇرلۇك سىياسەت ۋە قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ، ئىجتىمائىي تەدبىرلەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە يېتەكلەش، كىشىلەرنىڭ نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. قىسقىسى ئۇ، ئىجتىمائىي ھەرىكەت بىلەن ئىجتىمائىي ئۇنۇمنى ماسلاشتۇرىدىغان رەھبەرلىك سەنئىتى. مۇشۇنداق ئىكەن ئىجتىمائىي سىياسەتلەرنى تۈزگەن ۋە ئىجتىمائىي تەدبىرلەرنى قوللانغان چاغدا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

چەت ئەللەردە نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي مەمۇرىي ئورگانلار بىلەن زامانىۋىلاشقان كارخانىلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتشۇناسلىق تەربىيىسىنى ئالغان مەخسۇس خادىملارنى قوبۇل قىلىپ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتناشتۇرماقتا. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلى، ئۇنىڭ ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە ئېلىپ بارغان ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنى باشقۇرۇشتىكى زۆرۈر بىلىمگە ئايلىنىپ قالدى. بولۇپمۇ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئورگان توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ئىجتىمائىي خىزمەت توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى كونكرېتنى تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىشى ئىجتىمائىي باشقۇرۇش خىزمىتىدە بىۋاستە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

(3) ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشكە ئىلمىي ئاساس تەييارلاپ بېرىدۇ.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەت پىلانلىق تەرەققىي قىلىدۇ. بىرەر دۆلەت، بىرەر ئىجتىمائىي رايون، بىرەر ئورۇن ۋە ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا تەرەققىيات پىلانى بولىدۇ. ئىج-

تىمائىي تەرەققىيات پىلانى جەمئىيەتنىڭ لايىھىلىنىشى بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسى ۋە ئۆلچىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ ئىلمىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلۇشى كېرەك. ئىلمىي ئاساس دېگىنىمىز، ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تۈزۈلۈشىنى، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىشىنى كۆرستىدۇ. ئەقىلغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ھەرقايسى پەنلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، جەمئىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىدارە قىلىش، ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان سىستېمىلىق پىلان بولۇشى كېرەك.

بۇرۇن بىز ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى كۆپرەك تەكىتلەپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت تەرەققىياتى بىر ئۇنىۋېرسال جەريان، ئۇ خىلمۇخىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئامىللارغا چېتىلىدۇ. مۇشۇ ئامىللار ئىچىدە ئىقتىسادىي ئامىل دەرۋەقە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىسىمۇ، ئەمما پۈتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يەنىلا ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تەركىبىي قىسمىدىنلا ئىبارەت . جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئامىلىدىن باشقا يەنە سىياسىي - ئىدىيە، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەنئەت ۋە ئىدېئولوگىيە قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەرەققىياتى بولىدۇ. بۇ ئامىللار ھەرگىز يەككە - يېگانە تۇرىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىدىغان ئامىللار ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا بېقىنغان ھالدا بىر - بىرىگە ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانىمىز 1982- يىلىدىن باشلاپ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى قىلىپ

ئۆزگەرتىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ خەتتىكىلا ئۆزگىرىش ئەمەس. بەلكى پىلاننىڭ مەزمۇنى، كۆلىمى، دائىرىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە بىزنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى تونۇشىمىزنىڭ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى.

جەمئىيەتشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ بىر يۈرۈش نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ھالىتى ۋە ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى، پوزىتسىيىسى، قىممەت چۈشەنچىسى ۋە ھەرىكەت يۆنىلىشىنى ئىگىلىيەلەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن تەكشۈرۈلگەن ئەمەلىي ماتېرىياللار ۋە سانلىق رەقەملەردىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي كۆرسەتكۈچ سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جەمئىيەتنى ئالدىن مولچەرلەش بىلەن خەلق ئىگىلىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشكە ئىشتىراك قىلالايدۇ.

(4) جەمئىيەتشۇناسلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

ئىجتىمائىي مەسىلە — ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىجتىمائىي تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ ئىپادىسى.

ھەرقانداق جەمئىيەتتە خاراكتېرى، شەكلى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئىجتىمائىي تەرتىپكە توسالغۇ بولۇپ، نورمالنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى قانچە تېز بولسا، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا تەڭپۇڭسىزلىق، ماسلاشماسلىق ھادىسىلىرى قانچە كۆپ بولسا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

كاپىتالىزم، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئورنىنى باسقاندىن كېيىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتى ناھايىتى

تېز بولدى. بۇنىڭ بىلەن مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر مۇنچە ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، دېھقان-لارنىڭ ۋەيران بولۇشى، ئىشچىلارنىڭ ئىشسىز قېلىشى، كەمبە-غەللىك مەسىلىسى، شەھەر مەسىلىسى، جىنايى ئىشلار مەسىلە-سى قاتارلىقلار. بۇ خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئەينى چاغدا، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ تەتقىق قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇلار بۇ خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىشقا ئۇرۇنغان. شۇڭا تەتبىق جەمئىيەتشۇناسلىقى مۇشۇ خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەكشۇ-رۇش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا بارلىققا كەلدى ۋە راۋاجلاندى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىمۇ ئوخشاشلا ئىجتىمائىي مەسى-لىلەر مەۋجۇت بولىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزدە ھازىر ساقلىنىۋات-قان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر نوپۇس مەسىلىسى، ياش - ئۆسمۈر-لەرنىڭ تەربىيىلىنىش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى، جەم-ئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق مەسى-لىسى، شەھەر ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسى، قاتناش، مۇھىتنى ئاسراش، يېمەك - ئىچمەك، تەمىنلەش ۋە مۇلازىمەت مەسىلە-سى، يېزا مەسىلىسى، ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىسى قاتارلىق-لار. بۇ خىل مەسىلىلەر كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى شۇ خىلدى-كى مەسىلىلەر بىلەن خاراكتېر جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، ئەمما بۇلار سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ۋە كىشىلەرنىڭ نورمال ئىجتى-مائىي تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە. بۇ خىل مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، كونا مەسىلىلەر ھەل بولغاندىن كېيىنمۇ، يېڭى مەسىلىلەر چىقىپ تۇرىدۇ. ئىج-تىمائىي مەسىلىدىن خالى بولغان زامان ۋە جەمئىيەت مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا تەكشۈرۈش -

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ ھالىتى ۋە دەرىجىسىنى توغرا قىياس قىلىش، كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ ھەل قىلىشتىكى پىكىر ۋە چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش دەل جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ۋەزىپە. جەمئىيەتشۇناسلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتى بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشالايدۇ.

## ئۈچىنچى پاراگراف جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئىجتىمائىي پەندىكى ئورنى

### 1. جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتى

بىزگە مەلۇم، ئىلىم ـ پەن — تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر توغرىسىدىكى بىلىملەر سىستېمىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلار ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىلىشىگە، دۇنيانى ئۆزگەرتىشىگە دۇنيادىن پايدىلىنىشقا يېتەكچىلىك قىلىش. ئادەتتە ئۇ چوڭ جەھەتتىن ئىككى ئاساسىي تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان تەبىئىي پەن. يەنە بىرى، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ئىجتىمائىي پەن. مۇشۇ ئىككى تۈر ئۆز ئالدىغا يەنە بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىجتىمائىي پەنلەر ئىچىدىكى مۇھىم بىر تارماق پەن. ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئۇنىۋېرسال تەتقىق قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ

تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولىدۇ. ئۇنداقتا جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ باشقا ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن بولغان پەرقى ۋە باغلىنىشى قانداق بولىدۇ؟

جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ باشقا ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر مەسىلە. خۇددى ئامېرىكىلىق داڭلىق جەمئىيەتشۇناس ئالكىس. ئىنكېلېس «جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەن نېمە؟» دېگەن كىتابىدا ئېيتقىنىدەك: «ئىلمىي ساھە — سۇ كىرمەيدىغان كېمە ئەمەس. ئۇ ناھايىتى رەتلىك ھالدا، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىرقانچە بۆلەكلەرگە ئايرىلغان، بىر - بىرىگە ئۆتۈشمەيدىغان بىلىم كايوتسىمۇ ئەمەس» . جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغا ۋە بىلىمنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ۋە يۆنىلىشى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرنى بىر - بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. مۇنداق قىلىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق، لېكىن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي پەندىكى مۇستەقىل ئورنى ۋە رولىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

چۈشەندۈرۈشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، بىز ئاۋۋال جەمئىيەتشۇناسلىقتىن باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرنى تۆۋەندىكىچە ئۈچ خىل ئاساسىي تۈرگە ئايرىۋالىمىز، ئاندىن كېيىن جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن مۇشۇ تۈرلەر ئىچىدىكى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ پەرقى ۋە باغلىنىشىنى كونكرېتنى تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى تۈر: ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ساھەلەرگە بۆلۈپ، ئالاھىدە تەتقىق قىلىدىغان ئىجتىمائىي پەنلەر. سىياسىيشۇناس-

لىق، قانۇنشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئى-
چىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى تۈر: ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ياكى ئىنسانلار ھە-
رىكىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىدىغان ئىجتىمائىي پەنلەر تا-
رىخ، پسىخولوگىيە، ئانتروپولوگىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ.

ئۈچىنچى تۈر: تارىخىي ماتېرىيالىزم (ئېنىقراق مەنىدىن
ئېيتقاندا، تارىخىي ماتېرىيالىزم پەلسەپە دائىرىسىگە مەنسۇپ
بولۇپ، كونكرېتنى ئىجتىمائىي پەن دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. ئەم-
ما بىز ئۇنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن بولغان ئالاھىدە مۇناسى-
ۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى يەنىلا ئىجتىمائىي پەن ساھەسى
ئىچىگە قويۇپ تەھلىل قىلىمىز).

تۆۋەندە جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن بۇ ئۈچ تۈردىكى ئىجتىما-
ئىي پەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىم - ئايرىم مۇھاكىمە قىلى-
مىز.

1) جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن سىياسىيشۇناسلىق، ئىقتى-
سادشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ
مۇناسىۋىتى.

جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن مۇشۇ تۈردىكى ئىجتىمائىي پەنلەر-
نىڭ پەرقى، ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ ئوخشاش بول-
ماسلىقىدا. سىياسىيشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، قانۇنشۇ-
ناسلىقلاردا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى، مەلۇم
بىر ساھەسى ئۇستىدىلا كونكرېت، ئالاھىدە تەتقىق ئېلىپ بېرى-
لىدۇ. ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتلىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ
ئايرىم ساھەلىرى. جەمئىيەتشۇناسلىق بولسا، ئىجتىمائىي بىر
پۈتۈن گەۋدىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئوبيېكتى — پۈتكۈل
جەمئىيەت.

ئەلۋەتتە، جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى سىياسىي، ئىقتىساد

ۋە قانۇننى تەتقىق قىلىشقىمۇ چېتىلىدۇ. مەسىلەن، سىياسىي جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىسادىي جەمئىيەتشۇناسلىق، قانۇن جەمئىيەتشۇناسلىق دېگەنلىرىمىز. لېكىن، جەمئىيەتشۇناسلىق كۆپ ھاللاردا بۇ ساھەلەرنى پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ باشقا ساھەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئالايلۇق، ئىقتىسادشۇناسلىقنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنى پەقەت ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى، مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت، تەقسىمات ۋە ئىستېمال، قىممەت قانۇنىيىتى، تەمىنلەش - ئېھتىياج قانۇنىيىتى قاتارلىقلار. ئىقتىسادىي جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنى بولسا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىجتىمائىي شەرت - شارائىتى ھەمدە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ باشقا ساھەلىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى، ئىقتىساد بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى بولسا ئۇنىڭ تەتقىقات مۇھىم نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

2) جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن تارىخ، ئانتروپولوگىيە، پسىخولوگىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتى.

جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن تارىخ، ئانتروپولوگىيە، پسىخولوگىيەلەرنىڭ پەرقى تەتقىقات نۇقتىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدا. گەرچە بۇ تۆت پەننىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشىغا چېتىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەتقىقات نۇقتىسى، چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى خۇلاسىسى روشەن پەرقلىق بولىدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن تارىخ ئىلمىنىڭ مۇناسىۋىتى. جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تارىخ ئىلمىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى، پۈتكۈل ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە كەلگۈسىنى تەتقىق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىكى پائالىيەتلىرىنى ۋە بۇرۇن يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلىش. تارىخ ئىلمىدا تارىخىي ماتېرىياللار تەپسىلىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توپلىنىش ۋە رەتلىنىش ئارقىلىق تارىخىي ۋەقەلەر ئىلگىرى - كېيىنلىك رېتى ۋە جەريانى بويىچە ئېنىق بايان قىلىنىدۇ. ئەمما، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، مەلۇم بىر ئالاھىدە تارىخىي ۋەقە ياكى بەزى ۋەقەلەرنىڭ ئەمەلىي جەريانى ئەمەس، بەلكى بۇ كونكرېتنى ۋەقەلەرنى يىغىنچاقلاش ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ھەمدە ئۇلارنىڭ راۋاجلىنىشتىكى ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىش. شۇڭا جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ نەزىرى كۆپ ھاللاردا ئۆتمۈشكە چۈشمەستىن، ھازىرغا ۋە كەلگۈسىگە چۈشىدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن ئانتروپولوگىيىنىڭ مۇناسىۋىتى. ئانتروپولوگىيە ئىنسانلارنىڭ تەن سۈپىتى، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، ئىرقى، مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ ئادەتتە بەدەن ئانتروپولوگىيىسى ۋە مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقىسى، ھەر خىل ئىرقلارنى فىزىئولوگىيە نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىدۇ. كېيىنكىسى، ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئانتروپولوگىيىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ئۇ پايدا بولغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يېقىنقى زاماندا كاپىتالىزمنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ غەرب جاھانگىرلىرى ئاسىيا، ئامېرىكا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇردى. بۇ جەرياندا ئۇلار بىر تۈركۈم ئىپتىدائىي قەبىلىلەر ۋە يېزىقى يوق مىللەتلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇستەملىكىلەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بۇ قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەر ئۈستىدىن تەتقىقات ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن ئانتروپولوگىيە دۇنياغا كەلگەن. ئۇلار ئاساسەن كۆزىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بۇ قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتلىرى، تىل مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىپ، بۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ راۋاج-

لىنىش مېخانىزمىنى ئېگىلىدى. لېكىن ھازىرقى زاماندا، بۇ-
رۇنقى نۇرغۇن مۇستەملىكىلەر ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىللىققا
ئېرىشتى. ئىپتىدائىي جەمئىيەت ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن
قەبىلە ۋە مىللەتلەردىمۇ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە
ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. بۇنداق ئەھۋالدا نۇرغۇن ئانترو-
پولوگىيە ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىنى ئىنسانلار-
نىڭ ھازىرقى تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىگە يۆتكىدى. نەتىجىدە،
ئانتروپولوگىيە بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىق بىرلىشىپ كېتىشتەك
يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى. نۆۋەتتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، گەر-
چە بۇ ئىككىسى تامامەن بىرلىشىپ بىر پەنگە ئايلانمىغان بولسى-
مۇ، ئەمما تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە يۆنىلىشى خېلى يېقىنلاشتى.
شۇڭا غەرب ئانتروپولوگىيە ئالىملىرى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىرى
يېقىن كەلگۈسىدە، ئانتروپولوگىيە مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ
تۇرالامدۇ - يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ
بېرىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئالېكس. ئىنكېلېس ئۆزىنىڭ «جەمئى-
يەتشۇناسلىق دېگەن نېمە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق ئوتتۇرىغا
قويغان: «ئانتروپولوگىيىنىڭ ئەنئەنىۋى تەتقىقات ئوبيېكتلىرى
يېڭى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى ھەمدە چوڭراق جەمئىيەت-
نىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالدى. چوڭراق جەمئىيەت تەرىپى-
دىن قوبۇل قىلىندى، شۇڭا ئانتروپولوگىيە بۇنىڭدىن كېيىن
بىر مۇستەقىل پەن سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالماسلىقى مۇم-
كىن. ئۇ جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ قىسمەن ۋە كىچىك ئىجتىمائىي
رايونلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقىغا ئايلىنىشى ياكى جەم-
ئىيەتشۇناسلىق بىلەن بىللە بىر ئومۇمىي ئىجتىمائىي پەنگە پۇ-
تۈنلەي قوشۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن».

جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن پسىخولوگىيىنىڭ مۇناسىۋىتى.
پسىخولوگىيە كۆپ ھاللاردا ئادەملەرنىڭ روھىي ھالەت قانۇنىيى-
تىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن دەپ قارىلىدۇ، پسىخولوگىيىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاساسلىق تەتقىقات مەزمۇنى سەزگۈ، بىلىش ۋە ئۆگىنىش، تۇيغۇ، كەيپىيات ۋە مۇددىئا قاتارلىق روھىي ھالەت جەريانى ھەمدە بۇ روھىي ھالەتلەردىن تەركىب تاپقان ئىندىۋىدۇئاللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنى ئىنسانلار جەمئىيىتى، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى ۋە بۇ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي خاراكتېرى. ھەر ئىككىلا پەن ئادەمگە قىزىقىسىمۇ، لېكىن پسىخولوگىيىنىڭ قىزىقىدىغىنى يەككە ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئادەم، بولۇپمۇ ئادەمنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى (مېڭىنىڭ ئىنكاس مېخانىزمىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىن ئالغاندا، پسىخولوگىيىنى بىر تەبىئىي پەن دېيىشكىمۇ بولىدۇ) جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ قىزىقىدىغىنى ئادەملەردىن تەشكىل تاپقان جەمئىيەت، ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتلىرى.

## 2. جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن تارىخىي ماتېريالىزمنىڭ مۇناسىۋىتى

تارىخىي ماتېريالىزم — جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى پەن بولۇپ، ماركسىستىك پەلسەپەنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى شۇنداقلا ئۇ ماركسىزم تەلىماتىنىڭ ئاساسى. جەمئىيەتشۇناسلىق — ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان كونكرېتنى بىر پەن بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي پەنلەر ئىچىدىكى مۇھىم بىر تارماق پەن. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭلا ئۆز ئالدىغا تەتقىقات ئوبيېكتى، تەتقىقات دائىرىسى، تەتقىقات مەزمۇنى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم - ئايرىم سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن. ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيەسىنى يېتەكچى قىلغان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە بۇ ئىككى پەن مەزمۇن جەھەتتە بىر - بىرىگە ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. تارىخىي ماتېريالىزم جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئىلمىي تارىخىي

قاراش بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى تۈپكى كۆز قاراش ۋە پرىنسىپلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇڭا ئۇ بىزنىڭ جۇڭگو ھازىرقى زامان جەمئىيەتشۇناسلىقىنى بەرپا قىلىشىمىزدىكى يېتەكچى ئىدىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، تارىخىي ماتېرىيالىزم ھەرقايسى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدىكى ئومۇمىي يېتەكچى نەزەرىيە ھېسابلانسا، ھازىرقى زامان جەمئىيەتشۇناسلىقى پەقەت بىر كونكرېتنى پەن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ھەرقايسى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدىكى ئومۇمىي نەزەرىيىنى، ھەرقايسى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى پاكى ھەممە مەزمۇنى دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئۈستىدە كونكرېتنى تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ھەرقايسى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئورنىغا قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزم پەقەت يېتەكچى نەزەرىيە بولۇش سۈپىتى بىلەنلا كىشىلەرنىڭ ھەرقايسى ئىجتىمائىي پەنلەر ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ياردەم بېرىدۇ. ھەرگىز ئۇنىڭ ئورنىنى دەسسىمەيدۇ. چۈنكى بۇ خىل كونكرېتنى پەنلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۆزىگە خاس تەتقىقات ئوبيېكتىگە ئىگە.

جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى تارىخىي ماتېرىيالىزمغا قارىغاندا تېخىمۇ كونكرېتنى، كەڭ بولىدۇ. مەسىلەن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تەتقىقاتىدا تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساسلىق ھالدا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىدىكى يادرولۇق ۋە ئاساسىي بولەك بولغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتىن باشقا نۇقتىلىق ھالدا ئائىلىۋى مۇناسىۋەت، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنە مۇناسىۋىتى، ساۋاقداشلىق مۇناسىۋەت، كەسىپداشلىق

مۇناسىۋەت، دىنىي مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئۇيغۇن كېلىش ـ كەلمەسلىكى، ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا ئۇيغۇن كېلىش ـ كەلمەسلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق تۈپكى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلسا، جەمئىيەتشۇناسلىق مۇشۇ تۈپكى مەسىلىلەر بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەم ئۆزئارا پەرقى بولغان باشقا كونكرېتنى مەسىلىلەرنى يەنى ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى، نوپۇس مەسىلىسى، مەدەنىيەت مەسىلىسى، ئەخلاق مەسىلىسى، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەسىلىسى، مىللەت مەسىلىسى، شەھەر مەسىلىسى، يېزا مەسىلىسى، بۇلغىنىش مەسىلىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. يەنە شۇنداقلا ئادەملەرنى تۈرگە ئايرىپ تەتقىق قىلغاندا، تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىلىق ھالدا سىنىپ ۋە سىنىپى قاتلامنى (تەبىقە) تەتقىق قىلسا، جەمئىيەتشۇناسلىق بۇنىڭدىن باشقا يەنە ياش تۈرى (باللار، ئۆسمۈرلەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار)، جىنس تۈرى (ئەر-ئايال)، ساغلاملىق تۈرى (ئەقلىي نورمال-نورمالسىزلار، ساق ـ مەجرۇھلار)، مىللەت تۈرى، ئىرق تۈرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. يەنە جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش تەتقىقات ئۇسۇلى بار. تارىخىي ماتېرىيالىزممۇ بىر قىسىم تۈپكى مەسىلىلەردە بىزنى بىر قىسىم تۈپكى مېتود بىلەن تەمىنلەيدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئەلۋەتتە بۇ خىل تۈپكى مېتودقا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن جەمئىيەت ئۈستىدە كونكرېتنى تەتقىقات ئېلىپ بارغان چاغدا، بۇنىڭدىن باشقا يەنە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئۇسۇلى، ئەۋرىشكە ئېلىش ئۇسۇلى، ئىجتىمائىي ستاتىستىكا ئۇسۇلى قاتارلىق بىر قىسىم كونكرېتنى ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىمىز.

تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنى تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمىغىنىدەك، تارىخىي ماتېرىيالىزمنىمۇ تۇرلۇك ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ كونكرېتنى تەتقىقاتىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ. جۇملىدىن جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، تارىخىي ماتېرىيالىزم ھەرقايسى ئىجتىمائىي پەن مەزمۇنلىرىنىڭ مېخانىكىلىق ھالدا قوشۇلۇپ قىلىشىمۇ ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىدىكى ئومۇمىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ۋە خۇلاسىلىنىشى. ھەرقايسى كونكرېتنى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ تەتقىقاتى ۋە تەرەققىياتى تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن مول ماتېرىيال ۋە ئىلمىي ئاساس تەييارلاپ بەرسە، تارىخىي ماتېرىيالىزم ھەرقايسى كونكرېتنى ئىجتىمائىي پەنلەر ئۈچۈن توغرا دۇنيا قاراش ۋە مېتود يارىتىپ بېرىدۇ.

## تۆتىنچى پاراگراف جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى

### 1. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى

جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپمۇ ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەرقايسى پەنلەرنىڭ بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىمۇ ئۈزلۈكسىز ياخشىلانماقتا ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. ھازىر جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا دائىم قوللىنىۋاتقان ئاساسىي ئۇسۇللار - كۆزىتىش ئۇسۇلى، تارىخىي ئۇسۇل، ستاتىستىكىلىق ئۇسۇل ۋە

جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

1) كۆزىتىش ئۇسۇلى

كۆزىتىش ئۇسۇلى — تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغۇچى تەكشۈرۈش ئوبيېكتىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە سېزىمى ياكى باشقا تېخنىكىلىق ۋاستىلەر ۋە ئۈسكۈنىلەرگە تايىنىپ، تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنى مەقسەتلىك كۆزىتىش ئارقىلىق بىرىنچى قول ھېسسى ماتېرىياللارنى بىۋاسىتە ئىگىلەشنى كۆرسىتىدۇ.

تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغۇچى بىلەن تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن، كۆزىتىش ئۇسۇلىنى بىۋاسىتە قاتنىشىپ كۆزىتىش ئۇسۇلى ۋە سىرتتىن كۆزىتىش ئۇسۇلى دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىۋاسىتە كۆزىتىش ئۇسۇلىدا، تەكشۈرگۈچى تەكشۈرۈش ئوبيېكتىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ پائالىيىتىگە بىۋاسىتە قاتنىشىپ، بىرىنچى قول ماتېرىيال يىغىدۇ ۋە خاتىرىلەيدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا توپلانغان ماتېرىيال كونكرېتنى، ئىشەنچلىك ۋە بىۋاسىتە بولىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولىدۇ. لېكىن، تەتقىق قىلغۇچىنىڭ تەتقىقاتچىلىق ساپاسى ياخشى بولمىسا، ناھايىتى ئاسانلا ئاسسىمىلياتسىيىگە ياكى تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بىر تەرەپلىمىلىك ئېغىش كېلىپ چىقىدۇ.

سىرتتىن كۆزىتىش ئۇسۇلىدا، تەكشۈرگۈچى ياكى تەتقىق قىلغۇچى سىرتتىن كۆزەتكۈچى سالاھىيىتىدە تۇرۇپ، تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ پائالىيىتىگە ئارىلاشمايدۇ. تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنى سىرتتىن كۆزىتىش ئارقىلىق ماتېرىيالغا ئىگە بولىدۇ. سىرتتىن كۆزىتىش ئۇسۇلى ئادەتتە بىۋاسىتە قاتنىشىپ كۆزىتىش قۇلايسىز بولغان ياكى بىۋاسىتە قاتنىشىپ كۆزىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا قوللىنىلىدۇ. سىرتتىن

كۆزىتىش ئارقىلىقمۇ تەكشۈرۈش ئوبيېكتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋا-
لىنى ئاسان ئىگىلىگىلى بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئۇسۇل بىر قەدەر
چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدا چوڭقۇر ۋە ئىنچىكىلىك
بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ.

2) تارىخىي ئۇسۇل

تارىخىي ئۇسۇل يەنە ھۆججەت ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ
ۋاستىلىك ھالدا ئاخبارات ماتېرىيالىنى توپلايدىغان ئۇسۇل بو-
لۇپ، ھۆججەت - ئارخىپ، گېزىت - ژۇرنال ھەم تارىخىي
ماتېرىيال قاتارلىق ھەر خىل جەمئىيەت ئۇچۇرلىرىدىن پايدىلى-
نىپ، ئۆز تەتقىقاتىغا زۆرۈر بولغان ماتېرىياللارنى يىغىدۇ. ئۇ
ئىككىنچى قول ماتېرىيالدىن پايدىلىنىدىغان بىر خىل ئۇسۇل
بولۇپ، بىر قەدەر ئۇزۇن ئۇراق بولغان مەزگىل ئىچىدە بىر قەدەر
مۇقىم بولغان جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا مۇۋاپىق
كېلىدۇ. مەسىلەن، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ستاتىستىكا ماتېرىيال-
لىرىنى تەكشۈرۈش - يىغىش، نوپۇسنى تىزىملاش ۋە ئومۇمىيۈز-
لۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلەش قاتارلىقلار. بۇ ئۇسۇل
ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتتە بىر قەدەر
تېجەشلىك بولىدۇ. ئەمما بەزى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ توغرا
بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ھەر خىل تارىخىي مەنبەلەر بىلەن
سېلىشتۇرۇپ، ساختا ماتېرىياللارنىڭ كىرىپ قېلىنىشىدىن
ساقلىنىش كېرەك.

3) ستاتىستىكىلىق ئۇسۇل

ستاتىستىكىلىق ئۇسۇل — ستاتىستىكا ئىلمىنى قوللىنىد-
غان ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئۇس-
تىدىكى سانلىق ماتېرىياللارنى توپلاش - رەتلەش ۋە تەھلىل
قىلىش ئارقىلىق زور مىقداردىكى سانلىق ماتېرىياللارغا ئىگە
بولغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ خۇسۇ-
سىيىتى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى

توغرىسىدا ئەقلىي خۇلاسە چىقارغىلى ۋە ئالدىن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ. ستاتىستىكا ئۇسۇل جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ئۇسۇللارنىڭ بىرى، جەمئىيەت تەتقىقاتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە، كۆپىنچە ئىستاتىستىكا ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە قارىتا مىقدارلىق تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە ئون يىلدىن بېرى ستاتىستىكا ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا بولۇپمۇ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، سانلىق تەھلىل جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى بىرقانچە ئۇسۇللار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردىكى مۇھىم ئۇسۇلغا ئايلاندى ھەمدە ئىجتىمائىي ستاتىستىكا، نوپۇس ستاتىستىكىسى، ئىجتىمائىي ئۆلچەش ـ پىلانلاش ۋە ئىجتىمائىي ئالدىن مۆلچەرلەش قاتارلىق جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بىرمۇنچە تارماق پەنلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى.

4) جەمئىيەت تەكشۈرۈش

جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش — تەتبىق پەنلىرىنىڭ ۋاستىسى ۋە قورالى بولۇپ، بۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ھادىسىلەر باسقۇچلۇق ھالدا كۆزىتىلىپ، زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ماتېرىياللار توپلىنىدۇ ھەمدە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئىگىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، ئۈلگە ئېلىپ تەكشۈرۈش، تىپىك تەكشۈرۈش، ئايرىم دېلو بويىچە تەكشۈرۈش دەپ بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش. تەكشۈرمەكچى بولغان بىر پۈتۈنلۈككە نىسبەتەن بىرنىمۇ قالدۇرماي تەكشۈرۈش دېگەنلىكتۇر. شۇڭا ئۇ يەنە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېلىمىزدە بۇرۇن بىرقانچە قېتىم پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغانىدى. مەسىلەن، مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاش، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش قاتارلىقلار. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش چېتىلىدىغان دائىرىسى كەڭ، ۋاقىت خاراكتېرى كۈچلۈك، خىزمەت مىقدارى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا ھەرقايسى ئورۇنلار بىرلا ۋاقىتتا تۇتۇش قىلىش ھەم ئەڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە، كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي ئەھۋالنى ئىگىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىگىلىگەن ماتېرىيال توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك. چۈنكى بۇ ماتېرىياللار ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلەرنى تۈزۈشتىكى مۇھىم ئاساسى بولۇپ قالىدۇ ھەمدە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش جەريانى يۈكسەك مەركەزلەشكەن ھالدا بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە بۇ ئىشنى ھۆكۈمەت تەشكىللەيدۇ. زور تۈركۈمدىكى مۇتەخەسسىسلەر قاتنىشىدۇ. شۇڭا ئىگىلەنگەن ماتېرىياللارمۇ بەلگىلىك نوپۇزغا ئىگە بولىدۇ. مەملىكەت دائىرىسىدىكى بىر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنىڭ خىراجىتى ناھايىتى زور بولىدۇ. نۇرغۇن ۋاقىت ۋە خىزمەت مىقدارى سەرپ بولىدۇ. شۇڭا بىرەر شەخسى ياكى ئاز سانلىق كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ ھەم بۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنالمايدۇ.

(2) ئۈلگە ئېلىپ تەكشۈرۈش. تەتقىق قىلىنماقچى بولغان بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدىن مەلۇم ئۇسۇل بويىچە قىسمەن ئوبيېكتىنى

تاللاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ھەمدە مۇشۇ قىسمەن ئوبيېكتنى
تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئەقلىي خۇلاسە ئارقىلىق ئەسلىدىكى بىر
پۈتۈنلۈككە تەتبىقلاشتىن ئىبارەت. تاللانغان قىسمەن ئوبيېكتىپ
ئۆلگە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆلگە ئېلىپ تەكشۈرۈشتە، ھەم تەتقىقات
خىراجىتىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، ھەم يەكۈننى بەلگىلەنگەن
ۋاقىت ئىچىدە كۆچكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل
مۇشۇنداق ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغاچقا، جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقى-
قاتىدا بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ. لېكىن، ئۆلگە ئې-
لىپ تەكشۈرۈشتە ئۆلگىنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە بولغان ۋەكىللىك
خاراكتېرىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۆلگىنى ۋەكىللىك
خاراكتېرگە ئىگە قىلىدىغان ئامىللار ئۈستىدە ئەتراپلىق ئويلى-
نىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق ئۆلگىنىڭ خاتالىق پەرقى چو-
ڭىيىپ كېتىپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ توغرىلىقىغا تەسىر
يېتىدۇ.
(3) تىپىك تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىنماقچى بولغان ئوب-
يېكتنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلەش ئاساسىدا، پىلانلىق، مەق-
سەتلىك ھالدا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان بىرقانچە ئو-
رۇن ياكى شەخسنى تاللاپ، ئۇنى تىپ قىلىپ ئەتراپلىق، سىس-
تېمىلىق تەكشۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ناھايىتى ئەمە-
لىي جانلىق ماتېرىياللارنى يىغقىلى بولىدۇ. رەھبەرلىكنىڭ تۆ-
ۋەنگە چۈشۈپ تىپلارنى تۇتۇشىمۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇلغا ياتىدۇ.
تىپىك تەكشۈرۈشنىڭ نەزەرىيە ئاساسىي دىئالېكتىكا ماتېرىيا-
لىزمدىكى ئايرىملىق بىلەن ئومۇملۇقتىن ئىبارەت قارىمۇ قار-
شىلىقنىڭ بىرلىكى قائىدىسىدىن ئىبارەت. تىپنىڭ ۋەكىللىك
خاراكتېرى شۇ شەيئىنىڭ ئەڭ ئومۇمىي، ماھىيەتلىك، قانۇنى-
يەتكە ئۇيغۇن بولغان ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن كېلى-
دۇ. ئۇ ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان شەيئىنىڭ ھەممە مۇھىم خۇسۇ-
سىيەتلىرىنى ئەڭ تولۇق، گەۋدىلىك، مەركەزلىك ھالدا ئىپادى-

لەپ بېرىدۇ. تىپىك تەكشۈرۈش ئېلىمىزدە جەمئىيەت تەكشۈ-
رۈشتە بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان ئەڭ مۇھىم تەك-
شۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىدۇر. شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى
دائىم بىر خىل تەكشى بولىۋەرمەيدۇ. بەزىسى ئىلغار، بەزىسى
قالاق بولىدۇ. بەزىسى تولۇق تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئەكس
ئەتتۈرىدىغان ئالاھىدىلىكى كۆپ ۋە مەركەزلىك بولىدۇ. بەزىلى-
رى بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنى-
شى ۋە ماھىيىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئوخشاش خىلدىكى شەيئىلەر
ئىچىدىن ئەڭ ئىلغار، تولۇق تەرەققىي قىلغان، ئەكس ئەتتۈرىد-
غان ئالاھىدىلىكى ئەڭ گەۋدىلىك، ئەڭ مەركەزلىك بولغان شەي-
ئى تاللاپ تەكشۈرۈلىدۇ. مۇشۇنداق تىپىك شەيئى ئۈستىدە ئې-
لىپ بېرىلغان تەتقىقات، تىپىك تەتقىقات ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ.

(4) ئايرىم دېلو بويىچە تەكشۈرۈش. بۇنىڭدا مەلۇم بىر
ئىجتىمائىي ئورۇن ياكى شەخسى ئايرىم بىر دېلو سۈپىتىدە،
ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە ھادىسە، خۇسۇسىيەت ۋە جەريان ئۇ-
زۇن مۇددەت چوڭقۇر تەكشۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى
ئەھۋالى تەپسىلىي ئېنىقلاپ چىقىلىدۇ. ئايرىم دېلو ئوبيېكتى
(دېلو ئىگىسى) مەلۇم بىر شەخسى، مەلۇم بىر ئائىلە ياكى
زاۋۇت، مەكتەپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئايرىم دېلو بويىچە تەكشۈ-
رۈش سۈپەت خاراكتېرلىك تەتقىقات ئۇسۇلىدۇر. بۇنىڭدا ئايرىم
دېلونى ئۇزۇل - كېسىل چۈشىنىش ئارقىلىق پۈتكۈل ئومۇمىي
گەۋدىنى بىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ جەمئىيەت-
شۇناسلىق تەتقىقاتىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان مۇھىم ئۇسۇللارنىڭ
بىرى. لېكىن، ئايرىم دېلو بويىچە تەكشۈرۈشتىن چىققان يەكۈن-
نى، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئومۇمىي گەۋدىگە بىۋاستە
تەتبىقلاشقا بولمايدۇ.

جەمئىيەتشۇناسلىق تەجرىبە تەتقىقاتىنىڭ كونكرېتنى جەريا-
نىدا يەنە بۇنىڭدىن باشقىمۇ بىرمۇنچە ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. مەسىلەن، زىيارەت قىلىش ئۇسۇلى، سوئال تىزىس ئۇسۇلى، رايونلاشتۇرۇش ئۇسۇلى، ئۆلچەش ئۇسۇلى، سىستېما - قورۇلۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار. لېكىن شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، ھەرقانداق بىر خىل ئۇسۇلنىڭ ھەم ئارتۇقچىلىقى، ھەم كەمچىلىكى بولىدۇ. جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ مۇرەككەپ بولغانلىقى، جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر مەسىلىنى تەتقىق قىلىشتا، ھەرقانداق بىر ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا بىرلا خىل ئۇسۇلنى ئايرىم - ئايرىم قوللىنىپ كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشىش ناھايىتى تەس. شۇڭا زور كۆپ ساندىكى تەتقىقات خىزمىتىدە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بىرلا ۋاقىتتا كۆپ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، بىر - بىرىگە تولۇقلىما قىلىش، تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىدىكى خاتالىق پەرقىنى تۆگىتىدۇ ياكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرىدۇ.

## 2. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئاساسىي باسقۇچلار

جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى جەريانىدا بەلگىلىك تەتقىقات تەرتىپىگە چوقۇم ئەمەل قىلىش لازىم. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ھەرقانداق بىر تەتقىقات تېمىسى تېما تاللاش، پىلان تۈزۈش، تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك.

1) تېما تاللاش

تېما تاللاش جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى جەريانىدىكى ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. تېمىنىڭ مۇۋاپىق تاللىنىش - تاللانماسلىقى پۈتكۈل تەتقىقاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. تېما نامۇۋاپىق تاللىنىپ قالسا، بىز-

نىڭ سىڭدۈرگەن پۈتكۈل ئەجرىمىز يوققا چىقىدۇ. شۇڭا تېما تاللاش ئادەتتە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەڭ مۇھىم باسقۇچ دەپ قارىلىدۇ. تېما تاللىغاندا ئادەتتە تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

بىرىنچى، ئالدى بىلەن تەتقىقات تېمىسىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئويلىنىش كېرەك. يەنى تېما جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى تىكلەشتە، تەجرىبە يەكۈنى ۋە ئەمەلىي ئىجتىمائىي خىزمەتكە نىسبەتەن مۇھىملىقى ۋە قاراتمىلىقى بولۇشى كېرەك. مۇھىملىقى ۋە قاراتمىلىقى دېگىنىمىزدە، نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىقمۇ - يوق؟ ئۆز ئورنى، ئۆز رايوندىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەنمۇ - يوق؟ دېگەننى ئۆلچەم قىلىمىز. ھازىر تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك تېما ئىنتايىن كۆپ. بىز ئېھتىياجنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسىگە ئاساسەن تەتقىقات پىلانىنى تۈزۈپ ئىلگىرى - كېيىن، تەرتىپلىك ھالدا تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، تاللانغان تېمىنىڭ قوللىنىشقا بولىدىغانلىقىنىمۇ ئويلىنىش كېرەك. يەنى پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ قائىدە - نىزامى، سىياسىي، قانۇنى ھەمدە ئۆز رايوندىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارغا ئاساسەن تېما تاللاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تەتقىق قىلغۇچىنىڭ قابىلىيىتى، بىلىم قۇرۇلمىسى، ۋاقتى ۋە تەتقىقات خىراجىتى قاتارلىق شارائىتلارغا ئاساسەن چوڭ - كىچىكلىكى مۇۋاپىق بولغان تېمىلارنى تاللاش كېرەك. ئادەتتە تەتقىق قىلغۇچىنىڭ سەۋىيىسى، قابىلىيىتى، ۋاقتى ۋە تەتقىقات خىراجىتىگە ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان، خەلق ئاممىسى جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تېمىلارنى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

2) پىلان باسقۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېما بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىنلا، پىلان تۈزۈش باسقۇچى-غا كىرىدۇ. ناھايىتى ئەتراپلىق تۈزۈلگەن تەتقىقات پىلانى تەكشۈ-رۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. پىلان باسقۇچى ئادەتتە تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئې-لىپ بېرىلىدۇ.

(1) دەسلەپكى ئىزدىنىش. تېما بەلگىلىنىپ بولغاندىن كې-يىن، تېما توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىنى ھاسىل قىلىش ۋە بۇ توغرۇلۇق ئىزدىنىش. مەسىلەن، ماتېرىيال كۆرۈش، مۇنا-سىۋەتلىك ئورۇن ياكى شەخسلەردىن مەسلىھەت سوراش، تەكشۈ-رۈش ئوبيېكتى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇچرىشىش قاتارلىقلار. بۇ ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى قوبۇل قىلىپ، تەتقىقات تېمىسى-غا بولغان چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ۋە تەتقىقاتتى-كى بوشلۇق نۇقتىسىنى ئىگىلىيەلەيدۇ.

(2) تەتقىقات پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويۇش. تەتقىقات پەرىزى پۈتكۈل تەتقىقاتنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە دەسلەپكى قەدەمدىكى ئىزدىنىش ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. پەرەز ئادەتتە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشچان مىقدارلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل باغلىنىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تېخى پاكىت ئارقىلىق ئىس-پاتلانمىغان نەزەرىيە تەسەۋۋۇرى، ئۇ تەتقىقات ئوبيېكتىغا قارىتا قىسمەن ھالدا، ھېسسىي بىلىش ئاساسىدا چىقىرىلغان ھۆكۈم-دۇر.

(3) نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەش. بۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەتقىقات تەسەۋۋۇرنى نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈش ۋە شەرھلەشنى كۆرسىتىدۇ. نەزەرىيە تەييارلىقىنىڭ تولۇق بو-لۇش - بولماسلىقى، ئىلمىي تەتقىقات سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنداقلا تەت-قىقاتنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ.

(4) تەكشۈرۈش تېزىسى تۈزۈش. بۇ ئىككى تەرەپتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، تەكشۈرۈش تۈرلىرىنى بېكىتىش. يەنە بىرى، پەرەزدىكى ئۇقۇم ۋە تەكشۈرۈش تۈرلىرىگە قارىتا قاتتىق ئىلمىي بەلگىلىمە چىقىرىش، جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنىڭ ياكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولۇش - بولماسلىقى ئاساسەن تېزىس تۈزۈش سەۋىيىسىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ.

(5) تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى لايىھىلەش. تەكشۈرۈش جەدۋەلى نۇرغۇنلىغان كونكرېتنى مەسىلىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. مۇشۇ مەسىلىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە لوگىكىلىق ھەم ئەمەلىي تەكشۈرۈش تەرتىپىگە قولايلىق بولۇش ئاساسىدا تىزىپ چىقىش كېرەك.

(6) تەتقىقاتنىڭ مەقسىتى ۋە تەلىپىگە ئاساسەن تەتقىقات ئۇسۇلىنى بېكىتىش كېرەك.

(7) پۈتكۈل تەتقىقاتنى تەشكىللەش پىلانى. تەتقىقات ۋاقتىنى بېكىتىش، خادىملار سەپلەش ۋە تەربىيىلەش، ئىقتىسادىي خامچوت. ھەمكارلىشىدىغان ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك ۋە ئېنىق ئىش تەقسىماتى بولۇشى كېرەك.

(8) تەجرىبە باسقۇچى. تەتقىقات پىلانىنى ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، كىچىك دائىرە ئىچىدە سىناپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، تەجرىبىنى يەكۈنلەش، مەسىلە كۆرۈلسە، پىلانغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش كېرەك.

3) يولغا قويۇش باسقۇچى

يولغا قويۇش باسقۇچى ئاساسەن، ماتېرىيال توپلاش ۋە ماتېرىيال رەتلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدۇر. ماتېرىيال توپلىغاندا تەكشۈرۈش تېزىسىغا ئاساسەن كۆز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىش، زىيارەت قىلىش، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش، سوئال سوراش قاتارلىق ھەر خىل تۈتاشتۇرۇش ۋاستىلىرىنى قوللانغان-دا توپلىغان ماتېرىياللىرىمىز توغرا، ئەينەن، ئىشەنچلىك ۋە ئەتراپ-لىق بولىدۇ. بۇ ماتېرىياللارنى سېلىشتۇرۇش، تولۇقلاش، خۇ-لاسىلاش، تۈرگە ئايرىش ۋە تىزىملاش ئارقىلىق تېخىمۇ سىستې-مىلىق قىلىپ چىقالايمىز.

ئادەتتە پىلاننى يولغا قويۇش باسقۇچىدا قىلىدىغان ئىشلار بەك كۆپ بولغاچقا، ئاسانلار خاتالىق سادىر بولىدۇ. شۇڭا بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل تەشكىللەپ، ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمىز كېرەك.


4) خۇلاسىلەش باسقۇچى

خۇلاسىلەش باسقۇچىدا يۇقىرىدا ئېرىشكەن ئۇچۇر - ماتېرى-ياللارغا قارىتا تەھلىل قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە بۇ ئۈچ باسقۇچتا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بىرىنچى، تەتقىقات ئېھتىياجىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ماتې-رىيال خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن گۇرۇپپىلاش ئۇ-سۇلى، ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچلۈك ئۇسۇل، دىنامىكا تەھلىل ئۇسۇلى، ئىندۇكسىيىلىك تەھلىل ئۇسۇلى ۋە جەدۋەل ئۇسۇلى، خەرىتىلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قاتارلىق تەھلىل ئۇسۇلى ۋە تېخنىكى-لىق ۋاستىلەر قوللىنىلىپ، ماتېرىيال ئۈستىدىن تەھلىل ئې-لىپ بېرىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئەسلىدىكى تەتقىقات پەرىزىنى ئىسپاتلاش ئارقى-لىق، تەجرىبە ماتېرىيالى نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا تەتقىقات دوكلاتى يېزىپ چىقىلىپ، يېڭى نەزەرىيە ياكى پايدىلىنىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ھەمدە تەتقىقات جەر-يانىدا يېڭى تەتقىقات تېمىسىنى بايقىغان - بايقىمىغانلىقى چۈشەن-دۈرۈلىدۇ. مۇشۇ يەرگىچە بىر قېتىملىق تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش جەريانى تاماملىنىدۇ. (جەدۋەلگە قاراڭ)

# جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تەرتىپى



www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

# جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى

تۇپ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، جەمئىيەت — كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئارا ئالاقىسىنىڭ مەھسۇلى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى. جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئەڭ يۇقىرى قاتلاملىق نەزەرىيە تەتقىقاتى بولغاچقا، ئۇنى تەتقىق قىلىش تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ۋەزىپىسى. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى توغرىسىدىكى قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىش سىياسىي - ئىقتىسادنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىگە مەنسۇپ. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ تەتقىقاتى جەمئىيەت ئۈستىدىكى كونكرېت تەتقىقات بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبيېكتى جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ قانداق ئامىللاردىن تەركىب تاپقانلىقى ھەمدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى بولغاچقا، بىز تۆۋەندە جەمئىيەت ۋە ئۇنى ھاسىل قىلغۇچى ئاساسىي ئامىللار ئۈستىدە توختىلىمىز. جەمئىيەت — نوپۇس، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئامىلدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

## بىرىنچى پاراگراف جەمئىيەت دېگەن نېمە؟

### 1. جەمئىيەت چۈشەنچىسى

ھەرقانداق ئادەم مۇئەييەن بىر جەمئىيەتتە ياشاپ تۇرغاچقا،

جەمئىيەت بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. شۇڭا جەمئىيەت دېگەن بۇ سۆزمۇ كىشىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ناھايىتى كەڭ قوللىنىدىغان ئاممىباب بىر ئىبارىگە ئايلىنىپ قالدى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، بۇ ئىبارىنى تەتقىقات نۇقتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ، ئىزاھلاشقا توغرا كەلگەندە، نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ جەمئىيەت دېگەننىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قانداق ئاساسىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق شەرھلەپ بېرەلىشى ناتايىن. جەمئىيەتشۇناسلىق جەمئىيەتنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان بىر پەن بولغاچقا، ئالدى بىلەن نېمىنىڭ جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

خەنزۇ تىلىدىكى « 社会 » دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسىنى سۈرۈشتۈرسەكمۇ، « 社 » دېگەن خەت ئەرۋاھلارغا نەزىر - چىراق ئۆتكۈزىدىغان جاينى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ قەدىمىي كىتابى «ۋاپادارلىق تەزكىرى. ۋي» دە، « 社 دېگەنلىك يەر - زېمىننىڭ خۇداسى دېگەنلىك، يەر - زېمىن كەڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەممىسىگە تاۋاپ قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، شۇڭا تاۋاپ قىلىدىغان ئايرىم جاينى تاللىۋېلىپ، ئۇنى « 社 دەپ بېكىتكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. 会 خېتى يىغىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى خەتنى بىرلەشتۈرۈپ قوللانغاندا « 社会 » بىر توپ كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر جايغا يىغىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە مەسىلەن، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مىڭ يۈەن لاۋ «دۇڭ جىڭ مىڭ خۇالۇ، كۈز» دېگەن كىتابىدا «سەككىزىنچى ئاي كۈزدە...مەكتەپ ئەپەندىلىرى ئالدىن پۇل يىغىپ يىغىلىش ( 社会 ) ئۆتكۈزىدۇ،... ئەتىيازدا، بەشىنچى ئايلاردا، توققۇزىنچى ئايلاردىمۇ شۇنداق قىلىشىدۇ» دەپ يازغان. بۇ يەردە جەمئىيەتنىڭ ئىككىنچى بىر مەنىسى كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ قىزىقىشى ئوخشاش بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىشىلەرنىڭ بىرلىشىپ توپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . يەنە مىڭ سۇلالىسىدىكى فىڭ مىڭ لۇڭ يازغان «شىڭ شى فېڭيەن» دېگەن كىتابتا «ئەسلىدە خوجىدار جاڭ يۈەن ۋەي دەۋرىدە جامائەت (社会) دوستلاردىن ئون ئادەم بار ئىدى. يېقىندا بۇ ئىككىسى ئۆلگەندىن كېيىن، جامائەت بولماي قالدى» دېيىلگەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى «جەمئىيەت» سۆزىنىڭ ئېتمولوگىيىلىك مەنىسىنى يەشسەكمۇ ئۇ «جەم بولۇش»، «ئۇيۇشۇش»، «ئۆملۈشۇش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك مەيلى خەنزۇ تىلىدا بولسۇن، ياكى ئۇيغۇر تىلىدا بولسۇن، جەمئىيەت دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ بىر ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن بىر جايغا توپلىنىپ مەلۇم بىر خىل پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

ئەمدى بۇ ئاتالغۇنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئىستېمال مەنىسىنى ئالساق، ئۇ ئاساسەن مۇنداق بىرنەچچە خىل مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ: (1) پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى، بۇ ئەڭ ئابستراكت، ئومۇمىي مەنىدە قوللىنىشى. (2) مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاستىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، كاپىتالىزم جەمئىيىتى، سوتسىيالىزم جەمئىيىتى قاتارلىقلار. (3) مۇئەييەن ئىجتىمائىي رايون ياكى دائىرە ئىچىدىكى كىشىلەر توپىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، يېزا جەمئىيىتى، شەھەر جەمئىيىتى، بۇ جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى «ئىجتىمائىي رايون» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. (4) مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، يازغۇچىلار جەمئىيىتى، تەرجىمانلار جەمئىيىتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىقلار. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەت سۆزىنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى ئىستېمال مەنىلىرى. بۇ ئاتالغۇنىڭ بۈگۈنكى مەنىسى بىز

هازىر دەۋاتقان جەمئىيەتكە ئاساسەن ئۇيغۇن كەلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەھمىيەتلىك بەلگىسىنى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ.

غەرب جەمئىيەتشۇناسلىرى ئىچىدە جەمئىيەت دېگەن بۇ ئۇقۇمغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچىلەر مەۋجۇت. بەزىلىرى جەمئىيەتنى ئادەملەر توپى، بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى ياكى نامى دېسە، بەزىلىرى جەمئىيەت دېگەن ئادەمدىن تەشكىللەنگەن مۇستەقىل سۇبستانسىيە دەپ قارايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت جەمئىيەتكە بولغان بىر خىل ھادىسىلىك تەسۋىرلەش بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ. گەرچە ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئادەملەر توپىدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن قانداق بىر كۈچنىڭ ئادەملەرنى يىغىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈپ جەمئىيەت قىلىپ تەشكىللەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. شۇڭا جەمئىيەت — ئادەملەر توپى، بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى ياكى ئادەمدىن تەشكىللەنگەن مۇستەقىل سۇبستانسىيە دەپ ئېيتىشلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتكە بولغان ئىلمىي چۈشەندۈرۈش ئەمەس.

## 2. ماركسىزملىق جەمئىيەت قارىشى

ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەت — كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئارا ئالاقىسىنىڭ مەھسۇلى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى. ماركس مۇنداق دەيدۇ: «جەمئىيەت — مەيلى ئۇنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — ئۇ زادى نېمە؟ ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا رولىنىڭ مەھسۇلى»[①]. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دېگەن نېمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. جەمئىيەت دېگەن نېمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ يەنە كېلىپ مۇئەييەن

---

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە، 1 - توم، 320 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان جەمئىيەتنى، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان جەمئىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ».[①] ماركسنىڭ جەمئىيەتكە بەرگەن تەبىرى جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بەرگەن. شۇڭا بىز جەمئىيەتنى چۈشەنگەن چاغدا تۆۋەندىكى بىرقانچە ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە چۈشىنىشىمىز لازىم.

1) جەمئىيەت — ماددىي ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئورتاق تۇرمۇش پائالىيىتى ئاساسىدا، ئۆزئارا ئالاقىدار بولغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدىكى ئورتاق گەۋدىدۇر. جەمئىيەت بولۇش ئۈچۈن چوقۇم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئالاقە بولۇشى كېرەك. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئالاقە بولمىسا، جەمئىيەت مەۋجۇت بولمايدۇ. ۋەھالەنكى كىشىلەرنىڭ ئالاقىسى ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات ۋە ئالماشتۇرۇش جەريانىدا پەيدا بولىدىغان ئىقتىسادىي ئالاقىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئىقتىسادىي ئالاقە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى تىكلەيدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئالاقىسى يەنىلا باشقا ھەرقانداق بىر خىل ئالاقىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىقتىسادىي ئالاقە ئاساسىدىلا باشقا تۈرلۈك ئالاقە ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشقا ماس كېلىدىغان ئۈستى قۇرۇلما ۋە ئىدېئولوگىيە شەكىللىنىدۇ. دېمەك يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بارلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى ئاندىن جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ۋە ماھىيىتى دەپ ئاتايمىز.

2) جەمئىيەت — تارىخنىڭ مەھسۇلى يەنى مۇئەييەن تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان جەمئىيەت ئۆزىگە خاس خۇ-

---

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە، 1 ـ توم، 363 ـ بەت.

سۇسىيەتكە ئىگە جەمئىيەتتۇر. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: قە-
دىمكى جەمئىيەت، فېئودالىزم جەمئىيىتى ۋە كاپىتالىستىك
جەمئىيەت دەل مۇشۇنداق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىـ-
غىندىسىدۇر. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر ئىشلەپچىقىرىش مۇناسى-
ۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بىرلا ۋاقىتتا يەنە ئىنسانىيەت تەرەققىيات
تارىخىدىكى بىر ئالاھىدە باسقۇچنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

3) جەمئىيەت — مۇئەييەن مۇناسىۋەتتە بولغان كىشىلەر-
نىڭ بىرلىشىشىدىن شەكىللەنگەن توپ ياكى جامائەدۇر.

بەزى غەرب جەمئىيەتشۇناسلىرىمۇ جەمئىيەتنى دائىم ئادەم-
لەر توپى ياكى ئادەملەرنىڭ يىغىلىشى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن
بۇ بىر خىل ھادىسىلىك تەسۋىرلەش، «جەمئىيەت» دېگەن بۇ
ئۇقۇمنى پەقەت «ئادەملەر توپى» دەپلا چۈشەندۈرۈش ناھايىتى
ئاددىي، يۈزەكى چۈشەندۈرۈش ھېسابلىنىدۇ.

دەرۋەقە، جەمئىيەت بىر توپ ئادەملەردىن تەشكىل تاپىدۇ،
بۇ بىر توپ ئادەم كوللېكتىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ كوللېك-
تىپ تۇرمۇش بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ھەرىكىتىدىن شەكىللە-
نىدۇ. ئەمما بىر توپ ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن جەمئىيەت
نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ تاسادىپىي ھالدا بىر يەرگە جەم بولۇپ
قېلىشىمۇ ئەمەس ياكى شەخسلەرنىڭ ئاددىي يىغىندىسىمۇ ئە-
مەس. ئۇ كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن مۇناسىۋەت بويىچە ئۆزئارا بىر-
لىشىشىدىن شەكىللەنگەن تۇرمۇش كۆچۈرگۈچى ئورتاق گەۋدى-
دۇر. بۇ مۇناسىۋەت ئۇلارنىڭ ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش
ئورتاق پائالىيىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن بولىدۇ.

جەمئىيەت مۇئەييەن مۇناسىۋەتتە بولغان كىشىلەرنىڭ بىر-
لىشىشىدىن شەكىللەنگەن توپ بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن باشقا ھاي-
ۋانلار توپى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق مەۋجۇت بولىدۇ.
توپلىشىپ ياشاش ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ
توپلىشىپ ياشىشى تۇغما قابىلىيەتتىن ھالقىپ كەتكەن بىر خىل

www.uyghurkitap.com

ئىجتىمائىي ھادىسە بولسا، ھايۋاناتلارنىڭ توپلىشىپ-ياشىشى تۇغما قابىلىيەتتىن بولغان بىر خىل ئىرسىيەتلىك ھەرىكەتتۇر. مەسىلەن، تۇخۇمدىن تۇغۇلىدىغان ھايۋاناتلارنى تەجرىبە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىككى ئەۋلادىنى ئايرىۋەتسەك، كېيىنكى ئەۋلاد ئۆسۈپ چوڭ بولغاندىمۇ يەنىلا ئالدىنقى ئەۋلادقا ئوخشاشلا توپلىشىپ ياشاۋېرىدۇ. مانا بۇ ھايۋاناتلارنىڭ توپلىشىپ ياشىشى ئىجتىمائىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى بىئولوگىيىلىك ھادىسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئادەملەرنىڭ توپلىشىپ ياشىشى ئاساسلىقى، ئىرسىيەت ھەرىكىتىگە ياتىدىغان تۇغما قابىلىيەتتىن بولمايدۇ، بەلكى ئىنسانلار بىئولوگىيىلىك قابىلىيەت ئاساسىدا ئۆزلىرى ياراتقان شۇنداقلا بىئولوگىيىلىك قابىلىيەتتىن ھالقىپ كەتكەن بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر. تىرىكچىلىك قىلىش ۋاستىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھايۋاناتلار تىرىكچىلىك قىلىشتا پۈتۈنلەي ئۆز ئورگانىزمىنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىدۇ. ئۆز تۇغما قابىلىيىتىگە تايىنىپ تەبىئەت دۇنياسىدا تەييار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نەرسىلەرنى ئىزدەيدۇ. شۇڭا ئادەمدىن باشقا جانلىقلار مەيلى يەككە تىرىكچىلىك قىلسۇن، ياكى كوللېكتىپ تىرىكچىلىك قىلسۇن، ھامان تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. ئىنسانلار تىرىكچىلىك قىلىشتا بىرى تەبىئەتتىن ئىزدەيدۇ، يەنە بىرى تەبىئەتتىن ئالىدۇ يەنى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىشى ئارقىلىق تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ، ماددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى يارىتىدۇ. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشتىكى ئاساسىي ۋاستىسى. قۇدرەتلىك تەبىئەت كۈچلىرى ئالدىدا، مەيلى ئىزدەش بولسۇن، ياكى ئېلىش بولسۇن، يەككە ئادەمنىڭ كۈچى بىلەن ئۆز ھاياتلىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۆزلىرىگە زۆرۈر بولغان ماددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىغان چاغدا باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقا ھايۋاناتلار توپىغا ئوخشىمايدىغان توپلىشىپ ياشاش

شەكلى بارلىققا كېلىدۇ.

توپلىشىپ ياشاشنى تىزگىنلەپ تۇرغان ۋاستىلەردىن ئې-
لىپ ئېيتقاندا، ھايۋانلارنىڭ توپلىشىپ ياشىشى ئىرسىيەتتىن
بولغان توپلىشىپ ياشاش ئادەتنىڭ تىزگىنلىشىگە تايىنىدۇ. ئىن-
سانلارنىڭ توپلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئىجتىمائىي ھەرىكەت
قائىدىسىنىڭ تىزگىنلىشىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىجتىمائىي ھەرى-
كەت قائىدىسى كىشىلەر توپلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەندە، ئۆزئا-
را ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئورتاق ياراتقان ھەم ئاڭ-
لىق ھالدا بويسۇنىدىغان ھەرىكەت ئۇسۇلىدۇر. ئۇ ئوخشاش بىر
خىل كوللېكتىپ تۇرمۇش ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەۋلاد-
مۇ ئەۋلاد توپلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشتىكى تەجرىبىلىرىنى تال-
لاش ئاساسىدا توپلىنىپ شەكىللەنگەن بولىدۇ. شەخسكە نىسبە-
تەن ئېيتقاندا، ئۇ توپتا ئورتاق بولىدىغان، ئۇنى ئۆگىنىشكە ۋە
بويسۇنۇشقا مەجبۇرلايدىغان قائىدىلەردۇر. قائىدىسىنىڭ ئۆزىنى
ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ كىشىلەر ئورتاق ياراتقان، ھەربىر شەخس-
نىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان نەرسىدۇر. ئۇ كىشى-
لەرنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆگىنىشى، ئىجاد قىلىشىغا تايىنىپ
ساقلىنىدۇ ۋە تارقىلىدۇ. ھەرقانداق بىر شەخس ھەرىكەت قائى-
دىسىنى ئۇققاندىلا ئاندىن ئىنسانلار توپىدا نورمال تۇرمۇش كە-
چۈرەلەيدۇ. باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ ئورتاق تەلەپنى
قاندۇرالايدۇ. بۇ ھەرىكەت قائىدىلىرى بولسا تىل، تەپەككۇر،
يېزىق ۋاستىلىرى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. دېمەك ھەرىكەت
قائىدىسى كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەپ، ئىنسانلارنىڭ
توپلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى تەشكىللەش ۋە ماسلاشتۇرۇشتا
مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھەرىكەت قائىدىسىمۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەق-
قىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كونا ھەرىكەت قائىدىسى
ئۆزگەرگەن جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كەلمىگەندە، ئۇ جەم-
ئىيەت تەرەققىياتىنىڭ توسالغۇسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، كى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىدۇ.

قىسقىسى، جەمئىيەت — كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئاساس قىلغان. مۇئەييەن ھەرىكەت قائىدىسى، تەشكىلى قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيەت تۈزۈمى بولغان ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ياشايدىغان جامائەسىدۇر.

## ئىككىنچى پاراگراف نوپۇس

نوپۇس — ئالاھىدە ئىجتىمائىي تۈزۈم، ئالاھىدە رايون، ئالاھىدە دەۋردە ياشاۋاتقان مۇئەييەن ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئۇ ئوخشاش بولمىغان سۈپەتلەرگە ئىگە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ. نوپۇس جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى بىرىنچى ئاساسىي ئامىل شۇنداقلا پۈتكۈل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇئەييەن سانغا ئىگە نوپۇس بولمىسا، جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

### 1. نوپۇس قۇرۇلمىسى

ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ نوپۇسى مۇئەييەن سانغا ۋە ئوخشاش بولمىغان سۈپەتلەرگە ئىگە ئىنسانلار يەككىلىكىدىن تەركىب تاپقاچقا، ئۇ ھامان بەلگىلىك قۇرۇلما شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان نوپۇس قۇرۇلمىسى جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى ۋە ئۇنىڭدىكى ئەمەلىي مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا بىز جەمئىيەتنى ھەقىقىي

تۇردە چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇئەييەن سان ۋە سۈپەتكە ئىگە بولغان نوپۇسنىڭ كونكرېتنى قۇرۇلمىسىنى بىلىشىمىز زۆرۈر. شۇنداقلا ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى ۋە رول مېخانىزمىنى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

جەمئىيەت نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئادەتتە نوپۇسنىڭ تەبىئىي قۇرۇلمىسى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ۋە نوپۇس جەريانى قاتارلىق جەھەتلەردە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

## 2. نوپۇسنىڭ تەبىئىي قۇرۇلمىسى

نوپۇسنىڭ تەبىئىي قۇرۇلمىسى دېگىنىمىز، ئادەملەرنىڭ جىنسىي ۋە يېشى قاتارلىق تۇغما ياكى بىئولوگىيىلىك ئامىللىرىدىن شەكىللەنگەن ئوخشاش بولمىغان سۈپەتتىكى كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى تارقىلىشى ۋە بىرىكىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئەر - ئاياللىدىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان جىنستىكى ئادەملەرنىڭ جەمئىيەت ئومۇمىي نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ياش گۇرۇپپىسى ئىچىدە تارقىلىشى؛ بالىلار، ئۆسمۈرلەر، ياشلار، قىرانلار، قېرىلار نوپۇسنىڭ جەمئىيەت ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار.

جەمئىيەت نوپۇسىنىڭ تەبىئىي قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئەڭ ئاۋۋال جەمئىيەت نوپۇسى ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ يېشى، جىنسىي پەرقى ئۈستىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئېنىق، توغرا ستاتىستىكىلىق مەلۇمات ئېلىش كېرەك ۋە بۇ ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار ئاساسىدا نوپۇسنىڭ تەبىئىي قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان جەدۋەل تۈزۈش كېرەك. بۇنىڭ ئەندىزىسى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| ياش گۇرۇپپىسى | ئومۇمىي ئادەم سانى | | ئەر | | ئايال | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئادەم سانى | ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن % | ئادەم سانى | مۇشۇ ياش گۇرۇپپىسىدا ئىگىلىگەن % | ئادەم سانى | مۇشۇ ياش گۇرۇپپىسىدا ئىگىلىگەن % |
| 0—4 | — | — | — | — | — | — |
| 5—9 | — | — | — | — | — | — |
| 10—14 | — | — | — | — | — | — |
| | ↑ ↓ | ↑ ↓ | ↑ ↓ | ↑ ↓ | ↑ ↓ | ↑ ↓ |
| 80 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلار | — | — | — | — | — | — |

بۇ جەدۋەل پۈتكەندىن كېيىن، نوپۇسنىڭ تەبىئىي قۇرۇلمىسىدىكى ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يەنە نوپۇس پىرامىداسىنى تۈزۈپ چىقىشقا بولىدۇ.

نوپۇس پىرامىداسىنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ ئۇسۇلى:

(1) پىرامىدانىڭ ئاستى بىر تال توغرا سىزىق بولۇپ، ئۇنىڭ دەل ئوتتۇرىسى 0 قىلىپ بېكىتىلىدۇ. 0 نۇقتىدىن ئوڭ ۋە سول تەرەپكە قارىتىپ ئۆزئارا ماس بولغان تەڭ ئارىلىقتىكى بىرقانچە نۇقتىلار سىزىلىدۇ. ھەربىر نۇقتا بەلگىلىك ئادەم سانىغا (پىرسەنتكە) ۋەكىللىك قىلىدۇ.


(2) پىرامىدانىڭ ئاساسىي بولغان توغرا سىزىقتىكى 0 نۇقتىدىن ئۈستىگە قارىتىپ بىر تىك سىزىق سىزىلىدۇ. بۇنىڭ كوردىناتى ئوڭ ۋە سول قىسمىدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە ئايرىلىدۇ. سول تەرەپ ئەرلەرنى كۆرسەتسە، ئوڭ تەرەپ ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. تىك سىزىق ئۈستىدىن ئاستىدىن ئۈستىگە قارىتىپ، ھەربىر بەش ياش بىر ياش ئۆلچىمى قىلىنغان تەڭ نۇقتىلارغا ئاجرىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن 0 ياشتىن 80 ياش ياكى

80 ياشتىن يۇقىرى بولغانلار تەڭ ئارىلىقتىكى نۇقتىلار بويىچە بۆلەكلەرگە ئايرىلىدۇ.

(3) ئەمەلىي ئىستاتىستىكا قىلىش ئارقىلىق، ئىگىلەنگەن نوپۇس تەبىئىي قۇرۇلما سانلىق جەدۋىلىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنى كىرگۈزىمىز.


تۆۋەندە بىز مېكسىكا، ئامېرىكا، شىۋېتسىيە ئۈچ دۆلەتنىڭ نوپۇس پىرامىداسىغا قاراپ باقايلى:

**مېكسىكا**




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**ئامېرىكا**





تۇرغۇنلۇق تىپى

**شۋېتسىيە**




كېمىيىش تىپى

**جۇڭگونىڭ 1982 ـ يىلىدىكى نوپۇس پىرامىداسى**



ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت ياكى ئىجتىمائىي رايونلارنىڭ نوپۇس پىرامىداسىنىڭ شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. نوپۇس پىرا-مىداسىنىڭ شەكلىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت ياكى ئىجتىمائىي رايون نوپۇسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەبىئىي قۇرۇلمىسى ۋە نوپۇس مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. نوپۇس پىرامىداسىنىڭ ئاساسى شەكلى ئۈچ خىل بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت نوپۇسى تەبىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئۈچ خىل ئاساسىي تىپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

(1) ئۈستى تار، ئاستى كەڭ. ئۈستىدىن ئاستىغا قاراپ تەدرىجىي كېڭىيىپ بارىدىغان شەكىل. بۇ خىل پىرامىدا شەكلىدە ئىپادىلەنگەن نوپۇس كېڭىيىدىغان نوپۇس تىپىگە كىرىدۇ.

(2) نىسپىي ھالدا ئۈستى كەڭ، ئاستى تار، ئوتتۇرىسى بىرقەدەر كەڭ بولغان شەكىل. بۇ خىل پىرامىدا شەكلىدە ئىپادى-لەنگەن نوپۇس كېمىيىدىغان نوپۇس تىپىگە كىرىدۇ.

(3) ئۈستى بىلەن ئاستى ئاساسەن تەڭ، ئوتتۇرىسىدا ئاز-راق ئۆزگىرىش بولىدىغان شەكىل. بۇ خىل پىرامىدا شەكلىدە ئىپادىلەنگەن نوپۇس تۇرغۇن ھالەتلىك نوپۇس تىپىگە كىرىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئۈچ دۆلەتنىڭ نوپۇس پىرامىداسىنى ئالساق، شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، مېكسىكىنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسى كېڭىيىش تىپىگە كىرىدۇ. بۇ خىل نوپۇس تىپى ئىچىدە ئادەم-لەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى قىسقا بولىدۇ. تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى. بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ نوپۇس سانى قېرىلارنىڭ نوپۇس سانىدىن خېلى دەرىجىدە ئارتۇق بولى-دۇ. نوپۇس تەرەققىياتى كۆپىيىش تەرەپكە قاراپ ماڭغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، شۋېتسىيىنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسى كېمىيىش تىپىگە كىرىدۇ. بۇ خىل نوپۇس قۇرۇلمىسى ئىچىدە تۇغۇلۇش ۋە ئۆ-لۈش نىسبىتى نىسبەتەن تۆۋەن. كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشىمۇ نىسپىي ھالدا ئېيتقاندا بىرقەدەر يۇقىرى. جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نوپۇسى ئىچىدە قېرىلار نىسپىي ھالدا يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. نوپۇس تەرەققىياتى ئازىيىش تەرەپكە قاراپ ماڭغان. ئامېرىكىنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىغا كەلسەك، ئۇ بىرقەدەر ئالاھىدىرەك ئۇنىڭدىكى قېرىلارنىڭ نوپۇس سانى مېكسىكىغا قارىغاندا كۆپرەك، شىۋېتسىيىگە قارىغاندا ئازراق. تۇغۇلۇش نىسبىتى مېكسىكىدىن ئازراق، شىۋېتسىيە بىلەن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئەمما پىرامىدانىڭ ئوتتۇرىسى بىرقەدەر كەڭ. بۇ ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدا ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئىجتىمائىي ئەمگەك كۈچىنىڭ بىرقەدەر تولۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇلار بىزگە ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسى تۇرغۇنلۇق تىپىدىن كېمىيىش تىپىغە قاراپ ماڭغان ئۆتكۈنچى ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

نوپۇس تەبىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئوخشاش بولمىغان نوپۇس مەسىلىسىنى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا بىز نوپۇسنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەبىئىي قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا، بۇ خىل مەسىلىلەرنى ئالدىن مۆلچەرلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارىتا كونكرېتنى ئىجتىمائىي تەدبىر قوللىنىشىمىز لازىم.

### 3. نوپۇسنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى

ئادەم بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. شۇڭا جەمئىيەت نوپۇسىمۇ تەبىئىي قۇرۇلمىغا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. نوپۇسنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى دېگىنىمىز، ئىجتىمائىي ئامىل، ئىجتىمائىي خاراكتېر، ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى تەرىپىدىن بەلگى-

لەنگەن ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدىكى نىسبىتى، تارقىلىشى ۋە مۇناسىۋەت تۈزۈلۈشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئوخشاش بولمىغان كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ تۈزۈلمىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ تۈزۈلمىسى، ئوخشاش بولمىغان مىللىي تەركىبتىكى كىشىلەرنىڭ تۈزۈلمىسى، ئوخشاش بولمىغان دىنىي ئېتىقادتىكى كىشىلەرنىڭ تۈزۈلمىسى، ئوخشاش بولمىغان سىنىپ، تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ تۈزۈلمىسى قاتارلىقلار.

نوپۇسنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئادەتتە جەمئىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى قانچە تۆۋەن بولسا، ئۇنىڭ نوپۇسىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىمۇ شۇنچە ئاددىي بولىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى قانچە يۇقىرى بولسا، ئۇنىڭ نوپۇسىنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىمۇ شۇنچە مۇرەككەپ بولىدۇ. چۈنكى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتلەرگە بۆلۈنۈشىنى ۋە ئوخشاش بولمىغان سۈپەتتىكى ئىجتىمائىي نوپۇسنىڭ تۈزۈلۈش دەرىجىسىنى، ئۇسۇلىنى بەلگىلەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يەنە بىر مۇرەككەپ تەرىپىمۇ بولىدۇ. جەمئىيەت نوپۇسىنىڭ بەزى تەرەپلەردىكى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى جەمئىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ئاددىيلىشىدىغان ئەھۋالمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، جەمئىيەت نوپۇسىدىكى سىنىپ، تەبىقە قۇرۇلمىسى مۇشۇنداق بولىدۇ. شۇڭا بىز نوپۇسنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ كونكرېتنى ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ كونكرېتنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشىمىز زۆرۈر.

## 4. نوپۇسنىڭ ماكان جەھەتتە تارقىلىشى

نوپۇسنىڭ ماكان جەھەتتە تارقىلىشى دېگىنىمىز، جەمئىيەت ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ھەرقايسى رايونلاردىكى سانى ۋە زىچلىق دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. نوپۇسنىڭ تارقىلىشىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيەت نوپۇس قۇرۇلمىسىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ.

ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ھەرقايسى رايونلارغا تارقىلىشى تەكشى بولمايدۇ. ھەرقايسى رايونلارنىڭ نوپۇس زىچلىقى ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ 1 مىلياردتىن كۆپرەك ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چاڭجياڭ، خۋاڭخې دەرياسى ئېقىمىنىڭ بويلىرىغا، شەرقىي - جەنۇب دېڭىز بويلىرى رايونلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي - جەنۇب، غەربىي - شىمال رايونلىرىدا ناھايىتى ئاز سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھەربىر كۋادرات كىلومېتىرغا توغرا كېلىدىغان نوپۇس سانى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئېلىمىزنىڭ 1982 - يىلىدىكى نوپۇسنىڭ زىچلىق دەرىجىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 106 ئادەم توغرا كېلىدۇ. ئەمما ھەرقايسى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى زور. مەسىلەن، لياۋنىڭ ئۆلكىسىدە 247 ئادەم توغرا كېلىدۇ. خېبېي ئۆلكىسىدە 2850 ئادەم توغرا كېلىدۇ. سەندۇڭ ئۆلكىسىدە 490 ئادەم توغرا كېلىدۇ. جياڭسۇ ئۆلكىسىدە 593 ئادەم توغرا كېلىدۇ. جېجياڭ ئۆلكىسىدە 385 ئادەم توغرا كېلىدۇ. گۋاڭدۇڭ ئۆلكىسىدە 282 ئادەم توغرا كەلسە، چىڭخەي ئۆلكىسىدە 5 ئادەم، گەنسۇ ئۆلكىسىدە 43 ئادەم، نىڭشادا 59 ئادەم، شىنجاڭدا 8 ئادەم، يۈننەندە 83 ئادەم توغرا كېلىدۇ. شىزاڭدا 2 ئادەممۇ توغرا كەلمەيدۇ. ئاھالىسىنىڭ تارقىلىشى ۋە زىچلىقىدىكى بۇنداق چوڭ پەرقلەر ئەلۋەتتە، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەكس تەسىر يەتكۈزمەي قالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە پائالىيىتىدە خىلمۇ خىل مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

نوپۇسنىڭ ماكان جەھەتتىن تارقىلىشىنىڭ تەكشىسىزلىكىنى كۆپ خىل تەرەپتىكى سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەبىئىي شارائىتنىڭ ناچار بولۇشى، جۇغراپىيىلىك ئورۇنىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ تەكشى بولماسلىقى، قاتناش ئىشلىرىنىڭ قولايلىق - قولايسىز بولۇشى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ - خاتىرجەم بولۇش - بولماسلىقى سىياسىي جەھەتتە تەرەققىپەرۋەر بولۇش - بولماسلىقى قاتارلىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى نوپۇسنىڭ تارقىلىشى ۋە زىچلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا نوپۇسنىڭ ماكان جەھەتتىكى تارقىلىشىنى بىر خىل تەبىئىي قۇرۇلما دەپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ ياكى ئۇنى بىر خىل نوقۇل ئىجتىمائىي قۇرۇلما دەپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ. بىز ئۇنى پەقەت نوپۇس قۇرۇلمىسى سۈپىتىدىلا قاراپ، مۇستەقىل تېما بويىچە تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. نوپۇسنىڭ ماكان جەھەتتىكى تارقىلىشىنى تەتقىق قىلىغاندا، جەمئىيەت نوپۇسىنىڭ ماكان جەھەتتە تارقىلىشىنى تەڭشەش ۋە ئۇنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلەردىن نۇرغۇنلىغان كۆرسەتكۈچلەرنى تۈزۈپ چىقىشقا ياكى ئۇنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىق يۈزلىنىشكە قاراپ ماڭىدىغان ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، تەبىئىي ئىجتىمائىي تەرەپلەردىن جۇملىدىن ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە باشقا جەھەتلەردىن تەدبىر قوللىنىشقا بولىدۇ.

### 5. نوپۇس جەريانى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشى

جەمئىيەتنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسى مەيلى تەبىئىي قۇرۇلما بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ماكان جەھەتتىكى تارقىلىشى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ تەسىرىدە

ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تەرەققىيات جەريانىدۇر. شۇڭا جەمئىيەتنى ھاسىل قىلغۇچى ئاساسى شەرتلەرنىڭ بىر سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان نوپۇس - ھامان ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان شەرت ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ نوپۇس جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا چوقۇم نوپۇس جەريانىنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش زۆرۈر.

نوپۇس ئابستراكتنى نەرسە ئەمەس، بەلكى سان ۋە سۈپەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان، ئەمەلىي كۆرسەتكۈچلەر ئارقىلىق ئۆلچىنىلىدىغان بىر خىل تەرەققىيات جەريانىدۇر.

نوپۇس جەريانى ئەڭ ئاۋۋال نوپۇس سانىنىڭ ئېشىشى - كېمىيىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر جەمئىيەتنىڭ نوپۇسىدا ھامان تۇغۇلۇش - ئۆلۈش ۋە قوشۇلۇش - چىقىپ كېتىش بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سانى ۋە كۆلىمىدە بەزىدە كۆپىيىدىغان، كېڭىيىدىغان، بەزىدە كېمىيىدىغان، كى-چىكلەيدىغان بىر خىل جەريان روشەن كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات تۇغۇلۇش نىسبىتى، ئۆلۈش نىسبىتى ۋە كۆچۈپ كېلىش، چىقىپ كېتىش نىسبىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

نوپۇس جەريانى سان جەھەتتىكىلا كۆپىيىش ۋە كېمىيىش جەريانى بولۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى سۈپەت جەھەتتىكى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ۋە تۆۋەنلەش جەريانى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ سۈپەت ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. نوپۇس سۈپىتى دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي سۈپىتى، ئەقلىي سۈپىتى، تېخنىكا ئىقتىدارى قاتارلىق تەرەپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىز نوپۇس سۈپىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلغاندا ئەلۋەتتە مۇشۇ تەرەپلەرنى تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك.

(1) ئادەملەرنىڭ جىسمانىي سۈپىتى — ئۇزۇقلىنىش قۇ-رۇلمىسى، تەنتەربىيە سەۋىيىسى، تېببىي داۋالاش شارائىتى ۋە

تۇرمۇش مۇھىتى قاتارلىق ئامىللارنى ئۆزگە شەرت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن بىر جەمئىيەت نوپۇس سۈپىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئامىللار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ياشاش ئۆمۈرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىدىكى ئۆزگىرىش شۇ جەمئىيەت نوپۇسىنىڭ جىسمانىي سۈپىتىدىكى ئۆزگىرىشكە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. چۈنكى بۇنداق ئۆزگىرىش تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى تۈرلۈك ئامىللارنىڭ ئومۇملاشقان رولىدىن ھاسىل بولىدۇ.

(2) ئادەملەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى دېگىنىمىز، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى تۈرلۈك تەربىيىلىنىش نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى مائارىپنىڭ ئومۇملىشىش سەۋىيىسى ئارقىلىق تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئومۇملىشىشى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر ئون مىڭ ئادەم ئىچىدە ئىگىلىگەن سانى قاتارلىقلار. ئالايلۇق، ئېلىمىز يېڭى ئازاد بولغان چاغدا، جەمئىيەت نوپۇسى ئىچىدە ساۋاتسىزلار، يېرىم ساۋاتسىزلار ناھايىتى كۆپ سانىنى ئىگىلەيتتى. ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىنى تېپىشمۇ ناھايىتى تەس ئىدى. ھەتتا ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىمۇ ناھايىتى كەم ئۇچرايتتى. ئەمما 1983 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئېلىمىزدە ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ۋە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار 6 مىليوندىن ئاشقان. بۇنىڭغا تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتقا ئىگە بولغان كىشىلەرنى قوشقاندا جەمئىي 72 مىليوندىن كۆپرەككە يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تەخمىنەن 7%نى ئىگىلىگەن. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتقا ئىگە بولغان كىشىلەر 178 مىليونغا يېتىپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تەخمىنەن 18% نى ئىگىلىگەن. ئەلۋەتتە بۇنى ئېلىمىز نوپۇس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۈپىتىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ھازىر ئېلىمىز جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدا يەنىلا 200 مىليوندىن كۆپرەك ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلار بار. ئېلىمىز نوپۇسىنىڭ بۇ خىل مەدەنىيەت سۈپىتى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەلىپى بىلەن ماسلاشمايدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىل ئىچىدە ئېلىمىزدە 10 يىللىق تۈزۈمدىكى مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ نىشان ئەمەلگە ئاشسا، ئېلىمىز نوپۇسىنىڭ سۈپىتىدە تېخىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەش بولىدۇ.

(3) نوپۇسنىڭ تېخنىكا ئىقتىدارى نوپۇس جەريانىدىكى مۇھىم بىر تەرەپ. ئۇ جەمئىيەت نوپۇسىدىكى كىشىلەرنىڭ كەسىپكە ماسلىشىش ئىقتىدارى ۋە كەسىپ ئالماشتۇرۇش چاستوتىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. نوپۇس سۈپىتى ناھايىتى تۆۋەن بولغان ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي خىزمەت تەقسىماتى ناھايىتى قاتمال بولىدۇ. بىر ئادەم ئۆمۈر بويى بىر خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن، ھەتتا ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ئوخشاش كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. نوپۇسنىڭ كەسپىي قۇرۇلمىسىدا ئۇزۇن مۇددەتكىچە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. «دېھقان مەڭگۈ دېھقان بولىدۇ، ئىشچى مەڭگۈ ئىشچى بولۇپ قالىدۇ» بۇ خىل ھادىسە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇۋاتقانلىقىنى، جەمئىيەت نوپۇس سۈپىتىنىڭ تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك ۋە كەڭ دائىرىلىك تېخنىكا ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىنى ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تېخنىكا ئىقتىدارىنىڭ كەڭ دائىرىلىك ۋە يۈكسەك ماسلىشىشچانلىقىغا ئىگە بولۇشى ھازىرقى زامان جەمئىيەت نوپۇسى سۈپىتىدىكى مۇھىم

ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

## 6. نوپۇس جەريانىنىڭ خاراكتېرى ۋە قانۇنىيىتى

شەخسنىڭ ھاياتلىق جەريانى گەرچە نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاساسەن بىئولوگىيىلىك تەبىئىي جەريان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ بەلگىلىك تەبىئىي قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ نوپۇس جەريانى بىئولوگىيىلىك تەبىئىي تەرەپلەرگە ئىگە بولۇپ، مۇئەييەن تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاساسەن بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئۇ ماھىيەتتە بىر خىل ئىجتىمائىي جەريان ھېسابلىنىدۇ.

بىزنىڭ جەمئىيەت نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ۋە نوپۇس تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى مەقسىتىمىزمۇ، نوپۇستىن ئىبارەت بۇ ئامىلنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رول مېخانىزمىنى ۋە ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى بىلىش ۋە ئىگىلەشتىن ئىبارەت. شۇڭا جەمئىيەت نوپۇسىنىڭ ھەرىكەت جەريانىنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم تەرەپ شۇنداقلا جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى.

نوپۇس جەريانى ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتلەردىن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

1) نوپۇس سانىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ئارىفمېتىكىلىق پروگرېسسىيە بويىچە ئەمەس، بەلكى گېئومېترىيىلىك پروگرېسسىيە بويىچە ئېشىپ بارىدۇ. دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ ھەمدە ئېشىش سۈرئىتى بارغانسېرى تېز بولۇۋاتىدۇ. مىلادىيىدىن باشلاپ 450 يىل ئىچىدە دۇنيا نوپۇسى بىر ھەسسە ئاشقان بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 400 يىل ئىچىدە ئىككى ھەسسە ئاشقان، 75 يىل

ئىچىدە ئۈچ ھەسسە ئاشقان، شۇنىڭدىن كېيىنكى 50 يىل، 38 يىل ئىچىدە ھەسسىلەپ ئېشىپ ماڭغان. يەر شارىدا ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن تارتىپ ئۇنىڭ بىر مىليارد نوپۇس بولۇپ كۆپىيىشكە قەدەر كەم دېگەندە بىر مىليون يىل كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئىككى مىليارد نوپۇس بولۇشىغا 130 يىل ۋاقىت كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈچ مىليارد نوپۇس بولۇشىغا 30 يىل ۋاقىت كەتكەن بولسا، ئەمدى 4 مىليارد نوپۇس بولۇشىغا پەقەت 15 يىللا ۋاقىت كېتەكەن. دېمەك نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ناتۇرال سانلارنىڭ جۇغلىنىشىغا ئوخشايدىغان بىر خىل مىقدار كۆپىيىش جەريانى بولماستىن، بەلكى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ ماڭىدىغان بىر خىل گېئومېتىرىيىلىك مىقدار كۆپىيىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نوپۇسنىڭ ئاساسىي سانى قانچە چوڭ بولسا، ئۇنىڭ كۆپىيىشىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. نوپۇس تېپى ئىچىدە ئۆسمۈر باللار، تۇغۇش يېشىدىكىلەر قانچە كۆپ بولسا، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىمۇ شۇنچە تېز بولىدۇ.

2) نوپۇس ئىشلەپچىقىرىلىشى (كۆپىيىشى) بىلەن ماددىي ۋاسىتىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان ئىككى تەرەپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭ بىرىنچى تەرىپى: ماددىي تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بولمايدىكەن، نوپۇسنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى (1) نوپۇسنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانى، سۈرئىتى ۋە كۆلىمى ماددىي ۋاسىتىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ. بىزگە مەلۇم، ئەگەر ماددىي ۋاسىتىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بولمىسا، كىشىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئولتۇراق ـ جاي ۋە مېڭىش ـ تۇرۇش قاتارلىق ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى تەمىن ئەتكىلى بولمايدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ

كېتەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىدىنمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇنى جەمئىيەت نوپۇس تەرەققىياتىنىڭ تارىخي ئىسپاتلىغان. (2) نوپۇس سۈپىتى ۋە سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ. جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بالا تۇغۇپ ئەۋلاد قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ شەخسنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى. لېكىن هازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ هاياتلىق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە بالا تۇغۇپ چوڭ قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، يەنە ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. جەمئىيەتتىمۇ نوپۇس سۈپىتىگە بولغان ئوبيېكتىپ تەلەپ بارغانسېرى كۆچىيىدۇ. بۇنداق كىشىلەردە تەبىئىي هالدا ئۆزىنى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى جىسمانىي، ئەقلىي ۋە تېخنىكا ئىقتىدار جەھەتتە تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ئارزۇسى ۋە تەلىپى كېلىپ چىقىدۇ، بۇ خىل تەلەپنى قانائەتلەندۈرۈش ئەلۋەتتە ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ.

بۇنىڭ ئىككىنچى تەرىپى: ماددىي ۋاستىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى نوپۇسنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ تۇرۇشىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ. چۈنكى (1) ئادەم ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسىي گەۋدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى ئەڭ جانلىق ئامىل، ماددىي ۋاستىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدىكى كۈچ مەنبە. ماددىي ۋاستىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ۋە داۋاملىق كۆپىيىشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەمگەك كۈچىنى تولۇقلايدۇ ۋە يېڭىلايدۇ. دېمەك، ئىشلەپچىقىرىش دېگىنىمىز، ئىشلەپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ ئۆزىدۇر. ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى — ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىدۇر. (2) ماددىي ۋاسىتىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوبيېكتىپ مەقسىتى ئادەمگە قارىتىلغان بولىدۇ. چۈنكى، جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋاسىتىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشى ۋە كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ ئاخىرقى ھېسابتا، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قامداشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئادەملەر مەۋجۇت بولمىسا، ئادەملەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ئېھتىياجى بولمىسا، ماددىي ۋاسىتىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ. شۇڭا ئادەم ۋە ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، نوپۇس ئىشلەپچىقىرىلىشى ماددىي ئىشلەپچىقىرىشتا ۋە كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتا پاسسىپ رول ئوينايدىغان نەرسە ئەمەس. بەلكى پائالىيەتچان رول ئوينايدىغان ئامىل. شۇڭا بىز نوپۇسنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رول مېخانىزمىنى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشتە، بۇ ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىشنىڭ دىئالېكتىكىلىق ھالدا بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان كونكرېتنى مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

3) نوپۇس ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سانى ۋە ئۆسۈش سۈرئىتى بىلەن ماددىي ۋاسىتىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ۋە سۈرئىتى ئوتتۇرىسىدا مۇۋاپىق نىسبەت مۇناسىۋىتى بولۇش كېرەك.

جەمئىيەت نوپۇسى ئەمەلىيەتتە ئىقتىسادىي كاتېگورىيە دائىرىسىگە ياتىدۇ. چۈنكى (1) ئادەم ھەم ئىشلەپ چىقارغۇچى ھەم ئىستېمالچى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپمۇ يەككە بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ئەڭ ئاۋۋال بىر ئىستېمالچى. چۈنكى ئادەم تۇغۇلۇپلا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. ئۇ

فىزىئولوگىيە جەھەتتە ئۆسۈش - يېتىلىش ۋە ئىجتىمائىي جە-
ھەتتىن مەشىق قىلىش، تەلىم - تەربىيە كۆرۈش جەريانىنى
بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئىجتىمائىي ئىشلەپ چىقىد-
رىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. رېئال ئەمگەكچىگە ئاي-
لىنالايدۇ. دېمەك جەمئىيەتتە ھەممىلا ئادەم، ھەممىلا ۋاقىتتا
ئىشلەپ چىقارغۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. ئىشلەپ چى-
قارغۇچى دېگىنىمىزمۇ، جەمئىيەت نوپۇسى ئىچىدىكى مەلۇم
ئىشلەپچىقىرىش بىلىمى ۋە ئەمگەك ئىقتىدارى بولغان، ئىشلەپ-
چىقىرىش قوراللىرىنى ئىشلىتەلەيدىغان، ماددىي ۋاستىلەرنى
ئىشلەپچىقىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتى-
دۇ. ئىشلەپ چىقارغۇچى سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان بۇنداق كىشىلەر
جەمئىيەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. ئىج-
تىمائىي ئىستېمال دېگىنىمىز، پۈتكۈل جەمئىيەت نوپۇسىنىڭ
ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا
ئىستېمال قىلغۇچى سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقانلار پۈتكۈل جەمئىيەت
نوپۇسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. دېمەك پۈتكۈل جەمئىيەت نوپۇسى-
نىڭ ئىستېمالى جەمئىيەت نوپۇسى ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشى-
لەرنىڭ ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىقلا كاپالەتكە
ئىگە بولىدۇ. مانا شۇنداق بولغاچقا، جەمئىيەت ماددىي ۋاستى-
لەرنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئەسلىدە بار بولغان نوپۇسنىڭ كۆنسېرى
ئۆسۈۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قامداشتىن باشقا يەنە
يېڭىدىن ئۆسۈۋاتقان نوپۇسنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى قامداش
ۋە ئۇنى رېئال ئەمگەكچىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك مەب-
لەغ ئاجرىتىش كېرەك بولىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق شەرت ئاستىد-
لا جەمئىيەت ھەربىر ئاشقان نوپۇس بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچى-
قىرىشقا يېڭى ئەمگەك كۈچىنى، جەمئىيەتكە بايلىق يارىتىپ
بېرىدىغان ئادەمنى يېتىشتۈرۈپ ۋە تولۇقلاپ بېرىپ، ئىجتىمائىي
ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرالايدۇ. ئەگەر بۇ شەرت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هازىرلانمىسا ياكى تولۇق بولمىسا، ئۇ هالدا هەربىر ئاشقان نوپۇس جەمئىيەت ئۈچۈن پەقەت ئىستېمالچىلار بولۇپ قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىستېمال يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا يېڭىدىن ئاشقان بايلىق يېڭى-دىن ئاشقان نوپۇسنى بېقىشقىلا سەرپ بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە مۇمكىنچى-لىك بولمايدۇ. نەتىجىدە جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئۆز ئىستېمالىنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلالمايدىغان بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى كەينىگە چېكىنىپ كېتىدۇ. (2) ئادەم — ئىشلەپ چىقارغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىدا بەلگىلىك ئورۇن ئى-گىلىشى كېرەك. نوپۇس ئىشلەپچىقىرىلىشى ماددىي ۋاستىلەر ئىشلەپچىقىرىلىشىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى بىلەن ئۆزئا-را ماسلاشقان بولۇشى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش جەمئىيەتتى-كى پۈتكۈل ئەمگەكچىلەرگە (ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلارغا) ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ جەمئىيەت تەمىن ئەتكەن ئەمگەكچىلەرنىڭ سانى بىلەن بۇ ئەمگەكچىلەرنى قوراللاندۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ سانى ۋە سۈپىتىنىڭ تولۇق بىردەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «ئىشلەپچىقىرىش-نىڭ ئىجتىمائىي شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمگەكچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى باشتىن - ئاخىر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئامىلى بولىدۇ. ئەمما، ئىككىسى ئۆزئارا ئايرىلغان ئەھۋالدا پەقەت ئېھتىماللىقتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئامى-لى بولىدۇ. ئومۇمەن ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش لازىم». [1] دېمەك، هەربىر ئاشقان نوپۇسى-

① ماركس: «كاپىتال»، 2 - توم، خەنزۇچە، 44 - بەت.

نىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئۈچۈن، ئۇنى بىر كىشىلىك ئىشلەپ-
چىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى بىلەن بۇ
ئەمگەكچىنى قوراللاندۇرۇش ۋە تەمىنلەش كېرەك. چۈنكى، ئەم-
گەكچى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگە بولۇپ، ئىجتىمائىي
ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى ئىچىدە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بول-
غاندىلا، ئاندىن تەبىئەتكە جەڭ ئېلان قىلىپ، ئىجتىمائىي بايلىق
يارىتالايدۇ. بولمىسا ئاشقان نوپۇس ئىچىدىكى بىر قىسىم ئەم-
گەكچى رېئال ئەمگەكچىگە ئايلىنالماي پەقەت ئىستېمالچىلار بو-
لۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىج-
تىمائىي ئىستېمالنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ كېتىپ،
ئىشقا ئورۇنلىشىش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەمدە بۇنىڭدىن
پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چى-
قىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيا-
تى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە پائالىيىتى ئېغىر تەسىرگە
ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئىنسانلار جەمئىيىتىدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا
قويۇپ، نوپۇس تەرەققىياتىنى تىزگىنلەپ، نوپۇس ئىشلەپچىقى-
رىلىشى بىلەن ماددىي ۋاستىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ئۆزئا-
را ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

4) نوپۇس ئامىلىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان
رول مېخانىزمىنى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشتە چوقۇم نوپۇس
ئۆزگىرىشىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، نوپۇس ئىشلەپچىقىرى-
لىشىنىڭمۇ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئوخشاشلا پىلانلىق بولۇشىغا
ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى، جەمئىيەتكە يېڭىدىن قوشۇل-
غان بىر نوپۇسنىڭ ئەمگەكچى نوپۇسقا ئايلىنىشى ئۈچۈن 10
نەچچە يىل ياكى 20 يىلدەك ۋاقىت كېتىدۇ. بىر ئەمگەكچى
نوپۇس بەلگىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ئەمگەك ئىقتىدارىنى يوقاتقان
غەيرىي ئەمگەكچىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئىجتىما-
ئىي ئەمگەك كۈچىنىڭ سانى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى-

ىناڭ سانى باشتىن - ئاخىرى ھامان ماس ھالەتتە تۈرۈشى كې-
رەك. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتىنى
دائىم تەڭشەپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن يېڭى بىر ئەمگەك-
چىنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ۋە يېڭى ئەمگەك ئورۇنىنىڭ بارلىققا
كېلىشى خالىغانچە، بىردەمدىلا بولىدىغان ئىش ئەمەس. ئالدىن
مۆلچەرلەش ۋە پىلانلاش بولمىسا، ئالدىنئالا پىلانلاش ۋە تىزگىند-
لەش بولمىسا، جەمئىيەت نوپۇس ئىشلەپچىقىرىلىشى بىلەن ماد-
دىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ باشتىن - ئاخىرى ئاساسىي جەھەتتىن
بىردەك بولۇشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

## ئۈچىنچى پاراگراف تەبىئىي مۇھىت

ئىنسانلار جەمئىيىتى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى. ئىنسانلار جەمئىيىتى پەيدا بولغاندىن تارتىپلا، مەيلى ئۇ قانداق ئەھۋالدا بولمىسۇن، باشتىن - ئاخىرى مۇستەسناسىز ھالدا بەلگىلىك تەبىئىي مۇھىت ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئىنسانلار تىرىكچىلىك قىلىشتا، روناق تېپىشتا بارلىق ماددىي نېمەتلەرنى ئاخىرقى ھېسابتا تەبىئەت دۇنياسىدىن ئالىدۇ. شۇڭا تەبىئىي مۇھىت ئىنسانلار جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى دائىمىي ۋە زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

### 1. تەبىئىي مۇھىت چۈشەنچىسى

تەبىئىي مۇھىت — ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ تاشقى تەبىئىي شارائىتى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى تەبىئىي ئاساسىدىن ئىبارەت. لېكىن ئۇ پۈتكۈل چەكسىز تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەممىسىنىلا كۆرسەتمەي-

دۇ. بەلكى كىشىلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا تايىنىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقى-رىش پائالىيىتىنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسى-تەلەيدىغان بىر قىسىم تەبىئىي شارائىتلارنىڭ يىغىندىسىنى كۆر-سىتىدۇ. ئۇ ئىنسانلار تۇرمۇشى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەت-لىك بولغان بەلگىلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىت، بىئولوگىيىلىك مۇھىت ۋە يەر ئاستى بايلىق مۇھىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىت دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇ-شىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كونكرېتنى جۇغراپىيە-لىك ماكان، ئورۇن، يەر شەكلى، تۇپراق ۋە كىلىمات قاتارلىق تەبىئىي شەرت - شارائىتلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن، ئادەملەر توپى ياشاۋاتقانلىكى ھەرقانداق بىر جايدا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەڭ ئەقەللىي بىر ئېكولوگىيىلىك مۇھىت بولىدۇ. ئەمما كونكرېتنى ئېيتقاندا، ئوخشاش بولمىغان جەمئى-يەتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە پائالىيىتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىدا ياخشى - يامان بولۇشتەك زور پەرقلەرمۇ مەۋجۇت. ئوخشاش بىر جەمئىيەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىدا ھامان كى-شىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە پائالىيىتىگە پايدىلىق بولغان بىر قىسىم ئامىللارمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە پائالىيى-تىگە زىيانلىق بولغان يەنە بىر قىسىم ئامىللارمۇ بولىدۇ. بۇ ئامىللار كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە پائالىيىتىگە ئوخشاش بولمىغان تەسىرلەرنى پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى ئوخشاش بولمىغان خۇسۇسىيەت ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئىگە قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بىر جەمئىيەتنى بىلىش ئۈچۈن چوقۇم شۇ جەمئىيەتنىڭ تۇرۇۋاتقان كونكرېتنى ئېكولوگىيىلىك

مۇھىتىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش كېرەك.

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىئولوگىيىلىك مۇھىت دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان تۇرلۇك بىئولوگىيىلىك ماددىلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇم، ئىنسانلار مەۋجۇتلا بولغان يەردە، تۇرلۇك جانلىقلارمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. ئىنسانلار بىلەن تۇرلۇك جانلىقلار ئورتاق ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئىچىدە بىر - بىرىگە تايىنىپ ياشايدۇ. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە پائالىيىتى بىلەن تۇرلۇك جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي باغلىنىش بار، بىئولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ قانداق بولۇشى شۇ جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما بىز شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىرىنچىدىن، ئىنسانلار پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دائىرە ئىچىدە تۇرلۇك جانلىقلارنىڭ تارقىلىشى ئىنتايىن تەكشى ئەمەس. ئىككىنچىدىن، تۇرلۇك جانلىقلارنىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ھەتتا بەزىلىرى خاراكتېر جەھەتتىن تامامەن ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بىز كونكرېتنى بىر جەمئىيەتنى بىلمەكچى بولغىنىمىزدا، چوقۇم ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى كونكرېتنى بىئولوگىيىلىك مۇھىتىنى كونكرېتنى تەھلىل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

يەر ئاستى بايلىق مۇھىتى دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ ياشاۋاتقان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ماكان دائىرىسى ئىچىدىكى تۇرلۇك يەر ئاستى مىنېرالنى ئېلېمېنتلارنىڭ (مەسىلەن، تۇرلۇك رودا، كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە تۇرلۇك مېتاللار) جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، بۇ خىل نەرسىلەرنىڭ تېپىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. تارىخ-

تا مەلۇم كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ قېزىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش قىياپىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالى- يىتىدە زور يۈكسىلىش بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار جەمئى- يىتى ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەرگە بۆلۈنگەن. مەسىلەن، ئېلى- مىز تارىخىدىكى ساپال توپىسىدىن پايدىلىنىش، مىس ۋە تۆمۈر تاۋلاش قاتارلىقلار ئېلىمىز جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئالاھىدە رول كۆرسەتكەن شۇنداقلا يەر ئاستى بايلىق مۇھىتىنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە پائالىيىتىگە بولغان تەسىرى جەمئىيەت تەرەققىياتى- نىڭ يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ زور بولماقتا. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە بىرەر دۆلەت، بىرەر رايوننىڭ تە- رەققىياتى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىشنىڭ دەرىجىسى ۋە دائىرىسىگە باغلىق بولۇپ قالدى. كەمبەغەل ۋە قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بىرمۇنچە دۆلەت ۋە رايون- لارنىڭ مەلۇم بىر خىل يەر ئاستى بايلىقىنىڭ تېپىلىشى بىلەنلا بىردىنلا باي دۆلەتكە ۋە رايونغا ئايلىنىپ قالغانلىقى مانا بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا بىز بىر جەمئىيەتنى كونكرېتنى تەتقىق قىلغان چاغدا ئۇنىڭ يەر ئاستى بايلىق مۇھىتىنى تەتقىق قىلمىساق بولمايدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ «ئىنسانلار ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىمۇ ھامان ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ مەڭگۈ بىر سەۋىيىدە توختىنا قالمايدۇ» دەپ ئېيتقان- دى. شۇڭا كىشىلەر تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەبىئىي مۇھىت تارىخىي ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋات- قان ھەرىكەت ھالىتىدىكى جەرياندۇر. ئىنسانلار ھايۋانات دۇنيا- سىدىن ئەمدىلا ئايرىلىپ چىقىپ، تېخى ئىپتىدائىي تۇرمۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۇلار ناھايىتى تار دائىرىدە ئىچىدىلا تۇرمۇش كەچۈرگەن ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارالىغان ھەمدە مۇشۇ تار دائىرە ئىچىدە ئۇلار ئاساسەن تەبىئىي شەكىللەنگەن ئېكولوگ-

www.uyghurkitap.com

يىلىك مۇھىتقا ماسلىشىپ، ياۋايى مېۋىلەرنى يىغىپ، ئوۋ ئوۋلاپ ھايات كەچۈرگەن. ئۇ چاغلاردا يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىش دېگەندىن ئەلۋەتتە ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. لېكىن، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشى يەنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى، ئىنسانلار ياشاۋاتقان تەبىئىي مۇھىتنىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتتى، كېڭەيتتى ۋە چوڭقۇرلاشتۇردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى يەر شارىنىڭ ھەممىلا يېرىگە كېڭەيمەكتە. كىشىلەر دېڭىز - ئوكيانلارنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغىچە ئاتلانماقتا. ھەتتا يەر شارىنىڭ ئۆزىلا ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشماقتا. شۇڭا ئۇلار ئۆز پائالىيەت دائىرىسىنى ئالەم بوشلۇقىغا ۋە باشقا پلانېتىلارغا كېڭەيمەكتە. ئومۇمەن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بەرپا بولغاندىن بۇيان، كىشىلەر تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتا تايىنىۋاتقان تەبىئىي مۇھىت دائىرىسىنىڭ قانچە ھەسسە ئاشقانلىقىنى تەساۋۋۇر قىلىشمۇ تەس.

تەبىئىي مۇھىت ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى چەكلەپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمۇ تەبىئىي مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى كېڭەيتىدۇ. بۇنى بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى دېيىشكە بولىدۇ. تەبىئىي مۇھىت بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ۋەزىپىسى. ئىنسانلار ياشاپ تۇرغان تەبىئىي مۇھىتقا پەقەت تەبىئەت نۇقتىسىدىلا قاراش ۋە تەھلىل قىلىش جۇغراپىيە، يەر قىياپىتى ئىلمى، گېئولوگىيە، ئاسترونومىيە، ئالەمشۇناسلىق ۋە بىئولوگىيىنىڭ ۋەزىپىسى. لېكىن بىز شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، تەبىئىي مۇھىت بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۆز ئارا

رولى ئىچىدە ئاكتىپ، پائالىيەتچان ۋە ھەل قىلغۇچى رول ئوي-
نايدىغىنى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش-
لەپچىقىرىش پائالىيىتى. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بولغاچقىلا، تەبىئەت دۇنيا-
سىنىڭ بىر قىسمى، ئىنسانلار ياشىيالايدىغان مۇھىتقا ئايلىنالى-
دى ھەم شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپ-
چىقىرىش پائالىيىتى ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان تەبى-
ئىي مۇھىتنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتەلەيدۇ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرالاي-
دۇ. تەبىئىي مۇھىتنى كۆزىتىشتە، جەمئىيەتشۇناسلار بىلەن
جۇغراپىيەشۇناسلار ئوتتۇرىسىدىكى تۈپكى پەرقمۇ مانا مۇشۇ يەردە
دېيىشكە بولىدۇ.

## 2. تەبىئىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوغ-
داش

ئىنسانلار پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى، تەبى-
ئەت دۇنياسىنىڭ ئالىي مەھسۇلى. ئىنسانلار ھايات كەچۈرۈشتە
تەبىئەت دۇنياسىغا تايىنىدۇ. ئۇلار ھايات كەچۈرۈشتە ۋە پائالى-
يەت ئېلىپ بېرىشتا، زۆرۈر كېرەكلىك بولغان بارلىق ماددىي
ئەشيالارنىڭ ھەممىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا تەبىئەت دۇنياسىدىن
ئالىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھاۋا،
سۇ، تۇپراق، قۇياش نۇرى، ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ھەمدە تۈرلۈك
مېتال ۋە غەيرىي مېتال قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىيا-
جىنى قامدايدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار جەمئى-
يىتى تۇرمۇشىنىڭ تەبىئىي بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تەبى-
ئىي بايلىقلارنى ئېكولوگىيىلىك بايلىق، بىئولوگىيىلىك باي-
لىق، كان بايلىقى دەپ ئۈچ قاتلامغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنى يەنە
قايتا يېتىلىدىغان بايلىق ۋە قايتا يېتىلمەيدىغان بايلىق دەپ ئىككى
تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تارى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خى تۇپ نېگىزدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش ۋە پايدىلىنىش تارىخىدۇر. چۈنكى، ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى بىلگەندىن كېيىنلا، ئۆزى ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىغا تەسىر كۆرسەتكەن. تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتكەن، تەبىئەت كۈچىنى ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتىنى ئۆزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا بىرەر دۆلەت ياكى رايوننىڭ تەرەققىياتىغا قاراشتا، ئۇنىڭ تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش دائىرىسىنىڭ كەڭ - چوڭقۇرلۇقىغا، تەبىئىي بايلىقنىڭ سان ۋە سۈپىتىگە ھەمدە پايدىلىنىش ئۇسۇلىغا قاراش كېرەك.

ئابستراكتنى ھالدا ئېيتقاندا، تەبىئىي بايلىق پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىقتۇر. چۈنكى، تەبىئەت دۇنياسى ئەبەدى ساقلىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. زامان ۋە ماكان جەھەتتە ئۇنىڭ باش ئاخىرى بولمايدۇ. ئۇ بىر چەكسىز دۇنيا. لېكىن بىز ياشاۋاتقان بۇ رېئال ئىنسانلار جەمئىيىتى يەنىلا يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ چەكلىك ماكان دائىرىسى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. گەرچە ئىنسانلار ھازىر ئۆزىنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىنى باشقا پىلانېتىلارغا كېڭەيتىشكە تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغا قەدەر ئاساسەن يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ چەكلىك مۇھىت ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىنى قامداپ كېتىپ بارىدۇ. ئىلىم - پەن، مۇشۇ چەكلىك دائىرە ئىچىدىكى ئىنسانلار ئېھتىياجىنى قامداپ كېتەلەيدىغان تەبىئىي بايلىقلار ئىچىدە قايتا يېتەلمەيدىغان بايلىقلار چەكلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قايتا يېتىلىدىغان بايلىقلارنىڭمۇ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. شۇڭا ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي ئەتتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزى ياشاۋاتقان تەبىئىي مۇھىت تۈزۈلمىسىنى ۋە ئۇنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە پايدىلىنىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلماي بولمايدۇ.

قايتا يېتىلمەيدىغان بايلىقلار دېگىنىمىز، ئاساسەن تۈرلۈك كان بايلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. كان بايلىقلىرى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئېلېمېنتلاردۇر. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان سانائەتلەشكەن دەۋردە ئىجتىمائىي ئىش-لەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. جەمئى-يەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا كان بايلىقلىرىغا بولغان ئېھتىياج تەلىپى بارغانسېرى ئاشماقتا ۋە ئۇنى ئۆزگە شەرت قىلماقتا. چۈنكى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپ-چىقىرىش قوراللىرى، ئۆي - ئىمارەت ماتېرىياللىرى، قاتناش ۋاسىتىلىرى ھەتتا كىيىم - كېچەكلىرىگىچە بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كان مەھسۇلاتلىرىدىن پىششىقلاپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، كۆپچىلىككە مەلۇمكى، يەر شارىدىكى كان باي-لىقلىرىنىڭ زاپىسى يەنىلا ئىنتايىن چەكلىك. ئۇنى ئىشلەتكەن-سېرى ئازلايدۇ، قايتا تولۇقلانمايدۇ. ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، پۈتۈن دۇنيادىكى تۈرلۈك مېتال كان بايلىقلىرى ئەگەر ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش سەرپىيات سەۋىيىسى بويىچە مې-ڭىۋەرسە، بۇنىڭدىن كېيىنكى 100 يىلغا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە سەرپ بولۇپ تۈگىشى مۇمكىن. كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق بىر قېتىمدىلا سەرپ بولۇپ تۈگەيدىغان غەيرىي مېتال كان بايلىقلىرى مەنبەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرى تۈگەپ كېتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

قايتا يېتىلىدىغان بايلىقلار دېگىنىمىز، ئېكولوگىيىلىك باي-لىق (مەسىلەن، ھاۋا، سۇ، تۇپراق قاتارلىقلار) ۋە بىئولوگى-يىلىك بايلىقلارنى (مەسىلەن، تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر، ئورمان-لار، يايلاقلار، ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلار، قۇرت - قوڭغۇز ۋە باكتېرىيە قاتارلىقلار) كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلار ھايات كەچۈرۈشتە ھاۋا، سۇ، تۇپراق، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلاردىن ئايرىلالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىنسانلارغا بەخش ئەتكەن بۇ بايلىقلىرى ئۆزلۈكسىز خوراپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر ئۆزلۈكسىز كۆپىيىپ تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەممىگە ئايان ئاددىي ساۋات. لېكىن، تەبىئەت دۇنياسىدىكى قايتا يېتىلىدىغان بايلىقلارنىڭ قايتا ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ھامان بەلگىلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمۇ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جانلىقلار توپى بىلەن تەبىئەت دۇنياسى مىليون يىللار ئىلگىرىلا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئاساسى، قانۇنىيەتلىك ھالدا ماددا ئايلىنىش بىلەن ئېنېرگىيە ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىنسانلار ۋە ھەر خىل جانلىقلار توپى ئەتراپتىكى مۇھىتنىڭ ئۆزئارا تەسىرى، ماددا ۋە ئېنېرگىيىنىڭ بىر - بىرىگە ئۆتۈشى ئارقىسىدا جانلىقلارنىڭ ئۆزئارا بىرلەشكەن، مۇرەككەپ گەۋدىسىنى يەنى ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى بىرلىكتە شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك سىستېما ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان تەبىئىي فۇنكسىيىلىك بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر ئورگانىك ماددىلارنى بىرىكتۈرۈپ ئورگانىك ماددىغا ئايلاندۇرۇش يولى بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ ئوزۇقلۇقىنى تەمىنلەيدۇ. ھايۋاناتلارنىڭ كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ جەسىتى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ پارچىلىنىشى ئارقىلىق يەنە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈمۈرۈشىنى تەمىنلەيدۇ. ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ بۇ خىل ماددا ئالماشتۇرۇش رولى جەريانىدا، جانلىقلار ئوتتۇرىسىدا قانۇنىيەتلىك ھالدا ئۆزئارا ماسلىشىش بىلەن ئورگانىك مۇھىتنىڭ زاپاس يوشۇرۇن كۈچى ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزئارا تولۇقلاش ۋە تەڭشەش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ. تۈزۈلمە

بىلەن ئىقتىدارىنىڭ ماسلىشىشى تەبىئەت سىستېمىسىنىڭ مۇقىم
ھالەتكە يېتىشىدىكى ئالدىنقى شەرتتۇر. ماددىنىڭ سەرپ
بولۇش ـ پەيدا بولۇش تەڭپۇڭلۇقى بىلەن ھاۋا ئالمىشىش تە-
ڭپۇڭلۇقى مۇشۇ مۇقىم ھالەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ماددىي
ئاساسىدۇر. ئەگەر ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۇشۇ خىلدى-
كى نورمال ئىقتىدارىنى بۇزسا، ئۇ ھالدا ئىنسانلار ئۆزى بىلەن
تەبىئەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋەت يەنى
ئۆزى ھايات كەچۈرىشىدە تايىنىدىغان ماكان تۈزۈلمىسىنى بۇزغان
بولىدۇ. ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا زىيان يەتكۈزگەن
بولىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ قارىغۇلارچە دېڭىز ۋە كۆللەرنى
قورشاپ ئېتىز بەرپا قىلىشى، ئېكولوگىيىلىك قانۇنىيەتكە خىلاپ
ھالدا چوڭ تىپتىكى توسمىلارنى ياسىشى ھەمدە سانائەت ئىشلەپ-
چىقىرىشىدا زور مىقداردىكى بۇلغانغان نەرسىلەرنى دېڭىز،
كۆل ـ دەريالارغا ئېقىتىۋېتىشى، نۇرغۇنلىغان تاتلىق سۇ رايون-
لىرىنى جانسىز ئۆلۈك سۇغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشى قاتارلىقلارنىڭ
ھەممىسى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىنسان-
لارنىڭ ئوزۇقلۇق مەنبەسىنى ئازايتىۋېتىدۇ ھەمدە تەبىئىي مۇ-
ھىتتىكى سۇ بىلەن ئىسسىقلىقنىڭ تەڭشەش رولىغا بۇزغۇنچىلىق
قىلىدۇ. يەنە مەسىلەن، ئورمانلارنى كېسىپ بوز يەر ئېچىش،
يايلاقلارنى ئېچىپ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىغا ئايلاندۇرۇش قاتار-
لىقلارنىڭ ھەممىسى يەردىن مۇۋاپىق ھالدا پايدىلانماسلىقتەك قى-
لىق بولۇپ، ئوخشاشلا يەرنىڭ يۈزەكى قاتلىمىدا چوڭ ھەجىمدە
تۇپراقنىڭ ئېقىشى، مۇنبەت قىسمىنىڭ خوراپ كېتىشىنى كەل-
تۈرۈپ چىقىرىدۇ. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق
مەنبەسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەن بىللە تېخىمۇ كۆپ بوران،
قۇم، كەلكۈن قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدۇ.

دېمەك، ئىنسانلار ياشاۋاتقان تەبىئىي شارائىت «ئىنسان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەت ـ تەبىئىي بايلىق ـ مۇھىت» دىن تۈزۈلگەن بىر پۈتۈن گەۋدىدۇر. تەبىئىي بايلىقنى، تەبىئىي مۇھىتنى بۇزۇنچىلىق قىلىش ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانلار تۇرمۇشىغا قىلىنغان بۇزۇنچىلىقتۇر. شۇڭا ئىنسانلار تەبىئىي قانۇنىيەتلەر بىلەن يەن ـ تېخىمۇ تەتقىقلىرىنى تەتبىقلاپ تەبىئىي مۇھىتنى ئۆزگەرتكەن چاغدا، تەبىئىي مۇھىت بىلەن تەبىئىي بايلىقنى ئورگانىك ھالدا باغلانغان بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارىشى كېرەك. تەبىئىي بايلىقلاردىن مۇۋاپىق ھالدا پايدىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى مۇۋاپىق ھالدا ئاسراش كېرەك. مۇھىتنى ئاسراش مەسىلىسى ھەم ئېكولوگىيە ئىلمى مەسىلىسى، ھەم ئىجتىمائىي ـ ئىقتىساد مەسىلىسىدۇر بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندا ئىنسانلار ياشاۋاتقان تەبىئىي مۇھىتنى قانداق قىلىپ قوغداپ قېلىش مەسىلىسى پۈتۈن يەر شارى خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك مەسىلە بولۇپ قالدى، ئەلۋەتتە. بۇ بىزنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە تېگىشلىك مەسىلە.

## تۆتىنچى پاراگراف مەدەنىيەت

مەدەنىيەت — ئىنسانلار جەمئىيىتىگە خاس بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ھادىسە. ئىنسانلار ماددىي تۇرمۇش ئاساسىدا مەنىۋى بايلىق يارىتىپ، ئۆزىگە خاس بولغان مەدەنىيەتنى بەرپا قىلالىغانلىقى ئۈچۈنلا ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئىنسانلار جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرەلىدى. شۇڭا مەدەنىيەت ئاھالە ۋە تەبىئىي مۇھىتقا ئوخشاش جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسى ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. مەدەنىيەت بولمىسا جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

## 1. مەدەنىيەت چۈشەنچىسى

ئادەتتە «مەدەنىيەت» دېگەن بۇ ئۇقۇم ناھايىتى ئابستراكتنى ئۇقۇم. چۈنكى، ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مەدەنىيەت دېگەن بۇ ئۇقۇمنى كونكرېتنى چۈشىنىشكە ۋە ئۇنى كونكرېتنى تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

«مەدەنىيەت» كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان ئۇقۇم. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى «مەدەنىيەت» ئۇقۇمى مەدەنىيەت ـ مائارىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە تەربىيىلەپ تەسىرلەندۈرۈش دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «مەدەنىيەت» نىڭ غەربىي ياۋروپا تىللىرىدىكى ئاتىلىشى «كۇلتۇرا» (CulTura) بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ سۆزى پېئىل بولۇپ، تېرىقچىلىق، ئولتۇراقلىشىش، مەشىق قىلىش، كۆڭۈل قويۇش ياكى دىققەت قىلىش، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق مەنىلەرگە ئىگە. ئۇ ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق تەبىئىي ھالەتتىن قۇتۇلۇش مەنىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 16 ـ 17 ـ ئەسىرلەردە ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە «Cultura» سۆزى تېرىقچىلىقتىن دەل ـ دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشكە تەدرىجىي كېڭەيدى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ روھىي بىلىمى، مىجەز ـ خۇلقى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى كۆرسىتىدىغان بولدى. خەنزۇ تىلى سۆزلۈكىدە Cultura نىڭ مەنىسىگە يېقىنراق كېلىدىغان «文明» (مەدەنىيلىك) «文化» (مەدەنىيەت) دېگەن ئىككى سۆز بار. ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئىجادىيىتى (بولۇپمۇ ئوتتىن پايدىلىنىش) كېڭىيىپ روھنىڭ نۇرى يەر ـ جاھاننى يورۇتقان «文明» دېگەن سۆز كۇلتۇرا (Cultura) نىڭ مەزمۇنىغا تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. «文明» (مەدەنىيلىك) نى «مەدەنىيەت ـ مائارىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئاقارتىش» (文治教化) دىكى «文化» (مەدەنىيەت) بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېچىگە ئالغان مەنىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، بىز ھازىر ئېيتىۋاتقان كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەتكە يېقىن كېلىدۇ. يەنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تارىخىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىجاد قىلىنغان ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى بايلىقنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

مەدەنىيەت دېگەن بۇ ئۇقۇمنى كەڭ مەنىدە ۋە تار مەنىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىنكى ياراتقان ۋە توپلىغان بارلىق ماددىي بايلىقى بىلەن مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. تار مەنىدىكى مەدەنىيەت جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى داۋامىدا كىشىلەرنىڭ روھىي پائالىيىتىدە شەكىللەنگەن بارلىق مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا قوللىنىلىۋاتقان «مەدەنىيەت» دېگەن بۇ سۆز كۆپ ھاللاردا تار مەنىدىكى مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، جەمئىيەتشۇناسلىق مەدەنىيەتنى جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئامىللارنىڭ بىرى سۈپىتىدە قارىغاچقا، ئۇ كەڭ مەنىدە ئېيتىلغان مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىدۇ. ئومۇمەن، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئامىل سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان مەدەنىيەت — كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئادەملەر ياساپ چىققان تۈرلۈك ماددىي بۇيۇملار ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، كۆزقارىشى، ئىدىيىسى ۋە پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىدۇر. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممە نەرسىلەر مەدەنىيەت بولىۋەرمەيدۇ. پەقەت ئىنسانلار ئىجاد قىلىپ ياراتقان ياكى پىششىقلاپ ئىشلىگەن مەھسۇلاتلارلا بەلگىلىك مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. مەسىلەن، ئادەتتىكى بىر تاش مەدەنىيەتكە كىرمەيدۇ. ئەمما، كىشىلەر ئۇنىڭدىن بىرەر ئىشلەپچىقىرىش قورالى ياسىسا ياكى بىرەر ھەيكەل ياساپ چىقسا ئۇ بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، مەدەنىيەت ئاساسەن بىر-

رەر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى ۋە مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىي ھالىتى ۋە جەريانىنى كۆر- سەتمەيدۇ.

## 2. ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممىلا ساھەلىرىدە مەدەنىيەت ئا- لاھىدە رول ئوينايدۇ. مەدەنىيەت بولمىسا ئىنسانلارنىڭ ئىجتىما- ئىي تۇرمۇشى بولمايدۇ. مەيلى قايسى دەۋردە بولسۇن، قايسى مىللەت بولسۇن، ھامان بەلگىلىك مەدەنىيەت شەكلى ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. مەدەنىيەت ناھايىتى مۇرەككەپ بىر سىستې- ما. ئادەتتە كىشىلەر مەدەنىيەتنى ئومۇمىي جەھەتتىن ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرى- دۇ. لېكىن بىز تەتقىق قىلىش ۋە چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىچە بەش تۈرگە ئايرىپ سۆز- لەيمىز.

1) ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت

ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت دېگىنىمىز، كى- شىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا ئىگىلىگەن ئەم- گەك ئوبيېكتى، ئىجاد قىلغان ئەمگەك قوراللىرى، ياراتقان ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نەرسىلەرنىڭ بەزىلىرى تەبىئەت دۇنياسىدىكى نەرسىلەرگە ئوخشاش بىۋاستە ئىپادىلىنى- دۇ. بەزىلىرى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا تەبىئەت دۇنياسىدىن كەلگەن بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنى ئىگىلەش دەرىجىسى، يارىتىش سەۋىيىسى، ئىگە بولغان سان ۋە سۈپىتىگە قارىساقلا بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ئىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ھەم ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بىر خىل ئوبيېكتىپ ئۆلچەمنى گەۋدىلەندۈرىدۇ بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەمگەك قو- راللىرىنى ئىجاد قىلىش سەۋىيىسى تېخىمۇ تۈپكى خاراكتېردىكى

www.uyghurkitap.com

ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ.

2) تۇرمۇش مەدەنىيىتى

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتى، ۋاستىلىرى ۋە ئۇسۇللىرى ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ يۆنىلىشى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسى ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى بىۋاستە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ گۆشنى خام پېتى يېيىشى، كىيىم كىيمەي يالىڭاچ يۈرۈشى؛ تاغ ـ ئۆڭكۈرلەرنى ماكان تۇتۇپ توپلىشىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشى قاتارلىقلار بىلەن ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئۆي ـ جاي، مېڭىش ـ تۇرۇش ھەممە نىكاھلىق تۇرمۇش شەكلى، ئائىلە قۇرۇلمىسى قاتارلىقلار ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوخشاش دەۋردىمۇ ھەتتا ئوخشاش تەرەققىيات سەۋىيىسىدە تۇرۇۋاتقان دۆلەت ۋە رايونلاردىمۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. ھەرقايسى دۆلەت، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تۇرمۇش، مەدەنىيەت شەكلى بولىدۇ. مەسىلەن، ياۋروپالىقلارنىڭ كاستيۇم كىيىشى، ۋىلكا ـ قوشۇق بىلەن تاماق يېيىشى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇزۇن جۇيازا كىيىشى، چوكا بىلەن تاماق يېيىشى قاتارلىقلار ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەيدۇ.

3) ئالاقە مەدەنىيىتى

كىشىلەر جەمئىيەتتە ياشىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارغان چاغدا چوقۇم ئۆزئارا ئالاقە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقە شەكلى ۋە ۋاستىلىرى ئۇزلۇكسىز ئىجاد قىلىنىدۇ ھەم مۇكەممەللىشىدۇ.

ئۆزئارا ئالاقە شەكلى ۋە ۋاستىلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىجاد قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى شۇبھىسىزكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەمدە ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تەكشۈرۈشتىكى بىر خىل ماددىي ئۆلچەم بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئەڭ قەدىمكى كىشىلەرنىڭ شوينىنى تۈگۈپ ئىش - ۋەقەلەرنى خاتىرىلىشىدىن تارتىپ ئۇستىخان - قۇلۇلە قاپلىرىغا خەت ئويۇشى، مىس ئەسۋاب - جابدۇقلارغا خەت ئويۇشى، قومۇش تاراشىغا خەت ئويۇشى، رەختكە خەت يېزىشى، قەغەزگە خەت يېزىشى ۋە رادىئو - تېلېۋىزور ئارقىلىق تارقىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەش ۋە ئۇچۇر تارقىتىش بولۇپ، بۇلار ئىنسانلار ئالاقە مەدەنىيەت تارىخىدىكى ماددىي شەكىل ھېسابلىنىدۇ. تىل - يېزىق ۋە باشقا ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ مۇكەممەللىنىش جەريانىنى تەكشۈرۈش مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم تەرەپ. كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدىكى تار مەنىدىكى مەدەنىيەت بەزىدە مۇشۇ نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4) تۇرمۇش مەدەنىيىتى

كىشىلەر ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش، نورمالنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرتىپىنى ساقلاپ قېلىشتا تۈرلۈك ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - تۈزۈملەرگە ۋە ئەخلاق - مىزانلىرىغا تايانماي بولمايدۇ. بۇلار ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا شەكىللەنگەن ۋە مۇقىملاشقان ئۆلچەملەر بولۇپ، بىز ئۇنى ئادەتتە تۈزۈم مەدەنىيىتى دەپ ئاتايمىز. بۇ جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇھىم تەرەپ، چۈنكى تۈزۈم مەدەنىيىتى بولمىسا، ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەشكىللەش مۇمكىن ئەمەس.

5) ئاڭ مەدەنىيىتى

بۇ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەدەنىيىتى، تۇرمۇش مە-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دەنىيىتى، ئالاقە مەدەنىيىتى ۋە تۇزۇم مەدەنىيىتىنى يارىتىش داۋامىدا ھاسىل قىلغان تۇرلۇك كۆزقاراش، ئېتىقاد قاتارلىق نوقۇل ئاڭ فورماتسىيىسى ئىچىدىكى چۇشەنچىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئىنسانلار ياراتقان بەلگىلىك پەلسەپە، دىن، سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەن قاتارلىق تەپەككۇر نەتىجىلىرى، بۇ نەرسىلەر گەرچە تۇزۇم مەدەنىيىتىگە ئوخشاشلا مەنىۋى مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرسىمۇ، ئەمما ئۇ قېلىپلاشقان تۇزۇم مەدەنىيىتىدىن ئالاھىدە پەرق قىلىدۇ. شۇڭا بىز بۇلارنى ئايرىم ھالدا ئاڭ مەدەنىيىتى دەپ ئاتايمىز. ئاڭ مەدەنىيىتى بىر قەدەر ئابستراكتنى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۇرلۇك مەدەنىيەتلەرنىڭ يۇكسەك پەللىگە كۆتۇرۇلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا ئۇنى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ياكى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ بەش جەھەتتىكى مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ ئالاھىدە رولى بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلىشقا قاتنىشىپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى مول مەزمۇننى نامايان قىلىدۇ. بىز مەدەنىيەتنىڭ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىشتىكى ئەھمىيىتىنى چۇشىنىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىش ئۇچۇن، مۇشۇ بەش جەھەتتىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە قارىتا چوقۇم ئومۇمىيۈزلۇك تەھلىل ئېلىپ بېرىشىمىز ۋە ئۇنى ئەتراپلىق ئىگىلىشىمىز لازىم.

## 3. ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى

جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىل سۇپىتىدە تۇرۇۋاتقان مەدەنىيەتنىڭ ئەھمىيىتىنى چۇشىنىش ئۇچۇن چوقۇم ئۇنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قانداق ئاساسىي ئالاھىدىلىككە ئىگە؟

1) ئىجتىمائىيلىقى

مەدەنىيەت — ئىجتىمائىيلىقتا ئىگە، بۇنى ئىككى تەرەپتىن
چۈشىنىشكە بولىدۇ. (1) ھەرقانداق مەدەنىيەت (ئىشلەپچىقى-
رىش مەدەنىيىتى، تۇرمۇش مەدەنىيىتى، ئالاقە مەدەنىيىتى،
تۈزۈم مەدەنىيىتى ۋە ئاڭ مەدەنىيىتى) جەمئىيەتتىكى بارلىق
كىشىلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ. گەرچە بەزى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ مەدەنىيەت ئىجاد قى-
لىش ۋە يارىتىش جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم رولى بولغان بولسى-
مۇ، ھەتتا بەزى مەدەنىيەت ئامىللىرى، خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بار-
لىققا كېلىشى تارىختىكى مەلۇم شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلان-
غان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئىنسانلار كول-
لېكتىپ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى. مەسىلەن، ئېلىمىزدە
قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى، يېقىنقى زامان-
دىكى پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى، ھازىرقى زاماندىكى
ئېلېكترونلۇق ماشىنىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى قاتارلىقلار. بۇ نەر-
سىلەرنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە بارلىققا كېلىشىدە تارىختىكى
مەلۇم شەخسلەرنىڭ ئىنتايىن چوڭ رولى ۋە تۆھپىسى بولغان
بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ جەمئىيەت كوللېكتىپىنىڭ ئىجادىيەت
مەھسۇلى بولۇشتەك ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ. (2) مە-
دەنىيەت جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى
بىر خىل ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەتكە ئورتاق
بايلىق ھېسابلىنىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە ئېكسپلاتاتسىيە قىل-
غۇچى سىنىپلار مەدەنىيەتنى مونوپول قىلىپ، ئۇنىڭغا سىنىپىي
مەنە بېرىپ، خەلقئارادا، مىللەتلەر ئارىسىدا مەدەنىيەت قامىلىنى
يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى
بولۇشتەك خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلمىدى. چۈنكى، ھەقىقىي ئىل-
غار مەدەنىيەت مەيلى ماددىي مەدەنىيەت بولسۇن، ياكى مەنىۋى
مەدەنىيەت بولسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا يا ئۇنداق، يا مۇنداق ھالدا
سىنىپىي چەكلىمىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، دۆلەت ۋە مىللەت چېگرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا خىزمەت قىلماقتا.

2) سىستېمىچانلىقى

ئىجتىمائىي مەدەنىيەت — تۈرلۈك مەدەنىيەت ئامىللىرى ۋە تۈرلىرىنىڭ مېخانىكىلىق ھالدا قوشۇلۇپ قېلىشى بولماستىن، بەلكى مۇشۇ خىل خۇسۇسىيەت، ئامىل ۋە تۈرلەرنىڭ ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كېلىشىدىن ھاسىل بولغان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇ ئىچكى جەھەتتىن باغلىنىشىغا بولغان بىر خىل سىستېما ھېسابلىنىدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيىتى ئۆزئارا تەسىر قىلىدۇ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە ئۆزئارا رول ئوينايدۇ. ئادەم تۈرلۈك مەدەنىيەت تۈردىنىڭ سىستېمىسى ئىچىدە ياشايدۇ.

3) ۋارىسچانلىقى

ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بىر خىل ھادىسە بولغاچقا، ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. شۇڭا، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى ھامان ئۈزلۈكسىز بېيىپ ماڭىدۇ. مەدەنىيلىشىش دەرىجىسى ھامان يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. تەرەققىيات قەدىمى ھامان بارغانسېرى تېزلىشىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كەينىگە چېكىنمەي، تەرەققىي قىلىش، مۇكەممەللىشىش تەرىپىگە قاراپ يۈزلىنىشىدىكى سەۋەبمۇ ئۇنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغانلىقىدا. چۈنكى ئىنسانلار تارىخىنىڭ ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچىدا ياشىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتقان چاغدا مەدەنىيەت پائالىيىتىنى باشتىن باشلىمايدۇ ياكى ئۇنى ئاددىي يوسۇندا قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايدۇ. بەلكى ئالدىنقىلار ياراتقان مەدەنىيەت ئاساسىدا ئۇنى ئۆزلەشتۈرىدۇ ۋە بېيىتىدۇ. مانا بۇ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئالاھىدىلىكى. بىراق شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، ئالدىنقى ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ

ياراتقان مەدەنىيەتكە قارىتا بەكمۇ ھېرىسمەنلىك قىلىپ، داۋاملىق كونىلىقنى ساقلاش، بېكىنمىچىلىك قىلىشتەك ئەنئەنىچىلىك پوزىتسىيىسى مەدەنىيەتنى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى پائالىيەتسىز كۈچكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتى مەركەزلىرىنىڭ تارىختا كونا ئىجتىمائىي رايونلاردىن يېڭى ئىجتىمائىي رايونلارغا يۆتكىلىپ كېتىشى، مەدەنىيىتى ئەسلىدە بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان ۋە ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەتكە ئىگە بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى، ھەتتا قايتىدىن گۈللىنىشىنى ئويلىسىمۇ، لېكىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماسلىقى مۇشۇ تەرەپتىكى ئەھۋاللارنى ئىسپاتلايدۇ، ئەلۋەتتە. مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى پائالىيەتسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كونا مەدەنىيەتكە قارىتا «تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش» پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇشنى دىئالېكتىكىلىق ھالدا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. بارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىنى «مىللىي تەۋەرۈك» دەپ چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، مەدەنىيەتكە قارىتا تارىخىي مۇتەئەسسىپلىك قىلىشقىمۇ بولمايدۇ ھەم شۇنداقلا مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى يۈك دەپ قاراپ مەدەنىيەتكە قارىتا ئىنكارچىلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقىمۇ بولمايدۇ.

## 4. مەدەنىيەتنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى

مەدەنىيەتنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىش ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

1) مەدەنىيەت — جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئامىل. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، جەمئىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن چوقۇم ئىككى خىل ئاساسىي شەرت ھازىرلىنىشى لازىم، يەنى بەلگىلىك تەبىئىي شارائىت بىلەن بەلگىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ساندىكى نوپۇس بولۇشى كېرەك شۇنداقلا ئىككى خىل مۇناسىۋەت-نى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. يەنى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى، لېكىن مۇئەي-يەن مەدەنىيەت بەرپا بولغان چاغدىلا بۇ خىل شەرت ۋە مۇناسىۋەت-لەر رېئاللىققا ئايلىنالايدۇ. چۈنكى، مۇئەييەن مەدەنىيەت ئاساس-دىلا ئىنسانلار تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالاي-دۇ. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بەلگىلىك دائىرىسى، ئامىللىرى ۋە تەرەپلىرى ئىنسانلار ياشىيالايدىغان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارالايدى-غان مۇھىتقا ئايلىنالايدۇ ھەم شۇنداقلا بەلگىلىك مەدەنىيەت ئاسا-سىدىلا، ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇش ئارزۇ - ئىستىكى ۋە ئېھتىمالى بولىدۇ. بەلگىلىك ساندىكى ئاھالە ئۇيۇشۇپ جەمئىيەت-نى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسي گەۋدىگە ئايلىنالايدۇ. مۇشۇ مەنە-دىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت جەمئىيەتنى تەش-كىل قىلغۇچى ئاساسي ئامىل بولۇپ، ئۇ يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. مەدەنىيەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق بىرلىك مۇناسى-ۋەت شەكىللىنەلەيدۇ. جەمئىيەت ھەم ئورگانىك دۇنياغىمۇ ئوخ-شىمايدىغان، ھەم ئىئورگانىك دۇنياغىمۇ ئوخشىمايدىغان مۇستە-قىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئىنسانلار دۇنياسىغا ئايلىنالايدۇ.

2) جەمئىيەت تەرەققىياتى جەھەتتە مەدەنىيەتنىڭ رولى ئۈچ جەھەتتىن بولىدۇ.

(1) ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىنسانلار جەمئىيىتى مەدەنى تەرەققىياتىنىڭ ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلار مەدەنىيەت تە-رەققىياتى ھامان ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى كونكرېتنى نەرسە-لەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ماددىي مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىشلەپچىقى-رىش قوراللىرى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى (پەلسەپە، سەنئەت، ئىلىم - پەن) ئىنسانلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تەك-

شۇرۇشتىكى تارىخىي ئۆلچەم بولۇپ قالىدۇ.

(2) ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ هايات كەچۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ئوزۇقى هېسابلىنىدۇ. هەممىگە مەلۇمكى، ئىنسانلار هايات كەچۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلىشتا يېتەرلىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەهسۇلاتلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجىنى قامدايدۇ. مانا بۇ ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيىلىك رولى. ئەگەر ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ بۇ خىل فۇنكسىيىلىك رولى بولمىسا ياكى ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجى بولمىسا، ئۇ هالدا ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مەهسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

(3) ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىنسانلار هەرىكىتىنىڭ قېلىپلانمىسى. ئىنسانلار تۇرمۇشى ئەزەلدىن ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر خىل تەرتىپلىك تۇرمۇش بولىدۇ. بۇ خىل تەرتىپنى شەكىللەندۈرگەن ۋە ساقلاپ تۇرغان نەرسە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىدۇر. ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ هەرىكەت يۆنىلىشى ئۈچۈن تۈرلۈك قائىدە ـ تەرتىپ ۋە ئۆلچەم بەلگىلەپ بېرىدۇ هەمدە بۇ خىل قائىدە ـ تەرتىپلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ماددىي ئەسلىهەلەر ۋە ۋاستىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

## جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى

جەمئىيەت قۇرۇلمىسى — بىر پۈتۈن جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي بىرلىكلەرنىڭ بىرقەدەر تۇراقلاشقان قۇرۇلما باغلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت گەرچە يەككە - يەككە ئادەملەرنىڭ توپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەك-كە ئادەم جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئىجتىمائىي بىرلىك بولالمايدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي فۇنكسى-يە يەككە ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى يەككە ئادەملەردىن تەشكىل تاپقان ئىجتىمائىي جامائە ياكى ئورگانلارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي جامائە، ئىجتىمائىي ئورگان ۋە ئىجتىمائىي رايون قاتارلىقلار جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئىجتىمائىي بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. يەككە ئادەم ئىجتىمائىي جامائە ياكى ئىجتىمائىي ئورگان تەركى-بىدىكى بىر ئەزادىن ئىبارەت. پۈتكۈل جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقان-دا، جەمئىيەتنىڭ بىر ئېلېمېنتىدىن ئىبارەت. بىز جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي بىرلىكلىرى سۈپىتىدە تۆۋەندە ئىجتىمائىي جامائە، ئائى-لە، ئىجتىمائىي ئورگان ۋە ئىجتىمائىي رايون قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

# بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي جامائە

## 1. ئىجتىمائىي جامائە چۈشەنچىسى

ئىجتىمائىي جامائە — كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق بىرلىشىپ، ئورتاق پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان كوللېكتىپىدىن ئىبارەت. ئۇ ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى ئاساسىي ئىجتىمائىي بىرلىك. ھەرقانداق ئادەم مۇئەييەن ئىجتىمائىي جامائەگە تەۋە بولىدۇ. ئىجتىمائىي جامائە ئىچىدىلا ياشايدۇ. ئادەتتە بىزنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى دېگىنىمىزمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ جامائە تۇرمۇشىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك توپلىشىپ ياشاش (جامائە بولۇپ ياشاش) ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئەڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ توپلىشىپ ياشىشىدا مۇنداق ئۈچ تەرەپتىكى سەۋەب بولىدۇ: بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىدىن بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى باشلىنىشىدىلا ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك پائالىيەت بولىدۇ. بىر ئادەم يەككە - يېگانە ھالدا ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئېلىپ بارالمايدۇ. مەيلى ئىش تەقسىماتى بولمىغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بولسۇن؛ ياكى ئىش تەقسىماتى بولغان ئىلغار ئىشلەپچىقىرىشتا بولسۇن، كىشىلەر چوقۇم بىرلىشىپ ئورتاق ئەمگەك قىلىشى ھەمدە ئەمگەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارالمايدۇ؛ ئىككىنچى، بىخەتەرلىك ئېھتىياجىدىن بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى توپ بولۇپ ياشىشى تەبىئەت دۇنياسىدىكى باشقا ئىجتىمائىي گورۇھ ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بولغان. مۇشۇ

جەرياندا ئۇلار جامائەنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ۋە رولىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتكەن. نەتىجىدە، توپلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن، جامائە ئەزالىرىدىمۇ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى پەيدا بولغان؛ ئۈچىنچى، مەنىۋى ئېھتىياجىدىن بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى دېگىنىمىز، ئېتىقادى، خۇلقى - مىجەزى، پوزىتسىيەسى، قىممەت كۆزقارىشى، ھېسسىيات، ئوي - پىكرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇ خىل مەنىۋى تۇرمۇشى پەقەت توپلىشىپ ياشاشتەك جامائە تۇرمۇشى ئىچىدىلا شەكىللىنەلەيدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل مەنىۋى تەلەپلىرىنى ئىپادىلەش ۋە ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ۋە ئوبيېكتىگە ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشتا چوقۇم توپلىشىپ، جامائەتلەشكەن ئاساستا تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك. ئەمما شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، توپلىشىپ ياشاش ئىنسانلار جامائە تۇرمۇشىنىڭ تۈپكى ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكى ئەمەس. چۈنكى، مۇئەييەن شەكىلدە توپلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىنسانلار تۇرمۇشىغىلا خاس ھادىسە بولماستىن، بەلكى ھايۋاناتلار دۇنياسىدىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچرايدىغان ھادىسە. مەسىلەن، چۈمۈلە، مايمۇن ۋە بەزى قۇشلارنىڭ كوللېكتىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشى قاتارلىقلار. بىراق، ئىنسانلارنىڭ توپلىشىپ ياشىشى بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ توپلىشىپ ياشىشى تۈپ ماھىيەت جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭ پەرقلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردىن سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ.

1) ھايۋاناتلارنىڭ توپلىشىپ ياشىشى تەبىئىي تاللىنىشنىڭ نەتىجىسى. بىئولوگىيىلىك تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى بىر قىسىم جانلىقلارنىڭ توپلىشىپ ياشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلار مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشىپ، ئۆز ھاياتىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ توپلىشىپ ياشىشى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ

مۇقەررەر نەتىجىسى. ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى. ئىنسانلار توپ بولۇپ ياشى- غاندا تەبىئەتكە ماسلىشىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى تەبىئەتنى ئۆزگەرتىدۇ، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدۇ. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ جا- مائەتلەشكەن تۇرمۇشى تەبىئەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، جەمئىيەت- تىكى باشقا ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

2) ھايۋاناتلارنىڭ توپلىشىپ ياشىشى ئۇلارنىڭ بىئولوگىيلىك ئىقتىدارى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بىر خىل ئىرسىيەتلىك ھەرى- كەت ماھارىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ توپلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ كېيىن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلار ئۇزاق داۋاملاشقان ئىجتىمائىي پائالىيەت جەريانىدا توپ- لىشىپ ياشاشنىڭ شەكىل، مەزمۇنلىرىنى ئىجاد قىلىدۇ، بېيى- تىدۇ، پائالىيەت قائىدىلىرىنى تۈزىدۇ.

3) ھايۋاناتلارنىڭ توپلىشىپ ياشىشىنىڭ شەكلى، مەزمۇنى ۋە پائالىيەت قائىدىلىرى ناھايىتى ئاستا ئۆزگىرىدۇ. ئىنسانلار- نىڭ توپلىشىپ ياشىشىنىڭ شەكلى، مەزمۇنى ۋە ھەرىكەت قائىدى- لىرى ناھايىتى تېز ئۆزگىرىدۇ. بىرنەچچە ئەسىر تۇرماق ھەتتا بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. مەسى- لەن، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنى- يەت، تەشكىلىي قۇرۇلمىسى قاتارلىقلاردا ئۆزگىرىش ناھايىتى تېز بولىدۇ.

دېمەك، ئىجتىمائىي جامائەگە تەبىر بېرىشتە ئۇنىڭ تۈپكى ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەش كېرەك. ئىجتىمائىي جاما- ئەنىڭ تۈپكى ماھىيىتى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت. ئىنسانىيەت تۇر- مۇشتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت بۇ ماھىيەتلىك ئالا- ھىدىلىكنى ئىگىلىسەكلا، ئاندىن ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى ئىجتى-

مائي جامائە بىلەن ھايۋاناتلار دۇنياسىدىكى «جامائە» نىڭ تۈپكى پەرقىنى ئايرىۋالالايمىز.

ھەرقانداق ئىجتىمائىي جامائە مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئۆز شەكلىنى نامايان قىلىدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىجتىمائىي جامائە ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي جامائەنى تەتقىق قىلغاندا چوقۇم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى بىلىش كېرەك. بولمىسا ئىجتىمائىي جامائەنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلىيەلمەي قالىمىز. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى چۈشىنىشتە ئالدى بىلەن كىشىلەر تۇرمۇشىدىكى ئىجتىمائىي جامائەنى تەتقىق قىلىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ھەقىقىي ھالدا چۈشىنىپ كېتەلمەيمىز. چۈنكى، ئىجتىمائىي جامائە بىر خىل سۇبستانسىيىلىك (ئەمەلىي) بىرلىك بولغاچقا، جامەئە ئىچىدىكى ھەربىر ئەزا ئۇنى بىۋاسىتە تونۇيالايدۇ، ھېس قىلالايدۇ. شۇنداقلا ئىجتىمائىي جامائە سىرتىدىكى كىشىلەرمۇ ئۇنى بىۋاسىتە تونۇيالايدۇ ۋە ھېس قىلالايدۇ. لېكىن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى كىشىلەر سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىقلا بىۋاسىتە كۆزىتىپ ئىگىلىۋالالمايدۇ. ئۇنى پەقەت ئىجتىمائىي جامائەنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىقلا ئىگىلەش ۋە چۈشىنىش مۇمكىن. لېكىن، ئىجتىمائىي جامائە ئۈستىدە كونكرېتنى تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

(1) ئىجتىمائىي جامائەنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت كىشىلەرنىڭ تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشى ياكى ۋاقىتلىق يىغىلىپ قېلىشى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئۆزئارا ئالاقىسىنىڭ نىسپىي مۇقىملىشىشى، كۆپ قېتىم يۈز بېرىش ۋە قايتا تەكرارلىنىشىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئاپتوبۇس بېكىتىدىكى بىر توپ كىشىلەر، كىنوخانىدىكى نەچچە يۈزلىگەن تاماشىبىنلار، پويىزدا ئول-

تۇرغان نۇرغۇن يولۇچىلارنى ئادەتتە ھەقىقىي ئىجتىمائىي جامائە دېيىشكە بولمايدۇ.

(2) ئىجتىمائىي جامائە بولۇش ئۈچۈن ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بىر خىل ھەقىقىي سۇبىستانسىيە بولۇشى، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىشتىكى ھەقىقىي بىرلىك بولۇشى كېرەك. جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەر، مەسىلەن، بىر مىللەت كىشىلىرى، بىر سىنىپنىڭ كىشىلىرى. گەرچە ئۇلار ئىجتىمائىي ئورۇن، ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەت جەھەتتە ئوخشاش بىر توپتىكى كىشىلەرگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تېخى تەشكىللەنمىگەن. جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆز مەيلىچە تارقىلىپ يۈرگەن چاغدا، ئۇلارنى يەنىلا بىز بۇ يەردە ئېيتىۋاتقان «ئىجتىمائىي جامائە»نىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ھەقىقىي بىر ئىجتىمائىي بىرلىك بولۇپ شەكىللەنمىگەن. ماركسنىڭ «ئۆزىدىكى سىنىپ» بىلەن «ئۆزى ئۈچۈن سىنىپ» نى پەرقلەندۈرۈش توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئىجتىمائىي جامائەنى تەتقىق قىلىشىمىزدا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا بىز ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا، دائىم دېگۈدەك مۇئەييەن تۈرلەرگە ئايرىش ئۆلچىمىگە ئاساسەن ئادەملەرنى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر توپىغا ئاجرىتىمىز. مەسىلەن، ياشانغانلار، ياشلار، ئۆسمۈرلەر، ئەرلەر، ئاياللار دېگەندەك توپلارغا ئايرىپ سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىمىز. لېكىن بۇ يەردىكى «توپ» پەقەت ستاتىستىكىلىق تەھلىل قىلىشتىلا ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ھەقىقىي ئىجتىمائىي جامائە بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار رېئال جەمئىيەتتىكى سۇبىستانسىيە ئەمەس.

## 2. ئىجتىمائىي جامائەنىڭ رولى

ئىجتىمائىي جامائە شەخسىي بىلەن جەمئىيەتنى ئۆزئارا باغ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لاپ تۇرىدىغان بىر خىل ۋاستە ياكى كۆۋرۈكتۇر. شۇڭا ئىجتىمائىي جامائەنىڭ رولىنى شەخسىي ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

1) شەخسىي نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي جامائە شەخسنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئاساسىي ئىجتىمائىي بىرلىك. چۈنكى، جەمئىيەت ئەزاسى سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان ھەرقانداق شەخسنىڭ تۇرمۇشى، ئۆگىنىشى، خىزمىتى ۋە تۇرلۇك مەدەنىي پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن ئىجتىمائىي جامائە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي جامائەنىڭ رولىنى مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىرىنچى، ئادەمنىڭ تۇرلۇك ئېھتىياجى پەقەت ئىجتىمائىي جامائە ئىچىدىلا تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئېھتىياجى كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. مەسىلەن، فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجى، بىخەتەرلىك ئېھتىياجى، ئالاقە ئېھتىياجى، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىياجى قاتارلىقلار. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجىنى ئىجتىمائىي جامائە ئىچىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ئىككىنچى، ئۇ ئادەمنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشتا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. ئىجتىمائىي جامائە تۇرمۇشى بىر تەبىئىي ئادەمنى مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ يەنى كىشىلەر ئادەتتە جامائەت تۇرمۇشى ئارقىلىق تۇرمۇش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالىدۇ ۋە ئىگىلەيدۇ. ئىجتىمائىي ئۆلچەملەر بىلەن پىششىق تونۇشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان بولىدۇ. ئۆزىنىڭ تۇرمۇش نىشانىنى تەدرىجىي ھالدا تىكلەپ، جەمئىيەتتىكى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تونۇۋالىدۇ. ئۈچىنچى، جامائە تۇرمۇشى شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئىندىۋىدۇئاللىق ـ شەخسنىڭ مايىللىق خاراكتېرىگە ئىگە بىر قەدەر مۇقىم

بولغان ماھىيەتلىك پەرقلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يىغىندىسى. ئۇ بىر ئادەمدىكى فىزىئولوگىيىلىك ئامىللار ئاساسىدا، مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا ۋە شۇ ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى باشقا ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى ھەرگىز ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئامىللىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىكى پائالىيەتلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن بولىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي جامائە شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا بىۋاستە رول ئوينايدۇ.

2) جەمئىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي جامائە جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئىجتىمائىي بىرلىك. بىزگە مەلۇم، جەمئىيەت ئىقتىساد، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت، كىشىلىك تۇرمۇش قاتارلىق تۈرلۈك ساھەلەردىن تەركىب تاپقان بىر خىل ئىجتىمائىي سىستېما. بۇ خىل ئىجتىمائىي سىستېما بولمىسا، جەمئىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئىجتىمائىي جامائە بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي سىستېما ئىچىدە ئىجتىمائىي فۇنكسىيىلىك رول ئوينايدىغان يادرولۇق بۆلەك. شۇڭا ئىجتىمائىي جامائەنىڭ جەمئىيەتكە نىسبەتەن رولىنى مۇنداق ئىككى جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىرىنچى، جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي نىشانى، پىلانى ۋە ۋەزىپىلىرى پەقەت ئىجتىمائىي جامائەلەرنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۆزئارا ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىجتىمائىي جامائەلەرنىڭ ئاكتىپ پائالىيىتى ۋە ئۆزئارا ماسلىشىشى بولمىسا، جەمئىيەت ئۆزىنىڭ نىشانى، پىلانى ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى قىيىن بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي جامائە جەمئىيەتنى كونترول قىلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك فۇنكسىيىلىك بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈ-

رۇشتە رول ئوينايدۇ. ئىجتىمائىي جامائەنىڭ ئىنچ - ئىتتىپاقلىقى جەمئىيەتنىڭ ئىنچ - ئىتتىپاق بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. ئىجتىمائىي جامائەدە ئىنچ - ئىتتىپاقلىق بولمىسا، جەمئىيەتنىڭ ئىنچ - ئىتتىپاق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق ئىجتىمائىي جامائەدە ئەزالار ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ۋە بويسۇنىدىغان پائالىيەت ئۆلچىمى بولىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي ئۆلچەملەر ئىجتىمائىي جامائە تۇرمۇشىنىڭ نورمال بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ قالماستىن، جەمئىيەتنىڭ ئىنچ مۇقىم بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ياخشى تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

### 3. ئىجتىمائىي جامائەنىڭ تۈرلىرى

بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىنسانلار ئىجتىمائىي جامائەسى ھايۋاناتلار توپىدەك باشتىن - ئاخىرى ئوخشاش قېلىپتا، ئوخشاش مەزمۇندا داۋاملىشىپ كېتىۋېرىدىغان ئاددەملەر توپى بولماستىن، بەلكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مەزمۇنى ۋە شەكلى داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تەشكىلىي شەكىلدۇر. ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىكى ئىپتىدائىي جامائە، ئۇرۇق، قەبىلىدىن تارتىپ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك پارتىيە - گۇرۇھ، تەشكىل - ئورگان، زاۋۇت - كارخانا، ئىجتىمائىي خەلق تەشكىلاتى، كۇلۇب - كۇرۇژۇك ۋە قوشنا - قولۇم، مەھەللە جامائەت، ئەل - ئاغىنە، ئائىلە قاتارلىق جامائە شەكىللىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تارىخىدا قانچىلىغان ئىجتىمائىي جامائەلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى تولۇق تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر تولىمۇ مۇرەككەپ، كۆپ خىل بولىدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي جامائەلەرمۇ ئەلۋەتتە مۇرەك-

كەپ، كۆپ خىل بولىدۇ. بۇنداق مۇرەككەپ ، خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي جامائەلەرنى جەمئىيەتشۇناسلار ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدا تۇرۇپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ باق- قان بولسىمۇ، ئەمما كۆپچىلىك بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان يەكۈن هاسىل بولغىنى يوق. لېكىن هەرقايسى خىل قاراشلارنىڭ ئۆزگىچە ئالاهىدىلىكى بولۇپ، ئىجتىمائىي جامائەدىن ئىبارەت بۇ ئىنسانلار ئورتاق .گەۋدىسىنى چۈشىنىشتە بىزنى بىرقەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا بىز هەرقايسى خىل قاراشلارنى قوبۇل قىلغان ئاساستا بارلىق ئىجتىمائىي جامائەلەرنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتا بويىچە تۈرلەرگە ئايرىيمىز.

بىرىنچى، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسى بويىچە ياكى بۇ مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىش مەنبەسى جەهەتتە بارلىق ئىجتىمائىي جامائەلەرنى مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1) قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ۋاسىتە قىلغان ئىجتىمائىي جاما- ئە؛ قانداشلىق مۇناسىۋەتتىكى جامائە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن جامائە بولۇپ، ئۇ ئائىلە، جەمەت، ئۇرۇق - قەبىلە، قەۋم قاتارلىق كونكرېتنى شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزگىل- لىرىدە، جىنس ۋە يېشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تەبىئىي ئىش - تەقسىماتى بولغان بىر خىل ئىپتىدائىي جامائە تۇرمۇشى شەكىللەنگەندى. لېكىن، ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ پار- چىلىنىشى ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن ئائىلە تۇرمۇشى ئاساسىدا ئۇرۇقداشلىق جامائە شەكىللىنىدۇ. جامائە ئەزاسى تەركىبىدىكى هەربىر يەككە ئەزا تۇغۇلغاندىن كې- يىنلا ئائىلە تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. جەمئىيەتنى ئۆگە- نىدۇ، جەمئىيەت تۇرمۇشىغا قاتنىشىدۇ. مانا بۇنىڭ بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋەتتىكى جامائە تۇرمۇشى باشلىنىدۇ ۋە كېڭىيىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2) رايون دائىرىسىنى ۋاستە قىلغان جامائە. بۇ رايون دائىرىسى بويىچە تەشكىللەنگەن جامائە بولۇپ، بىر تۇركۇم كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مەلۇم بىر رايون دائىرىسى ئىچىدە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشىدىن شەكىللەنگەن بولىدۇ. ئۇ، قوشنا - قولۇم، مەھەللە - كەنت، ئىجتىمائىي رايون قاتارلىق كونكرېتنى شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل جامائە قانداشلىق مۇناسىۋەتتىكى جامائەدىن كېيىن پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ پارچىلانغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي بىرلىكلەر يەككە ئادەملەر بولماستىن، بەلكى ئائىلىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىغان ئادەملەر ياكى ئائىلىلەردۇر.

3) كەسپىي مۇناسىۋەتنى ۋاستە قىلغان ئىجتىمائىي جامائەلەر بۇ خىل جامائەلەر. ئوخشاش بولمىغان ئەمگەك ۋە كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىش - تەقسىماتى ۋە ھەمكارلىقنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى قىلغان بولىدۇ. ئۇ تۇرلۇك ئىقتىسادىي تەشكىلەر، سىياسىي تەشكىللەر مائارىپ، ئىلىم - پەن تەشكىللىرى، مەدەنىيەت - سەنئەت تەشكىللىرى ۋە جەمئىيەت مۇلازىمەت تەشكىللىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىي جامائەنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ بارغانسېرى ئىنچىكە بولۇشىنىڭ نەتىجىسى.

ئىككىنچى، جامائە ئەزالىرىنىڭ تەشكىللىنىش دەرىجىسى بويىچە ئىجتىمائىي جامائەلەرنى رەسمىي ئىجتىمائىي جامائە ۋە غەيرىي رەسمىي ئىجتىمائىي جامائە دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇنداق ئايرىش ئۇسۇلىنى ئەڭ دەسلەپتە ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى مايو ئوتتۇرىغا قويغان. رەسمىي جامائە دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن نىشان ۋە تەشكىلىي پرىنسىپلار بويىچە ئۇيۇشقان جامائەسى بولۇپ، ئۇنىڭ

ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي ئورنى ۋە رولى قاتتىق بېكىتىلگەن بولى-
دۇ. رەسمىي جامائە ئىچىدە كىشىلەر تەشكىلىي نىشان تەرىپىدىن
بەلگىلەنگەن ھەرىكەت قائىدىسى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشى كې-
رەك يەنى كىشىلەرنىڭ شەخسىي ھەرىكىتى بىلەن تەشكىلىي
نىشان بىردەكلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. تۈرلۈك تەشكىلىي
ئورگانلار ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، خىز-
مەت ۋە ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رەس-
مىي ئىجتىمائىي جامائە تۈرىگە كىرىدۇ. غەيرىي رەسمىي ئىجتى-
مائىي جامائە دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ ھەۋەس - ئارزۇسى ۋە
تۈرلۈك ئېھتىياجى بويىچە ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي
جامائەنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئورنى ۋە رولىغا
قارىتا رەسمىي قارارلاشقان بەلگىلىمە بولمايدۇ. غەيرىي رەسمىي
جامائە ئاساسەن رەسمىي جامائە ئىچىدە مەۋجۇت .بولۇپ تۇرىدۇ.
چۈنكى ھەرقانداق رەسمىي جامائە ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ مەنپە-
ئەتى ياكى كۆزقارىشى ئوخشاش بولۇپ قېلىش، تارىخىي كەچۈر-
مىشلىرى ياكى ئارزۇ - ھەۋەس، خۇلق - مىجەزلىرى ئوخشاش
بولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن غەيرىي رەسمىي جامائە بولۇپ ئۇيۇشۇپ
قالىدۇ. لېكىن شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، غەيرىي رەسمىي
جامائەنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ
رەسمىي جامائەنىڭ نىشانىغا قارىتا تەسىرى ۋە رولى ئوخشاش
بولمايدۇ. ئەگەر غەيرىي رەسمىي جامائەنىڭ قىممەت پوزىتسىيە-
سى ۋە يۆنىلىشى بىلەن رەسمىي جامائەنىڭ نىشانى بىردەكلىككە
ئىگە بولسا، ئۇ چاغدا غەيرىي رەسمىي جامائە تەشكىلىي نىشانىنىڭ
ئەمەلگە ئېشىشىدا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. بىردەكلىككە ئىگە
بولماي قالسا توسالغۇ بولۇش ھەتتا بۇزغۇنچىلىق قىلىش رولىنى
ئويناپ قالىدۇ. شۇڭا بىز غەيرىي رەسمىي جامائەنىڭ مەۋجۇتلۇ-
قىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇنىڭ ئىچىدىكى
قايسىلىرىنىڭ ئىجابىي رول ئوينايدىغانلىقىنى، قايسىسىنىڭ

سەلبىي رول ئوينايدىغانلىقىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، شەخسىي بىلەن جامائە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يىراق - يېقىن بولۇشىغا ياكى جامائەنىڭ شەخسكە قارىتا رولى ۋە تەسىرىگە قاراپ بارلىق ئىجتىمائىي جامائەلەرنى دەسلەپكى جامائە ۋە كېيىنكى جامائە (ئاساسىي جامائە ۋە ئاساسىي بولمىغان جامائە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

دەسلەپكى جامائە، بۇنىڭدا ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئارىلىقىدىكى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى يۈزمۇ يۈز ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر قەدەر يېقىن ۋە قويۇق ھېسسىيات تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. مەسىلەن، ئائىلە، قوشنا - قولۇم، ئەل - ئاغىنىلەر، خىزمەت ۋە ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى، سىنىپ، بۆلۈم، ئىشخانا قاتارلىقلار. ئۇنى دەسلەپكى جامائە دېيىشىمىزدىكى سەۋەب ئۇنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىدا: (1) ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسۈش ۋە جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش جەريانىدا ئەڭ دەسلەپ تەۋە بولغان ئىجتىمائىي جامائە. (2) ئۇ كىشىلەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ياكى ئىجتىمائىي ئادەم قىلىپ تەربىيىلەشتە ئەڭ ئاساسىي ۋە ئۇنۇملۇك رول ئوينايدىغان جامائە. (3) ئۇ كىشىلەرنىڭ بىۋاسىتە ، ئاددىي ۋە ئەڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. (4) ئۇ شەخسنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئاساسىي بىرلىك، جەمئىيەتنى ھاسىل قىلىدىغان ھۈجەيرە. ھەرقانداق مۇرەككەپ بولغان جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە تۈزۈلمىسى مانا مۇشۇ جامائەنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر كىچىك بولىدۇ.

كېيىنكى جامائە. بۇ دەسلەپكى جامائەگە نىسبەتەن ئېيتىلغان بىر خىل ماس ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ

بولىدۇ. جامائە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ياكى شەخس بىلەن جامائە ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئادەتتە بىۋاستە بولماي، بەلكى دەسلەپكى جامائەنى ۋاستە قىلغان ھالدا (ئوتتۇرىدىكى باشقا ھالقىلار ئارقىلىق) ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا شەخسىي بىلەن جامائە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دەسلەپكى جامائەدىكىدەك قويۇق بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىجتىمائىي رايون، ئىجتىمائىي ئورگان ۋە تەشكىلاتلار، چوڭ تىپتىكى زاۋۇت، كان ـ كارخانىلار، مەكتەپلەر مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. كېيىنكى جامائە دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائەلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىجتىمائىي شەكلى ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بۇ خىل جامائەلەر تېخىمۇ كۆپىيىشى ۋە مۇرەككەپلىشىشى مۇمكىن.

ئىجتىمائىي جامائەلەرنى دەسلەپكى جامائە ۋە كېيىنكى جامائە دەپ ئايرىش جەمئىيەتشۇناسلىقتا بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئۇسۇل. دەسلەپكى جامائە دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئەڭ بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى جەمئىيەتشۇناسى كولى (C. H. Cooley) ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىنكى چاغلاردا بەزى جەمئىيەتشۇناسلار تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەسلەپكى جامائە دېگەن بۇ ئۇقۇمغا قارىتا كېيىنكى جامائە دېگەن ماس ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىجتىمائىي جامائەنى تەھلىل قىلىشتا تېخىمۇ كەڭ قوللىنىلىدىغان بولدى.

ئىجتىمائىي جامائەلەرنى يۇقىرىقىدەك تۈرلەرگە ئايرىش ئىجتىمائىي جامائە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر خىل ئومۇميۈزلۈك تەھلىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىر تۈرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، مەلۇم بىر تۈرنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك بۆلۈش ئۇسۇلى پەقەت بىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي جامائەنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئەتراپلىق چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

بىز ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى تەھلىل قىلىشتا، ئاۋۋال مىك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رو جەھەتتىكى تەھلىلدىن ماكرو جەھەتتىكى تەھلىلگە ئۆتىمىز، يەنى جەمئىيەت ئېلېمېنتلىرىنى تەھلىل قىلىشتىن جەمئىيەت ھۆجەيرىسىنى تەھلىل قىلىشقا، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى تەھلىل قىلىشتەك لوگىكىلىق تەرتىپ بويىچە تەھلىل ئېلىپ بارىمىز. شۇڭا دەسلەپكى جامائە بىزنىڭ ئىجتىمائىي جامائەنى تەھلىل قىلىشىمىزدىكى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ.

## ئىككىنچى پاراگراف دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە

ئالدىنقى پاراگرافتا بىز ئىجتىمائىي جامائەنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تۈرلىرى ھەققىدە توختالغاندا، ئىجتىمائىي جامائەلەرنى دەسلەپكى جامائە ۋە كېيىنكى جامائە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەندۇق. ئىجتىمائىي جامائەلەرنى بۇنداق ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىش جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئۇسۇل بولغاچقا، بىز بۇ مەزمۇندا دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە ئۈستىدە كونكرېت تەھلىل ئېلىپ بارىمىز.

### 1. دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە چۈشەنچىسى

دەسلەپكى جامائە ئۇقۇمىنى ئامېرىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى جەمئىيەتشۇناسى كولى (1864 — 1929. C. H. Cooley) ئەڭ باldۇر ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ 1900 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئىجتىمائىي ئورگانلار» دېگەن كىتابىدا ئائىلە، قوشنا ـ قولۇم، باللارنىڭ ئويۇن گۇرۇپپىسى قاتارلىقلارنى دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە «يۈزتۇرانە ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ناھايىتى يېقىن ئالاقە ۋە ھەمكارلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل

جامائەنىڭ دەسلەپكى دەپ ئاتىلىشى كۆپ تەرەپلىمە مەنىگە ئىگە. ئەمما، ئاساسلىقى ئۇنىڭ شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى بىلەن شەخسنىڭ غايىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسى جامائە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ». دېمەك، كولىسىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە ئېيتقاندا، دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا ئەڭ دەسلەپ ئۇچراشقان ۋە تەۋە بولغان جامائەسى بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە غايىسىنىڭ تىكلىنىشىدە دەسلەپتە رول ئوينايدۇ. بۇ خىل جامائە يېقىنچىلىق مۇناسىۋەت ئاساسىدا، ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل بىۋاستە ئالاقىدىن شەكىللەنگەن بولىدۇ.

كولىدىن كېيىن، دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە دېگەن بۇ ئۇقۇم جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان بولدى. ئەمما بۇ چاغدا كىشىلەر بۇ ئۇقۇمنى ئادەمنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىنلا تەتقىق قىلىپ قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ تەشكىللىنىش قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى جامائەت دېگەن بۇ ئۇقۇمغا قارىتا ماس ھالدا كېيىنكى جامائە دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويدى شۇنداقلا كىشىلەر دەسلەپكى جامائە چۈشەنچىسى ئىچىدىكى «ئېپتىدائىي» تار دائىرىدىكى چۈشەنچىلەر دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى يېقىنچىلىق مۇناسىۋەتنى ئالغان تۈرلۈك كىچىك جامائە ۋە گۇرۇھلارغا تەتبىقلايدىغان بولدى.

ئومۇمەن جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرىدىن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، دەسلەپكى جامائە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل بىۋاستە ئالاقىدىن شەكىللەنگەن ئەڭ يېقىن كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي جامائە. ئۇ شەخسنىڭ غايىسى ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى بۇ خىل دەسلەپكى ئىجتىمائىي گۇرۇپ-

پىلىنىش شەكلى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاددىي، ئەڭ دەسلەپكى ئىجـ
تىمائىي مۇناسىۋىتىنى يەنى باشلانغۇچ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى
ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لېكىن بىز ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلىنىشنىڭ
رەسمىي شەكلى بولغان دەسلەپكى جامائەنى ئاممىۋى خاراكتېرگە
ئىگە بولغان جامائەدىن ياكى ستاتىستىكىلىق گۇرۇپپىلاش خاراكـ
تېرىدىكى ئادەملەر توپىدىن پەرقلەندۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىـ
لىشىمىز كېرەك.

## 2. دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە ۋە كېيىنكى ئىجـ تىمائىي جامائە

بىزگە مەلۇم، ئىجتىمائىي جامائەلەرنى دەسلەپكى جامائە ۋە كېيىنكى جامائە (تەشكىل ـ ئورگانلار) دەپ ئايرىش بىر ـ بىرىگە ماس ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇقۇملار. پۈتكۈل ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى مانا مۇشۇنداق ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىش جەمئىيەتشۇناسلىقتا بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئۇسۇل. بىز دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە بىلەن كېيىنكى ئىجتىمائىي جامائە (ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلار) ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى بىلگەندىلا، ئاندىن پۈتكۈل ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى مانا مۇشۇنداق ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىشنىڭ ئومۇمىي ئۆلچىمىنى ئىگىلىۋالالايمىز.

دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە بىلەن كېيىنكى ئىجتىمائىي جامائە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردىن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

1) شەكىللىنىش جەھەتتىن قارىغاندا، دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە دائىم تەبىئىي ھالدا شەكىللىنىدۇ. مەيلى قوشنا ـ قولۇم، باللار ئويۇن گۇرۇپپىسى ياكى ئەل ـ ئاغىنىلەر گۇرۇپپىسى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئورۇن ـ جاي ۋە كەسپى مۇناسىۋەت ياكى ئورتاق ئارزۇ ـ ھەۋەس ئاساسىدا، ئۆزلۈكسىز

ئالاقە داۋامىدا تەبىئىي ھالدا شەكىللىنىدۇ. ئائىلە - نىكاھ ئاساسىدا، قانۇن رەسمىيەتلەر ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما تەبىئىي قانداشلىق مۇناسىۋەت ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتى يەنىلا ئائىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى مۇھىم ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە يېڭى ئەزالىرىنىڭ كۆپىيىشىمۇ ناھايىتى تەبىئىي رەۋىشتە بولىدۇ. زاۋۇت، ماگىزىن، ئىدارە، مەكتەپ قاتارلىق رەسمىي ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلار (كېيىنكى جامائە) نىڭ شەكىللىنىشى تەبىئىي بولماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ مەلۇم ئېھتىياجى ياكى ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن بولىدۇ.

2) جامائە ئەزالىرىنىڭ پائالىيەت خاراكتېرىدىن قارىغاندا، دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە ئەزاسى سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان شەخسىي ئۆزىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلالايدۇ. ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھېسسىيات - ئارزۇسىنى، تۈرلۈك كەيپىيات، كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا دەسلەپكى جامائەنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان شەخس مۇكەممەل ئىندىۋىدۇئاللىق خاراكتېرىگە ئىگە ئادەم سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما، كېيىنكى جامائە پائالىيىتىدە ئەزالار ئۆز ئىندىۋىدۇئاللىقىنى تولۇق ئىشقا سالالمايدۇ. تەشكىل - ئورگانمۇ ھەربىر ئەزانىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا كېيىنكى ئىجتىمائىي جامائەنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان شەخس دائىم مەلۇم ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئالاھىدە ئىجتىمائىي رول سۈپىتىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

3) جامائەت ئەزالىرىنىڭ ئالاقە دائىرىسىدىن قارىغاندا، دەسلەپكى جامائە ئىچىدە جامائە ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا ئالاقىدە ئەمەل قىلىدىغان بەلگىلىك ھەرىكەت ئۆلچەملىرى بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۆلچەم - قائىدىلەر غەيرىي رەسمىي كۆچكە ئىگە بولغان

بولىدۇ. ئۆزگىچە پائالىيەتلەرگىمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرۇلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، كېيىنكى جامائەدە جامائە ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا ئالاقە پائالىيىتى رەسمىي قائىدە - تۈزۈملەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ قائىدە - تۈزۈملەرگە قويۇلغان تەلەپ ئادەتتە بىر قەدەر قاتتىق بولىدۇ ھەمدە ھۆججەت ئارقىلىق بېكىتىلگەن بولىدۇ. بىرەر تەشكىلىي ئورگاننىڭ دائىرىسى قانچە چوڭ بولغانسېرى، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ شۇنچە مۇرەككەپ بولىدۇ. قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ رولىمۇ شۇنچە مۇھىم بولۇپ قالىدۇ.

4) ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن قارىغاندا، دەسلەپكى جامائەدە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قويۇق ھېسسىيات تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. دەسلەپكى جامائە پائالىيىتى جەريانىدا ھەربىر ئەزا ئۆزىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق ئالاھىدىلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا سېلىش ئىمكانىيىتىگە ۋە تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئۆزئارا كۆيۈنۈشكە ۋە ياردەمگە ئىگە بولالىغاچقا، ئەزالار ئوتتۇرىسىدا بىر خىل يېقىنچىلىق ھېسسىيات مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ. لېكىن، كېيىنكى جامائە كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى دائىم دېگۈدەك بىر خىل تەشكىلىي خىزمەت مۇناسىۋىتى بولۇپ قالىدۇ يەنى تەشكىلىي خىزمەتنى بېجىرىش ئاساسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ قالىدۇ. قىسقىسى، دەسلەپكى جامائەدە كىشىلىك مۇناسىۋەت ئادەمنى مەركەز قىلغان مۇناسىۋەت بولسا، كېيىنكى جامائەدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت كەسپىي ئىشنى ئاساس قىلغان مۇناسىۋەت بولىدۇ.

5) دەسلەپكى جامائەدە جامائە ئەزالىرىنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. كېيىنكى جامائەدىمۇ ئەزالارنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجى قانائەتلەندۈرۈلىدۇ. ئەمما كېيىنكى جامائەدە كۆپرەك تەكىتلىنىدىغىنى شەخسنىڭ تەشكىلگە قوشقان تۆھپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى. ئەزالارنىڭ تەلەپ - ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بەلگىلىك شەكىل ۋە دائىرە ئىچىدىلا بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

دەسلەپكى جامائەدە شەخسىي ئارزۇ ـ تەلەپ ھۆرمەت قىلىنىدۇ. شەخسنىڭ بۇ خىل ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى قانائەتلەندۈرۈش ئالدىن-قى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. شۇڭا شەخسنىڭ كېيىنكى جامائەدە قانا-ئەتلەندۈرۈلمىگەن تەلەپ ـ ئېھتىياجى كۆپ ھاللاردا دەسلەپكى جامائە ئىچىدە قانائەتلەندۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ.

6) ئىجتىمائىي فۇنكسىيىلىك رولىدىن قارىغاندا، دەسلەپ-كى جامائەنىڭ فۇنكسىيىلىك رولى ئۇنىۋېرسال بولىدۇ. دەسلەپ-كى جامائە ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنىڭ ئىنكا-سى كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. شۇڭا دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە-نىڭ فۇنكسىيىلىك رولىمۇ كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. مەسىلەن، ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىكى ئائىلىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ئىنسانلار ئۆزىدىكى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش (ئەۋلاد قالدۇرۇپ تەربىيە-لەش)، ماددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ئىس-تېمال قىلىش، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق كۆپ جەھەتتىكى ئىجتىمائىي فۇنكسىيە رولىغا ئىگە. لېكىن كېيىنكى جامائەنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىلىك رولى دائىم دېگۈدەك بىرلا خىل بولىدۇ. مەسى-لەن، زاۋۇت ۋە كان ـ كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش رولىغا ئىگە، ماگىزىن تاۋار ئوبوروت قىلىش رولىغا ئىگە. مەكتەپ تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىش رولىغا ئىگە.

## 3. دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائەنىڭ ئالاھىدىلىكى

دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە ئىنسانلار ئىجتىمائىي بىرىك-مىسىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى. بۇ خىل ئالاھىدە ئىجتىما-ئىي بىرىكمە شەكلى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەر دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائەنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساسىي شەرتلەر ھېسابلىنىدۇ. دەسلەپكى ئىجتى-مائىي جامائەنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەردىن بايان قىلىشقا بولىدۇ.

1) دائىرىسى كىچىك بولۇش. دەسلەپكى ئىجتىمائىي جاما-ئەنىڭ ئەزالىرى ئانچە كۆپ بولمايدۇ. كەم دېگەندە ئىككى، كۆپ بولغاندا 30 — 40 ئادەم بولىدۇ. دېمەك دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائەنىڭ ئادەم سانى ئاز، دائىرىسى كىچىك بولىدۇ. دەل مۇ-شۇنداق بولغاچقا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا قويۇق ھېسسىيات تۇسى-گە ئىگە بولغان شەخسىي مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ. ئەگەر جامائە ئەزالىرىنىڭ سانى ئېشىپ مۇئەييەن چەككە يېتىپ بارغاندا، كى-شىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يۈزەكى شەكىلگە كىرىپ، ھېسسىيات تۈسى سۇسلىشىپ كېتىدۇ.

2) ئۇدۇللۇئۇدۇل ئالاقە قىلىش. ئومۇمەن ئۇدۇللۇ ئۇدۇل بىۋاستە ئالاقە بولمىسا، دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە شەكلى شەكىللىنەلمەيدۇ. ئۇدۇللۇ ئۇدۇل بىۋاستە ئالاقە دېگىنىمىز، ئالاقە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى بىۋاستە مۇناسىۋەت ئوبيېكتى قىلغان ئالاقە بولۇپ، ئۇ ئۈچىنچى بىر شەخسنى ياكى ئوتتۇرىدا ۋاستە بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. شۇڭا دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇناسىۋىتى قويۇق، چوڭقۇر بولىدۇ.

3) ئۇزاققىچە داۋاملىشىش. ئۇدۇللۇ ئۇدۇل ئالاقە پەقەت ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشقاندىلا، ئاندىن دەسلەپكى ئىجتىمائىي جا-مائە شەكىللىنەلەيدۇ شۇنداقلا ئۇدۇللۇ ئۇدۇل ئالاقىنىڭ داۋاملى-شىشى قانچە ئۇزۇن بولغانسېرى، ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-سىۋەت شۇنچە يېقىن بولىدۇ. دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە قۇ-رۇلمىسىمۇ شۇنچە مۇقىم، مۇستەھكەم بولىدۇ. بىرەر ئىككى قېتىملىق ئۇدۇللۇ ئۇدۇل ئالاقە دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائەنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە ئەزالىرىنىڭ ئۇدۇللۇ ئۇدۇل ئالاقىسى توختاپ قالسا ياكى بەك تۆۋەن دەرىجىدە سۇسلىشىپ قالسا، ئۇ ھالدا بۇ جامائە پارچىلىنىش تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىدۇ.

# ئۈچىنچى پاراگراف ئائىلە

## 1. ئائىلە، نىكاھ ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى

ئائىلە، نىكاھ ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەت ئاساسىغا قۇرۇلغان، ئەر - ئايال پەرزەنتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئەزاسى قىلىپ ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە شەكلىدۇر. ئائىلە ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل ئىجتىمائىي ئاساسىي بىرلىك شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ھۇجەيرىسى. شۇڭا ئائىلە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا مۇھىم بىر مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلار جەمئىيىتىدە كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خىلمۇ خىل بولىدۇ. لېكىن ئائىلە مۇناسىۋىتى باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئۇ نىكاھ مۇناسىۋەتنى ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتنى تەبىئىي شەرت ۋە ئالاھىدىلىك قىلىدۇ، يەنى تەبىئىي خاسلىققا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئائىلە - نىكاھ ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ۋاستە قىلغان، مەلۇم دائىرىدىكى تۇغقانلار ئارا مەۋجۇت بولىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلىدۇر.

نىكاھ — مۇئەييەن جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان ئىككى جىنسنىڭ بىرلىشىشى شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەن ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىدۇر. نىكاھ، ئائىلىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئالدىنقى شەرت. ئائىلە، نىكاھ تۈزۈمىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى. ئەر بىلەن ئايالنىڭ نىكاھلىنىشىدىن ئەڭ دەسلەپكى ئائىلە شەكىللىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاتا - ئانا، پەرزەنتلەر، ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل قاتارلىق تۇغقانلار ئارا ئائىلە مۇناسىۋىتى شەكىللىنىدۇ. نىكاھ مۇناسىۋىتى پەقەت ئەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايالدىن ئىبارەت ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىلا پەيدا بولىدۇ. قانداشلىق مۇناسىۋەت پەقەت ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ۋە ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل قاتارلىق تۇغقانلار ئارا پەيدا بولىدۇ.

ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ھەم تەبىئىي مۇناسىۋەتكە، ھەم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئىگە. تەبىئىي مۇناسىۋەت دېگىنىمىز، ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى فىزىئولوگىيىلىك جىنسىي ئىقتىدار مۇناسىۋىتى ۋە تۇغقانلار ئارا قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دېگىنىمىز، ئىككى جىنسنىڭ بىرلىشىشىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى يەنى نىكاھ مۇناسىۋەت، تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. ئەر بىلەن ئايالدىن ئىبارەت ئىككى جىنسنىڭ پەرقى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان جىنسىي ئىقتىدارى نىكاھنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى. ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر، ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل ۋە باشقا ئائىلە ئەزالىرى ئارا مەۋجۇت بولغان قانداشلىق مۇناسىۋەت بىئولوگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇرۇقنىڭ كۆپىيىشىمۇ ئائىلىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئىقتىدارىدىن ئىبارەت. بۇ خىل تەبىئىي شارائىت بولمايدىكەن. نىكاھ، ئائىلىمۇ مەۋجۇت بولالمايدۇ. ھەرقانداق دەۋر ۋە ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ نىكاھ، ئائىلە تۈزۈمى ۋە نىكاھ، ئائىلە تۇرمۇشى، بۇ خىل تەبىئىي خاسلىققا سەل قارىماسلىقى كېرەك. مەسىلەن، نىكاھلىنىشتا يېشى ۋە فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىن يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقى، شۇنىڭدەك يېقىن تۇغقانلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى چەكلەش قاتارلىقلارنى نەزەردە تۇتۇشلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەتنىڭ قانۇنىغا ھۆرمەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ئىبارەت ئەمەلىيەتنى قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى قىلىشىمۇ نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى تەبىئىي شارائىتنى كۆزدە تۇتقانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما، بىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى ئىككى جىنسنىڭ پەرقى

ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى پەقەت نىكاھ، ئائىلىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدىنلا ئىبارەت. ئۇ ماھىيەت جەھەتتىكى خاسلىق ھېسابلانمايدۇ. نىكاھ، ئائىلىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ۋە مەۋجۇت بولۇش شەكلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئامىل تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان. شۇڭا ئۇلار ئىجتىمائىي كاتېگورىيىگە مەنسۇپ بولىدۇ.

ئىجتىمائىيلىق ئىنسانلارنىڭ تۈپكى خاسلىقىدىن ئىبارەت. ئىنسانلار ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن جەمئىيەتتە ماددىي ئەشيا ئىشلەپچىقىرىش ۋە نوپۇس ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە بۇ ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئورناتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسىي مۇناسىۋەت ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىدۇر. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئاساسىدا باشقا مۇناسىۋەتلەر جۇملىدىن نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتى بارلىققا كەلگەن. فىزىئولوگىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك خاسلىق، ئىككى جىنسنىڭ بىرلىشىشى ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتلەر ھەرقانداق جەمئىيەتتىكى كىشىلەر تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلاردا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولىدۇ. لېكىن، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى، ئائىلە، نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئالاھىدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا، ئاندىن ئادەم بىلەن ھايۋاننى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرى، شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ ئاساسى بولغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ياكى قانداق ئىقتىسادىي بازىس بولىدىكەن، شۇنداق جەمئىيەت بولىدۇ. قانداق جەمئىيەت بولىدىكەن شۇنداق نىكاھ، ئائىلە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەت ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتىگە قويغان تەلىپى مۇقەررەر يوسۇندا ئۇستقۇرۇلما ساھەسىدە مۇناسىپ ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. نىكاھ، ئائىلە تۈزۈمى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە دىن، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەخلاق ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولىدۇ. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئۇ ئاساسەن دۆلەت تەرىپىدىن قانۇن ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىنغان ۋە قوغدالغان، ئەخلاق ۋە ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلار تەرىپىدىن تولۇقلانغان بولىدۇ. شۇڭا نىكاھ، ئائىلە تۈزۈمى ئۇستقۇرۇلما ساھەسىگە مەنسۇپ دېيىلىدۇ. ماركسىزمنىڭ ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۇستقۇرۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى پرىنسىپلىرىمۇ ئوخشاشلا نىكاھ، ئائىلە تۈزۈمىنى تەھلىل قىلىشقا ماس كېلىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەر خىل نىكاھ، ئائىلە تۈزۈملىرىنىڭ تەرتىپ بويىچە ئۆزگىرىشلىرى ئىقتىسادىي بازىستا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى.

نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى بىر خىل ئالاھىدە شەكىل بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ماركسىزم ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ نىكاھ، ئائىلىگە بولغان ھەل قىلغۇچ رولىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇستقۇرۇلمىدىكى كاتېگورىيىلەرنىڭ نىكاھ، ئائىلىگە بولغان چەكلەش ۋە تەسىر كۆرسىتىش رولىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىقتىسادىي بازىسنىڭ نىكاھ، ئائىلە تۈزۈمىگە بولغان تەلىپى كۆپ ھاللاردا بىۋاسىتە ئىپادىلەنمەي، ئۇستقۇرۇلمىدىكى ھەرقايسى ھالقىلار يەنى سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق ۋە دىن قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. سىنىپى جەمئىيەتتە سىياسىي قانۇن تۈزۈمىنىڭ نىكاھ، ئائىلە مەسىلىسىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. بىر تەرەپتىن، سىيا-

سي تۈزۈم نىكاھ ـ ئائىلە تۈزۈمىنى كونترول قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، نىكاھ، ئائىلە تۈزۈمى يەنە مۇئەييەن سىياسىي تۈزۈم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەخلاق سىستېمىسى نىكاھ، ئائىلىگە ئائىت نۇرغۇن كۆزقاراشلار ۋە ھەرىكەت قائىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شۇڭا ئەخلاقىي قائىدىلەر كىشىلەر. نىڭ نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش ۋە مۇقىملاشتۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىسىمۇ، لېكىن قانۇنغا سىڭدۈرۈلگەندە يەنىلا غەيرىي رەسمىي كۈچكە ئايلىنىپ قالىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئېشىپ چۈشىدىغان تەرەپلىرىمۇ، يېتىشمەيدىغان تەرەپلىرىمۇ بولىدۇ. دىنىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە مۇناسىۋىتىگە بولغان تەسىرىمۇ غايەت زور ۋە چوڭقۇر، بۇ خىل تەسىر دىنىي ئەقىدە ۋە دىنىي قائىدىلەرنىڭ نىكاھ ـ ئائىلە توغرىسىدا نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئال. غانلىقىدا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، مۇھىمى بەزى دۆلەتلەردىكى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ نىكاھ، ئائىلە توغرىسىدىكى قانۇن چىقى. رىش ھوقۇقى ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىنى بىۋاسىتە كونترول قىلغانلى. قىدا نىكاھ، ئائىلە تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە ئارىلاشقانلىقىدا ئىپادى. لىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، ئەدەبى. يات ـ سەنئىتى قاتارلىقلارنىڭ نىكاھ ـ ئائىلىگە بولغان تەسىر كۆرسىتىش رولىنىمۇ تۆۋەن چاغلاشقان بولمايدۇ. دېمەك ئۈست. قۇرۇلمىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ نىكاھ ـ ئائىلىگە بولغان تەسىرى شۇنچە كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغاچقا، ئوخشاش تىپتىكى ئىقتىسادىي بازىسقا ئىگە دۆلەت ۋە مىللەت نىكاھ، ئائىلە تۈزۈمى. دە ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ.

## 2. ئائىلىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشى ۋە تىپلىرى

ئائىلە بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. شۇنداقلا ئۇ بىر خىل تارىخىي ھادىسە. ئائىلە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئەمەس شۇنداقلا ئۇ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسىمۇ ئەمەس. ئۇ جەمئىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانىنى ئېنىق يازما تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق دەلىللەش ناھايىتى تەس. ئەمما شۇنى ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار تارىخىي جەريانىدا ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىك نىكاھ شەكلىگە ئۆتكەندىن كېيىنلا ئائىلە بارلىققا كەلگەن. ئېنگېلس، «ئائىلە، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «مورگاننىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئائىلە قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغۇچى ئىپتىدائىي ھالەتتىن تەرەققىي قىلغان يەنى ئىپتىدائىي باسقۇچتا تۇرغان ئىنسانلاردا ھېچقانداق چەكلىمە بولمىغان جىنسىي مۇناسىۋەت يولغا قويۇلغاچقا ھەرقانداق مەنىدىكى ئائىلە مەۋجۇت بولمىغان». دېمەك ئائىلە تارىخىي كاتېگورىيىگە ياتىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا ئوخشاش بولمىغان ئائىلە شەكىللىرى مەيدانغا كەلگەن.

ئىنسانلار ھايۋانات دۇنياسىدىن ئەمدىلا ئايرىلغاندا يەنى ئىپتىدائىي جامائەنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا كىشىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن چەكلىك بولغان. پەقەت توپلىشىپ ھايات كەچۈرگەندىلا، ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان. ئەينى چاغدا نىكاھمۇ، ئائىلىمۇ مەۋجۇت بولمىغان. ئوخشاش بىر جامائەنىڭ ئەزالىرى ئورتاق ئەمگەك قىلىپ، ئورتاق ئىستېمال قىلغان. ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدە ھېچقانداق چەك بولمىغان. بىر خىل قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەتلا بولغان. كىشىلەر ئارىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تۇغقانچىلىق قارىشى بويىچە ھۆكۈم قىلىش تەس بولغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا

قاراپ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشقا ئەگىشىپ، جىنسىي مۇناسىۋەت ئەڭ دەسلەپتە تەبىئەتنىڭ تاللاش قانۇنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش نەتىجىسىدە ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ ئىنسانىيەت تارىخىدا ئوخشاش بولمىغان ئائىلە ۋەكىللىرى مەيدانغا كەلگەن. ئامېرىكىلىق ئانتروپولوگ مورگان (1818 — 1881) ئۆزىنىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» دېگەن كىتابىدا ئائىلە تەرەققىياتى تۆۋەندىكى بىرنەچچە شەكىللەرنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

1) قانداشلىق ئائىلە. بۇ ئائىلە تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى. بۇ خىل ئائىلىدە ئاكا - ئۇكا بىلەن ھەدە - سىڭىللار بىر - بىرى بىلەن نىكاھلىناتتى. ئۇ قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتتىكى ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ شەكلى بولۇپ، توپ نىكاھ تۈزۈمىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك شەكلى ئىدى.

2) پۇنولۇئال ئائىلە. بۇ خىل تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغان ئائىلىدە قان - قېرىنداشلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن نىكاھلىنىشى چەكلەنگەن بولۇپ، پەقەت ئىككى قەبىلە كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا توپ نىكاھلىنىش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل نىكاھ شەكلى ئەلۋەتتە قانداشلىق نىكاھ شەكلىگە قارىغاندا ئىلغارراق بولۇپ، ئۇنى توپ نىكاھ شەكلىنىڭ ئالىي شەكلى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قان - قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي تۇرمۇشنى چەكلىگەن، ئەڭ ئاخىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ شىرەم تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھنىمۇ چەكلىگەن. مورگان بۇنى «تەبىئىي تاللىنىش پرىنسىپى» نىڭ غەلىبىسى دەيدۇ.

3) جۈپ نىكاھلىق ئائىلە. ئۇ توپ نىكاھلىق تۈزۈمىدىن بىر ئەر بىر خوتۇن تۈزۈمىدىكى ئائىلە شەكلىگە ئۆتۈش بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، بىر ئەرنىڭ نۇرغۇن خوتۇنلىرى ئىچىدە بىر ئاساسلىق خوتۇنى بولىدۇ. ئۇ مۇشۇ خوتۇنغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەرلىرى ئىچىدە بىر ئاساسلىق ئېرى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ قوش جۈپنىڭ ئۆزۈن ياكى قىسقىراق مەزگىل ئىچىدە نىسپىي مۇقىم ھالدا بىللە ياشاش ھادىسىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، يەنىلا ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان ئائىلە شەكلىدۇر. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ توپ نىكاھلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ خىل ئائىلە شەكلى ئاساسەن ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئوخشىمىغان تەرەققىيات باسقۇچى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىدۇ ۋە ئەينى دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ماس كېلىدۇ.

4) بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدىكى ئائىلە. ئېنگېلسنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل ئائىلە ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ـ تۆۋەن دەرىجىلىك باسقۇچىنىڭ ئالمىشىش مەزگىلىدە جۈپ نىكاھلىق ئائىلىدىن بارلىققا كەلگەن. بۇنداق ئائىلىنىڭ جۈپ نىكاھلىق ئائىلىگە ئوخشىمايدىغان يېرى، بىرى، بەلگىلىمە بويىچە بىر ئەر پەقەت بىر خوتۇن بىلەنلا نىكاھلىق بولىدۇ. يەنە بىرى، ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خېلى مۇستەھكەم ۋە مۇقىم بولىدۇ . ئىككى تەرەپ بۇ خىل مۇناسىۋەتنى خالىغانچە بىكار قىلىۋېتەلمەيدۇ. بۇ خىل نىكاھ شەكلى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىي دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ھازىرقى دۇنيادا ئەڭ ئومۇملاشقان نىكاھ شەكلىدۇر. جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا بىزنىڭ ئاساسىي نەزەردە تۇتقىنىمىزمۇ دەل مانا مۇشۇ بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمىدىكى ئائىلە جامائە شەكلى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، رولىدىن ئىبارەت.

### 3. ئائىلىنىڭ رولى

ئائىلە ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىجتىمائىي شەكىل ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئەڭ ئاساسىي بىرلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپ تەرەپلىمە رولغا ئىگە. بىر ئادەمنىڭ ھاياتىـ

نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئائىلە هاياتى ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قامدايدۇ. ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي جامائەنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ۋە تەرەققىي قىلالىشىمۇ دەل ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە سىستېما ئىچىدە ئالاھىدە رولىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىدىن بولغان. لېكىن ئائىلە تارىخى، ئىجتىمائىي ھادىسە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىنىڭ فۇنكسىيىسى ئائىلىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈزۈلمىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ۋە دۆلەتلەردە ئائىلىنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈزۈلمىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ فۇنكسىيىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئائىلىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1) ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمال رولى

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان جەمئىيەتتە مال - مۈلۈك ئائىلە ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ. شۇڭا ئائىلىمۇ بىر ئىشلەپچىقىرىش ئورنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئۆز ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىستېمالىنى تەمىنلەيدىغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ھەم باشقا ئائىلىلەر بىلەن ئالماشتۇرىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ بولۇپمۇ ئۆزىنى ئۆزى تولۇق تەمىنلەيدىغان، تەبىئىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئاساسەن ئائىلىنى بىرلىك قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئائىلە ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىرلىكى، ھەم ئىشلەپچىقىرىش بىرلىكى بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، ئائىلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش رولى تارىخىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئىستېمال رولى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. سانائەتلەشكەن جەمئىيەتتە يەنى ئىشلەپچىقىرىش زور دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان تەھۋالدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئائىلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش رولى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كېتى-
دۇ. ھەتتا بەزىلىرى يوقىلىپ كېتىدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىستې-
مال رولى بارغانسېرى ئېشىپ ماڭىدۇ. ئېلىمىزدە ھازىر يېزىلا-
ردىكى مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئىشلەپچىقىرىش
مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ئائىلە قوشۇمچە كەسپىي يولغا قويۇلۇ-
شى، شەھەرلەردىكى يەككە تىجارەتچى ئائىلىلەرنىڭ مەيدانغا كې-
لىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش رو-
لىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرى ھې-
سابلىنىدۇ.

2) يېڭى ئەۋلادنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش رولى

ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە ئۇنى بېقىپ تەربىيىلەش پەقەت ئائىلە
تۇرمۇش شارائىتىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھەرقانداق تەشكىل ياكى
شەكىل ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. ئاھالىنىڭ تەكرار ئىشلەپچى-
قىرىلىشى جانلىقلار قانۇنىيىتى ئاساسىدا يۈز بېرىدىغان، ئىقتى-
ساد، قانۇن، ئەخلاق قاتارلىق ئىجتىمائىي ئامىللار ئۇنىڭ ئىچى-
گە ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ جەرياندۇر. بۇ جەريان چوقۇم
ئائىلە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئادەتتە ئەر ـ ئايال توي
قىلىپ ئائىلە قۇرغاندىن كېيىنلا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي
مۇناسىۋەت جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ نورمال، قا-
نۇنلۇق ۋە ئەخلاققا ئۇيغۇن دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئەر ـ ئايال
توي قىلىپ ئائىلە قۇرغاندىن كېيىنلا پەرزەنت تۇغىدۇ. ئۇنداق
بولمىغاندا تۇغۇت قانۇنسىز بولىدۇ.

نوپۇس ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتكۈل جەريانى ئائىلە شارائى-
تىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا
خېلى ئۇزۇن ۋاقىت تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش مەزگىلى بولى-
دۇ. بۇ مەزگىلدە تۇرمۇشتا مۇستەقىل بولالمايدۇ. ئاتا ـ ئانا
بېقىش ۋە كۆيۈنۈشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۇنى تەربىيىلەش-
كە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل جىسمانىي ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى

ئېھتىياج مۇقىم بىر ئائىلىنىڭ مۇشۇ ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە
ئېلىش زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلىگەن.

ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنى بېقىش، تەربىيىلەش مەسئۇ-
لىيىتى بولغىنىدەك، پەرزەنتلەرنىڭمۇ ئاتا - ئانىنى بېقىش مەج-
بۇرىيىتى بار. مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنىدا «ياش قۇرامىغا يەتكەن
ئوغۇل - قىزلاردا ئاتا - ئانىنى بېقىش ياردەم بېرىش مەجبۇرىيە-
تى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ياشان-
غانلارغا ھۆرمەت قىلىش، ياشانغانلارنى بېقىشتەك ئەنئەنىۋى گۈ-
زەل ئەخلاقىدۇر ھەم سوتسىيالىستىك ئائىلە تۈزۈمىدە بولۇشقا
تېگىشلىك ئەخلاق - پەزىلەتتۇر.

### 3) جىنسىي تۇرمۇشنى قاندۇرۇش رولى

جىنسىي ھەرىكەت ئادەمنىڭ جانلىقلارغا خاس تۇغما ئىقتىدا-
رى. بۇ خىل جانلىقلارغا خاس تۇغما ئىقتىدار مەدەنىي جەمئىيەتتە
جەمئىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يەنى بۇ خالىغان ۋاقىت،
خالىغان جايدا ھەرقانداق بىر ئوخشىمىغان جىنسلىقلارنىڭ ھەم-
مىسى جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. جىنسىي
ھەرىكەت قانۇن، ئەخلاق ۋە جامائەت پىكرى قاتارلىق كۆپ خىل
ئامىللار تەرىپىدىن پەقەت ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىلا چەكلىنى-
دۇ. شۇڭا ئەر - خوتۇن بولۇشقاندىلا، ئاندىن جىنسىي تۇرمۇش
بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەمنىڭ جىنسىي تۇرۇشى مۇھەببەت
ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ. مۇھەببەت بولمىغان جىنسىي ھەرىكەت
پەس، ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ. مۇھەببەت باشقىنى چەتكە قېقىش
ھەم بىرى بىلەنلا بولىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل
خۇسۇسىيەتنى قانۇن جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلىش زۆرۈر بولى-
دۇ. شۇڭا پەقەت ئەر - خوتۇن بولۇشقاندىلا، ئاندىن نورمال
جىنسىي تۇرمۇش بولىدۇ. دېمەك ئائىلىنىڭ مۇھىم بىر فۇنكسى-
يىسى جىنسىي تۇرمۇشنى قانائەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. نورمال
جىنسىي تۇرمۇشنىڭ قانائەتلەندۈرۈلۈشى ئادەمنىڭ خاراكتېرى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا، خىزمەت ۋە ئەمگەك قىلىشقا پايدىلىق بولىدۇ.

## 4. ئىجتىمائىي تەربىيە بېرىش رولى

ئائىلە ئەزەلدىن ئادەم تەربىيىسى بولۇپمۇ بالا تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي سورۇنى بولۇپ كەلدى. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئائىلىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنى بىز «ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى» دېگەن مەزمۇندا ئايرىم سۆزلەيمىز. تارىخ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئائىلىنىڭ تەربىيىلەش رولى گەرچە جەمئىيەت تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشقا ئەگىشىپ ئازايغان بولسىمۇ، ئەمما ئائىلە يەنىلا ئۆزىنىڭ مۇھىم تەربىيىلەش رولىغا ئىگە ئورۇن ئىگەنلىكىنى تا ھازىرغىچە يوقاتقىنى يوق. ئېلىمىزدە تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئاساسلىقى مەكتەپ ئۈز ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئائىلىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتىكى مۇھىم ئورۇن ئىگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم. ئائىلە باشلىقى بىلەن مەكتەپ يېقىندىن ماسلىشىپ تەربىيە ئېلىپ بارسا، بالىلار، ياش - ئۆسمۈرلەر ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە بىر قەدەر ياخشى تەرەققىياتقا ئېرىشىدۇ. ئېلىمىز نىكاھ قانۇنىدا «ئاتا - ئانىنىڭ بالىلارنى بېقىش تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا ئائىلىنىڭ تەربىيىلەش فۇنكسىيىسىنىمۇ قانۇن بەلگىلەيدۇ.

## 5. مەنىۋى تۇرمۇشنى قامداش رولى

ئائىلىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش رولى ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملىشىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ، تۈرلۈك مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى ۋە مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇپ بارغانسېرى ئومۇملىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئائىلىنىڭ شەخسنىڭ

دەم ئېلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى بولۇشتەك فۇنكسىيىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. جىددىي خىزمەت بەزىدە كىشىلەرنى جىسمانىي چارچىتىپ، روھىي جەھەتتە هارغىنلىق هېس قىلدۇرۇپ قويىدۇ ياكى تۇرمۇشتا كۆڭۈلسىزلىك ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا ئائىلىۋى مۇھىت ئۇلارنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، روھىي - كەيپىياتىنى تەڭشەشتە ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئېدىيىۋى هېسسىيات ئالماشتۇرۇش، بىر - بىرىنىڭ هال - ئەھۋالدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلىك كۆزقارىشى، قىممەت قارىشى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئەخلاق قارىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئائىلە شارائىتىدا يېتىلىدۇ ۋە ئەمەلگە ئاشىدۇ.

قىسقىسى، ئائىلىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىرنەچچە تۈرلۈك فۇنكسىيىسى ۋە رولىنى توغرا تەكشۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ ئېلىمىزنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش خەلقنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## تۆتىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلار

### 1. ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگان ۋە ئۇنىڭ تىپلىرى

ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگان — مۇئەييەن ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئالاھىدە نىشانى ۋە بەلگىلىك تەشكىلىي شەكلى، پرىنسىپى بولغان مۇستەقىل بىرلىك سۈپىتىدىكى ئىجتىمائىي جامائەدۇر شۇنداقلا ئۇ كېيىنكى ئىجتىمائىي جامائە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، زاۋۇت، مەكتەپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار

بىرلەشمىسى، تۇرلۇك ئىدارە ئورگانلار ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت، خەلق تەشكىلاتلىرى، جەمئىيەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلار دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلارنى ئائىلە، جەمەت، مەھەللىگە ئوخشاش تەبىئىي ھالدا ۋۇجۇدقا كەلگەن دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجتىمائىي ئۇيۇشما شەكلى بولۇپ، جەمئىيەت كىشىلىرى پىلانلىق، ئۇنۇملۇك ھالدا ئۆز نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا قۇرغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئاپپارات. بۇ خىل ئاپپاراتنىڭ تەشكىلىي شەكلى، پرىنسىپى، رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى بولىدۇ. ئەزالار ئوتتۇرىسىدا ئېنىق ئىش تەقسىماتى، مەسئۇلىيەت دائىرىسى بولىدۇ. بىر يۈرۈش خىزمەت تۈزۈمى، ئېنىق نىشانى بولىدۇ. شۇڭا بىز ئۇنى ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگان دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي جامائە بىلەن بولغان پەرقىنى ئىپادىلەيمىز.

تەشكىللەنگەن ئاساسدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈش ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساسىي شەكىل. ئەمما، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلىرىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئالاھىدە شەكىل ئارقىلىق تەشكىللىنىشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئالاھىدە بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانلار جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىپتىدائىي جامائە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي بىرلەشمىسىنىڭ ئاساسىي شەكلى بولۇپ، كىشىلەر مانا مۇشۇنداق ئىپتىدائىي ئۇيۇشما ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. لېكىن بۇ خىل ئىپتىدائىي جامائە قانداشلىق مۇناسىۋەت ياكى ئورۇن ـ جاي مۇناسىۋىتى ئاساسىدا تەبىئىي شەكىللەنگەن بولۇپ، ئالاھىدە بىر ئىجتىمائىي نىشانغا ئىگە بولمىغان دەسلەپكى جامائەلەردۇر. بۇ خىل جامائە جەمئىيەت تەرەققىياتى

ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا نۇرغۇن جەھەتلەردە ماسلىشىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنى ئالاھىدە نىشان، ئالاھىدە فۇنكسىيىسىنى ئۆز ئۇستىگە ئالغان ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگان يەنى كېيىنكى جامائەلەر بىلەن تەڭلەشتۇرگىلى بولمايدۇ. دېمەك ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلار تارىختىن بۇيان مەۋجۇت بولغان ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار تارىخىي تەرەققىياتى مۇئەييەن باسقۇچقا كەلگەندە، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە ھەمكارلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى سانائەت جەمئىيىتىگە قەدەم قويۇپ، ئىش تەقسىماتى ۋە قۇرۇلمىسى مەيدانغا كەلگەندىن تارتىپلا ئالاھىدە مەنپەئەت ۋە نىشانغا ئىگە ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلار بارلىققا كەلگەن. بولۇپمۇ كەسىپلەر ئۇيۇشمىسى بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ دەسلەپكى شەكىل ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ دەرىجىسى ۋە سەۋىيىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلارمۇ تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي بىرلەشمىسىدىكى مۇھىم ئەمەلىي بىرلىك بولۇپ قالدى. كىشىلەرنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇشى ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلاردىن تېخىمۇ ئايرىلالمايدۇ.

ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلارنىڭ تۈرى بىرقەدەر كۆپ. ئوخشاشمىغان نۇقتا، ئوخشاشمىغان ئۆلچەم بويىچە ئۇنى ئوخشاش بولمىغان تىپلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. لېكىن، ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلار كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي بىرلىشىشىدىكى بىر خىل شەكىل. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئىپادىسى. شۇڭا بۇ ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلارنى تۈرگە ئايرىشتىمۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تۈرىنى ئاساس قىلىش كېرەك. مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە بىز ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلارنى تۆۋەندىكى بىرقانچە ئاساسىي تۈرلەرگە

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۆلىمىز.

ئىقتىسادىي تەشكىلىي ئورگانلار: ئىقتىسادىي تەشكىلىي ئورگانلار كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ھەمدە ئىقتىسادىي پائالىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قىلغان ئىجتىمائىي تەشكىللەر بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى، قاتناش ـ ترانسپورت ئورۇنلىرى، پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرى، سودا مۇلازىمەت ئورۇنلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سىياسىي تەشكىلىي ئورگانلار: سىياسىي تەشكىلىي ئورگانلار كىشىلەرنىڭ سىياسىي ساھە ئىچىدىكى بىرلىشىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھاكىمىيەت، قانۇن تۈزۈش ئورگانلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئارمىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەدەنىيەت تەشكىلىي ئورگانلىرى: بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان مەدەنىيەت تەشكىلىي ئورگانلىرى كەڭ مەنىدە ئېيتىلغان بولۇپ، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تەتقىقات ۋە سەھىيە قاتارلىق تەشكىلىي ئورگانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاممىۋى تەشكىلاتلار: بۇ ئاساسەن ئاممىۋى فۇنكسىيىگە ئىگە تەشكىلاتلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى ۋە تۈرلۈك ئاممىۋى خاراكتېردىكى تەشكىلات، جەمئىيەتلەر بۇ تۈرگە كىرىدۇ.

دىنىي تەشكىلاتلار: بۇ ئورتاق دىنىي ئېتىقادقا ئىگە كىشىلەرنىڭ تەشكىلىي شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى دىنىي فۇنكسىيىگە ئىگە بولغانلىقىدۇر. ھازىر ئېلىمىزدىكى جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى، داۋجياۋ دىنىي جەمئىيىتى، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، كاتولىك دىنىي ۋەتەن سۆيۈش ئۇيۇشمىسى، كاتولىك دىنى دىنىي ئىشلار كومىتېتى، خرىستىئان دىنى جەمئىيىتى قاتارلىقلار مەملىكەت خاراكتېرىدىكى دىنىي تەشكىلاتلار ھېسابلىـ

نىدۇ.

ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە تەشكىلىي ئورگانلارنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ. لېكىن ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە ئىقتىسادىي تەشكىلىي ئورگانلار، سىياسىي تەشكىلىي ئورگانلار، مەدەنىيەت تەشكىلىي ئورگانلىرى جەمئىيەت تەشكىل ئورگانلىرىنىڭ ئۈچ خىل ئاساسىي تىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلار ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجتىمائىي ئۇيۇشما شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ چوقۇم تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە (شەرتلەرگە) ئىگە بولۇشى كېرەك.

1) مۇئەييەن سانغا ئىگە. تاللانغان مۇقىم ئەزالىرى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئەزالىرى نەچچە ئون، نەچچە يۈز ياكى نەچچە مىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئەزالار چوقۇم بەلگىلىك شەرتكە يەنى ئەزالىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشى، تەشكىلگە كىرىش ياكى چىقىپ كېتىشتە بەلگىلىك رەسمىيەتنى ئۆتىشى كېرەك. تەشكىل ئەزالىرى مۇئەييەن ئۇسۇلدا بىرلەشكەن ۋە بىر- بىرى بىلەن ھەمكارلىشىدىغان بولۇشى يەنى ھەربىر ئادەمنىڭ خىزمەت - ئىش تەقسىماتى بولۇشى، بەلگىلىك مەسئۇلىيىتىنى ۋە ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇشى كېرەك.

2) ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ئىجتىمائىي نىشانى بولىدۇ. ھەرقانداق بىر خىل ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگان بەلگىلىك ئىجتىمائىي ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۈچۈن تەشكىللەنگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىجتىمائىي نىشانى بولمىسا، پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئاساسىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەھمىيەتسىز بولۇپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالىدۇ.

3) ناھايىتى ئېنىق ھەرىكەت قائىدىسى ۋە تەشكىلات نىزامنامىسى بولىدۇ. ئۇ تەشكىلىي پائالىيەتنىڭ ئاساسى، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ھەق - ناھەققە ھۆكۈم قىلىشنىڭ مىزانى ھېسابلىنىدۇ. ئەزالار تەشكىلىي ئورگانلار ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغاندا رەسمىي ھۆججەت ئارقىلىق بەلگىلەنگەن قائىدىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچراپ، تەشكىلىي نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئوربىتا ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھۆكۈمەتچىلىك ئىش ئاساسىدىكى مۇناسىۋەت بولىدۇ. شەخسىي ھېسسىيات بىلەن ئىش كۆرۈش ئاز بولىدۇ. زۆرۈر بولغان مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمى قائىدىنى ئىجرا قىلىشتىكى زۆرۈر ۋاستىلەر ھېسابلىنىدۇ.

4) ھوقۇق تۈزۈلمىسى بولىدۇ. ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلاردا تەشكىلىي ئورگاننى تىزگىنلەش ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە ھوقۇق قاتلىمى ئېنىق ئايرىلغان رەھبەرلىك سىستېمىسى بولىدۇ. ئەنئەنىۋى تەشكىلىي ئورگانلاردا ھوقۇق تەشكىلىي ئورگاننىڭ يۇقىرى قاتلام رەھبەرلىكىگە مەركەزلەشكەن بولىدۇ. ھازىرقى زامان تەشكىلىي ئورگانلىرىدا ھوقۇق ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەرقايسى تارماق ئورۇنلارغا بېرىلگەن بولىدۇ.

5) بەلگىلىك ماددىي ئەسلىھەلەرگە ۋە مۇۋاپىق تاشقى مۇھىتقا ئىگە بولغان بولىدۇ. تۈرلۈك ماددىي ئەسلىھەلەر ۋە تېخنىكا ئۈسكۈنىلەر تەشكىلىي ئورگاننىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنى ۋە قورالى ھېسابلىنىدۇ. ئوخشىمىغان تىپتىكى ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلارنىڭ ماددىي ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى تەلىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما ھەرقانداق بىر تەشكىلىي ئورگانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر ئەقەللىي شارائىت بولۇشى كېرەك.

هەرقانداق بىر تەشكىلىي ئورگان ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل
تۇرىدىغان يىپپىق سىستېما ئەمەس، ئۇنىڭ ئەھۋالى كۆپ ھاللاردا
ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتقا باغلىق بولۇپ قالىدۇ. بىر
تەشكىلىي ئورگان تاشقى ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن ئادەم كۈچى،
ماددىي كۈچ ۋە ئۇچۇر جەھەتلەردە ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى
بولىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى توسالغۇغا
ئۇچرىسا، بۇ شۇ تەشكىلىي ئورگاننىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەق-
قىي قىلىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

## 3. تەشكىلىي ئورگان قۇرۇلمىسى

تەشكىلىي ئورگان قۇرۇلمىسى دېگىنىمىز، تەشكىلىي ئور-
گان سىستېمىسى ئىچىدىكى، نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىيا-
جى بويىچە بۆلۈنگەن تۈرلۈك بۆلەكلەر ھەمدە ئۇلارنى ئۆزئارا
ماسلاشتۇرىدىغان بارلىق ئۇسۇل - ۋاستىلەرنىڭ يىغىندىسىنى
كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، تەش-
كىلىي ئورگان. قۇرۇلمىسى نىشان ۋە ۋەزىپە تەرىپىدىن بەلگىلە-
نىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرۇلما بىر خىل مۇناسىۋەتنى
ئىپادىلەيدۇ يەنى بۇ تەشكىلىي ئورگان قۇرۇلمىسىنىڭ ھەرقايسى
بۆلەكلىرى ئارىسىدا شەكىللەنگەن نىسپىي مۇقىم بولغان ئىجتى-
مائىي مۇناسىۋەتنىڭ شەكلى ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن،
تەشكىلىي ئورگان قۇرۇلمىسى بۆلۈنۈش ۋە بىرىكىشتىن ئىبارەت
ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۆلۈنۈش، تەشكىلىي ئورگان
خىزمىتىنىڭ بىرقانچە ۋەزىپىلەرگە ئايرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.
بىرىكىش بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلۇشىنى كۆرسى-
تىدۇ.

لېكىن، جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي ئورگان قۇرۇلمىسى بىئو-
لوگىيىلىك قۇرۇلما ياكى مېخانىكىلىق سىستېمىنىڭ قۇرۇلمى-
سىغا ئوخشاش ئاسان پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىلەر ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگان قۇرۇلمىسىنى چۈشى-نىش ۋە تەتقىق قىلىشتا، ئادەتتە تۆۋەندىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت-لىك بولغان تۆت تەرەپ بويىچە كۆزىتىدۇ ۋە لايىھىلەيدۇ.

1) نىشان سىستېمىسى ۋە ۋەزىپە تەقسىماتى. تەشكىلىي ئورگاننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تەشكىلىي ئورگاننىڭ بارلىق نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش بولغاچقا، تەشكىلىي ئورگان قۇرۇلمىسى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىسىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. تەشكىلىي ئورگاننىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا قانداق قۇرۇلما پايدىلىق بول-سا، شۇنداق قۇرۇلمىنى تەسىس قىلىش كېرەك. بۇ قۇرۇلما جۈملىدىن نىشان ۋە ۋەزىپىنىڭ ئۆزىگە قارىتا كونكرېت بۆلۈش ۋە تەقسىم قىلىشىدىن شەكىللەنگەن نىشان سىستېما قۇرۇلمىسى ۋە ۋەزىپە تەقسىملەش قۇرۇلمىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) ھوقۇق مۇناسىۋىتى ۋە فۇنكسىيە ئىش تەقسىماتى. تەش-كىلىي ئورگاننى باشقۇرۇش ۋە ئۇنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش ئۈ-چۈن، تەشكىلىي ئورگاننىڭ ھوقۇق تۈزۈلمىسىگە قارىتا كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك بۆلۈش - ئايرىش ئېلىپ بارغان-دىن كېيىن شەكىللەنگەن، نىسپىي ھالدا ئۇزۇنراق داۋاملىشىدى-غان ھوقۇق مۇناسىۋەت شەكلى ھەمدە ھەرقايسى دەرىجە، ھەرقاي-سى قاتلاملارنىڭ ۋەزىپە ئورۇنلاش جەھەتتىكى فۇنكسىيىلىك ئىش تەقسىماتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەشكىلىي ئورگاننىڭ ھوقۇق ۋە ئىش تەقسىماتى قۇرۇلمىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، تەشكىلىي ئورگان قۇرۇلمىسى تەشكىلىي تۈ-زۈلمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق، خىزمەت ئورنى، ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ ئايرىلىشى ۋە باغلىنىشى بولۇپ، ئۇ ھوقۇق - ئورۇن سىستېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3) ئورگاننى تەسىس قىلىش ۋە خادىملار شتات سانى. ھوقۇقنىڭ ئايرىلىشى ۋە فۇنكسىيىلىك ئىش تەقسىماتىدىن كې-

يىن شەكىللەنگەن تەشكىلىي ئورگان تۈزۈلمىسى ۋە ھەر دەرىجە-لىك خادىملارنىڭ شتات نىشانى تەشكىلىي ئورگان قۇرۇلمىسى-نىڭ كۆلىمى ۋە ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

4) قائىدە ـ تۈزۈملەر. تەشكىلىي ئورگاننىڭ ھەر دەرىجە-لىك، ھەر تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملىرى ۋە ماددىلىرى تەشكىلىي ئورگاننىڭ نىشان سىستېمىسى، ۋەزىپە تەقسىماتى، ھوقۇق ۋە خىزمەت ئورنىغا قارىتا بەلگىلەنگەن كونكرېت ئىش تەقسىماتى، ھوقۇق ۋە خىزمەت ئورنىغا قارىتا بەلگىلەنگەن كونكرېت ئىش تەقسىماتى ۋە تەلەپتۇر. ئورگان ۋە خادىملارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇ-لۇشى، بارلىق خادىملارنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى، مەنپەئەتكە قويۇلغان چەكدۇر شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ۋە خىزمەت تەرتىپىگە بولغان تەلىپى قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ھەم-مىسى يازما ھۆججەت سۈپىتىدە ئېنىق بەلگىلىنىدۇ. بۇ تەشكى-لىي ئورگانلارنىڭ رەسمىي قېلىپلاشقان شەكىلدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 4. ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگان باشقۇرۇشى

تەشكىلىي ئورگان باشقۇرۇشى دېگىنىمىز، تەشكىلىي ئور-گان ئۆزىنىڭ بەلگىلەنگەن نىشانىغا يېتىش، تەشكىلىي ئورگان پائالىيىتىنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشقا ۋە خىزمەت ئۈنۈمى-نىڭ يۇقىرى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۈرلۈك قائىدە-دە ـ تۈزۈم ۋە زۆرۈر ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تەشكىلىي ئورگان ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىگە چەك قويۇپ، تەشكىلىي ئورگان پائالى-يىتىگە بولغان كونتروللۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدىن ئىبارەت.

باشقۇرۇش تەشكىلىي ئورگان خىزمىتىنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. قەدىمكى چاغلاردىكى باشقۇرۇشمۇ ئەلۋەتتە، ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەت قىلغان. ئەمما ئەڭ مۇھىمى يەنىلا تىنچ ـ تەرتىپلىك بولۇشنى ئاساسىي مەقسەت قىلاتتى. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى تېز بولدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ رىتىمى تېزلەشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر ۋاقىت ئۇقۇمىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ قىممىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ۋاقىت — بايلىق دېمەكتۇر. ئۇنۇم — ھاياتلىق دېمەكتۇر. ئۇنۇم تۆۋەن بولسا، ياشاش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشتا ئۇنۇم ۋە سۈرئەت مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم ئامىل. ئەلۋەتتە ئۇنۇم ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولمايدۇ. ئۇنى ئىلمىي ئۇسۇلدىن تەشكىلىي باشقۇرۇش ئارقىلىق ياراتقىلى بولىدۇ. تەشكىلىي باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق كىشىلەر بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇشى كېرەك.

تەشكىلىي باشقۇرۇشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى كۆپ، ئەمما يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى سېلىشتۇرغاندا ئىككى خىل ئاساسىي ئۇسۇل بار. بىرى، ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمى. يەنە بىرى، بۆلۈم ـ قاتلام تۈزۈمى.

ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمدە بارلىق ھوقۇق بىر ئادەمنىڭ قولىغا مەركەزلىشىدۇ. بۇ ئادەم ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمدار بولىدۇ. ئۇ ھەممىنى بەلگىلەيدۇ. ھەممىنى باشقۇرىدۇ. چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەستىقى ۋە ھۆكۈمىدىن ئۆتىدۇ. تەشكىلىي قۇرۇلما ۋە ھوقۇق بۆلۈم ـ قاتلاملارغا ئايرىلمايدۇ. باشقۇرغۇچى خادىملاردا ئېنىق ئىش تەقسىماتى بولمايدۇ. خىزمەت تەركىبىدىمۇ ئېنىق ھۆججەت ئارقىلىق بەلگىلەنگەن قائىدىلەر بولمايدۇ. «باشلىق» دەپ ئاتالغان شەخسنىڭ ئىرادىسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

بۆلۇم ـ قاتلام تۈزۈمى ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى بىر خىل باشقۇرۇش شەكلى، بۇ خىل باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا تەشكىلىي ئورگاننىڭ ھوقۇق، كەسىپ ياكى رايونلار بويىچە بۆلۇم ـ قاتلاملارغا ئايرىپ بېرىلىپ، پىرامىدا شەكىلدىكى باشقۇرۇش سىستېمىسى تەشكىل قىلىنىدۇ.

گېرمانىيىلىك جەمئىيەتشۇناس ماركس. ۋېبىر (1864 — 1920) بۆلۇم ـ قاتلام تۈزۈمىنى ئالاھىدە تەتقىق قىلغان ئادەم بولۇپ، ئۇ بۆلۇم ـ قاتلام تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكىچە يەكۈنلەيدۇ.

1) تەشكىلىي ئورگان ئەزالىرىنىڭ پائالىيىتىدە بىر تۇتاش قائىدە ـ پرىنسىپلار بولىدۇ. قائىدە ـ نىزام بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

2) ھوقۇق بىر ئادەمنىڭ قولىغا مەركەزلەشمەيدۇ، بەلكى تارماقلار بويىچە رەھبەرلىك قىلىش، قاتلام بويىچە مەسئۇل بولۇش يولىغا قويۇلىدۇ.

3) ھەرقايسى تارماق، ھەرقايسى خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھوقۇق دائىرىسى ھەممە ۋەزىپە ئورۇنلاش ئۇسۇلىغا قارىتا ھۆججەت ئارقىلىق ئېنىق قائىدە بەلگىلەنگەن بولىدۇ. خادىملار ھەممىسى بۇنىڭغا شەرتسىز رىئايە قىلىشى كېرەك بولىدۇ.

4) بۆلۇملەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە خىزمەتچى خادىملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تۈزۈملەشكەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بولىدۇ. تۆۋەن قاتلام يۇقىرى قاتلامنىڭ رەھبەرلىكى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىشى كېرەك.

5) خىزمەتچى خادىملار قاتتىق تاللاش ۋە تەربىيىلەشتىن ئۆتكەن بولۇشى، كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولغان بولۇشى، خىزمەت ۋەزىپىسىگە سادىق بولۇشى، قائىدە بويىچە ئىش كۆرۈشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لازىم. ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى بىلەن خىزمەت ئىقتىدارى ماسلاش-
قان بولۇشى لازىم.

6) خىزمەت ساھەسى بىلەن شەخسىي تۇرمۇش ساھەسىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش. شەخسىي مۈلۈك بىلەن تەشكىلىي ئورگان مۈلۈكنى ئېنىق ئايرىش كېرەك. ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئومۇمنىڭ ئىشىنى ئومۇمنىڭ ئىشى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش، شەخسىي ئىشنى ئارىلاشتۇرماسلىق.

7) تەشكىلىي ئورگاننىڭ بارلىق پائالىيىتى، مەسىلەن، سىياسەت، قارار، تەدبىرلىرى، قائىدىلىرى، ھەرىكەت - پائالى-يىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە يېزىق ئارقىلىق ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇشى كېرەك.

بۆلۈم - قاتلام تۈزۈمىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ھوقۇق تۈزۈلمە-سىنىڭ كۆپ قاتلاملىق بولۇشى، ئىش تەقسىماتىنىڭ، مەسئۇلى-يەتنىڭ ئېنىق ئايرىلغانلىقى، قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشقا قويۇپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ھازىرقى زاماندىكى تەشكىلىي ئورگانلىرى ئاساسەن بۆلۈم - قاتلام تۈزۈمىدىن ئىبارەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىلىدۇ.

ئەمما بۇ خىل تۈزۈمنىڭ كەمچىلىكى، ئادەمنىڭ سۇبيېك-تىپ پائالىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئادەمنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى قائىدە - تۈزۈمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىنى بوغۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۆلۈم - قاتلام تۈزۈمىدە يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مۇناسىۋىتى بەكمۇ قاتتىق بېكىتىلگەن. ھوقۇق نىسپىي ھالدا ئاز ساندىكى مەسئۇل كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن بولغاچقا، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا پايدىسىز بولىدۇ. بۇ-نىڭ بىلەن تەشكىلىي باشقۇرۇش جەھەتتە ئاسانلا بيۇروكراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى، بۆلۈم ـ قاتلام سىستېمىسى ئەقىلغا ئۇيغۇن، مۇۋاپىق بولۇش؛ زۆرۈر بولمىغان قاتلام ۋە قۇرۇلمىلارنى ئازايتىش، قائىدە ـ تۈزۈملەر ئارتۇقچە كۆپ بو. لۇپ كەتمەسلىك؛ ھەر دەرىجىلىك خادىملارنىڭ سۇبيېكتىپ پائا. لىيەتچانلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت.

## بەشىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي رايون

### 1. ئىجتىمائىي رايون چۈشەنچىسى

جەمئىيەت — ئىجتىمائىي جامائە ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلار شەكلى ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ئىپادىلىنى. دۇ. لېكىن، ئاساسىي ئىجتىمائىي جامائە بىلەن ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلار بىرلەشكەن چاغدا يەنە بىر خىل ئىجتىمائىي بىرلىك ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ بولسا ئىجتىمائىي رايون بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي رايون — ئاساسىي ئىجتىمائىي جاما. ئەلەر ئوتتۇرىسىدىكى، ئىجتىمائىي جامائە بىلەن تەشكىلىي ئور. گانلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلار ئوتتۇ. رىسىدىكى ئۆزئارا ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق. لا جامائە ۋە تەشكىلىي ئورگانلار بىلەن بىرلىكتە جەمئىيەت ئاساسىنى ۋە جەمئىيەت مۇھىتىنى يارىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئورتاق تۇرمۇش سورۇنىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىر ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن بىر ئاساسىي ئىجتىمائىي جامائەگە تەۋە ئەزا بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ۋاقىتتا مەلۇم بىر ئىجتىمائىي رايونغا تەۋە بولغان ئەزا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ بىر ئادەم قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، مەلۇم بىر تەشكىلىي ئورگان ئىچىدە پائالى. يەت ئېلىپ بېرىپ قالماستىن، بەلكى چوقۇم مەلۇم بىر ئىجتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مائىي رايون دائىرىسى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي رايون ئادەم ۋە جەمئىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا تايىنىدىغان ئاساسىي شەكىلنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي رايون — ئىنسانلار ئىجتىمائىي جامائەسىنىڭ مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ياكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى ئاساسىدا، ئورتاق ھەرىكەت ئۆلچىمى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە رايون ئېڭى بويىچە ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ماكان دائىرىسىنى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئورتاق گەۋدىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي رايون چۈشەنچىسى جۇغراپىيىلىك رايون چۈشەنچىسى ياكى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈش چۈشەنچىسى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئەمەس، ئىجتىمائىي رايون — مەلۇم بىر جايدىكى ئادەملەر، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت، ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق ئامىللار ئارقىلىق تەبىئىي شەكىللەنگەن ئىنسانلار جامائەسىنى يەنى مۇئەييەن رايون خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئىجتىمائىي گەۋدىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي رايون چۈشەنچىسى ئادەتتە تۆۋەندىكىچە بىر قاتلام مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) ئىجتىمائىي رايون ھامان بەلگىلىك رايون دائىرىسىگە ئىگە، ئىجتىمائىي رايوننىڭ قۇرۇلما ھالىتى مۇئەييەن جۇغراپىيىلىك ماكان دائىرىسى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئىجتىمائىي رايون چۈشەنچىسىدىكى «رايون» ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدىكى جۇغراپىيىلىك رايون ئەمەس. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ بىر ئىجتىمائىي خاراكتېر ۋە فۇنكسىيە بويىچە شەكىللەنگەن رايون بولۇپ، ئىجتىمائىي ماكان بىلەن جۇغراپىيىلىك ماكاننىڭ بىرلىشىشىدىن ئىبارەت. ئوخشاش بىر جۇغراپىيىلىك ماكان ئىچىدە، بىرقانچىلىغان ئىجتىمائىي رايونلار ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەسە-

لەن، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك رايون دائىرىسى ئىچىد-
ده، شەھەر ئىجتىمائىي رايونى، يېزا ئىجتىمائىي رايونى، سانا-
ئەت ئىجتىمائىي رايونى، سودا ئىجتىمائىي رايونى ۋە مەدەنىيەت
ئىجتىمائىي رايونى قاتارلىق بىرقانچە ئىجتىمائىي رايونلار ئوخ-
شاش ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

2) ئىجتىمائىي رايوننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھامان
مۇئەييەن سانىدىكى ئادەملەر توپىدىن ئايرىلالمايدۇ. نوپۇس سانى،
ئۇنىڭ مەركەزلىشىش - تارقىلىش دەرىجىسى ۋە ئاھالىسىنىڭ
ساپاسى قاتارلىقلار ئىجتىمائىي رايون ئادەملىرىنى تەكشۈرۈش،
تەھلىل قىلىشتىكى مۇھىم تەرەپلەر ھېسابلىنىدۇ.

3) ئىجتىمائىي رايوندا ئورتاق ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ مەد-
پەئىتىدە بىر قىسىم ئورتاقلىق بولغاچقا، ئۇلار ئورتاق مەسىلى-
لەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇلاردا ئورتاق ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭ
بىلەن ئۇلار بىرلىشىپ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقا پائالى-
يەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلاردا ئورتاق بولغان
بەزى ھەرىكەت ئۆلچىمى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي رايون
ئىككى يەنى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئورتاق
تەقدىرداشلىق تۇيغۇسى، تەۋەلىك تۇيغۇسى قاتارلىقلار شەكىللە-
نىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي رايون ئادەملىرىنى ئۆزئا-
را ئىجىل قىلىپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت كۈچىگە ئايلىنىدۇ.

4) ئىجتىمائىي رايوندىكى كىشىلەرنىڭ تۇرلۇك ئىجتىمائىي
پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىك ئالاقىسى ئىجتىما-
ئىي رايوننىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە
شەھەر - يېزا ئىجتىمائىي رايونلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىق-
تىسادىي پائالىيەت ئەڭ مۇھىم، ئاساسىي پائالىيەت ھېسابلىنى-
دۇ. مەسىلەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە كىشىلەرنىڭ
يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك
مۇناسىۋەتلىرى يېزا ئىجتىمائىي رايون ھالىتىنىڭ مۇھىم ئاساسى

www.uyghurkitap.com

ھېسابلىنىدۇ. يېرىك-ئىشلەپچىقىرىش ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئالاقە مۇناسىۋەتلىرى بولسا شەھەر ئىجتىمائىي رايونىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلما ھالىتى ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۇرلۇك - تۇرلۇك پائالىيەتلىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئالاقە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق شەكىللەنگەن تۇرلۇك مۇناسىۋەتلىرى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي رايون قۇرۇلما ھالىتىنى تەدرىجىي ھالدا شەكىللەندۇرىدۇ.

ئىجتىمائىي رايون بىلەن جەمئىيەت ھەم مۇناسىۋەتلىك، ھەم پەرقلىق بولىدۇ. ئىجتىمائىي رايون ئۇقۇمىنىڭ ھەجمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي رايوننى خاراكتېرلىك جەمئىيەت دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ جەمئىيەتنىڭ بىر بۆلىكى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي رايوق ئۇقۇمىنىڭ مېغىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەر بولىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردە سېلىشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

1) جەمئىيەتتىكى تۇرلۇك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر مۇرەككەپ، خىلمۇخىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئورتاقلىق تەكىتلەنمەيدۇ. ئەمما، ئىجتىمائىي رايوندا ھەرىكەت ئۆلچىمى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي رايون ئېڭى قاتارلىقلار جەھەتتىكى ئورتاقلىق ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ.

2) جەمئىيەتتە رايون ئۇقۇمىغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. جەمئىيەت ماكانى دېگىنىمىز، ئادەتتە كىشىلەر پائالىيىتىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي ئورگانلىرى ۋە كوللېكتىپنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي رايون ماكانى بۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ. ئۇ جەمئىيەت ماكانى بىلەن جۇغراپىيىلىك ماكانىنىڭ بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىجتىمائىي رايوندىكى كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى ئۇچۇن تەشكىلىي

ماكان تورىنى هازىرلاپ بېرىدۇ، شۇنداقلا جۇغراپىيىلىك پائالىيەت دائىرىسىنى تەييارلاپ بېرىدۇ.

3) ئىجتىمائىي رايوندىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەر جەمئىيەت مۇناسىۋىتىگە قارىغاندا تېخىمۇ زىچ، يېقىن بولىدۇ. جەمئىيەتكە سېلىشتۇرغاندا مۇئەييەن بىر ئىجتىمائىي رايون ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە چاستوتىسى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. شۇنداقلا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت، نىكاھ - ئائىلە مۇناسىۋىتى، دوست - ئاغىنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى، ئىش تەقسىماتى مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار ئادەتتە «ئورتاق تۇرمۇش» ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈش» دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى ئىجتىمائىي رايون ئالاقە مۇناسىۋىتىنىڭ جەمئىيەت ئالاقىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ زىچ، يېقىن بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

4) ئىجتىمائىي رايون فۇنكسىيىسىنى جەمئىيەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تېخىمۇ ئېنىق بولغان ۋە مەخسۇس كەسىپلەشكەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. مەسىلەن، شەھەر ئىجتىمائىي رايونى ئادەتتە جەمئىيەتتىكى ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت مەركىزى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ جەمئىيەت ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى تەييارلاپ بېرىدۇ. يېزا ئىجتىمائىي رايونى بولسا، جەمئىيەت ئۈچۈن ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى تەييارلاپ بېرىدۇ. جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي رايون ئادەتتە جەمئىيەتنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا قاتلاملىق سىستېما. جەمئىيەتتىكى ئادەملەر ھامان بىر خىل ياكى ئۆزئارا گىرەلەشكەن بىرنەچچە خىل ئىجتىمائىي رايون ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي رايون

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەدىمدىن تارتىپلا ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي سورۇنى بو-لۇپ كەلدى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگە-شىپ، ئىجتىمائىي رايون ھالىتىدىمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنى يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رايون تۇر-مۇشىنى ياراتماقتا.

## 2. ئىجتىمائىي رايونلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بىرقە-دەر تۆۋەن بولغان ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىن بىرقەدەر يۇقىرى دەرىجىلىك جەمئىيەت فورماتسىيىسىگە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، ئىنسانلار ئىنتايىن ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشقان ئىج-تىمائىي رايون تۇرمۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئىپ-تىدائىي جەمئىيەتتىكى تاش قوراللار دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ ئىش-لەپچىقىرىش پائالىيىتى ئاساسەن ئوۋچىلىق بىلەن تەبىئەت دۇنيا-سىدىكى تەييار ئوزۇقلۇقلارنى يىغىش بىلەن مەشغۇل بولغاچقا، ئۇلار قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلغان ئۇرۇق - قەبىلە جامائەسىنى شەكىللەندۈرۈپ تۇرلۇك شەكىلدىكى ئەمگەك ۋە تۇر-مۇش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئا-خىرقى باسقۇچىغا كەلگەندە. دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ ئايرىلىپ چىقىشى، ئېرىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ چەكلىمىسى كىشى-لەرنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشاپ، تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە زور دەرىجىدە تۈرتكە بولدى. بۇنىڭ بىلەن بىرقانچە ئۇرۇق قەبىلىلەر يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بىر جايغا توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئەڭ دەسلەپكى مەھەللە ۋە يېزا

جامائەلىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. لېكىن ئەينى چاغلاردىكى بۇ يېزا جامائەلىرىدە كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ۋاسىتىلىرى ئاددىي، قالاق بولۇپ، مۇرەككەپ ھەمكارلىقنى تەلەپ قىلمايتتى. شۇڭا ئۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كەسپىي مۇناسىۋەتلىرى ناھايىتى ئاجىز ئىدى. جەمئىيەت ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ ئېشىشىغا ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك سانائىتىنىڭ دېھقانچىلىقتىن ئايرىلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، تاۋار ئوبوروتى ۋە ئالماشتۇرۇشى كېلىپ چىقتى. بۇ جەرياندا ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى قەدىمكى شەھەرلەر كېلىپ چىققانىدى. تارىختىكى قەدىمكى بابىلون شەھەرلىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ دەسلەپتە شەكىللەنگەن مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ بىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى شىيا ۋە شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان شەھەر ـ بازارلار بارلىققا كەلگەنىدى. دەسلەپكى مەزگىلدىكى شەھەرلەر ئاساسەن كىشىلەرنىڭ ھەربىي پائالىيەتلىرى (ھەربىي مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ياسالغان شەھەر قورغانى) ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى (تاۋار ئالماشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىقى) ئاساسىدا بەرپا قىلىنغانىدى. ئۇرۇق ـ قەۋملەرنىڭ يېزا جامائە كوممۇنىسىدىكى قانداشلىق، يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتى يېزا ئىجتىمائىي رايونلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغىنىغا ئوخشاش، كەسپلەر مۇناسىۋىتىمۇ شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە مۇھىم تۈرتكە بولغان. (جەدۋەل)

قانداشلىق، يۇرتداشلىق، كەسپداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رايوننىڭ شەكىللىنىشىگە بولغان تەسىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| —— | قانداشلىق مۇناسىۋەت | يۇرتداشلىق مۇناسىۋەت | كەسپىي مۇناسىۋەت |
|---|---|---|---|
| ئۇزۇقداشلىق جامائە كوممۇنىسى (ئىجتىمائىي رايون) | كۈچلۈك | ئاجىز | ئوتتۇرا |
| يېزا جامائە كوممۇنىسى (ئىجتىمائىي رايون) | ئوتتۇرا | كۈچلۈك | ئاجىز |
| قەدىمكى شەھەرلەر (ئىجتىمائىي رايون) | ئاجىز | ئوتتۇرا | كۈچلۈك |

قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، ھازىرقى زامان شەھەرلىرىگە ئوخشاش سانائەت ۋە سودىنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى «يەر، مۈلۈك بىلەن دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان شەھەرلەر»[1] ئىدى. ئەينى دەۋردىكى شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس بولۇپ، «يەر ئىگىسى بولغۇچى يەنە كېلىپ شەھەر ئاھالىسى ئىدى»[2]. ماركس بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى «شەھەرلەرنىڭ يېزىلىششى»[3] دەپ ئاتىغانىدى. 15 ـ ئەسىردىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن قەدىمكى شەھەرلەر تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى زامان شەھەرلىرىگە ئايلاندى. شەھەرلەر كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت پائالىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. ھازىرقى زامان شەھەرلىرى بىر تەرەپتىن يىرىك سانائەت ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن تەرەققىيات-

①②③ «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە، 46 ـ توم، 480 ـ، 481 ـ بەتلەر.

نى ئىلگىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر قىسىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى. مۇشۇ ئەسىر-دىن باشلاپ، بولۇپمۇ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن شەھەر ۋە يېزىلار يەنىلا ئىنسانلار ئىجتىمائىي رايون تۈرمۇشىنىڭ ئاساسىي شەكلى بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ فورماتسىيىسى ۋە مەزمۇنىدا ناھايىتى زور يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. يېڭى تىپتىكى نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي رايون فورماتسىيىلىرى مەيدانغا كەل-دى. بۇ جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ئالدىغا ئىجتىمائىي رايونلارنى تۈ-رگە ئايرىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

### 3. ئىجتىمائىي رايونلارنى تۈرگە ئايرىش

ئىجتىمائىي رايونلارنىڭ تۈرى خىلمۇخىل بولىدۇ. ئىجتىما-ئىي رايونلارنى تۈرگە ئايرىشتا ئاۋۋال بەلگىلىك ئۆلچەم بويىچە تۈرگە ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىجتىمائىي رايون تەتقىقاتىدا جەمئىيەتشۇناسلار ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدا تۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بويىچە ئۇنى تۈرگە ئايرىيدۇ. شۇڭا ئىجتىما-ئىي رايونلارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئۇسۇللىرى بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ.

ئادەتتە ئىجتىمائىي رايونلارنى تۈرگە ئايرىغاندا ئىككى خىل نۇقتىدا تۇرۇپ ئايرىشقا بولىدۇ.

1) تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئايرىش. ئىجتى-مائىي رايونلارنى تارىخىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بويىچە كۆزەتكەن-دە، ئۇنى مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىرىنچى، ئەنئە-نىۋى ئىجتىمائىي رايونلار. بۇ ئاساسەن تارىختىكى بىر قىسىم كونا ئىجتىمائىي رايون فورماتسىيىلىرى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى قال-دۇق شەكىللىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنئەنە دېگىنىمىز، ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. ھا-زىرقى ۋاقىتتا بۇ خىلدىكى ئىجتىمائىي رايونلار تەرەققىي تاپقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەللەردە ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ئىككىنچى، تەرەققىي قىلىۋاتـ
قان ئىجتىمائىي رايونلار. بۇ ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي رايونلار
ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي رايونلىرىغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتـ
قان جەريان ئىچىدىكى ئىجتىمائىي رايون شەكىللىرىنى كۆرسىـ
تىدۇ. ئۇلار ھەم ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي رايونلارنىڭ بىر قىسىم
ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان ھەم ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي
رايونلىرىنىڭ نۇرغۇن مەزمۇنلىرىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. ئېـ
لىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان يېزا ـ بازارلار مۇشۇ تۇردىكى ئىجتىماـ
ئىي رايونلارغا كىرىدۇ. ئۈچىنچى، ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي
رايونلىرى. بۇ تەرەققىي تاپقان ئىجتىمائىي رايونلار دەپمۇ ئاتىلىـ
دۇ. شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ بىر گەۋدە بولۇشى، كىشىلەرنىڭ
كۈندىلىك پائالىيىتىنىڭ شەھەر ـ يېزىلار ئىچىدە ياكى ئوتتۇرىـ
سىدا بولۇشى، يېزا تۇرمۇشىنىڭ قۇلايلىق بولۇشى ھەتتا سەۋىـ
يىسىنىڭ شەھەرلەردىمۇ يۇقىرى بولۇشى بۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىـ
دىلىكى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تۇردىكى ئىجتىمائىي رايونلار
ئاساسەن دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان بىر قىسىم ئەللەردە ۋە رايوـ
نلاردا مەۋجۇت. ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئەنئەنىۋى
ئىجتىمائىي رايونلار بىر قىسمى چەت رايونلاردىكى يېزا ـ قىشـ
لاقلاردا ھېلىمۇ مەۋجۇت. تەرەققىي تاپقان ئىجتىمائىي رايونلار
ئېلىمىزدە ئومۇمىي گەۋدە جەھەتتە ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسىـ
مۇ، لېكىن تەرەققىي تېپىۋاتقان ئىجتىمائىي رايونلار ھازىر ئېلىـ
مىزنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي رايون شەكلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ
ئېلىمىزنىڭ تەرەققىي تېپىۋاتقان دۆلەت بولۇش ئەھۋالى بىلەن
تامامەن بىردەك كېلىدۇ.

2) ئىجتىمائىي رايونلارنى ئىككىنچى بىر خىل نۇقتىدا
تۇرۇپ كۆزەتكەندە، ئۇنى ماكان ئالاھىدىلىكى بويىچە تۇرگە ئايـ
رىشقا بولىدۇ. ئىجتىمائىي رايون ئىنتايىن روشەن بولغان
رايون ـ ماكان ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنى بۇ خىل ئالاھىـ

دىلىكى بويىچە ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىرىنچى، بەلگىلەن-
گەن ئىجتىمائىي رايون يەنى بىز ئادەتتە ئېيتىپ يۈرگەن يەرلىك
مەمۇرىي رايوندۇر. ئۇنىڭ رايون چېگرىسى خەرىتە ئارقىلىق
ناھايىتى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولىدۇ ھەمدە قانۇن شەكلىدە بېكى-
تىلىدۇ. ئىككىنچى، تەبىئىي ئىجتىمائىي رايون يەنى ئىنسانلار-
نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيىتى جەريانىدا تەبىئىي
شەكىللەنگەن ئاھالە ئولتۇراق رايونلىرى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ
ئاساسلىقى شەھەر، يېزا ـ بازار ۋە يېزا ـ كەنتلەر ھېسابلىنىدۇ.
تەبىئىي ئىجتىمائىي رايون بىلەن مەمۇرىي ئىجتىمائىي رايونلار
بەزىدە ئۆزئارا جىپسىلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزدىكى
تەبىئىي كەنتلەر ئادەتتە مەمۇرىي باشقۇرۇش قورۇلمىسىدىكى بىر
كەنت بولۇپ قالىدۇ. لېكىن بەزىدە مەمۇرىي رايون بىلەن ئىجتى-
مائىي رايون بىر ـ بىرى بىلەن جىپسىلىشىپ كەلمەيدۇ. مەسى-
لەن، بېيجىڭ شەھەرىنىڭ مەمۇرىي رايونى ھەم بىرقانچە شەھەر
ئىجتىمائىي رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەم يېزا ـ بازار
ئىجتىمائىي رايونى بىلەن يېزا ـ كەنتتە ئىجتىمائىي رايونلىرىنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۈچىنچى، فۇنكسىيىلىك ئىجتىمائىي رايون-
لار. بۇ كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن بىر خىل كەسپىي پائالىيەت
بىلەن شۇغۇللىنىشى ئارقىلىق مەلۇم بىر ماكان دائىرىسى ئىچىگە
توپلىشىپ ئولتۇراقلىششىدىن شەكىللەنگەن رايون بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ. كان رايونى، سانائەت رايونى، مەدەنىيەت رايونى،
سودا رايونى ۋە دېھقانچىلىق رايونى، چارۋىچىلىق رايونى دېگەنلە-
رنى فۇنكسىيىلىك ئىجتىمائىي رايون دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئىجتىمائىي رايونلارنى ماكان ئالاھىدىلىكى بويىچە شەھەر ۋە
يېزا ئىجتىمائىي رايونىغا ئايرىش جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئىجتى-
مائىي رايون تەتقىقاتىدىكى ئاساسىي ئۇسۇلى شۇنداقلا مۇھىم
ئانالىز بىرلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 4. شەھەر ۋە يېزا ئىجتىمائىي رايونى

نوپۇسنىڭ زور دەرىجىدە زىچلىشىشى، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ مەركەزلىشىشى، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بايلىقلىرى بىلەن مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بايلىقلىرىنىڭ جۇغلىنىشى شەھەرلىشىشنى شەكىللەندۈردى. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە سانائەتلىشىش يېزا نوپۇسىدىكى نۇرغۇنلىغان ئەمگەك كۈچلىرىنى زاۋۇت ـ كارخانا، سودا ـ مۇلازىمەت كەسپلىرىگە جەلپ قىلىپ، نوپۇس سانى تېخىمۇ كۆپ بولغان شەھەرلەرنى شەكىللەندۈرمەكتە.

شەھەر ئىجتىمائىي رايونى دېگىنىمىز، ئالاھىدە رايون دائىرىسى ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بولغان زور تۈركۈمدىكى ئاھالىلەردىن تەركىب تاپقان رايون خاراكتېرلىك جەمئىيەت. ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى: (1) نوپۇس زىچلىقىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، تەركىبىنىڭ مۇرەككەپ بولۇشى. (2) ئىقتىسادىي ۋە باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر چاستوتىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى؛ (3) تۈرلۈك، مۇرەككەپ تۈزۈم، ئېتىقاد، تىل ۋە كۆپ خىللاشقان تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىگە بولۇشى؛ (4) قۇرۇلمىسى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان تۈرلۈك جامائە ۋە تەشكىلىي ئورگانلارنىڭ بولۇشى؛ (5) ئائىلىنىڭ كۆلىمى ۋە رولىنىڭ كىچىكلىشىشى، قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ يىراقلىشىشى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ سۇسلىشىشى؛ (6) سىياسىي، ئىدىيە، مەدەنىيەت نىسپىي ھالدا بىرقەدەر تەرەققىي بولۇشى، بەلگىلىك رايون ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىشى مانا بۇلار شەھەر ئىجتىمائىي رايونىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى ھېسابلىنىدۇ.

يېزا ئىجتىمائىي رايونى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ دەسلەپ شەكىللەنگەن ۋە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي

تۇرمۇش شەكلى بولۇپ، ئۇ تەبىئىي مۇھىت، ئاھالە تەركىبى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردە شەھەر ئىجتىمائىي رايونىغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شەھەر ئىجتىمائىي رايونى ئاھالىسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساسىي تىرىكچىلىك ۋاستىسى رايون خاراكتېرلىك جەمئىيەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكلىرى: (1) ئاھالىسى تارقاق، شالاڭ بولىدۇ، يۆتكىلىشى بىرقەدەر ئاز بولىدۇ. (2) ئىقتىسادىي پائالىيىتى ئاددىي بولىدۇ، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەشچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. (3) تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ - ئادەت، ئەخلاق قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئادەتكە كۈچلىرىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر زور بولىدۇ. (4) ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى، تەشكىلىي ئورگانلىرى ئاددىي بولىدۇ، كەسپىي ئىش تەقسىماتىمۇ شەھەرلەردىكىدەك مۇرەككەپ بولمايدۇ. (5) ئائىلە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئېلىمىزدە مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىشتەك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئائىلىنىڭ رولى بارغانسېرى چوڭ بولماقتا. (6) كىشىلىك مۇناسىۋەت يېقىن، قانداشلىق مۇناسىۋەت قويۇق بولىدۇ.

ئادەتتە يېزا ياكى كەنتلەرنىڭ بازارلىرى تۇرۇشلۇق جايلارنى مەركەز قىلغان ھالدا مۇلازىمەت ۋە پائالىيەت مەركىزىدىن ئىبارەت نىسپىي مۇستەقىل رايون خاراكتېرلىك جەمئىيەتلەر شەكىللىنىدۇ. يېزا ئىجتىمائىي رايونلىرى ئادەتتە مانا مۇشۇ خىل مۇلازىمەت بىلەن پائالىيەت رول ئوينىيالايدىغان رايون دائىرىسى بىلەن بېكىتىلىدۇ. ئېلىمىزدە يېزا ئىجتىمائىي رايونلىرى بىلەن يېزا - كەنتلەرنى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىش ئاساسىي جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 5. ئىجتىمائىي رايون تەتقىقاتىنىڭ ئۇسۇلى

ئىجتىمائىي رايون تەتقىقاتىنىڭ ئۇسۇلىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ۋە ئانالىز ئۇسۇلى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي رايون تەتقىقاتى ئىجتىمائىي رايونلارنى تەكشۈرۈشنى ئاساس قىلغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەنگلىيىلىك جەمئىيەتشۇناس س. بوئىننىڭ «لوندون ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئەمگىكى» دېگەن 17 توملۇق تەكشۈرۈش دوكلاتى. ئامېرىكىلىق پارك قاتارلىق كىشىلەرنىڭ چىكاگو شەھەر ئىجتىمائىي رايونىنى تەكشۈرۈش تەتقىقاتى؛ ئېلىمىز جەمئىيەتشۇناسلىرىدىن لى جىڭخەننىڭ «دىڭ شەن ناھىيىسىنىڭ جەمئىيەت ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش»، يەن شىنجىنىڭ «نەنجىڭ پۇقرالىرىنى تەكشۈرۈش»، فېي شياۋتۇڭنىڭ «جياڭ سۇن يېزىلىرىنىڭ ئىقتىسادى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئىجتىمائىي رايونلار تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تەكشۈرۈش دوكلاتى ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي رايونلارنى تەكشۈرۈش ئىجتىمائىي رايونلارنى تەھلىل قىلىشنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي رايون تەتقىقاتىنىڭ ئاساسى ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي رايون تەتقىقاتىدىكى ئانالىز ئۇسۇلىنى بىر خىل ئانالىستىك نەزەرىيە ئۇسۇلى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئانالىز ئۇسۇلى ئوخشاش بىر ئوبيېكتىنى يەنى ئىجتىمائىي رايوننى ئوخشاش بولمىغان تەتقىقات نۇقتىئىنەزىرى بويىچە تەھلىل قىلىدۇ.

1) ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىلىك تەتقىقات ئۇسۇلى

ئۇ ئاساسەن ئىنسانلار بىلەن مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىنسانلار مۇھىتنى تاللاشتا، باشقۇرۇشتا ۋە مۇھىتقا ماسلىشىش، ئۇيغۇنلىشىش جەريانىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماكان ۋە زامان پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈردۇ. مەسىلەن، نوپۇسنىڭ مەركەزلىشىشى ۋە تارقاقلىشىشى قا-

تارلىقلار. شۇڭا شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ماكان مۇھىتى ئاھالىلەر-
نىڭ تۇرمۇشىغا ۋە باشقا پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇر-
دۇ. شەھەر ـ يېزىلارنىڭ مۇھىتىنى ئەقىلغا مۇۋاپىق ئورۇنلاش-
تۇرۇپ ۋە پايدىلىنىپ، ئىنسانلار بىلەن مۇھىتىنىڭ مۇناسىۋىتى-
نى تېخىمۇ ياخشى ماسلاشتۇرۇش بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ
نېگىزلىك مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. 70 ـ يىللاردىلا جەمئىيەتشۇ-
ناسلار «يېڭى ئېكولوگىيە» مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نو-
پۇس، تەشكىلىي ئورگان، مۇھىت ۋە تېخنىكىدىن ئىبارەت تۆت
ئامىلدىن تەركىب تاپقان ئېكولوگىيىلىك مۇرەككەپ بىرىكمە
گەۋدە ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ئېلىپ بارغانىدى.

2) ئانتىروپولوگىيىلىك تەتقىقات ئۇسۇلى

ئۇ ئاساسەن مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەكشۇرۇشنى
مەقسەت قىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي رايونلارنىڭ
مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ.
شۇڭا مەدەنىيەت ئانتىروپولوگلىرى ۋە جەمئىيەتشۇناسلار ئىجتى-
مائىي رايونلارنى مەدەنىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا
ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بۇنىڭدا ئىككى خىل تەتقىقات
يۆنىلىشى بارلىققا كەلدى. بىرى رايون نۇقتىسىدىن شەكىللەنگەن
شەھەر جەمئىيەتشۇناسلىقى ۋە يېزا جەمئىيەتشۇناسلىقى، يەنە
بىرى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ئانتىروپو-
لوگىيىسى ۋە مەدەنىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقىدىن ئىبارەت.

3) ئىجتىمائىي سىستېما نۇقتىسىدىكى تەتقىقات ئۇسۇلى

بۇنىڭدا ئىجتىمائىي رايوننى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان
بىر سىستېما دەپ قاراپ، ئاندىن ئۇنى ئۈچ جەھەتتىن تەھلىل
قىلىدۇ. بىرىنچى، سىستېمىنىڭ ئۆزىدىكى قۇرۇلما ۋە فۇنكسى-
يىسىنى تەھلىل قىلىش. مەسىلەن، ئىجتىمائىي رايونلاردىكى
جامائە تەشكىلىي ئورگانلىرى، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋە قوشۇمچە
سىستېما قاتارلىق قۇرۇلمىسى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي، سى-

ياسىي، دىنىي، مائارىپ، پاراۋانلىق قاتارلىق كۆپ خىل فۇنكـ
سىيىسى ئۇستىدىكى تەتقىقات. ئىككىنچى، ئۆزئارا تەسىر كۆرـ
ستىش مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش. مەسىلەن، ئاسسىمىلىياتـ
سىيە، چۇشىنىش، ھەمكارلىق، رىقابەت قاتارلىقلار. بولۇپمۇ
ئىجتىمائىي رايوندىكى توقۇنۇشنى (زىددىيەتنى) تەتقىق قىلىش
ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇچىنچى، ئىجتىمائىي
ماكان دائىرىسىنى تەتقىق قىلىش، ئىجتىمائىي ماكان دائىرىسى
ئىجتىمائىي رايون ئۆزئارا ئالاقە پائالىيىتىنىڭ سورۇنى. بۇ خىل
تەتقىقات ئاساسەن كىشىلەر پائالىيىتىنىڭ جەمئىيەت دائىرىسى
(تەشكىلىي تورى) ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي رايوندىكى
ئۆزئارا ئالاقە پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نوپۇسشۇناسلىق، سىياسىيشۇناسلىق
(ئىجتىمائىي رايونلارنىڭ ھوقۇق قۇرۇلمىسى) ۋە ئىجتىمائىي
جۇغراپىيە قاتارلىق ئۇسۇللارمۇ ئىجتىمائىي رايونلارنى تەھلىل
قىلىشتا تەتبىق قىلىنىدۇ.

# تۆتىنچى باب

# جەمئىيەتنىڭ سىنىپي قۇرۇلمىسى

ئادەم سىنىپ ۋە تەبىقە قاتلاملىرىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر- بىر ئادەم جەمئىيەتتە مۇئەييەن بىر سىنىپ ياكى تەبىقە قاتلىمىغا تەۋە بولىدۇ. سىنىپ، تەبىقە قۇرۇلمىسى پەقەت جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شەخسنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسىتى- دۇ. شەخسنىڭ سىنىپ ۋە تەبىقە قۇرۇلمىسىدا تۇتقان ئورنىدا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىش ئىجتىمائىي يۆت- كىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ خاراكتې- رىنى چوڭقۇر چۈشىنىش، جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، جەمئىيەتنىڭ سىنىپ، تەبىقە قۇرۇلمىسىغا ھەمدە ئىجتىمائىي يۆتكىلىشكە قارىتا چوڭقۇر تەھلىل ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.

## بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي سىنىپ ۋە قاتلام

### 1. ماركسىزملىق سىنىپ كۆزقارىشى

سىنىپ ئالاھىدە مەنىگە ئىگە بولغان ئىقتىسادىي، تارىخىي كاتېگورىيە، ئۇ ئەزەلدىن بار بولغان ئەمەس، مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپمۇ تۇرمايدۇ. «سىنىپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پەقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ بەلگىلىك تارىخىي باسقۇچى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك.»① ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇئەييەن شەرت - شارائىتقا تايىنىدۇ: بىرى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئېشىنچە مەھسۇلاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى؛ يەنە بىرى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى. ئېشىنچە مەھسۇلاتنىڭ بارلىققا كېلىشى سىنىپنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىنچىلىك بىلەن تەمىن ئەتسە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى بۇ خىل مۇمكىنچىلىكنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى، ئېشىنچە مەھسۇلاتلارنىڭ ئىگىلىنىشىنى تۈزۈملەشتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىنىپنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىن ئىبارەتتۇر. سىنىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ئەمما يەنە تولۇق تەرەققىي قىلىپ كېتەلمىگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان، كەلگۈسىدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن ھەم يەنە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي يوقىلىدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىدىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش بولىدۇ، سىنىپىي قۇرۇلمىنى ئاساسىي شەكىل قىلىشتىن غەيرىي سىنىپىي قۇرۇلمىنى ئاساسىي شەكىل قىلىشقا ئۆتىدۇ. بىراق بۇ ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي باسقۇچ.

سىنىپلارغا ئايرىش جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى مەنبە قىلىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئىجتىمائىي سىنىپلار

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 4 - توم، 547 - بەت.

ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئالماشتۇ-
رۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەھسۇلى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆز
دەۋرىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەھسۇلى.»[①] ئىقتىسا-
دىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە، ئەڭ ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسى-
تىلىرىگە بولغان مۇناسىۋەتتۇر. لېنىن يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەت-
كەندى: «سىنىپلار دېگىنىمىز، شۇنداق چوڭ گۇرۇھلاردۇر-
كى، بۇ گۇرۇھلارنىڭ تارىختىكى مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئىشلەپ-
چىقىرىش سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ، ئىش-
لەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىق مۇناسىۋىتى
(بۇنداق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تولىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن بولىدۇ)
ئوخشاش بولمايدۇ، ئىجتىمائىي ئەمگەك تەشكىلاتلىرىدىكى رولى
ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، جەمئىيەت بايلىقىدىن ئۆز ئىلكىدە
بولىدىغان ھەسسىلىرىنى ئېلىش شەكلى ۋە مىقدارىمۇ ئوخشاش
بولمايدۇ. سىنىپلار دېگىنىمىز، شۇنداق چوڭ گۇرۇھلاردۇر-
كى، ئۇلارنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە تۇت-
قان ئورنى ئوخشاش بولمىغاچقا، بۇ گۇرۇھلارنىڭ بىرى يەنە
بىرىنىڭ ئەمگىكىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالالايدۇ.»[②]

بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، سىنىپلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ تۈپ
بەلگىسى، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىگىلىگەن - ئىگى-
لىمىگەنلىكى، باشقا گۇرۇھلارنىڭ ئەمگىكىنى ئىگىلىگەن - ئى-
گىلىمىگەنلىكىگە قاراشتىن ئىبارەت. ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيت-
قاندا، سىنىپ — ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئىگى-
دارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن شە-
كىللەنگەن، مەنپەئىتى تۈپتىن قارىمۇقارشى بولغان ئىجتىمائىي

---

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 3 - توم، خەلق نەشرىياتى-
نىڭ 1972 - يىل نەشرى، 66 - بەت.

② «ئۇلۇغ باشلىنىش» 1975 - يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 23 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۇرۇھلار ياكى ئادەم توپىنىڭ ئورتاق گەۋدىسىدىن ئىبارەت. سىنىپ شەكىللىنىش بىلەنلا، ئۇ مۇقەررەر ھالدا سىياسىي ئىدىيە، ھېسسىيات ھەمدە تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ ۋە ئەكس ئېتىدۇ، مۇئەييەن سىنىپنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئۆزىگە مۇناسىپ سىياسىي ئىدىيىسى ھەمدە باشقا كۆپ تەرەپلىمە ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. ئەمما، سىنىپنىڭ شەكىللىنىشى ھەمدە ئۇنىڭ ماھىيىتىنىڭ مەنبەسى ئىقتىساد، سىنىپ ئالدى بىلەن بىر ئىقتىسادىي سۇبىستانسىيە. شۇنىڭ ئۈچۈن سىنىپلارنى ئىقتىسادىي ئۆلچەم بويىچىلا ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ.

سىنىپىي جەمئىيەتتە مەيلى دەسلەپكى جامائەگە قارىتا بولسۇن، ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلارغا قارىتا بولسۇن، ياكى كىشىلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە تارىخقا قارىتا بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىنىپىي تەھلىل كۆزقارىشى ۋە ئۇسۇلى بىلەن تەھلىل قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش لازىم. بولمىسا يۈزەكى جەمئىيەت ھادىسىلىرى ئالدىدا قايمۇقۇپ قالىمىز. شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلىۋالالايمىز، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل فورماتسىيىلىرىدە سىنىپىي قۇرۇلمىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەرقانداق سىنىپىي جەمئىيەت ئاساسىي سىنىپلاردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. ئاساسىي سىنىپ جەمئىيەتتىكى ئاساسىي ھۆكۈمرانلىق سىنىپ بىلەن ئاساسىي ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپنى كۆرسىتىدۇ. مەلۇم بىر جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى شۇ جەمئىيەتتىكى ئاساسىي سىنىپلارنى بەلگىلەيدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بەلگىلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكلى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي سىنىپىي قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

سىنىپ ۋە تەبىقە خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئۇقۇم. سىنىپقا بۆلۈنۈشنىڭ ئۆلچىمى ئىقتىساد يەنى

سىنىپ مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئىچىدە ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇۋاتقان كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەرقانداق ئادەم مۇئەييەن سىنىپىي گۇرۇھقا مەنسۇپ بولىدۇ. سىنىپىي پەرق شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدىكى مۇھىم پەرق. ئوخشاش بولمىغان سىنىپىي ئورۇن شەخسنىڭ جەمئىيەتتىكى تۈپكى ئورنىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. سىنىپىي گۇرۇھلار سىنىپىي جەمئىيەتتە تۈپ مەنپەئىتى ئوخشاش بولمىغان گۇرۇھلار بولۇپ، سىنىپلارغا بۆلۈش سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئەڭ نېگىزلىك بۆلۈش. شۇڭا سىنىپىي قۇرۇلما سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك قۇرۇلمىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي تەبىقە— ئىقتىسادىي، سىياسىي، مائارىپ، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلۈك ئامىللار ئارقىلىق بۆلۈشىدىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي گۇرۇھلاردىن ئىبارەت. جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى ھامان ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنغا ۋە ھالەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى پەرقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى ۋە مۇناسىۋىتى ئوخشاش بولغان بەزى مەزمۇنغا ۋە ھالەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئوخشاش بولغان ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بەزى ئورتاقلىق خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە مۇناسىۋەتتىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرق كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي بايلىق ۋە ماددىي تۇرمۇش شارائىتىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئىجتىمائىي ئەمگەككە قاتنىشىش شەكلى. ئالاھىدە مەنپەئەت تەلىپى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق تەرەپلەردىكى پەرقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر كىشىلەرنى ئوخشاش بولمىغان تەبىقىگە ياكى بىر - بىردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي گۇرۇھ ـ قاتلاملارغا بۆلىنىدۇ. دېمەك تەبىقىگە ئايرىشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتىن باشقا يەنە ئىجتىمائىي ئورۇن، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى، بىلىم سەۋىيىسى، ئۇنۋان، سىياسىي ھوقۇق ۋە ئابرۇي قاتارلىق باشقا ئامىللارنىمۇ شەرت قىلىدۇ. تەبىقە ئاساسەن ئىككى خىل تىپقا ئىگە. بىرى، سىنىپلار ئىچىدىكى تەبىقە. يەنە بىرى، جەمئىيەتتىكى ئاساسىي سىنىپلاردىن سىرت بولغان ئىجتىمائىي تەبىقىلەر. تەبىقە تەھلىلى سىنىپىي تەھلىلىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، سىنىپىي قاراشنىڭ كونكرېتلىشىشى بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ مەلۇم بىر ئىجتىمائىي تەبىقىنىڭ سىنىپىي خاھىشىنى ۋە ئىجتىمائىي رولىنى ئىگىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

## 2. سىنىپ ۋە ئىجتىمائىي سالاھىيەت

سىنىپ بىلەن سالاھىيەت ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سىنىپ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە ئوخشاش بولمىغان ئورۇندا تۇرۇۋاتقان كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ئىجتىمائىي گۇرۇھ بولۇپ، بىر ئىقتىسادىي كاتېگورىيە، ئىجتىمائىي سالاھىيەت بولسا قانۇندا بەلگىلەنگەن ياكى ئېتىراپ قىلىنغان مۇئەييەن ئىمتىياز ۋە ھوقۇققا ئىگە ئىجتىمائىي دەرىجىنى كۆرسىتىدۇ. سالاھىيەت بىر سىياسىي، قانۇنىي كاتېگورىيە. مەسىلەن، پومېشچىك بىر سىنىپ، ئاقسۆڭەك بولسا بىر سالاھىيەت. پومېشچىكنىڭ ئاقسۆڭەك بولۇشى ناتايىن، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭمۇ پومېشچىك بولۇشى ناتايىن. ئوخشاش بىر سىنىپقا تەۋە بولغان كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنداقلا ئوخشاش سالاھىيەتتىكى ئادەملەرنىڭمۇ ئوخشاش بىر سىنىپقا تەۋە بولۇشى ناتايىن. شۇڭا بۇ ئىككى ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. بىراق، سالاھىيەت بىلەن سىنىپ يەنە زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەت-

ته، سىنىپ ئايرىمىسى سالاھىيەت دەرىجىسىنىڭ ئاساسىدۇر. ئادەتتە، سالاھىيەت ھۆكۈمران سىنىپ ئەزالىرىغا بېرىلىدۇ، ۋارىسلىق قىلىنىدۇ، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ ئەزالىرى بولسا سالاھىيەتكە ئىگە بولالمايدۇ. ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق سالاھىيەتكە ئىگە بولغان ئادەم ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيران بولغانلىقى سەۋەبىدىن باشقىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىكى ئىقتىسادىي ئاساسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، گەرچە ئاقسۆڭەك سالاھىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپقا تەۋە بولمايدىغان ئالاھىدە ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. قۇلدارلىق ۋە ئېپتىدائىي جەمئىيەتتە، شەخسىي سالاھىيەت مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. چۈنكى، سالاھىيەت ماس ھالدىكى ئىمتىياز ۋە ھوقۇق بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، سالاھىيەتكە ئىگە بولۇش بەلگىلىك ئىمتىياز ۋە ھوقۇققا ئىگە بولۇشتىن دېرەك بېرەتتى. بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئارقىلىق، قانۇنىي جەھەتتە كىشىلىك سالاھىيەت تۈزۈمىنى يوقىتىش ئېنىق بەلگىلەندى. شۇڭا، ھازىرقى جەمئىيەتتە كىشىلىك سالاھىيەتكە ئانچە ئېتىبار بېرىلمەيدۇ، بىراق بۇ كىشىلىك سالاھىيەتكە ئازراقمۇ ئېتىبار بېرىلمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. پەقەت ئىلگىرىكى سالاھىيەتنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن ئوخشىمايدۇ دېگەنلىك. خالاس.

## 3. سىنىپ ۋە ئىجتىمائىي ئورۇن

سىنىپ بىلەن ئىجتىمائىي ئورۇن ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم. كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى - تۆۋەن بولىدۇ. بۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت. ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئورۇندىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، سىياسىي پوزىتسىيىسى ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئوينايدىغان رولى ۋە كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشتا، كىشى-

لەرنىڭ ئورۇن قاتلىمىنى تەتقىق قىلماي مۇمكىن ئەمەس. بىر-راق، ھازىرقى جەمئىيەتتە پەقەت ئورۇن پەرقلا مەۋجۇت، سىنىپىي پەرق مەۋجۇت ئەمەس دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئورۇن باي-لىق، ھوقۇق، ئابرۇي، ئىلىم، كېلىپ چىقىش قاتارلىق كۆپ تەرەپتىن تەشكىل تاپقان ئۇنىۋېرسال ئۇقۇم. ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت سىستېمىسىدىكى كونكرېت ئورنىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە باھا بېرىش ھامان نۇرغۇن ئۆلچەم ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ، مەلۇم بىر ئۆزگەرمەس ئۆل-چەم ئارقىلىق بېكىتىلمەيدۇ. سىياسىي، قانۇن جەھەتتە ئوخ-شاش ئورۇندا تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بىر سىنىپقا تەۋە بولۇشى ناتايىن. مەسىلەن، بىر ئىجتىمائىي ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولغان ئادەمنىڭ ئىگىلىگەن مال - مۈلكى ئورنى ئۇنىڭ-دىن تۆۋەن ئادەمدىن كۆپ بولۇشى ناتايىن، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئاز بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەكسىچە، ناھايىتى كۆپ مال - مۈلۈككە ئىگە بولغان ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ناتايىن ھەم مال - مۈلكى بىلەن ماس ھالدىكى ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولالىشىمۇ ناتايىن. فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى دەۋرىدە، دېھقانلار، ئۇششاق سودىگەرلەر، قول سانائەتچىلەر، شەھەر ئاھالىلىرى ھەممە بۇرژۇئازىيە قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان ئۈچىنچى تەبىقە مانا مۇشۇنداق بولغان. شۇڭا سىنىپ بىلەن ئىجتىمائىي ئورۇننى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

سىنىپىي جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئاسا-سەن ئۇنىڭ سىنىپىي ئورنى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شەخسىي مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولغان ھامان ئۇنىڭدا ماس ھالدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت شەكىللىنىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلار ئىجتى-مائىي ئورۇننى «ئائىلە كېلىپ چىقىشنى ئاساس قىلغان ئورۇن» ۋە «كەسپىي قابىلىيىتىنى ئاساس قىلغان ئورۇن» دەپ ئىككى

تۇرگە بۆلىدۇ. ئالدىنقىسى، شۇ ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىنلا يەنى ئائىلە مۈلكى، ئائىلە مۇناسىۋىتى، يېشى، جىنسى قاتارلىق ئامىللار تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئورۇن. كېيىنكىسى، شەخسىنىڭ ئىقتىدارى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن يەنى كەسپى قابىلىيىتى، بايلىقى، هوقۇقى، بىلىم - سەۋىيىسى قاتارلىق ئامىللار تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئورۇن. شەخسى قانداق ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولسا، ئۇ شۇنداق ئىجتىمائىي سالاھىيەتكە ئېرىشىدۇ. چۈنكى، شەخسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئابرۇيى، ئىناۋىتى ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئەمەلىي ئىپادىسى ۋە توھپىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا جەمئىيەتشۇناسلار بەزىدە «ئىجتىمائىي ئورۇن» بىلەن «ئىجتىمائىي سالاھىيەت» ئۇقۇمىنى ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىدۇ.

## 4. سىنىپ ۋە ئىجتىمائىي كەسىپ

ئوبيېكتىپ جەھەتتە سىنىپ بىلەن كەسىپ باغلىنىشلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتە ئىشچىلار سىنىپىغا تەۋە بولىدۇ. دۇكاندارلار، زاۋۇت ئىگىلىرى ئادەتتە بۇرژۇئازىيىگە تەۋە بولىدۇ. بۇ كەسىپنىڭ سىنىپى بەلگىسى ناھايىتى روشەن بولىدۇ، مەلۇم كەسىپنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مەلۇم سىنىپنىڭ ئەزالىرىنى ئۆزىگە سىغدۇرىدۇ، باشقا سىنىپنىڭ ئەزالىرىنى چەتكە قاقىدۇ دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل كەسىپنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى، ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن كەسىپ قاتلىمى تۈزۈلمىسى شەكىللىنىدۇ. يۈزەكى جەھەتتىن قارىغاندا، جەمئىيەت ئوخشاش بولمىغان كەسىپتىكى كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ كەسىپ تۈزۈلمىسىنى تەھلىل قىلىش، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىراق، كەسىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن سىنىپ تامامەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، كەسىپنىڭ كۆرسىتىدىغىنى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئۇ شەخسنىڭ شۇغۇللىنىدىغان خىزمەت ۋە ئەمگىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئەكسىچە گۇرۇھلار ئىگە بولغان ئەمگەك مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. ئوخشاش كەسىپتىكى ئادەم، ئوخشاش بولمىغان سىنىپتىن بولۇشى مۇمكىن؛ ئوخشاش بولمىغان كەسىپتىكى ئادەم، ئوخشاش بىر سىنىپقا تەۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، كەسىپ بىلەن سىنىپنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، كەسىپكە ئايرىشنى سىنىپي تەھلىلنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

### 5. سىنىپ ۋە دەرىجە

سىنىپ بىلەن دەرىجىنىڭ پەرقى ئاساسلىقى، سىنىپ ئىقتىسادىي كاتېگورىيە بولۇپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ دەرىجە ئەزالىرىنىڭ ئورنى، سالاھىتى، ئائىلە، كەسىپكە ئاساسەن ئايرىلىدىغان بولۇپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، قانۇن مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئوخشاش بىر سىنىپنىڭ ئىچىدە كۆپىنچە ئوخشاش بولمىغان دەرىجە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارمۇ ئوخشاش بىر دەرىجىنى ھاسىل قىلىدۇ. سىنىپ بىلەن دەرىجە يەنە باغلىنىشلىق بولىدۇ. قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتلەردە سىنىپ بىر خىل ئالاھىدە دەرىجە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، سىنىپىي مۇناسىۋەت دائىم دەرىجە مۇناسىۋىتى تەرىپىدىن نىقابلانغان بولىدۇ.

# ئىككىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي تەبىقە

## 1. سىنىپ بىلەن تەبىقىنىڭ مۇناسىۋىتى

مەلۇم ئىجتىمائىي ئۆلچەم بويىچە جەمئىيەت ئەزالىرىنى
بىر قانچە دەرىجىگە ئايرىشقا بولىدۇ، ئوخشاش بىر دەرىجىدە تۇ-
رۇۋاتقان كىشىلەر بىر ئىجتىمائىي تەبىقىنى تەشكىل قىلىدۇ.
تەبىقە بىلەن سىنىپنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ،
هەر ئىككىسى ئىجتىمائىي يۆنىلىش، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىككە
بولغان تەسۋىر ۋە ئابستراكسىيە. بىراق، ئىككىسى ماهىيەت جە-
هەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئالدى بىلەن، ماركسىزمدا سۆزلىنىۋاتقان
سىنىپ، ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل ئانتاگو-
نىستىك مۇناسىۋەتنى يەنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېكسپىلا-
تاتسىيە قىلىنىش، ئېزىش ۋە ئېزىلىش مۇناسىۋىتىنى ئەكس
ئەتتۈرىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي بۆلۈنۈش، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك-
نىڭ ماهىيىتى تەرىپىگە بەكرەك ئەهمىيەت بېرىدۇ، ئىجتىمائىي
تەڭسىزلىك ۋە كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە
تۇتقان ئورنىغا، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىگىلەش
مۇناسىۋىتىگە ئەهمىيەت بېرىدۇ. شۇڭا، قاتتىقراق ئېيتقاندا،
سىنىپ ئالدى بىلەن بىر مۇناسىۋەت ئۇقۇمى بولۇپ، پەقەت
تەبىقىنىلا كۆرسەتمەيدۇ. سىنىپقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەبىقە ئىج-
تىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ سىرتقى ئىپادىسىگە بەكرەك ئەهمىيەت
بېرىدۇ، ئىجتىمائىي دەرىجە قاتلىمىنىڭ سان جەهەتتىكى تەسۋى-
رىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، سىنىپنى ئايرىشنىڭ
ئۆلچىمى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپ-
چىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىگىلەش مۇناسىۋىتى، ئەمما تەبىقىنى
تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ ئاساسى كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىقتى-

سادىي ئورنىدىن سىرت، يەنە ئىجتىمائىي ئورۇن، سىياسىي ھوقۇق ھەمدە باشقا ئامىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىنىپنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى بىر مەنبەلىك بولىدۇ، ئەمما تەبىقىنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى بولسا، بىر مەنبەلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۇنىۋېرسال ئۆلچەم بولۇشىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى، تەبىقە مۇئەييەن بىر سىنىپقا تەۋە بولىدۇ، بۇ سىنىپ بىلەن تەبىقىنىڭ باغلىنىشى؛ ئىككىسىنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان مۇھىم نۇقتىسى ئوخشىمايدۇ، سىنىپلارغا ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى ئاساسىدا، تەبىقىنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئايرىش ئۆلچىمى بولىدۇ. بۇ سىنىپ بىلەن تەبىقىنىڭ پەرقى.

## 2. ئىجتىمائىي تەبىقىگە ئايرىش ئۇسۇلى ۋە ئۆلچىمى

ئىجتىمائىي تەبىقىگە ئايرىشتا، ئادەتتە سۇبيېكتىپ ئۇسۇل، نام ـ ئابرۇي ئۇسۇلى، ئوبيېكتىپ ئۇسۇل قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ.

1) سۇبيېكتىپ ئۇسۇل

ئۆزىنى ئۆزى باھالاش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەكشۈرگۈچى پۈتۈن ئىجتىمائىي سىستېمىنى بىرقانچە قاتلامغا بۆلۈپ، كىشىلەرنى مەلۇم ئۆلچەم بويىچە ئۆزىنى ئۆزى تۈرگە ئايرىشقا، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي قاتلام سىستېمىسىدا قايسى ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ئۈندەيدۇ ياكى تۈرتكە بولۇشقا ئۈيۈشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. سۇبيېكتىپ ئۇسۇل ئاساسلىقى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قاتلام ئېڭىنى ئىگىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ قاتلام ئېڭى ئۇلارنىڭ پسىخىكىلىق ئىنكاسى (مەلۇم ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى، قىممەت قارىشى) ھەمدە ھەرىكەت ئىپادىسىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ قاتلام ئېڭى ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئوبيېكتىپ ئورۇن بىلەن بىردەك بولماسلىقى مۇم-

كىن، يەنى دائىم مۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقىشى مۇمكىن،
ئوبيېكتىپ ئورنى ئوخشاش بولغان ئادەمدە ئوخشاش بولمىغان
قاتلام ئېڭى بولۇشى؛ ئەكسىچە ئوبيېكتىپ ئورنى ئوخشاش بول-
مىغان ئادەمدە بولسا ئوخشاش ئاڭ بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل
قاتلام ئېڭى بىلەن ئوبيېكتىپ ئورۇننىڭ بىردەك بولماسلىقى يەنە
بەزىدە ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ ئورنىدا ئۆزگىرىش بولمىسىمۇ، قات-
لام ئېڭىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشتە ھەمدە پىسخىكا ۋە ھەرىكەت
جەھەتتە ئۆزگىرىش يۈز بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ.

2) نام - ئابروي ئۇسۇلى

تەكشۈرگۈچى مەلۇم رايوندىن مۇشۇ رايوننىڭ ئەھۋالىنى
پىششىق بىلىدىغان بىر قىسىم ئادەملەرنى باھالىغۇچى قىلىپ
تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى ئالدىنئالا بېكىتكەن يۇقىرى - تۆۋەن قاتلام
بويىچە مەزكۇر رايون ئەزالىرىغا قارىتا قاتلامغا بۆلۈش، تۈرگە
ئايرىش ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەشنى كۆرسىتىدۇ. تەكشۈرگۈچى
ھەرقايسى قاتلام ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا سېلىشتۇرما تەھ-
لىل ئېلىپ بېرىپ، بۇنىڭدىن نام - ئابرۇي قاتلىمىنىڭ ئۆلچە-
مىنى تېپىپ چىقىدۇ.

نام - ئابرۇي ئۇسۇلى باھالىغۇچىدىن باھالاش ئوبيېكتىنى
چوقۇم ئىنتايىن پىششىق بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن
باشقا، باھالىغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ بىر تەرەپلىمىلىكىنىڭ تەسى-
رىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، باھالىغۇچىغا يېقىن بولغان ئادەم
ھەمدە ئوخشاش بىر گەۋدىگە تەۋە بولغان كىشىلەرنى باھالاش
دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىش لازىم.

نام - ئابرۇي ئۇسۇلى ئارقىلىق ھەر خىل ئامىللارنىڭ
نام - ئابرۇيغا بولغان تەسىرىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ، بىر خىل
ھەممە ئورتاق ئېتىراپ قىلغان نام - ئابروي قاتلىمىنى بايقىغىلى
بولىدۇ. نام - ئابروي ئۇسۇلى ئارقىلىق كونكرېت ئادەمنىڭ
تۆھپە دەرىجىسىنى بېكىتكىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە

ئۇنى ھەر خىل ئىجتىمائىي ئورۇننىڭ نىسپىي نام ـ ئابرۇيىنى باھالاشقىچە كېڭەيتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، كەسىپ نام ـ ئابرو-يى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا پايدىلانغىلى بولىدۇ.

3) ئوبيېكتىپ ئۇسۇلى

بىۋاسىتە ئۆلچىگىلى بولىدىغان ئوبيېكتىپ ئۆلچەم (مەسى-لەن، كىرىم، تەربىيىلىنىش دەرىجىسى قاتارلىقلار) دىن پايدىلى-نىپ كىشىلەرگە قارىتا تۈرگە ئايرىش ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتى-دۇ. سۇبيېكتىپ ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى سەۋە-بىدىن، بۇ ئۇسۇلنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ.

ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، تەبىقىگە قا-رىتا تەھلىل ئېلىپ بارغاندا، كىشىلەر دائىم كىرىم ۋە بايلىق، كەسىپ، مائارىپ سەۋىيىسى، سالاھىيىتى، ھوقۇقى، ئابرۇيى قاتارلىق ئالتە خىل ئۆلچەمنى تاللىۋالىدۇ.

كىرىم جەمئىيەتتىكى پەرق ئىجتىمائىي قاتلامنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىسى. دۆلىتىمىزدە نۆۋەتتە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تېخى يۇقىرى ئەمەس، ئەمگەك يەنىلا تىرىكچىلىك قىلىشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، كىرىمنىڭ باشقا ئۆلچەملەرگە بولغان تەقەززالىق رولى ناھايىتى روشەن بولىدۇ.

كەسىپنىڭ كىرىم، ئابرۇي قاتارلىق تۈرلۈك ئۆلچەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ. ئىسلاھاتتىن بۇيان، دۆلىتىمىز شەھەر ـ يېزا تەبىقىسىنىڭ ئايرىلىشى، دەل كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپ خىللىشىشى ھەمدە كەسىپ جەمئىيەتتىكى بۆ-لۈنۈش بىلەن ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىلغان.

مائارىپ سەۋىيىسى ئىجتىمائىي ئورۇننى بەلگىلەيدىغان مۇ-ھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئادەتتە، تېخىمۇ كۆپ تەربىيىگە ئىگە بولۇش كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرىراق قاتلىمىغا ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاساسلىق يولىدۇر.

سالاھىيەتنى قاتلامغا بۆلۈشنىڭ ئۆلچىمى سوپىتىدە تاللىۋې-
لىش، نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان شەھەر بىلەن يېزا
ئايرىۋېتىلگەن نوپۇس تۈزۈمى ۋە كادىرلار بىلەن ئىشچىلار پەرق-
لەندۈرۈلىدىغان كادىرلار تۈزۈمى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تور-
مۇشىغا زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن بولغان. سالا-
ھىيەتنىڭ تەقەززاسى دۆلىتىمىزدە تۈزۈم ئارقىلىق ساقلىنىدۇ،
ئادەتتە كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ھوقۇق قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇ-
رۇۋاتىدۇ، ھوقۇق ئاساسىي جەھەتتىن سىياسىي ھاكىمىيەت تەش-
كىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پەن قاتلىمى تۈزۈمىنىڭ تەرەققىي
قىلمىغانلىقى، ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە قارىتا ئۈنۈملۈك نازارەتچى-
لىكنىڭ يېتەرسىز بولۇشى، ھوقۇقنى دائىم بىر خىل ئالاھىدە
ھەممىگە قادىر بايلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي قاتلامدا ئالاھىدە
ئىمتىيازلىق ئورۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

ئابرۇي بىر ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىجتىمائىي تەسىرىدىن دې-
رەك بېرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك دائىم قاتلامغا ئايرىشنىڭ ئۆل-
چىمى قىلىنىدۇ. بىراق، قاتتىقراق ئېيتقاندا، ئابرۇي ئۆلچى-
مى يەككە - يېگانە ئەمەس، ئۇ مائارىپ سەۋىيىسى، كىرىم،
ھوقۇق قاتارلىق ئامىللارنىڭ يىغىندىسى، باشقا نۇرغۇن ئامىللار-
نىڭ رېفراكسىيىسى ۋە ئىنكاسى.

يۇقىرىدىكى ئالتە خىل ئۆلچەم ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولى-
دۇ. نۇرغۇن تەجرىبە ۋە تەتقىقاتلار ئىسپاتلىدىكى، بۇ ئۆلچەملەر
ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك باغلىنىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت.

### 3. ئىجتىمائىي تەبىقە تۈرلىرى

تەبىقە ئادەتتە ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى تۈرى،
ئوخشاش بىر سىنىپنىڭ ئىچىدە مال - مۈلۈك ئەھۋالى، ئىجتى-
مائىي ئورنى، تىرىكچىلىك قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ئوخ-

شىئاسلىقى تۈپەيلىدىن ئايرىلغان ئىجتىمائىي گۇرۇھلار، مەسى-
لەن، ئېلىمىزدىكى ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلار سىنىپىنى
ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە تەبىقىگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن
باشقا يەنە، قۇلدارلار سىنىپى ئىچىدىكى ئاقسۆڭەك قۇلدارلار
بىلەن سودا - سانائەت قۇلدارلىرى، بۇرژۇئازىيە سىنىپى ئىچى-
دىكى سانائەت كاپىتالىستلىرى، سودا كاپىتالىستلىرى، پۇل
مۇئامىلە كاپىتالىستلىرى. ئىككىنچى تۈرى، ئوخشاش بولمىغان
سىنىپلار ئىچىدىكى مەلۇم بىر خىل ئورتاق پائالىيەت بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان ئاشۇ بىر قىسىم ئەزالار. مەسىلەن، ھەرقايسى
سىنىپلار ئىچىدىكى زىيالىيلار. ئۈچىنچى تۈرى، ئوخشاش بول-
مىغان سىنىپلارنىڭ ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ
كىشىلەر گەرچە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان مۇناسى-
ۋەت جەھەتتە ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق باشقا مەلۇم بىر ئىج-
تىمائىي ئۆلچەم بويىچە قارىغاندا، ئوخشاش بىر دەرىجىدە تۇرغان
بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر تەبىقە بولۇپ شەكىللەنگەن بولۇشى
مۇمكىن. مەسىلەن، دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىرقىس-
مى بولغان زىيالىيلار تەبىقىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ ئىچى-
دە پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى بار، مەدەنىي - مائارىپ،
سەھىيە خىزمەتچىلىرى بار، باشقۇرغۇچى خادىملار بار. ئۇلارنىڭ
ئىچىدە ھەم ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەزالىرى، دېھقانلار سىنىپى-
نىڭ ئەزالىرى بار، ھەم يەنە باشقا جەمئىيەت ئەزالىرىمۇ بار
بولۇپ، نىسبەتەن مۇرەككەپ. بۇ خىل ھادىسە كىشىلەر ئوتتۇرى-
سىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

# ئۈچىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي يۆتكىلىش

## 1. ئىجتىمائىي يۆتكىلىش دېگەن نېمە؟

ئىجتىمائىي يۆتكىلىش دېگىنىمىز، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىجتىمائىي قاتلام قۇرۇلمىسىدىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش بىر ئىجتىمائىي سىنىپ ياكى قاتلامدىن يەنە بىر سىنىپ ياكى قاتلامغا ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا ئەينى بىر سىنىپىي قاتلامنىڭ ئىچكى قىسىمىدىكى ئورۇن، كەسىپ ياكى ياشاش ماكانى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىش بولۇشىمۇ مۇمكىن.

مەلۇم بىر شەخس نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شەخسنىڭ تۇرۇۋاتقان كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي ئورنى شۇ شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، شۇڭا ئىجتىمائىي يۆتكىلىش دېگىنىمىز، كەڭ مەنىدە ئىيتىلغان ئۇقۇم بولۇپ، شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئورۇن قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، شەخسنىڭ كۆپ قاتلاملىق ئىجتىمائىي ئورنى ئىچىدە، ئادەتتە كەسپىي ئورنى مەيلى جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا بولسۇن، ياكى شەخس ئۈچۈن ئېيتقاندا بولسۇن، ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ھېسابلىنىدۇ، يەنى كەسپىي ئورۇن شەخسنىڭ ئورۇن قۇرۇلمىسىدا ئاساسلىق رول ئوينايدىغان ئورۇندۇر. شۇڭا، ئىجتىمائىي يۆتكىلىش دېگەندە، تار مەنىدە كۆپىنچە شەخسنىڭ كەسپىي ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇۋاپىق بولغان ئىجتىمائىي يۆتكىلىش ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ يۈتكىلىشىنى، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە، ئىجتىمائىي يۈتكىلىش شەخسنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا ئېرىشىشتىكى مۇھىم ۋاستىگە ئايلانماقتا؛ ئۈچىنچىدىن، ئىجتىمائىي يۈتكىلىش شەخسنىڭ ئىقتىدارى ۋە نەتىجىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدۇ، بۇ، شەخسنىڭ يۇقىرى ئۆرلەشتىكى ئاكتىپ روھىنىڭ شەكىللىنىشىگە پايدىلىق بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، ئىجتىمائىي يۈتكىلىش ھەرقايسى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ نىشان جەھەتتە بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

## 2. ئىجتىمائىي يۈتكىلىشنىڭ شەكلى

ئىجتىمائىي يۈتكىلىش مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزەتكەندە، ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1) ئىجتىمائىي يۈتكىلىشنىڭ سەۋەبىگە ئاساسەن، قۇرۇلما خاراكتېرلىك يۈتكىلىش ۋە ئەركىن يۈتكىلىش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

قۇرۇلما خاراكتېرلىك يۈتكىلىش. ئىشلەپچىقىرىش ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كۆپلەپ شەھەرلەرگە يۈتكىلىشى؛ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى سەۋەبىدىن

مەلۇم رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ باشقا رايونلارغا يۆتكىلىشى قاتار-
لىقلار. قۇرۇلما خاراكتېرلىك يۆتكىلىش تاشقى سەۋەب تەسىرى-
دىن بولىدۇ، ئۇ شەخسنىڭ بۇ خىل يۆتكىلىشكە تۇتقان تۇرلۇك
پوزىتسىيىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ.

ئەركىن يۆتكىلىش. شەخسنىڭ ئۆزىدىكى ئىچكى سەۋەبتىن
كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي ئورنىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرسىتى-
دۇ. مەسىلەن، شەخسنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ياكى تاسادى-
پىي كەلگەن پۇرسەت بىلەن ئەسلىدىكى ئورنىدىن باشقا بىر
ئورۇنغا يۆتكىلىشى.

2) ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ يۆنىلىشكە ئاساسەن تىك
يۆنىلىشلىك يۆتكىلىش ۋە گورىزونتال يۆنىلىشلىك يۆتكىلىش
دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

تىك يۆنىلىشلىك يۆتكىلىش. يۇقىرى - تۆۋەن يۆتكىلىش
دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىجتىمائىي قاتلام
قۇرۇلمىسىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشى ياكى تۆۋەنگە چۈشۈ-
شىنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ يۆت-
كىلىش يۇقىرىغا يۆتكىلىش دەپ ئاتىلىدۇ، ئەكسىچە يۇقىرىدىن
تۆۋەنگە قاراپ يۆتكىلىش تۆۋەنگە يۆتكىلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

گورىزونتال يۆنىلىشلىك يۆتكىلىش. كىشىلەرنىڭ ئوخشاش
بىر ئىجتىمائىي قاتلام ئىچىدىكى ئورنىنىڭ پاراللېل يۆتكىلىشى-
نى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل يۆتكىلىشتە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي
ئورنىدا يۇقىرى - تۆۋەنلىك ئۆزگىرىشى بولمايدۇ. مەسىلەن،
مەلۇم بىر زاۋۇت باشلىقىنىڭ تەڭ دەرىجىلىك شىركەتكە بېرىپ
دىرېكتور بولۇشى، مەلۇم بىر ئىنژېنېرنىڭ ئالىي مەكتەپكە بې-
رىپ لېكتور بولۇشى قاتارلىقلار.

3) تاللىۋېلىنغان سېلىشتۇرۇش ئۆلچىمىنىڭ ئوخشىماسلى-
قىغا ئاساسەن، ئىجتىمائىي يۆتكىلىش يەنە ئەۋلاد ئىچىدىكى يۆت-
كىلىش ۋە ئەۋلاد ئارا يۆتكىلىش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەۋلاد ئىچىدىكى يۆتكىلىش. شەخسىنىڭ ھاياتىدىكى بولۇپمۇ خىزمەت ھاياتىدىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ شەخسىنىڭ ھاياتىدىكى بىرنەچچە خىزمەت دەۋرىنى، مەسىلەن، دەسلەپكى خىزمەت دەۋرى، توي قىلغاندىن كېيىنكى خىزمەت دەۋرى، پېنسىيىگە چىقىشىنىڭ ئالدىدىكى خىزمەت دەۋرى قاتارلىقلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ.

ئەۋلاد ئارا يۆتكىلىش. ئەۋلاد ئارا يۆتكىلىش پەرزەنتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئىككى ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى يۆتكىلىشنى يەنى پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى تۇرۇۋاتقان سىنىپ ياكى تەبىقە قاتلىمىدىن باشقا سىنىپ ياكى تەبىقە قاتلىمىغا يۆتكىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، جەمئىيەتتىكى سىنىپ ۋە تەبىقىلەر قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى يۈزلىنىشنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ئادەتتە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىغۇچىلارنىڭ سانى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ سانىغا قارىغاندا بارغانسېرى ئېشىپ ماڭىدۇ. شۇڭا بىر ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئوخشاش بىر مەزگىل ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان سىنىپ ۋە تەبىقە قاتلاملارغا تەۋە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۈرلەر ئوخشىمىغان ئۆلچەملەر بويىچە ئايرىپ چىقىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش مۇناسىۋىتىدە ياكى ئۆزئارا قىسمەن ماس مۇناسىۋەتتە بولۇشى مۇمكىن.

## 3. ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ سەۋەبى ۋە شەرتى

مەلۇم بىر كونكرېت جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. بۇ سەۋەبلەرنى تەبىئىي سەۋەب، نوپۇس ئامىلى ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبتىن ئىبارەت ئۈچ

جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1) تەبىئىي سەۋەب

تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىجتىمائىي يۆتكىلىش، كۆپىنچە، ماكان جەھەتتىكى يۆتكىلىش بولۇپ، ئۇ نوپۇس ۋە بايلىقنىڭ قايتا تەقسىم قىلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر، مەسىلەن، يەر تەۋرەش، يانار تاغلارنىڭ پارتلىشى، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ۋە باشقا تەبىئىي ئاپەتلەر تۇپەيلىدىن مەلۇم جايدىكى نوپۇس قىسقا مۇددەت ئىچىدە باشقا جايلارغا يۆتكىلىدۇ. تەبىئىي ئېكولوگىيىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ مەلۇم رايوندا نوپۇسنىڭ ئاستا ـ ئاستا يۆتكىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2) نوپۇس ئامىلى

ئادەملەر تەبىئىي مۇھىتتا ياشايدۇ ھەمدە تەبىئىي بايلىقلارغا (جۈملىدىن يەر، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، كان بايلىقلىرى ۋە سۇ) غا تايىنىپ ھايات كەچۈرىدۇ. تەبىئىي بايلىقلار ئىچىدە بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغىنى يەر بايلىقى بولۇپ، ئۇ بەلگىلىك سىغدۇرۇش كۈچىگە ئىگە. ئەگەر نوپۇسنىڭ زىچلىقى يەر بايلىقىنىڭ سىغدۇرۇش كۈچىدىن ئېشىپ كەتسە، نوپۇسنىڭ سىرتقا قاراپ يۆتكىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نوپۇسنىڭ زىچلىقىنى ئاساسلىقى نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، لېكىن نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى بىۋاسىتە بايلىقنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ. مەلۇم رايوندا نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ھەددىدىن ئارتۇق ئېشىپ كەتسە ياكى تۆۋەنلەپ كەتسە، نوپۇسقا نىسبەتەن بېسىم كۈچى ياكى جەلپ قىلىش كۈچى پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نوپۇسنىڭ يۆتكىلىشى كېلىپ چىقىدۇ.

3) ئىجتىمائىي سەۋەب

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي يۈتكىلىشنى كەلتۈ-
رۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ تۈپكى سەۋەب — ئىجتىمائىي سەۋەبتۇر.
ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇق-
تىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: (1) ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى،
مۇئەييەن ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈ-
رۈلگەن نەرسىلەر. مەسىلەن، ئىجتىمائىي ئورۇن، نام - ئاب-
رۇي، بايلىق قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ يۇقىرىغا قاراپ يۆتكىلە-
شىگە تۈرتكە بولىدۇ، كىشىلەر ئۇلارنى قوغلىشىدۇ. قىممەت
قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى كىشىلەرنىڭ يۆتكىلىش يۆنىلىشىنى ئۆز-
گەرتىۋېتىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگودا بىر مەزگىل «بىلىمنىڭ كې-
رىكى يوق»، «ئادەم قانچىكى بىلىملىك بولسا، شۇنچە ئەكسى-
يەتچى بولىدۇ» دەيدىغان غەيرىي ئىجتىمائىي قىممەت قارىشىنىڭ
هۆكۈم سۈرۈشى نەتىجىسىدە، كىشىلەردە زىيالىيلار قاتلىمىدىن
ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان يۆتكىلىش بارلىققا كەلگەنىدى. (2)
ئۇرۇش، مىللىي كەمسىتىش ۋە مىللىي زۇلۇم. بۇ ئادەتتە كۆپ
ئۇچرايدىغان سەۋەب. نەدە ئۇرۇش ۋە مىللىي زۇلۇم بولسا، شۇ
يەردىن مۇساپىرلار كۆپ چىقىدۇ، مۇساپىرلار مەسىلىسى هازىر-
قى دۇنيادا چوڭ بىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلاندى. (3) ئىج-
تىمائىي ئىسلاھات ۋە ئىجتىمائىي ئىنقىلاب. بۇ سەۋەب ئادەتتە،
جەمئىيەتتە قۇرۇلما خاراكتېرلىك يۆتكىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقى-
رىدۇ. ئىجتىمائىي ئىسلاھات نەتىجىسىدە جەمئىيەتنىڭ سىيا-
سىي، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسى تەڭشىلى-
دۇ، بۇنىڭ بىلەن مۇقەررەر هالدا كىشىلەرنىڭ ماكان ۋە كە-
سىپ قاتلىمىي جەھەتتىكى يۆتكىلىشى كېلىپ چىقىدۇ. جۇڭ-
گودا 1979 - يىلىدىن بۇيان يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي يۆتكىلىش-
لەر بۇنىڭ دەلىلى. ئىنقىلاب جەمئىيەتنىڭ سىنىپىي مۇناسىۋى-
تىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىدۇ، ئىنقىلاب جەريانىدا ۋە ئىنقىلابتىن
كېيىن سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر زور دەرىجىدە تەڭشىلىدۇ، تەڭ-

شەش جەريانىدا، مۇقەررەر ھالدا سىنىپ ئەزالىرىنىڭ يۇقىرىغا ياكى تۆۋەنگە قاراپ يۆتكىلىشى كېلىپ چىقىدۇ. (4) پەن - تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ تۈپ سەۋەبى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان سەۋەبلەرنى، ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ سەۋەب كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئالدىنقى سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي يۆتكىلىشلەر ئايرىم، قىسمەن ۋە ۋاقىتلىق بولىدۇ. ئەگەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بولمىسا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان سەۋەبلەرمۇ بولمايدۇ. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ مەنبەسى — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى.

ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ ئىشقا ئېشىشىدا ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك شەرتلەرمۇ كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. بۇنى ئىجتىمائىي شەرت ۋە شەخسىي شەرت دەپ ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1) ئىجتىمائىي شەرت دېگەندە، ئاساسلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى ۋە مەدەنىيەت - قىممەت قارىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش شەكلىنى بەلگىلەيدۇ. ئېلىمىزنىڭ بۇرۇنقى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمىدە كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەركىنلىكىنى بوغۇپ قويغانىدى، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان ئەھۋالدا زور ئۆزگىرىش بولدى.

ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىدىكى باراۋەرلىك ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنىڭ بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇرۇن يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ نىسبىتى شەھەرلەردىكىدىن كۆپ تۆۋەن ئىدى،

بۇنىڭ سەۋەبى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. شۇڭا شۇنچە كۆپ ئىشىنچە ئەمگەك كۈچى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يېڭى كەسىپي ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئىستىكى شۇنچە كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بولمىغاچقا، يېزىلاردا قاپسىلىپ تۇرۇۋەرگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىمۇ كۆپەيدى، يېزىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ياكى يېزىلار بىلەن شەھەرلەر ئارىسىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىمۇ كۆپەيدى.

مەدەنىيەت قىممەت قارىشىدا ئىجتىمائىي يۆتكىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنى كەسىپ، نام ـ ئابرۇي قارىشى بىلەن ئىجتىمائىي يۆتكىلىش قارىشىدۇر. كەسىپ، نام ـ ئابرۇي قارىشى كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك كەسىپلەرگە بولغان سۇبيېكتىپ باھاسىنى كۆپەيتىدۇ. بۇ باھاغا ئاساسەن ھەرقايسى كەسىپلەر يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك تەرتىپى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلىدۇ. كەسىپ، نام ـ ئابرۇينىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى كىشىلەرنى جەلىپ قىلىش كۈچىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى بەلگىلەيدۇ. كەسىپ نام ـ ئابرۇي قارىشى كەسىپنىڭ مۇھىت شارائىتى، كەسىپنىڭ فۇنكسىيىلىك رولى، كەسىپتىكى مائاش، پاراۋانلىق ئەھۋالى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، دېھقانچىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، سودا ـ سېتىققا سەل قاراشتەك ئەنئەنىۋى ئىدىيە ئۇزۇن دەۋرلەرگىچە كىشىلەرنىڭ كەسىپ تاللاش ئېڭىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. ئىجتىمائىي يۆتكىلىش قارىشى كىشىلەرنىڭ ماكان جەھەتتىكى يۆتكىلىش ۋە ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۇتقان ئاساسىي پوزىتسىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي يۆتكىلىش قارىشى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرايدۇ. ئەنئەنىۋى يېزا ئىگە-

لىك جەمئىيىتىدە، كىشىلەر «ئۆز يۇرتىدىن مېھرىنى ئۈزەل-
مەي»، ياقا يۇرتلارغا كۆچۈشنى خالىمايدۇ. شۇڭا بۇ خىل
جەمىيەتتە ئىجتىمائىي يۆتكىلىش چاستوتىسى تۆۋەن بولىدۇ.
شەخسنىڭ ئىجتىمائىي يۆتكىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاسا-
لىق ئامىل — شەخسنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئىقتىدارى.
مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ نەزەر
دائىرىسى كەڭ، سىرتقى ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى
كۈچلۈك، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇلار ئىجتى-
مائىي مۇھىتقا بولغان ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، تەۋەككۈل
قىلىش روھىغا باي بولىدۇ، شۇڭا ئىجتىمائىي يۆتكىلىش ئۇلار-
نىڭ پۈتكۈل ھايات پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى بولۇپ قالىدۇ.

2) شەخسىي شەرت ئەسلىدە بار بولغان شەرت ۋە ئۆزى
ئېرىشكەن شەرت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئەسلىدە بار بولغان
شەرت، ئادەم تۇغۇلغاندىلا بار بولغان شەرت ياكى تەبىئىي ھازىر-
لىغان شەرتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، يۇرتى، ئائىلە كېلىپ
چىقىشى، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى، جىنسىي، ئىرقى، مىل-
لىتى، يېشى، خاراكتېرى، چىراي شەكلى قاتارلىقلار. ئۆزى
ئېرىشكەن شەرت، شەخسنىڭ ئۆز ھەرىكىتى ياكى تىرىشچانلىقى
ئارقىلىق ئېرىشكەن شەرتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تېخنى-
كىسى، بىلىمى، نەتىجىسى، خىزمەت كەچۈرمىشلىرى قاتارلىق-
لار.

ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە، مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئې-
رىشىشتە، كۆپىنچە ئەسلىي ئۆزىدە تەبىئىي بار بولغان شەرت
ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئەمما، ھازىرقى جەمئىيەتتە كىشى-
لەر ئومۇمەن ئۆزى ئېرىشكەن شەرتكە تايىنىپ مەلۇم ئىجتىمائىي
ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 4 . جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر

ئىجتىمائىي يۆتكىلىش ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1) ئىجتىمائىي يۆتكىلىش خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى. دۆلەت بىر تەرەپتىن، شەخسنىڭ ئەركىن يۆتكىلىشىنى، بولۇپمۇ يېزىلاردىن شەھەرلەرگە كۆچۈشىنى چەكلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ماسلاشتۇرۇپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ كوللېكتىپ خاراكتېرلىك كەسپىي يۆتكىلىش ۋە رايون بويىچە يۆتكىلىشنى تەشكىللىدى. ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، دۆلەت زور كۆلەملىك كوللېكتىپ يۆتكىلىشنى توختاتتى، لېكىن ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى يەنىلا پىلانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى، يېزا نوپۇسىدىن شەھەر نوپۇسىغا ئۆزگەرتىلىدىغان ئاھالىلەرنىڭ سانى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن دۆلەت ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىدۇ.

2) ئىجتىمائىي يۆتكىلىش سىياسىي ئامىلنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرىدى... مەسىلەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى كادىرلارنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشى ۋە زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىشىنى سىياسىي ئامىل كەلتۈرۈپ چىقارغان. تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن كېيىن سىياسىي ئامىلنىڭ ئىجتىمائىي يۆتكىلىشكە بولغان چەكلىمىسى مەلۇم دەرىجىدە ئازايتىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەكتە.

3) يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى سەۋەب ئېلىمىزدىكى ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ دولقۇنسىمان تەكرارلىنىش ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلىدى. ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ ھالىتى ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ.

4) ئىجتىمائىي يۆتكىلىشتە تۈزۈم خاراكتېرلىك چەكلىمە قاتتىق. نوپۇس تۈزۈمى ۋە كادىرلار تۈزۈمى ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنى چەكلەپ تۇرغاچقا، شەخسنىڭ ئەركىن يۆتكىلىشى بىر قەدەر قىيىن.

ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزدە ئىجتىمائىي يۆتكىلىش جانلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزى مەسىلىلەرمۇ بارغانسېرى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. بۇ مەسىلىلەر ئاساسلىق تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

1) ئومۇمىي جەھەتتىكى يۆتكىلىشنىڭ كۆلىمى چوڭ ئەمەس. دۆلەت ئىچىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ كۆچۈش نىسبىتى ئادەتتە 10% تىن يۇقىرى بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ 25%، ئەمما ئېلىمىزنىڭ 1987 ـ يىلىدىكى كۆچۈش نىسبىتى ئاران 3.4%.

2) نوپۇس تۈزۈمى ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىنى توسۇپ كەلدى. نوپۇس تۈزۈمى يېزىلار بىلەن شەھەرلەر، چوڭ شەھەرلەر بىلەن كىچىك شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان چوڭقۇر ھاڭ ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنى توسۇپ قويدى ياكى غەيرىي نورمال ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنى چوڭ شەھەرلەردە نوپۇسقا ئورۇنلىشىش ئىنتايىن تەس بولغاچقا، كىشىلەر چوڭ شەھەرلەردىن يۆتكىلىپ چىقىپ كېتىشنى خالىمايدۇ، نەتىجىدە رېئاللىقتىكى ئىجتىمائىي يۆتكىلىش — يېزىلاردىن شەھەرلەرگە، كىچىك شەھەرلەردىن چوڭ شەھەرلەرگە يۆتكىلىشتىن ئىبارەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاق يۆنىلىشلىك يۆتكىلىش بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن چوڭ شەھەرلەرنىڭ نوپۇس بېسىمى ئېشىپ كېتىپ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

3) كادىرلار تۈزۈمىدە نۇقسان مەۋجۇت بولغاچقا، كادىرلار قوشۇنىدا بەزى ناتوغرا ئىستىللار پەيدا بولدى. بۇنىڭ ئىپادىلىرى: كادىرلارنىڭ گورىزونتال يۆنىلىشلىك يۆتكىلىشى يوق دېيەرلىك بولۇپ، ئاسانلا تار مەھەللىۋازلىق ۋە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت تورى شەكىللەندۈردى؛ كادىرلار ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا، يۇقىرىغا ئۆرلەشلا بولۇپ، تۆۋەنگە چۈشۈش بولمىغاچقا، قوش يۆنىلىشلىك يۆتكىلىش ئاز بولدى، بۇنىڭ بىلەن كادىرلار ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولۇش، ئورگانلار كېلەڭسىز بولۇش ئەھۋالى ۋە بيۇروكراتلىق پەيدا بولدى.

4) شەھەرلەردە كەسىپ بىلەن پاراۋانلىق بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى ۋە مۇقىم ئىشچى شەكىلدىكى ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدارىلەر ئارا يۆتكىلىشىنى بوغۇپ قويدى.

ئىجتىمائىي يۆتكىلىش جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم شەرتى. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە ئىجتىمائىي يۆتكىلىش تېخى دېگەندەك جانلىق ئەمەس. بىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تىرىشىپ زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەڭشەپ، ئىجتىمائىي يۆتكىلىشكە تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

## بەشىنچى باب

# ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ۋە خاسلىقى

بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇش سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن ئالدىنقى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ سەپتىن چېكىنىشى ۋە ئۆلۈشى نەتىجىسىدە بوش قالغان ئورۇنلارنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەر بىلەن تولدۇرۇپ تۇرمىسا بولمايدۇ. دېمەك، جەمئىيەتتىكى يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئىچىدە بىر شەخس بولۇش سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان ئادەم قانداق قىلىپ جەمئىيەت ئەزاسى سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، تەدرىجىي ھالدا ئالدىنقى ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشتا شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى دېگەن مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ مەسىلىنىڭ بىرقانچە تەرەپلىرىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. پاراگراف ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى

### 1. ئادەم ۋە ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى

ئادەم دېگەن نېمە؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە پەيلاسوپلار، ئىجتىمائىي مۇتەپەككۇرلەر ئارىسىدا تۈرلۈك چۈشەنچىلەر مەۋجۇت. ماركس مۇنداق دەپ ئېيتىدۇ: «ئادەمنىڭ ماھىيىتى ھەرگىز يەككە ئادەمدە ئەزەلدىن بار بولغان

ئابستىراكتنى نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۇ رېئاللىقتىكى بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدۇر.»[1] ماركسنىڭ بۇ يەكۈنى ئادەمنىڭ ماھىيىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ماھىيىتىنى پەلسەپە جەھەتتە چۈشىنىشىمىزدىكى تۈپكى يېتەكچى ئىدىيە بولۇپ قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتشۇناسلىقتا ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تەھلىل قىلىشىمىزدىمۇ تۈپكى يېتەكچى ئىدىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى تەھلىل قىلغان چاغدا، ئۇنى تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپ بويىچە چۈشىنىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، ئادەم جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى، جەمئىيەتتىكى ئوبيېكت. (1) ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئېلىپ ئېيتساق، «ئەمگەك — ئادەمنى ياراتقان» ئادەم پەقەت ئىجتىمائىي ئەمگەك ئاساسىدىلا ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئادەمگە ئايلىنالىغان. ھايۋانات دۇنياسىدىن پەرقلىنىدىغان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن. ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۆزىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە تەربىيىلەپ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان. شۇڭا ئادەمنى جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى، جەمئىيەتتىكى ئوبيېكت دەيمىز. (2) يەككە ئادەمنىڭ تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ئىنسانلار ئىچىدىكى ھەربىر يەككە ئادەم دۇنياغا تۆرەلگەن ھامان ئۇ ئالدىن تەييارلانغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە شۇنداقلا ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە دۇچ كېلىدۇ. مانا بۇ جەمئىيەتنىڭ ھەربىر يەككە ئەزاسىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن تەييارلاپ بەرگەن تارىخىي شەرت ـ شارائىتتۇر. جەمئىيەتنىڭ ھەربىر يەككە ئەزاسى بۇ تارىخىي شەرت ـ شارائىتقا

---

[1] «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 1 ـ توم، 18 ـ بەت.

بويسۇنۇشقىلا بولىدۇ. ئۇنى ئۆزى ئەركىن تاللىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇلار مۇشۇ خىل رېئال تارىخىي شارائىت ئاستىدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇشىلا كېرەككى، ھەرگىز ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسى بويىچە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ياكى ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتىشكە بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئادەم جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئارزۇسى، ھېسسىياتى، ئادىتى، ئىرادىسى، مىجەزى ۋە خاراكتېرى قاتارلىق ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە ئامىللىرىمۇ تارىخنىڭ ئۇلارغا تەييارلاپ بەرگەن ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ئىجتىمائىي شەرت - شارائىتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. ئۇلارغا دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. دەل مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەنى ئەڭ تۈپكى مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بەلگىلىك ئاڭغا ۋە مەقسەتكە ئىگە كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشىدىن پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا تەبىئىي ھادىسىلەرگە ئوخشاشلا قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشمۇ ئاخىرقى ھېسابتا تەبىئىي بىر تارىخىي جەريان بولۇپ قالىدۇ. ئادەم جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى، جەمئىيەتتىكى ئوبيېكت ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئادەم جەمئىيەتنى ياراتقۇچى، جەمئىيەتتىكى سۇبيېكت. بۇنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس. ئالدىنقى مەزمۇندا بىز ماركسنىڭ «جەمئىيەت — مەيلى شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسىنىڭ مەھسۇلى» دېگەن سۆزىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. ماركسنىڭ بۇ سۆزى دەل مۇشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. (1) جەمئىيەتنىڭ ھاسىل بولۇشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر ئۇنى مەيلى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئۈستقۇرۇلما دەپ ئۈچ سىستېمىغا ئاجراتسۇن، ياكى ئۇنى جۇغراپىيىلىك مۇھىت، نوپۇس، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇ-

لى ۋە مەدەنىيەت دەپ تۆت سىستېما ياكى ئادەم، مۇناسىۋەت، مەدەنىيەت دەپ ئۈچ ئامىلغا ئاجراتسۇن، شۇنداقلا بىزنىڭ تەبىئىي مۇھىت، نوپۇس، مەدەنىيەت دەپ ئۈچ ئاساسىي ئامىلغا ئاجرىتىشىمىزدا بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئادەمدىن ئىبارەت بۇ تۈپكى ئامىل ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەم ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتىدىن ئايرىلغان ھەرقانداق ئىجتىمائىي سىستېما ۋە ئامىل ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا بىز جەمئىيەت ئادەمدىن تەشكىل تاپقان، ئۇ ئادەملەر تەرىپىدىن يارىتىلغان بولىدۇ دەيمىز. (2) جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن قارىغاندا، ئادەم جەمئىيەتتىكى ئەڭ جانلىق، ئاڭ پائالىيەتچان ئامىل. ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي ھادىسىنى كۆزەتكەن ۋە تەتقىق قىلغان چاغدا ئادەملەرنىڭ ئىدېئولوگىيىسى بىلەن ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ شۇ ھادىسىگە بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلماي بولمايدۇ. ئادەملەرنىڭ ھېس - تۇيغۇسى، ئىرادىسى، مىجەزى، خاراكتېرى قاتارلىق بىر قىسىم سۇبيېكتىپ ۋە پسىخولوگىيە ئامىللىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تەتقىق قىلماي بولمايدۇ.

كونىلارنىڭ «ئادەم ئادەم بىلەن ياشايدۇ» دېگەن سۆزىمۇ ئىنسانلارنىڭ توپلىشىپ ياشايدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئىجتىمائىيلاشقان تۇرمۇشنى ئۆتكۈزۈش ئىنسانلارغا خاس بىر خىل ئۆزگىچە ھادىسە. ھايۋانلارنىڭ توپلىشىپ ياشىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ توپلىشىپ ياشىشى ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ھايۋانلارنىڭ توپلىشىپ ياشىشى بىر خىل ئىرسىيەتكە ياتىدىغان بىئولوگىيىلىك ھادىسە بولۇپ، ئۇ تەبىئىي ئىقتىداردىن بولىدۇ. شۇڭا ھايۋاناتلار دۇنياسىدا سۇبيېكت ۋە ئوبيېكت مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن، ئادەملەرنىڭ توپلىشىپ ياشىشى بولسا، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئاساسىدىكى پائالىيەتچانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ توغما ئىقتىدار ئەمەس، بەلكى كېيىن يېتىلدۈرۈل-

گەن ئىجتىمائىي ھەرىكەتتۇر. ئادەملەر توپلىشىپ ياشاش تۇرمۇ- شىنى ياراتقان چاغدا تەبىئەت دۇنياسىغا جەڭ ئېلان قىلىپ ئۇنى ئۆزگەرتىدۇ ۋە ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. دې- مەك، ئادەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ سۇبيېكتى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىغا ھوكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش سۇبيېكتىنىڭ بۇ خىل پائالىيەتچان رولىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى ئىل- مىي ھالدا شەرھىيلەپ بەرگىلى بولمايدۇ.

ماركس «ئادەم مۇھىتنى يارىتىدۇ. مۇھىت ئادەمنى يارىتى- دۇ»[1] دەپ ئېيتىدۇ. جەمئىيەتتىكى سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكتتىن ئىبارەت بۇ خىل زىددىيەتنىڭ بىرلىكى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ئورنىدۇر. ئادەمنىڭ ئى- جادىي خاراكتېرىدىكى ئىجتىمائىي تارىخىي پائالىيىتى ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بې- رىش، جەمئىيەتتىكى سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكتنىڭ دىئالېكتىكى- لىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئىگىلەش ئىلمىي جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئەڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ئادەمنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ۋە ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى

ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يەنى ئۇنىڭ تەبىئىي خۇ- سۇسىيىتى ۋە ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىنى ئىبارەت ئىككى جە- ھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

1) ئادەمنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى

ئادەم تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىر مەۋجۇدات بولۇش سۈپىتى

---

[1] «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 1 ـ توم 43 ـ بەت.

بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر ئەزاسى. ئادەمدىمۇ باشقا ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەبىئىي توغما قابىلىيەت بولىدۇ. بۇ خىل تەبىئىي قابىلىيەت ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ئاچلىق - توقلۇق، ئۇسسۇزلۇق، شەرتلىك رېفلېكس، ئەر - ئاياللىق ئارزۇ - تەلپى قاتارلىقلار ئادەمنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى، ئادەمنىڭ بىئولوگىيىلىك ئورگانىزمىدىكى ئىقتىدارىدا كۆرۈلىدىغان تەبىئىي خائىش بولۇپ، ئۇمۇ بىئولوگىيىلىك ئورگانىزملاردا بولىدىغان ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنىدۇ. ئەمما، ئادەم بىلەن ئادەتتىكى ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى نوقۇل بىئولوگىيىلىك كۆزقاراش بويىچىلا ئوخشاش تەھلىل قىلىشقا بولمايدۇ. ئادەمنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ئادەتتىكى ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى (1) ئادەمنىڭ ھاياتلىقنى داۋام ئەتتۈرۈشى، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىغا ئىگە بولۇش ئۇسۇلى ھايۋانلارنىڭ ئۇسۇلى بىلەن پرىنسىپ جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. ھايۋانلار پەقەت ئۆز ئورگانىزم ئىقتىدارىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تەبىئىي قابىلىيىتىگە تايىنىپ تەبىئەت دۇنياسىدىن تەييار ئوزۇقلۇق ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى نوقۇل ھالدىكى ئورگانىزم رول پائالىيىتىدىن ئىبارەت. ئادەم بولسا، ئۆز ئورگانىزمىنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىلىم ئۆگىنىش، تېخنىكا ئىگىلەش، ئەمگەك قوراللىرىنى ياساش ۋە ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا ئۆزىگە خاس بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆز ھاياتلىقىغا كېرەك بولغان ماددىي نېمەتلەرنى ئالىدۇ. (2) ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ئىرسىيەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مۇقىم ھەرىكەت فورمىسىغا ئىگە. ئادەملەرنىڭ ھەرىكەت فورمىسى ئاساسەن كېيىن پەيدا بولغان بولۇپ، ئىجتىمائىي شارائىت ئىچىدىكى ئىجتىمائىي تەربىيە كۈچىدىن شەكىل-

لىنىدۇ. (3) ئادەمنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ئىدراكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ھايۋانلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى پۈتۈنلەي تەبىئىي قابىلىيەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. ئادەم ئەقىل - ئىدراك ئارقىلىق ئۆز ئورگانىزمىنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجىنى مۇۋەييەن ئىجتىمائىي قائىدە يول قويغان دائىرە ئىچىدىلا قانائەتلەندۈرىدۇ ۋە چەكلەيدۇ. ھايۋانلار مۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى پۈتۈنلەي ئەسلىدىكى ھايۋان تەبىئىتى بويىچە بولىدۇ.

2) ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى

ئادەم ئىجتىمائىي مەخلۇق، ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەت ئادەم بىلەن ھايۋان' ئوتتۇرىسىدىكى تۈپكى پەرق. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئادەملىكىنى مۇجەسسەملەشتۈرىدىغان تۈپكى سۈپەتتۇر. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەرگە يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ.

(1) ئادەم ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسىيالايدۇ ۋە ئىشلىتەلەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. ئەمگەك — ئادەمنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەمەلىي پائالىيىتى شۇنداقلا ئەڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى.

(2) ئادەمنىڭ پائالىيىتى، مەيلى تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش پائالىيىتى بولسۇن، مەيلى باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدىكى ئوڭچى پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئوڭچى پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىنسانغا خاس بىر خىل ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەت. بۇ خىل ئوڭچى پائالىيەت ئاساسىدىلا ئىنسانلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ.

(3) ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى قائىدىلاشقان ئىجتىمائىي فورمىدۇر. بۇ خىل قائىدىلاشقان ئىجتىمائىي فورما ئىنسانلارنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا تەدرىجىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەكىللەنگەن ۋە توپلانغان بولۇپ، جەمئىيەت تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ھەممە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەر-دۇر. جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى جەمئىيەتكە كىرىشتىن ئىل-گىرىلا جەمئىيەت ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر يۈرۈش ئۇنۇملۇك ھەرىكەت فورمىسى تەييارلاپ بەرگەن بولىدۇ. ئۇ چوقۇم مۇشۇ ئىجتىمائىي ھەرىكەت فورمىسىغا ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك. ئىجتىمائىي ھەرە-كەت فورمىسى ئادەمنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى بو-لۇپ، ئادەم ئىجتىمائىي ھەرىكەت فورمىسى ئىچىدىلا ياشايدۇ. ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

(4) ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى يەنە ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي سالاھىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەم مۇئەييەن خاراك-تېرگە، ئاڭغا ھېسسىيات پوزىتسىيىگە ۋە مۇئەييەن قىممەت كۆزقارىشىغا ئىگە شەخس بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتتە مۇئەييەن ئىج-تىمائىي رول ۋە ئورۇن ئالغان بولىدۇ. ئادەمنىڭ بۇ خىل سالاھىيىتى ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى ئىجتىمائىي شەكىل ھې-سابلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولى باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئىچىدە شەكىللىنىدۇ ۋە ئىپادىلىنىدۇ. جەمئىيەت بولمىسا ئادەم بولمايدۇ، ئادەم جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئادەمنىڭ قىممى-تى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. جەمئىيەتكە نىسبەتەن يەككە ئادەم مۇستەقىل فۇنكسىيىلىك بىرلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ھۈجەيرىسى. خۇددى ماشىنىنىڭ بىر تال ۋىنتىسىغا ئوخشاش جەمئىيەتتىن ئايرىلسا مۇستەقىل بىر خىزمەتنى ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭا ئادەمنىڭ رولى ۋە قىممىتىگە باھا بەرگەندە، ئوبيېكتىپ پاكىتقا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلمىي پوزىت-سىيىدە بولۇشىمىز كېرەك.

ماركسىزمچە جەمئىيەتشۇناسلىق كۆزقارشى بويىچە، ئادەم-

نىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى تاما-
مەن بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئىككى خىل نەرسە
ئەمەس، بەلكى بۇ ئىككىسى ھەم پەرقلىق، ھەم باغلىنىشلىق
بولىدۇ. بىر - بىرىنى شەرت قىلىپ، ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتى-
دۇ. ئادەم ھەم تەبىئىي خۇسۇسىيەت، ھەم ئىجتىمائىي خۇسۇسى-
يەتتىن ئىبارەت دىئالېكتىكىلىق بىرلىك ئىچىدە مەۋجۇت
بولىدۇ.

## ئىككىنچى پاراگراف ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى

### 1. ئىجتىمائىيلىشىش چۈشەنچىسى

ئىجتىمائىيلىشىش دېگىنىمىز، جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي بىر
ئادەمنى مۇئەييەن بىر خىل ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى-
لايدىغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قاتنىشىپ بەلگىلىك رول -
ھەرىكىتىنى ئادا قىلالايدىغان ئىجتىمائىي ئادەمگە ئايلاندۇرۇش
جەريانىنى كۆرسىتىدۇ شۇنداقلا تەبىئىي بىر ئادەمنىڭ مۇئەييەن
ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە باشقىلار بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئالاقە
قىلىش داۋامىدا تەدرىجىي ئۆزى ئۆزىنى تونۇپ يېتىپ ۋە ئىجتىما-
ئىي مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىپ جەمئىيەت ئەزاسى بولۇش سالاھى-
يىتىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدۇر. قىسقىسى ئىجتىمائىيلى-
شىش مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى ئۆگىنىش ۋە تارقىتىش
جەريانى ھېسابلىنىدۇ.

بىز بۇ يەردە جەمئىيەتنىڭ شەخسنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش
ۋە شەخسنىڭ ئۆزى ئۆزىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشىدىن ئىبارەت
ئىككى مەسىلىگە يولۇقىمىز. ئىجتىمائىيلىشىش شەخس بىلەن
جەمئىيەتتىن ئىبارەت ئىككى كۈچ ئۆزئارا رول ئوينايدىغان جەر-
يان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بۇ ئىككى كۈچنىڭ بىرىكى-

شى ئارقىلىق بولىدۇ. بۇنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن چۈشەندۈ-رۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، ئادەم جەمئىيەتتىكى سۇبيېكت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرىدۇ شۇنداقلا ئادەم جەمئى-يەتتىكى ئوبيېكت بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىجتىما-ئىيلاشتۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. مەيلى پىلانلىق، ئاڭلىق هالدا ئې-لىپ بېرىلغان ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى بولسۇن، ياكى پىلان-سىز، ئاڭسىز هالدا ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى بولسۇن، بۇلارنىڭ هەممىسى جەمئىيەت بىلەن شەخسنىڭ ئىبا-رەت ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا رولىدىن بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئىچىدىكى قايسى بىر تەرەپ كەم بولسا، ئىجتىمائىيلىشىش ۋۇ-جۇدقا چىقمايدۇ.

ئىككىنچى، بىر ئادەم توغۇلغاندىن كېيىن مۇرەككەپ بىر ئىجتىمائىي مۇهىت ئىچىدە ياشاشقا باشلايدۇ. هەرقانداق دەۋرد-كى جەمئىيەت تۈرلۈك چارە ــ تەدبىرلەر بىلەن ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنى شۇ جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ئەزاغا ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇ شەخسنىڭ ئۆزىمۇ هەر ۋاقىت دائىم دېگۈدەك ئۆزى ياشاۋاتقان شۇ مۇهىتقا قارىتا ئۆزىگە خاس بولغان ئۇسۇلدا تۈرلۈك ئىنكاس قايتۇرۇپ ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى شۇ شەخس ياشاۋاتقان مۇ-هىتنىڭ ئۆزىگە بولغان تەسىرىگە باغلىق هەم شۇ شەخسنىڭ ئەتراپىدىكى مۇهىتقا قايتۇرغان تەسىرىنىڭ هەرىكەت ئۇسۇلىغا باغلىق بولۇپ قالىدۇ.

## 2. ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ زۆرۈرىيىتى

ئادەمنى نېمە ئۈچۈن ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش كېرەك؟ دېگەن بۇ مەسىلىگە كەلسەك، ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى مۇنداق

ئىككى جەريانغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرى، تەبىئىي ئۆسۈش جەريانى؛ يەنە بىرى، ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى.

ھەربىر ئادەمنىڭ تۆرەلمە مەزگىلىدىن تارتىپ جەمئىيەت تۇرمۇشىغا ئارىلاشقۇچە بىر تەبىئىي ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى بولىدۇ، بىر ئادەم ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز بولغان جانلىقلار تۈرىدىكى شەخستىن (تەبىئىي ئادەمدىن)، لاياقەتلىك جەمئىيەت ئەزاسىغا ئايلىنىشتا، ئاشۇ جەمئىيەت ئۇزۇندىن بۇيان توپلىغان بىلىم، ماھارەت ۋە قائىدىلەرنى تەدرىجىي ئۆگىنىپ، جەمئىيەتتە نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈش سالاھىيىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ، بۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىنى يارىتىش جەريانى بولىدۇ. بۇ ئىككى جەريان ھەرگىز بىر - بىرىدىن كەسكىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. بوۋاق بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنلا ئۆسۈپ يېتىلىش بىلەن بىللە ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما بۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنىڭ سىجىللىقى ناھايىتى ئاجىز، ئاستا بولىدۇ. بۇ جەريان ئاساسەن يەنىلا فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى بولىدۇ. تەبىئىي ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى نەتىجىسىدە جەمئىيەتكە يېقىندىن ھاياتلىق ئورگانىزمى يارىتىلىپ، مۇشۇ ئاساستىلا، ئاندىن ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنىڭ مەقسىتى تەبىئىي بىر ئادەمنى ئىجتىمائىي بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر بۇ جەريان بولمىسا، ئادەم ھەقىقىي ئادەم بولالمايدۇ. ناۋادا بىر ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن كىشىلىك دۇنياسىدىن ئايرىۋېتىلسە، ئۇ ئۆسۈپ چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدىكى ئادەم بولالمايدۇ. ئىنسان تەبىئىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. دېمەك ئادەم جەمئىيەتنىڭ لاياقەتلىك بىر ئەزاسى بولۇشى ئۈچۈن، ئىجتىمائىيلىشىشتىن ئىبارەت مۇشۇ جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك. جەمئىيەتمۇ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەندىلا، ئاندىن ئىنسانلار جەم-

ئېيتىمنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

ئىجتىمائىيلىشىش — ئادەمنىڭ ئېھتىياجى، مۇھىت ۋە تەربىيىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدىن ئىبارەت. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئاساسەن ئىككى تۈرلۈك ئېھتىياجى بولىدۇ. بىر تۈرى، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىرقى تەرەققىياتى جەريانىدا ھاياتلىقنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىرقىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، شەكىللەندۈرگەن مەلۇم شەيئىلەرگە بولغان ئاساسىي ئېھتىياج. مەسىلەن، ئوزۇقلۇق، ئۆزىنى قوغداش ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇش قاتارلىقلارغا بولغان ئېھتىياج. يەنە بىر تۈرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شەكىللەندۈرگەن، بىر دەرىجە يۇقىرى بولغان ئېھتىياج. مەسىلەن، ئىجتىمائىي ئالاقە، ئەمگەك، مەدەنىيەت، پەن، سەنئەت، دىن، سىياسىي تۇرمۇش قاتارلىقلارغا بولغان ئېھتىياج. كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا قانائەتلەندۈرۈلىدۇ ھەم تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ ئارزۇ، مۇددىئا، ھەۋەس، غايە، ئېتىقاد ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىگە تۈرتكە بولىدىغان، ھەم يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىۋاسىتە ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كىشىلەرنىڭ كونكرېت ئېھتىياجى مەلۇم ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى شەرت قىلىدۇ. مۇئەييەن تۇرمۇش شارائىتىدا مۇئەييەن بىر جەمئىيەت ۋە تەربىيە تەلىپى ئاستىدا داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ. شەخسنىڭ ئېھتىياجى — شەخسنىڭ ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىشىدىكى ئىچكى سەۋەب. شەخسنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ھالىتىنىڭ ئىچكى تەلىپى. شەخسىي ھەرىكەتنىڭ داۋاملىق ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

مۇھىت بىلەن تەربىيە شەخسنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى تاشقى سەۋەب. مۇھىت بىلەن تەربىيە شەخسنىڭ ئېھتىياجىدىكى

ئاكتىپ ئامىللارنى بىرلەشتۈرۈپ، شەخسنىڭ روھىي ھالىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شەخسى ئېھ- تىياجدىن كېلىپ چىققان ئاكتىپ پائالىيەت، يەنە كېلىپ مۇ- ھىت بىلەن تەربىيىنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مۇشۇ ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ دىئالېكتىك بىرلە- كى ۋە شەخسنىڭ ئېھتىياجى بىلەن مۇھىت ۋە تەربىيىنىڭ بىر- لەشتۈرۈلۈشى دەل ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ ماھىيىتى. كىشىلەر ئىجتىمائىيلىشىشنى ئەزەلدىن پائالىيەتسىز، پاسسىپ ھالدا قوبۇل قىلغان ئەمەس، چۈنكى شەخسنىڭ ئاكتىپ پائالىيە- تى بولماي تۇرۇپ، مۇھىت ۋە تەربىيىنىڭ تەسىرى بىلەنلا ئىجتىمائىيلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.

دېمەك، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى جەمئىيەتنى تونۇش جەريانىنى شەكىللەندۈرگەنلىك ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان- لىق. كىشىلەر ھامان مۇئەييەن تارىخىي مۇھىتتا ياشايدۇ. ئەمە- لىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى ھەر خىل شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىگە يولۇقىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتلەر مۇقەررەر ھالدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئۇسۇلدا ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئەكس ئېتىدۇ - دە، ئۇلار تەدرىجىي ھالدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئادەم بولۇپ، ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئەندىزىسىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ.

### 3 . ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ ئىمكانىيىتى ۋە شەرت - شارائىتى

ئىنسانلار ئۆز جەمئىيىتى بىلەن مەدەنىيەتنى ياراتتى ھەمدە ئۇنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى: بۇ ئىنسانلار جەم- ئىيىتىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي- لىشىشنى قوبۇل قىلىدىغان بەزى ئالاھىدە شارائىتلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىنسانلار ئىجتىمائىيلىششتا تۆۋەندىكى شەرت - شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە:

1) ئادەم ئىجتىمائىيلىششتا بىئولوگىيلىك ئاساسقا ئىگە

ئادەم گەرچە جانلىقلارنىڭ بىر تۈرى بولسىمۇ، شەخسنىڭ ئۆزى بىر جانلىق ئورگانىزم بولۇش بىلەن جانلىقلاردا بولىدىغان تەبىئىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز ئېھتىياجىنى تەبىئىي خۇسۇسىيەتكىلا تايىنىپ ھەل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئادەم يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ھاياتلىققا ئىگە ئورگانىك جىسىم بولۇپ، ئۇ ئەمگەك قىلىدىغان ئىككى قول، ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان، تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر بولغان چوڭ مېڭە قاتارلىق تەن ساپاسى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئەقلىي ئەمگەككە تايىنىپ تەبىئەتنى پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆزگەرتەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە. ئىنسانلارنىڭ ھەربىر ئەۋلادىدا تۇغۇلغان شەخسنىڭ ئۆزى جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلاتى، ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولغان جانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا جانلىقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىئولوگىيلىك تۈزۈلمىسى، ئىقتىدارى ئادەمدىن ئىبارەت بۇ شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنىڭ بىئولوگىيلىك ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىيلىقنىڭ جىسمانىي ئاساسى بولسا ئىنسانىيەتنىڭ ھەربىر ئەۋلادىنىڭ دەسلىپىدە تۇغۇلغان شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىششنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشىدىكى زۆرۈر ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ.

2) ئادەمنىڭ بىرقەدەر ئۇزۇن ۋاقىتقىچە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان مەزگىلى بولىدۇ

ئادەمنىڭ بىرقەدەر ئۇزۇن ۋاقىتقىچە جىسمانىي جەھەتتە مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان بالىلىق مەزگىلى بولىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر ھالدا ئىجتىمائىيلىششنى قوبۇل قىلىشتىكى مۇھىم شەرتتۇر. ئادەمنىڭ روھى پائالىيەت جەريانى بىلەن جىسمانىي مېخانىزمى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك

تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. ئادەم تۇغۇلۇش بىلەنلا پۈتۈنلەي دېگۈدەك جىسمانىي جەھەتتە ئۆزىنى باشقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئاتا - ئانىسى ياكى باشقا باققۇچىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىگە تايانماي مۇمكىن ئەمەس، دەل تۇرمۇش جەھەتتىكى مۇشۇنداق تايىنىشچانلىق، بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇش بىلەنلا جەمئىيەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى بەلگىلىگەن. ھالبۇكى، جەمئىيەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، جەمئىيەتتىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلماي مۇمكىن ئەمەس. جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى يېتىلىش ئەمچەكتىكى مەزگىلدىن ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى ھەتتا ياشلىق مەزگىلىگىچە سوزۇلىدۇ بولۇپمۇ ئادەم مېڭىسىنىڭ تۈزۈلۈشى 13 — 14 ياشلاردا ئاندىن ئاساسەن يېتىلىدۇ. ئاندىن بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئالىي دەرىجىلىك ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق تۇرلۇك بىلىملەرنى توپلاپ، ئىجتىمائىي ئىشلارغا ۋارىسلىق قىلىپ يېڭى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ ھەم ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشى، ئادەمنىڭ تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش مەزگىلى تەمىنلىگەن تولۇق ئۆگىنىش پۇرسىتىدىن ئايرىلمايدۇ. شەخسنىڭ تايىنىش مەزگىلىدىكى ئۆگىنىش، ئالدى بىلەن ئۆزى ئۆزىنى بىلىش ئۆزىنىڭ مۇھىتتىكى ئورنى ھەم باشقىلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى بىلىش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە باشقىلار بىلەن قانداق ئالاقىدە بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەر خىل پەن - مەدەنىيەتنى ئۆگىنىپ، كەڭ بىلىم ساھەسىگە كىرىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقتىن، ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئۇسۇلى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ مۇشۇ ئۆگىنىشى ۋە ئەمەلىي ئىپادىسى ئارقىلىق تارقىلىپ ھەم تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئادەمنىڭ تايىنىش مەزگىلىدىكى ئۆگىنىشى بىلەن تۇرمۇشى تارىخىي كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ دەپ ئېيتىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولىدۇ.

3) ئادەمدە بىر قەدەر يۇقىرى ئۆگىنىش ئىقتىدارى بولىدۇ

ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارىدا ناھايىتى زور پەرق بولىدۇ. لېكىن، يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئۆگىنىش ئىقتىدارى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. بۇمۇ ئىجتىمائىيلىشىشنى قوبۇل قىلىشتىكى مۇھىم شەرتلەردىن بىرى. ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىگە بولغان تەجرىبە تەتقىقاتى ئۇلاردىمۇ مەلۇم بىلىملەرنى ئۆگىنىپ توپلايدىغان ئىقتىدارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەمما ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارى بىلەن سېلىشتۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ھايۋانلاردا ئابستراكت تەپەككۇر قابىلىيىتى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشى پەقەت يۈزەكى ھالدا ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە دوراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلاردا ئىجادىي كۈچ بولمايدۇ. مەسىلەن، كىچىك شىمپەنزىنىڭ ئۆگەنگەن نەرسىلىرى، ئادەتتە ئوخشاش ياشتىكى بالىغا ئوخشاشلا ياخشى بولىدۇ. ھەتتا بەزى تەرەپلەردە ئوخشاش ياشتىكى بالىدىنمۇ ياخشىراق بولىدۇ. لېكىن، ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ شىمپەنزىنىڭ ئۆگىنىش سۈرئىتى ناھايىتى تېزلا ئارقىدا قالىدۇ. بۇ، ئىنسانلارنىڭ بىلىم ئۆگىنىشى ۋە توپلىشىنىڭ تېزلىنىشچان سۈرئەتتە بولىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىلىم ئۆگىنىش ۋە توپلاش ئىقتىدارىنىڭ باشقا ھايۋاناتلارغا قارىغاندا ئۈستۈن بولالىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب، ئادەم ئەمەلىيەت ئارقىلىق بىلىمنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قارىشى، ئىدىيىسى، مۇددىئاسى ۋە ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ ئۆزىگە خاس چۈشەنچىسىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش سەۋىيىسىگە يېتىدۇ. ئەسلىدە بىر ئادەم باشقىلارنىڭ قانداق قىلىپ ئوزۇقلۇق ئىزدەيدىغانلىقىنى، خۇشاللىقىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى، قانداق قىلىپ خەتەردىن ساقلىنىپ، ئۆزىنى قوغداش قاتارلىق ھەرىكەتلىرىنى

كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزى ئوخشاشلا شۇنداق ئېھتىياجغا ياكى ئوخشاش ھەرىكەتلەرگە دۇچ كەلگەندە دوراپ باقىدۇ. ئۇنۇملۇك بولغان ھامان، ئۇ مۇشۇ ئۇسۇللارنى ئېسىدە ساقلايدۇ. زۆرۈر بولغاندا ئۇنى قايتا ئىشلىتىدۇ. كۆپ تەكرارلىغانسېرى، ئۇنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر تامغا بېسىلىدۇ، تورمۇش تەجرىبىلىرىنى توپ-لاپ ساقلايدۇ. دەسلەپكى ۋاقىتتا بىر ئادەم دائىم باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تاشقى ئىپادىسىنى دوراش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. تور-مۇش بىلىملىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاخىرى باشقىلار-نىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى خىيالىي بىلەن پىلانىنى ئۆزلەشتۈرۈۋا-لالايدۇ، ئۆزى ئوخشاش ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ھامان، ئوخشاش خىيال ۋە پىلان بويىچە سىناق قىلىپ ئىشلەپ كۆرىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا، تاشقى كۆرۈنۈشتىكى ھەرىكەت بىلەن كۆڭلىدىكى پىلان ئۆزئارا بىردەك بولغاندا، ئۆزىنىڭ قارىشى ۋە بىلىمىگە ئايلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىدىكى يېتەكچى ئىدىيىگە ئايلىنىدۇ ھەمدە مۇشۇ ئىدىيىنى ئۆزىنىڭ تورمۇشى بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ، ئادەم پائالىيەتچان سۇبيېكتىپقا ئايلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ بىلىم ئۆگىنىش ۋە توپلاش ئىقتىدارى شۇنداق بىر سەۋىيىگە يېتەلەيدۇكى، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ئالدىن ئويلانغان، پىلانلىق ھالدا مەلۇم نىشانغا قاراپ ئالغا ئىل-گىرىلەيدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى شەخسنىڭ تۇغما قابىلىيىتى، جەمئىيەتنىڭ تەربىيە-سى ۋە شەخسنىڭ تىرىشىشى قاتارلىق ئۈچ تەرەپتىكى ئامىلنىڭ ئۆزئارا تەسىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان، شۇڭا بۇ ئۈچ تەرەپنى ناھايىتى ئوبدان ماسلاشتۇرغاندا، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىغا ياخشى شارائىت يارىتىلغان بولىدۇ.

4) ئادەمدە تىل قابىلىيىتى بولىدۇ

ئادەمنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بو-لۇشى ئۆزىنىڭ تىل قابىلىيىتى ھەم ئۇنىڭدىكى ئىككىنچى سىگ-

ناڭ سىستېمىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تىل ئىنسان-لارغىلا خاس بولغان ھادىسە، ئۇ ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ كىشىلەر كاللىسىدا شەكىللەندۇرگەن تەسەۋۋۇر، ئۇقۇم ۋە ئىدىيىنىڭ سىرتقى ئىپادىسى، ئادەم ئېغىزى ئارقىلىق بولۇپمۇ خەت ياكى بەلگە قاتارلىق تىل شەكىللىرى ئارقىلىق خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ، ئىدىيە ئالماشتۇرىدۇ. شۇڭا، ئادەم تىلىنىڭ ياردىمىدە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى ئۆگىنەلەيدۇ، باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئىگىلەيدۇ. تۇرمۇش بىلىملىرىنى توپلاپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچى قىلىدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىدۇ. تىل شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىدىكى كۈچلۈك قورالى ۋە پېشاڭ. تىلنىڭ بارلىققا كېلىشى تۈپەيلى، ئاندىن ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنىڭ مەزمۇنى بېيىدى. ئىجتىمائىيلىشىشنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى، ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى تېزلىتىلدى.

ئىنسانلار ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمگەك جەريانىدا، تىل ئەزاسىنى، ئاڭلاش قابىلىيىتىنى ۋە چوڭ مېڭىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تۈزۈلمىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى. بۇ باشقا ھايۋاناتلاردا، ھەتتاكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئادەمسىمان مايمۇنلاردىمۇ بولمايدۇ. باشقا ھايۋاناتلارنىڭ تاشقى دۇنياغا ھەم ئىچكى تەسىرگە نىسبەتەن قايتۇرغان ئاۋاز ئىنكاسى بولسا بىر خىل تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولغان تەبىئىي خۇسۇسىيەت ئاساسىدىكى ئىنكاستۇر. قانداقتۇر ئاۋازنى قوزغىغۇچى جىسىمنىڭ ئۆزىگە بولغان جاۋابى ئەمەس، ئەمدى ئىنسانلارنىڭ تىلى بولسا، ئۇ باشقا بىر ئىش. ئوبيېكتىپ تەسىر قىلغۇچى جىسىم كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا تەسەۋۋۇر — ئۇقۇم ۋە ئىدىيىنى شەكىللەندۇرىدۇ. شۇڭا، ئىنسانلار تىلىنىڭ ئىنكاسى ئىنكاس قىلىنغان شەيئىنىڭ ئۆزى بولىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كاللىسىدا ئەكس ئەتكەن نەرسىلەرنى تىل ئارقىلىق بىر - بىرىگە يەتكۈزىدۇ، ئىدىيە ئالماشتۇرىدۇ. بۇلاردىن بىلىۋې-

لىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ تىل قابىلىيىتى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىششىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ئاساس بولۇپ، تىل بولمىسا، ئىجتىمائىي ئالاقىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئىجتىمائىيلىششىش دېگەندىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ تىلى يالغۇزلا يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بىۋاستە ئالاقە قىلىش قورالى بولۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئۇ پەقەت ئېغىز تىلىلا بولۇپ، ئىنسانلار يەنە ئېغىز تىلى ئاساسىدا، يازما تىلنى يەنى خەتنى ئىجات قىلدى. ئېغىز تىلى پەقەت ئاڭلاشقا ياكى سۆزلەشكە بولىدىغان تىلدۇر. خەت بولسا ئاڭلىغان ھەم سۆزلىگەن تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر خىل كۆرۈشكە بولىدىغان تىلدۇر. جىسمانىي مىخانىزمدىن ئېيتقاندا، ئۇ بىر خىل ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان ئىنسانلارغىلا خاس بولغان تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى ھادىسىدۇر. ئېغىز تىلى·ئىشارە، ھېسسىيات بىلەن ھەمراھ بولۇپ كېلىدۇ. ناھايىتى زور دەرىجىدە كۆرۈنۈش خاراكتېرىنى ئالىدۇ. ئەمدى خەتنىڭ ئۇنداق بولۇشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس. خەتنى ئىگىلىگەندە، ئىشلەتكەندە سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپلا قالماستىن، يەنە كىشىلەردىن گەپنى جايىدا قىلالايدىغان، يازالايدىغان، خەت ۋە باشقا بەلگىلەردىن پايدىلىنالايدىغان قابىلىيەت بولۇشنى تەلەپ قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بىر قاتار مۇرەككەپ جەرياندۇر. ئادەم باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ، مۇشۇ جەھەتتىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك چېنىقىشنى باشلايدۇ. كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى يېزىق تىلىدا ئەڭ تولۇق ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئىنچام ھالدا بايان قىلغىلى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ يېزىق تىلى، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئېغىز تىلنى داۋاملىق بېيىتىپ ياخشىلاپ بارىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى پاراگراف ئىجتىمائىيلىششىنىڭ جەريانى

ئىجتىمائىيلىششىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئاساسلىقى باللار ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە تەلىم بېرىپ ئۇلارنى يارلىملىق جەمئىيەت ئەزاسى قىلىپ يېتىشتۈرۈش جەريانىدىن ئىبارەت. ئەمما، ئىجتىمائىيلىششىنىڭ ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا ئىزچىللاشقانلىقى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ئىجتىمائىيلىشىش يالغۇز باللار ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ياش قۇرامىغا يەتكەنلەرمۇ ئۈزلۈكسىز ئىجتىمائىيلىشىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىجتىمائىيلىششى باللار، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىششىغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا تۆۋەندە بىز ئۇنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بايان قىلىمىز.

## 1. باللار ۋە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىششى

بوۋاق مەزگىلى — تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئۈچ ياشقىچە بولغان ۋاقىت، بىر ئادەمنىڭ بوۋاق مەزگىلى بولىدۇ. بوۋاقنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشى چوڭ ئادەمنىڭ بېقىشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشىغا تايىنىدۇ. چۈنكى، بوۋاقنىڭ جىسمانىي ئىقتىدارى تېخى تولۇق يېتىلمىگەن بولىدۇ، بولۇپمۇ ئالىي دەرىجىلىك نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇكەممەل بولمايدۇ، روھىي پائالىيىتى ئەمدىلا باشلىنىش باسقۇچىدا تۇرىدۇ. ئون ئايلىق بولغان بوۋاقنىڭ تىل پائالىيىتى كۆپىنچە بىرىنچى سىگنال سىستېمىسىدىكى شەرتسىز رېفلېكس تەسىرىگە ياتىدۇ. كېيىنچە ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسىنىڭ شەرتلىك رېفلېكس تەسىرى ئارتىدۇ. تىلنىڭ مەزمۇنى تاق سۆزلەردىن تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلىپ كۆپ سۆزلەرگە

ئاندىن يەنە بەزى ئاساسىي جۈملە شەكىللىگە بارغاندىلا، ئاندىن ئاددىي ھالدا دوراشتىن ئۆتۈپ، تىل ئارقىلىق، ئىجتىمائىيلە-شىشنىڭ ئاساسىي شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

بوۋاقنىڭ ئۆزى ئۆزىنى تونۇشى ئىجتىمائىيلىشىشتىكى بىر ئاچقۇچ، يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاق ئۆزى بىلەن باشقىنى پەرقلەن-دۈرەلمەيدۇ، ئۇنىڭدا سۇبيېكتىپ بىلەن مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتى-گە نىسبەتەن بىلىش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئەڭ دەسلەپتىكى بو-ۋاقنىڭ يىغلىشى، كۆپىنچە قورسىقى ئېچىش قاتارلىق جىسمانىي سەۋەبتىن بولىدۇ. ئۇنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلانغاندا چوڭ ئادەم كېلىپ تاماق يېگۈزۈپ ياكى ئەركىلىتىپ قويسا، ئۇ قانائەتلىنى-دۇ. بۇنداق ئەھۋال ئۇزۇنغىچە داۋاملىق تەكرارلىنىۋەرسە، بو-ۋاق ئاستا - ئاستا يىغا ئاۋازىنىڭ ئۆزىگە قانائەت ئېلىپ كېلىدى-غانلىقىنى ئاڭقىرىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قورسىقى ئاچقانلى-قىنى ياكى بىئارام بولغانلىقىنى ھېس قىلغان ھامان يىغلايدىغان بولىدۇ. بۇ چاغدىكى يىغا ئەمدى پۈتۈنلەي جىسمانىي ئىنكاس بولماستىن، بەلكى تىل تەركىبىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بوۋاق ئۆزى بىلەن باشقىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ياكى ئۆزى ئۆزىنى بىلەلەيدىغان بولغاندىن كېيىنلا، ئۆزىنى ئۇنۇملۇك ھالدا ئىجتىمائىيلاشتۇرالايدۇ، بوۋاقنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئەڭ دەسلەپتە جىسمانىي جەھەتتە يېقىنلىشىش ئارقىلىق بولىدۇ، مە-سىلەن، بالىغا يېقىنلىشىش، ئېمىتىش، قۇچاغلاش قاتارلىق جىسمانىي جەھەتتە يېقىنلىشىش ئارقىلىق، بوۋاققا ئۆزى بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بىلدۈرۈلىدۇ. ئانا مېھرى قوبۇل قىلدۇرۇلىدۇ. كېيىن بالا ئاۋاز، ھېسسىيات ئارقىلىق تەربىيە-لىنىدۇ، ئاخىرىدا ئاندىن تىل ئارقىلىق تەربىيىلىنىدۇ.

بوۋاق مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىيلىشىش ئومۇمەن ئائىلىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئائىلىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم فۇنك-سىيىسىنىڭ بىرى. بوۋاق ساددا، ئاق كۆڭۈل كېلىدۇ، بەئەينى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋە باشقا ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بوۋاققا قارىتا ئېلىپ بارغان تەربىيىسى، بوۋاقنىڭ بىر جەمئىيەت ئەزاسى بولۇپ يېتىلىشىدە، چوڭقۇر يىلتىز تارتىدىغان باشلامچىلىق رولىنى ئوينايدۇ.

بالىلىق مەزگىلى — بالىلىق مەزگىل ئۈچ ياشتىن ئالتە ـ يەتتە ياشقىچە بولغان باسقۇچنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سىستېمىلىق مەكتەپ تەربىيىسىنى ئېلىشتىن ئاۋۋالقى مەزگىل بولغاچقا يەنە ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى مەزگىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە بىر ئادەمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خاسلىققا ئىگە بولۇشتەك خاھىشى شەكىللىنىشكە باشلىقى سەۋەبلىك، ئىجتىمائىيلىشىش يېڭى بىر باسقۇچقا كىرىدۇ. بالىلارنىڭ روھىي پائالىيەت جەريانى روشەن، كونكرېت، ئوبرازلىق خاراكتېرنى ئالىدۇ. ئابستراكت ھالدا ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتى بىرقەدەر تۆۋەن بولىدۇ. ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسىنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشى تېخى تەرەققىي قىلمىغان بولىدۇ. تىل ئۆگىنىش جەھەتتە، سۆزلۈك كۆپىيىدۇ، گىراماتىكىنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتى بىلەن تىل ئارقىلىق ئىدىيىسىنى ئىپادىلەش قابىلىيىتىمۇ ئېشىپ بارىدۇ، ئاۋازلىق تىلغا ئادەتلىنىشتىن تەدرىجىي ھالدا ئىچكى ئاۋازسىز تىلغا ئۆتەلەيدۇ.

ئۆگىنىش يېشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى بالىلارنىڭ ئالتە — يەتتە ياشتىن 11 — 12 ياشقىچە بولغان ئارىلىقنى، ئائىلە ياكى بالىلار باغچىسى تەربىيىسىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىسىگە ئۆتكەن باسقۇچنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى چوڭ بۇرۇلۇش مەزگىلى ھەم ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدىكى تېخىمۇ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق سۈپەت ئۆزگىرىشى جەريانىدۇر. سۈپەت ئۆزگىرىش دېگىنىمىز ئۇ ئۈچ خىل مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) بالىلارنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئۇسۇلى، تەشكىللىنىلىقى كەم، زورلاش، خاراكتېرى بىرقەدەر

ئاز بولغان ئائىلە تەربىيىسى ياكى بالىلار باغچىسى تەربىيىسىنى يېتەكچى قىلغان ئىجتىمائىيلىشىشتىن مەقسەتلىك، سىستېمىلىق، تەشكىللىك بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان، زورلاش خاراكتېرى بىر قەدەر كۆپ بولغان مەكتەپ تەربىيىسىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىيلىشىشقا ئۆزگىرىدۇ. مەكتەپ تەربىيىسىمۇ بىر خىل ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت بولۇپ، ئۇ بالىلارغا قارىتا بىلىم، ماھارەت ۋە ھەرىكەت قائىدىسىدىن سىستېمىلىق تەربىيە بېرىدۇ. (2) بالىلارنىڭ روھىي تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەكتەپ تەربىيىسى بالىلارنى تەدرىجىي ھالدا ئۆز تىلىدىن تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى يازما تىلغا ئۆتۈشكە تېخىمۇ ئابستراكت بولغان لوگىكىلىق تەپەككۇرغا ئۆتۈشكە ئۆگىتىدۇ. (3) پىلانلىق، مەقسەتلىك تۈردە بالىلارنى كۆلىمى تېخىمۇ چوڭ بولغان كوللېكتىپ تۇرمۇشقا قاتنىشىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، بالىلارنى ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولغان كوللېكتىپ چېنىقىشقا ئېرىشتۈرىدۇ.

ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى — ئوقۇش يېشىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مەزگىل 11 — 12 ياشتىن 14 — 15 ياشقىچە بولغان باسقۇچنى كۆرسىتىدۇ. ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە، بالىلارنىڭ ئۆزى ئۆزىنى بىلىشى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ. ئاستا - ئاستا ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنىڭ خاسلىق پەزىلىتىنى تونۇيدۇ ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىدىغان بولىدۇ. ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى بىخ مەزگىلى، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەخلاق قارىشىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يېڭى باسقۇچ. ئوقۇش يېشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بالىلار پەقەت پارچە - پۇرات، باغلانمىغان كىشىلىك تۇرمۇش داۋلىلىرىغىلا ئېرىشىدۇ، ئىشنىڭ ئۆزىنىلا سۆزلەشنى بىلىپ، باغلاپ پىكىر قىلالمايدۇ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئابستراكت ھالدا ئومۇملاشتۇرالمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئەقلىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن بىردەك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

14 — 15 ياشقا كەلگەندە، چوڭ مېڭىنىڭ يېتىلىشى ئاساسەن مۇكەممەللىشىدۇ، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىدۇ، بىلىمى ئاشىدۇ. ئاستا - ئاستا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى، ئەھمىيىتى ۋە ئەتراپىدىكى دۇنياغا نىسبەتەن ئومۇمىي كۆزقاراشنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلايدۇ. بۇ مەزگىلنىڭ ئالاھىدىلىكى دۇنيا قاراشنىڭ شەكىللەنگەن مەزگىلى ياكى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، شەكىللەنگەن ئەمما مۇقىملاشمىغان مەزگىلى بولىدۇ، شۇڭا مەكتەپ بىلەن ئائىلە مۇشۇ ياش گۇرۇپپىسىدىكى ئۆسمۈرلەرگە قارىتا دۇنيا قاراش تەربىيىسىنى يۈرگۈزۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. مۇشۇ ياش گۇرۇپپىسىدىكى ئۆسمۈرلەرگە قاتارىتا دۇنيا قاراش تەربىيىسىنى يۈرگۈزۈشتە، كونكرېت جانلىق بولۇش لازىم. مۇشۇ ياشتىكى ئۆسمۈرلەردە، ئابستراكت تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى ۋە قىزىقىشىنىڭ بۇرۇنلا يېتىلگەنلىكىنى، ئەمما تېخى كونكرېت شەيئىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان ھالدا يۇقىرى دەرىجىدە ئابستراكت تەپەككۇر قىلالمايدىغانلىقىنى ئويلىشىش كېرەك.

ياشلىق مەزگىلى — ياشلىق مەزگىلى ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە پىشقان مەزگىلگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يېشى ئادەتتە 14 — 15 ياشتىن 17 — 18 ياكى 20 ياشقىچە بولىدۇ. بەزى پسىخولوگلار ئادەمنىڭ ياشلىق مەزگىلىنى شەخسنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر باسقۇچ دەپ قارايدۇ. ئادەمنىڭ ياشلىق مەزگىلى «ئىككىنچى قېتىم دۇنياغا كېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ ياكى «روھىي جەھەتتە ئەمچەكتىن چىقىش» دەپ ئاتىلىشىدۇ. يەنە بۇ ئادەم بىرىنچى قېتىم دۇنياغا كەلگەندە تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئانا بەدىنىدىن ئاجرايدۇ، ئىككىنچى قېتىم دۇنياغا كېلىشتە ھەرقايسى جەھەتتە ھامىلىق قىلىشتىن ئاجراپ، مۇستەقىل ھالدا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قەدەم قويىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

روھىي جەھەتتە ئەمچەكتىن چىقىش، روھىي جەھەتتە ئانا بەدىنىدىن ئاجراپ تامامەن مۇستەقىل بولغانلىقىنى كۆرستىدۇ.

ياش قۇرامىغا يەتمىگەن ئادەمنىڭ ئادەم بولۇپ يېتىشىشى، بۇ ئادەمنىڭ ياشلىق مەزگىلىدىكى بىر سوپەت ئۆزگىرىشىدۇر. ياشلىق مەزگىلىدە شەخسىنىڭ تۇرمۇش دائىرىسى كېڭىيىدۇ. ئائىلە بىلەن مەكتەپنىڭ يېتەكچى تەربىيىسىنى ئېلىشتىن تاشقىرى، يەنە تېخىمۇ كەڭ بولغان جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئادەمنىڭ دۇنيا قارىشى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ بولغان بولىدۇ. ئادەمنىڭ ماسلىق تەرەققىياتىمۇ قېلىپلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. شۇڭا، ياشلىق مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىيلىشىش ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنىڭ تاماملانغان مەزگىلى بولىدۇ. ياشلار، ئۆسمۈر بالىلىق دەۋرىدىن ياشانغانلار قاتارىغا قوشۇلىدىغان ئۆتكۈنچى مەزگىلدە تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ جىسمانىيىتىدە ھەم ئۆسمۈر بالىلارنىڭ گۆدەكلىكى ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىقتەك كەيپىياتىنىڭ قالدۇقى بولىدۇ، ھەم ياش قورامىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ سوكۇت قىلىش ۋە ئېغىر ـ بېسىق بولۇشتەك مىجەزىنى قوبۇل قىلغان بولىدۇ. ئەمما، تېخىمۇ مۇھىمى ھەم ئۆسمۈر بالىلارغا، ھەم ياش قۇرامىغا يەتكەنلەرگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇنلىغان ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. يەنى غايىلىك، ئىرادىلىك، يېڭىلىق يارىتىشقا جۇرئەتلىك كېلىدۇ. ئەنئەنىۋى قارىشى ئاجىز، مۇتەئەسسىپلىكى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ئەمما، ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى چېنىقىش ۋە تەجرىبىسى كەم بولغانلىقتىن، ياشلارنىڭ ئىدىيىسىدە نۇرغۇنلىغان ئەنسىزلىك ۋە تەۋرىنىش مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن بەزى خام ـ خىياللاردا بولىدۇ، ئۆزى قەدەم قويماقچى بولۇپ تۇرغان ياش قورامىغا يەتكەنلەر جەمئىيىتىدىكى ھەر خىل ئەھۋاللارغا نىسبەتەن گاڭگىراش ھەم چۈشەنمەسلىك ھېس قىلىدۇ. ئىجتىمائىي قىممەت قارىشىنىڭ كۆپ خىللىقى،

www.uyghurkitap.com

ياشلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ ھەمدە تونۇش ۋە تاللاشتىكى قىيىنچىلىقنىمۇ ئاشۇرىدۇ. بولۇپمۇ جەمئىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن مەزگىلدە ياشلارنىڭ ئىدىيۋى زىددىيىتىنى تېخىمۇ قوزغايدۇ. ياشانغانلار ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالماقتا. شۇڭا ياشلارنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىككى ئەۋلاد كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا بولغان قىممەت قارىشى بىلەن تۇرمۇش تەسىراتىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى پەرق، توساق پەردە ھەم قارىمۇقارشىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. پەرق مۇقەررەر ھالدا پەيدا بولىدۇ، ئەۋلادلار ئارا پەرق بولمىسا جەمئىيەت تەرەققىياتىمۇ بولمايدۇ. توساق — پەردىنى كىچىكلەتكىلى بولىدۇ، قارىمۇقارشىلىقتىن ساقلانغىلى ۋە ئۇنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. ياشلار جەمئىيەتنىڭ داۋاملىشىشىدىكى تەبىئىي ۋارىسچىدۇر ھەمدە يېڭى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا يول ئاچقۇچىدۇر. شۇڭا ياشانغانلار ھەم جەمئىيەتتىكى ئېسىل ئەنئەنىلەردىن ياشانغانلارغا تەلىم بېرىش كېرەك، ئارتۇقچە ئەيىبلەش، ھەر خىل ئەمرىمەرۇپلار بىلەن چەك قويۇش ياشلارنىڭ ساغلام ئۆسۈشىگە پايدىسىز بولىدۇ. ياشلارغا قارىتا توغرا ھالدا ئەخلاقىي — ئەقلىي جىسمانىي تەرەپلەردىن تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش مۇساپىسىدىن ساغلام ئۆتۈشىگە ياردەم قىلىش، بىر جەمئىيەتنىڭ جۇشقۇن ھالدا تەرەققىي قىلىش — قىلالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ، ئۇ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر.

## 2. ياش قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىجتىمائىيلىشىشى ۋە تەكرار ئىجتىمائىيلىشىشى

بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلغىنىدىن باشلاپ، بالىلىق مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىيلىشىش ھەم ياش — ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىكى ئىجتىما-

مائىيلىشىش ئارقىلىق، جەمئىيەت ئەزالىرى هازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ئاساسىي بىلىم، تۇرمۇش ماهارىتى ۋە ھەرىكەت قائىدىسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىنلا، تولۇق بىر جەمئىيەت ئەزاسى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا كەلگەندە، شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى تاماملانغان بولامدۇ؟ ئەگەردە ئىجتىمائىيلىشىشنى تار مەنىدە چۈشەنسەك، شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى تاماملانغان ھېسابتا بولىدۇ. ئەگەردە شەخسنىڭ ئۆزىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئۈزلۈكسىز مۇۋاپىقلاشتۇرۇش زۆرۈرلۈكىدىن ئىبارەت مۇناسىۋەتتىن قارىغاندا، شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى تېخى تاماملانمىغان بولىدۇ. شۇڭا داۋاملىق ئىجتىمائىيلىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۈزلۈكسىز ئىجتىمائىيلىشىش ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى بىلەن ياشانغانلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ئادەم ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە، ئىدىيىسى بىرقەدەر قېلىپلاشقان بولىدۇ، مول تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىگە ئىگە بولىدۇ. بەلگىلەنگەن تۇرمۇش يۈنىلىش ۋە بىرقەدەر مۇقىم ھەرىكەت ئەندىزىسى بولىدۇ، ئومۇمەن ئوتتۇرا ياشلىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىيلىشىشنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىش ئاساسەن ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان تۇرمۇش مۇھىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش ئەھۋالى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىي قىلىش ئۆزگىرىش ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. جەمئىيەت تەرەپتىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن ئەھۋالغا ھەر قېتىم دۇچ كەلگەندە، ئۇ ئوتتۇرا ياشلىقلارنى ئۈزلۈكسىز ئىجتىمائىيلىشىپ ئۆزىنى يېڭى تۇرمۇش-

قا ماسلاشتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شەخسىي تەرەپتىن-قارىغاندا، توي قىلىش، بالىلىق بولۇش، كەسىپ كۆچۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى تەجرىبە، بىلىم، پوزىتسىيە ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى يېڭى مۇھىت ۋە يېڭى رولغا ماس كەلمەيدىغان قىلىپ قويۇش مۇمكىن، شۇڭا قايتا ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭدىمۇ ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىجتىمائىيلىششى زۆرۈر بولىدۇ.

ياشانغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، بىر ئۈزلۈكسىز ئىجتىمائىيلىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت. بۇنداق بولۇش ياشانغانلارمۇ ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىششى كېرەك. كونا كۆزقاراش بويىچە يېڭى شەيئىيلەرگە مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياشانغانلارنىڭمۇ ئۆزگە لايىق ئىجتىمائىي بۇرچى بولىدۇ. مەسىلەن، ياشلارنى تەربىيىلەش، بىلىمى بىلەن تەجرىبىسىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش قاتارلىقلار. شۇڭا ياشانغانلارمۇ قايتا ئۆگىنىش، ئۈزلۈكسىز ئىجتىمائىيلىششى كېرەك. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش لازىمكى، ياشانغانلارنىڭ ئىجتىمائىيلىششى ئاساسەن زور مىقداردىكى يېڭى بىلىملەرنى داۋاملىق ئۆگىنىش بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، جەمئىيەت ئۈچۈن مەنىۋى بايلىق توپلاشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئىجتىمائىيلاشقاندىن كېيىن، ئېھتىمال ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى گەرچە ياش قۇرامىغا يەتكەنلەر گۇرۇپپىسىغا ئۆتسىمۇ، ئەمما تېخى جەمئىيەت ۋە كوللېكتىپ ئىچىدە تۇرمۇش كۆچۈرۈش سالاھىيىتىنى ھازىرلىمىغان بولىدۇ. بۇلار ئۆزىدە چاتاق چىققان كىشىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا پەيدا بولغان كېسەللىك ھالىتى ھادىسىسىدۇر. شۇنداق قىلىپ كېسەللىك ھالىتىنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت قايتا ئىجتىمائىيلىشىش مەسىلىسى پەيدا بولىدۇ.

## 3 . قايتا ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش

قايتا ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش بىر خىل زورلاش خاراكتېرىدى-
كى تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش جەريانىدۇر. ئۇنىڭ تەربىيىلەپ ئۆز-
گەرتىدىغان ئوبيېكتى يولدىن چىققان، ئەسكى قىلمىق بىلەن شۇ-
غۇللانغان، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەت-
كۈزگەن كىشىلەردىن مەسىلەن، جىنايەتچىلەردىن ئىبارەت بولى-
دۇ. جىنايەتچىلەرنى قايتا ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش بىلەن ئادەتتىكى
كىشىلەرنى قايتا ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشتا ماھىيەتلىك پەرق مەۋ-
جۇت. ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ئاڭلىق ھالدا
ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمدى جىنايەتچىلەرنى قايتا ئىجتىمائىيلاشتۇ-
رۇش بولسا زورلۇق كۈچ بىلەن رېجىمغا ئالغان شارائىتتا ئېلىپ
بېرىلىدۇ. شۇڭا، قايتا ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ئالاھىدە ئورگان
(مەسىلەن، تۈرمە، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش ئور-
نى، ئىشلەپ ئوقۇش مەكتىپى قاتارلىقلار) ئارقىلىق يۈرگۈزۈلى-
دۇ. قايتا ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئىجتى-
مائىيلاشتۇرماقچى بولغان ئوبيېكتنىڭ بۇرۇنقى دۇنيا قارىشىنى،
تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن ھەرىكەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، جەمئى-
يەت بەلگىلىگەن كۆپ سانلىق ئادەملەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن
كېلىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن ھەرىكەت ئۇسۇلىنى قوبۇل
قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

لېكىن، قايتا ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش يەنىلا تەربىيىلەش تە-
سىرلەندۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت-
نىڭ جىنايەتچىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتىكى فاڭجىنى، قايتا ئىج-
تىمائىيلاشتۇرۇش جەريانى ھەم مەجبۇرىي قوبۇل قىلىشتىن ئاڭ-
لىق تۈردە ئۆز ئىختىيارى بويىچە قوبۇل قىلىدىغان جەريانغا
ئايلىنىدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنداق ئايلىنىشنىڭ ئوتتۇرىغا
چىقىش - چىقماسلىقى قايتا ئىجتىمائىيلاشتۇرغۇچى ئورگاننىڭ
رېجىم ئاستىدا تەربىيىلەش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى-

ىدىكى بىر بەلگىدۇر. مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىزم شارائىتىدا، سوتسىيالىزملىق تۇرمۇش ئۇسۇلى قوبۇل قىلىنىدۇ. كوللېكتىۋىزملىق ئىدىيە بىلەن كوممۇنىستىك ئەخلاق سىڭدۈرۈلىدۇ. بۇ ناھايىتى مۇشكۈل بىر ۋەزىپە، ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىم تەكرارلىنىش ۋە ئەگرى - توقايلىق بولۇپ تۇرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا، ئاز ساندىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەر قايتا ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. بۇ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىققان مۇھىم مەسىلە. قايتا ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى تۈپ ئاساسىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ياش ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، جەمئىيەتكە تېخىمۇ كۆپ ياراملىق ئەزالارنى يەتكۈزۈپ بېرىشىمىز لازىم.

## تۆتىنچى پاراگراف خاسلىق

### 1. خاسلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى

ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئۇ ئانا قورسىقىدىن چۈشكەندە پەقەتلا جانلىقلار خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان بوۋاقنى تەدرىجىي ھالدا تەربىيىلەپ ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش جەريانىدىن ئىبارەت. ئەمما، ئىجتىمائىيلىشىش نەتىجىسىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ئەزالار، تامامەن بىردەك بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى پەرقلىق بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىجتىمائىيلىشىش جەمئىيەتنىڭ شەخسنى تەربىيىلەپ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئۆگىتىپ، جەمئىيەت ئەزاسى سالاھىيىتىگە ئېرىشتۈرۈش جەريانى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەخسنىڭ ئۆگىنىش ئارقىلىق جەمئىيەت بىلىملىرىنى توپلاپ، ئۆزىنىڭ خاسلى-

قىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم شەكىللەندۇرۇش جەريانى.
خاسلىق دېگىنىمىز، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى جىسمانىي تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ئاساسىدا، مۇئەييەن ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىت ئاستىدا، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە چېنىقىش ۋە تاۋلىنىش ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا شەكىللەندۇرگەن قاراش، پوزىتسىيە، مىجەز ۋە ئادەت قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر ئادەمنىڭ بىرقەدەر مۇقىم بولغان جىسمانىي روھىي ھالىتى سۈپىتى بىلەن ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. ھەرقايسى دەۋر ھەرقايسى رايون ۋە دۆلەتلەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ ئورتاقلىقى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەم ئۆز خاسلىقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ئوخشاشلا لياڭ شەن كۆلىنىڭ قەھرىمانى بولغان لى كۇي بىلەن سۇڭ جياڭ ئوخشىمايدۇ. ئوخشاشلا جىڭجۇي تىياتىرىدا ئايالنىڭ رولىنى ئالىدىغان ئارتىس مى لەنفاڭ بىلەن شاڭ شياۋيۈنمۇ ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئادەمنىڭ خاسلىقىنى تەتقىق قىلىشنىڭ كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى چۈشىنىشتە ياردىمى بولىدۇ.
ئادەمنىڭ خاسلىقى شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىششىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلغان ھەم شەكىللەنگەن.
ئادەمنىڭ خاسلىقى، بالىلىق مەزگىلدە شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە تاشقى شەيئىلەرنىڭ چەكلىشىگە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى شەخسنىڭ جىسمانىي ئېھتىياجىنىڭ چەكلىنىشىگىمۇ ئۇچرايدۇ. شۇڭا، بالىلارنىڭ خاسلىقى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى پەقەت ئاددىي ھالدا ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بىۋاستە تەلىپى بىلەن ئارزۇسىغا بويسۇندۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بالىلار جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ساغلام تەرەققىي قىلىش ئاساسىدا، مۇھىت ۋە تەربىيىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، تەدرىجىي ھالدا ئۆزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇچراشقان شەيئىلەرگە نىسبەتەن ئەخلاق ئېتىقادى ۋە قىممەت قارىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەمدە دەسلەپكى قەدەمدىكى تېخى مۇقىم بولمىغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بىلەن دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلايدۇ. بۇ بىر ئادەمنىڭ خاسلىقىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى سەكرەشتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ھەرىكىتى شەخسنىڭ بىۋاسىتە ئېھتىياجى بىلەن ئارزۇسىغا بويسۇنۇشتىن تەدرىجىي ھالدا يىراق غايىگە بويسۇنۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. شەخسنىڭ خاسلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، ئادەمنىڭ جىسمانىي تەبىئىي خۇسۇسىيىتى، روھىي ھالىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتى قاتارلىق بىرقانچە تەرەپلەردىكى ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، بىر ئادەمنىڭ خاسلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەم ئۆزىدىكى جىسمانىي ۋە روھىي شەرتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ ھەم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ چەكلىشىگە تېخىمۇ ئۇچرايدۇ.

### 2. ئادەمنىڭ خاسلىق پەرقى ۋە ئىپادىسى

ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا خاسلىق پەرقى بولىدۇ. بۇ خىل پەرق ئادەتتە شەخسنىڭ ھەۋىسى، قابىلىيىتى، مىجەزى، خاراكتېرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1) ھەۋەس. بۇ بىر ئادەمنىڭ مەلۇم بىر شەيئىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش ياكى مەلۇم بىر پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىكى خاھىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر ئادەمنىڭ مەلۇم بىر جەھەتتىكى ئاكتىپلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئادەمنىڭ ھەۋىسى خىلمۇ خىل بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. يەنە بىرى توپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمدى بەزى ئادەملەر بولسا ئۇدا كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزى ئادەملەر بىر مەزگىل كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرمەي ئۆز-

گىرىپ، توپ ئويناشنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئېھتى-
مال بىر ئادەمدە بىرلا ۋاقىتتا كۆپ تەرەپلىمە قىزىقىش بولۇشى
مۇمكىن.

ئادەمنىڭ ھەۋىسى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىدە پەيدا
بولىدۇ ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئادەم ھەر خىل ئىجتىما-
ئىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىدە ھەر خىل ئوخشىمىغان ھەۋەسنى
شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن. مۇنداق ھەۋەسنىڭ بەزىسىنى شەيئىي
ياكى ھەرىكەتنىڭ ئۆزى بىۋاسىتە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسى-
لەن، بىر ئادەم جىگەر ياللۇغى كېسىلىنىڭ ئازابىنى تويغۇچە
تارتقاندىن كېيىن، باشقا ئادەملەرنىڭ جىگەر ياللۇغى ئاغرىق
ئازابىنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئۇ ناھايىتى چوڭ ھەۋەس بىلەن
جىگەر ياللۇغى كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشنى تەتقىق
قىلىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ھەۋىسى ۋاسىتىلىك
ھالدا قوزغىتىلىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئادەم ئەسلىدە ماركا
يىغىشقا قىزىقمىسا، ئەمما ماركا يىغقۇچى ئادەم بىلەن يېقىنلاش-
قاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆزىدە ماركا يىغىش ھەۋىسىنى
يېتىلدۈرۈشى مۇمكىن.

ھەۋەس—ھەرىكەتنىڭ بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى.
ئادەمدە مەلۇم بىر خىل ھەۋەس پەيدا بولغان ھامان ئۇيقۇ ۋە
تاماقنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا مەلۇم بىر ئىشنى قىلىدۇ. ھەۋەسنى
تەربىيىلىگىلى، ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ھەۋى-
سى ئاسانلا پەيدا بولۇپ، يوقاپ تۇرىدۇ. تەۋرىنىپ ئۆزگىرىپ
تۇرىدۇ. بۇنداق بولۇش ياشلاردا ناھايىتى چوڭ ئېلاستىكلىق
خۇسۇسىيەت ۋە ناھايىتى كۈچلۈك قىزىقىش ئىستىكى بولىدىغان-
لىقىدا، قىزىقىش ئىستىكى بىر خىل كەيپىيات تۇسىنى ئالغان
بىلىش خاھىشىدۇر. ئۇ جىم تۇرمايدىغان، تولا سورايدىغان،
غەلىتە نەرسىنى ئىزدەيدىغان، يېڭىلىق يارىتىش ئارزۇسى كۈچ-
لۈك بولۇش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. قىزىقىش ئىستىكى ئو-

قوش يېشىدىن بۇرۇنلا پەيدا بولىدۇ. مەلۇم ياش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. ئوقۇش يېشىدىن بۇرۇن ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدا، قىزىقىش ئىستىكى ئاساسەن تولا سوراشتا ئىپادىلىنىدۇ، ئۇلار ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك قالدۇرماي ئۇ نېمە، نېمە ئۈچۈن دەپ سوراپ باقىدۇ. بۇ خىل قىزىقىش ئىستىكى بالىلارنىڭ بىلىشكە تەشنا بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگە كەلگەندە قىزىقىش ئىستىكى ئۆگىنىشنى چۆرىدىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆزى مېڭە ئىشلىتىپ قول سېلىپ ئىشلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاستا - ئاستا مەلۇم بىر جەھەتتىكى قىزىقىشنى يېتىلدۈرىدۇ، مەسىلەن، خەت يېزىشنى رەسىم سىزىشتىن ياخشى كۆرۈش، ئايروپىلان پاراخوت مودېلىغا قىزىقىش، ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرۈش، بۇ مەزگىلدىكى ھەۋەس تېخى قېلىپلاشمىغان بولىدۇ ھەم ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ، مۇھىت ۋە شەخسىي قابىلىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا ئاسانلا ئۆزگىرىدۇ. ياش قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ھەۋىسى بىلەن قىزىقىشى، ئادەتتە ئۇزۇن مەزگىلدە يېتىلىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا، ئادەتتە ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ.

2 ) قابىلىيەت. بۇ ئادەتتە كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. قابىلىيەت ئادەتتىكى ۋە ئالاھىدە دەپ ئايرىلىدۇ.

ئادەتتىكى قابىلىيەت نۇرغۇن خىلدىكى ئاساسىي پائالىيەتلەردە ئىپادىلىنىدىغان قابىلىيەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بەدەن قۇۋۋىتى زېھنىي كۈچى، كۆزىتىش قابىلىيىتى، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، ئابستراكت ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئالاھىدە قابىلىيەت مەلۇم كەسپىي پائالىيەتتە كۆرۈلىدىغان قابىلىيەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ماتېماتىكا قابىلىيىتى، مۇزىكا قابىلىيىتى، ئۇچۇش قابىلىيىتى ھەم مەخسۇس ماھارەت

قاتارلىقلار. ئادەتتىكى قابىلىيەت بىلەن ئالاھىدە قابىلىيەت ئەمە-
لىيەت پائالىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىردەك بولىدۇ. مەلۇم بىر
ئادەتتىكى ئىقتىدار مەلۇم بىر پائالىيەت دائىرىسىدە ئالاھىدە
تەرەققىي قىلسا، ئۇنىڭدا ئالاھىدە قابىلىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى
بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، كۆزىتىش قابىلىيىتى ئەس-
لىدە ئادەتتىكى قابىلىيەتكە ياتىدۇ، ئەمما باش مېخانىك ماشىنىدا
مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ماشىنىنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى
ئىنچىكە جايلىرىنى پەرقلەندۇرەلمەيدىغان ھەم ماشىنىنىڭ ئىش-
لەش ئەھۋالىنى كۆزىتەلەيدىغان سەزگۈر ئالاھىدە كۆزىتىش قابى-
لىيىتىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈش مۇمكىن. ئالاھىدە قابىلىيەتنىڭ
تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئادەتتىكى قابىلىيەتمۇ تەرەق-
قىي قىلىدۇ. مەسىلەن، باش مېخانىك مەشغۇلات جەريانىدا يې-
تىشتۈرگەن ئىنچىكە كۆزىتىش قابىلىيىتىنى باشقا پائالىيەت
دائىرىسىگىمۇ كۆچۈرۈپ كېلىپ، مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلىك بى-
لەن كۆزىتىشى مۇمكىن.

قابىلىيەت شەخسنىڭ جىسمانىي تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ئاسا-
سىدا، ئۆگىنىش ۋە تەربىيىلەش ئارقىلىق ھەم ئەمەلىيەت پائالى-
يىتىدە كوللېكتىپنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن تەجرىبىسىنى
قوبۇل قىلىش ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ ھەم تەرەققىي قىلىدۇ.
ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى مەشھۇر ئەربابلارنىڭ ھەممىسى باش-
قىلارنىڭ نەتىجىسىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۆزىنىڭ قېتىرقىنىپ
تىرىشىشى ئارقىلىق تەرەققىي قىلغان. نيوتون: «ئەگەردە مەن
دىكارغا قارىغاندا يىراقنى كۆرەلىگەن بولسام، ئۇ مېنىڭ گىگانت
ئادەملەرنىڭ مۈرىسىدە تۇرغانلىقىمدىن بولغان» دېگەنىدى. مى
لەنفاڭنىڭ جىڭجۈي سەنئىتىنىڭ پىرى دەپ ئاتىلىشى، ئۇنىڭ
ئالدىنقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ماھىرلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ،
ئۆزى سەنئەت جەھەتتە ئۇنى قېتىرقىنىپ «مى لەنفاڭ ئېقىمى»
دىكى جىڭجۈي سەنئىتىنى ئىجاد قىلغانلىقىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قابىلىيەتنىڭ ئىپادىلىنىشىدىنمۇ بالدۇر ـ كېيىنلىك بولىدۇ. بەزىلەر ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدىلا كۆزگە كۆرۈنىدۇ. بەزىلەر كېيىن بىردىن تالانتلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىدۇ. سۇڭ سۇلالىسىدىكى چوڭ ئەدىب، سۇشۈن 27 ياشقا كەلگەندە ئاندىن غەيرەتكە كېلىپ ئۆگەنگەن؛ چى بەيشى 30 ياشقا كەلگەندە ئاندىن ھەقىقىي تۈردە رەسىم سىزغان. 60 ياشقا كەلگەندە ئاندىن رەسىم سىزىش ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتكەن، مانا بۇ 10 يىل ئىشكىنى ئېتىۋېلىپ، قېرىغاندا ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىپ، بۇرۇنقىسىنى بىراقلا يوققا چىقىرىدىغان بىر خىل «ھۆنەرۋەن» مىجەزدۇر. ئېيىنىشتېيىن تۆت ياشقا كىرگەندە ئاندىن تىلى چىققان. يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاندىن كىتاب ئوقۇيالىغان. يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى، جەمئىيەتتىكى ئىش تەقسىماتى، كەسپىي جەھەتتىكى ئىنچىكە كەسپلىشىش، كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر كەسپىي مۇھىتتا ئۇزۇن مۇددەت تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئادەمنىڭ جىسمانىي روھىي تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى ئىنتايىن مۇھىم بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئادەمنىڭ ھەۋىسى ۋە قابىلىيىتىگىمۇ تەسىر قىلىدۇ.

3) خاراكتېر. خاراكتېر ئادەمنىڭ ھېسسىياتى بىلەن پائالىيىتىدىكى تېز ـ ئاستىلىقىنى، ئاجىز ـ كۈچلۈكلۈكىنى، ھەمدە ھەرىكەتتە چاققان ياكى قاشاڭ بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى روھىي ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئادەتتە دېيىلىپ يۈرگەن مىجەز ـ خۇلق قاتارلىقلار. خاراكتېر پەقەت ئادەمنىڭ خاسلىقىنى مەلۇم تۈسكە ئىگە قىلىدۇ. خاسلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. خاراكتېرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئادەتتە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بەزى كىشىلەر ناھايىتى ئاسانلا ھاياجانلىنىدۇ. بەزى كىشىلەر بىرقەدەر ئېغىر ـ بېسىق كېلىدۇ، بەزى كىشىلەر سالاپەتلىك ۋە ئەدەپلىك كېلىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ مىجەزى چۇس تېرىك-

كەك كېلىدۇ ۋەھاكازالار.

جۇڭگودىن چەت ئەلگىچە، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەممىسىدە خاراكتېرنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تۇرگە ئايرىلىش توغرىسىدىكى تەلىمات مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى مېدىتسىنا ئالىملىرى خاراكتېر تەلىماتىنى بىۋاستە ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ. ئەمما، ئادەمنى ئۇنىڭ ھەرىكەتچان ياكى خۇشاللىق، خاتىرجەملىك دەرىجىسى بويىچە بەش خىل تىپقا بۆلگەن، يەنى ھەرىكەتچان ئىجابىي تىپ، ئىجابىيلىقى كەم تىپ، خۇشال، خاتىرجەم، ئىجابىي، سەلبىي تىپ؛ سەلبىيلىكى كەم تىپ ۋە ھەرىكەت بىلەن جىملىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى ئىجابىي - سەلبىي تىنچلىق تىپى قاتارلىقلار. قەدىمكى دەۋردىكى يونان دوختۇرلىرى كۆندىلىك كۆزىتىش ۋە ئادەم بەدىنىدىكى تۆت خىل بەدەن سۇيۇقلۇقىنىڭ (قان، يېلىمسىمان سۇيۇقلۇق، سېرىق ئوت سۇيۇقلۇقى، قارا ئوت سۇيۇقلۇقى) ھەربىر ئادەمدە ئاز - كۆپلۈكى ئوخشىمايدۇ دېگەن پەزەرگە ئاساسەن، خاراكتېرنى تۆت خىل تىپقا بۆلگەن. يەنى مىجەزى ئالدىراڭغۇ، ھەرىكىتى شىددەتلىك ئۆت سۇيۇقلۇق مىجەز، مىجەزى تېتىك، ھەرىكىتى چاققان كۆپ قانلىق مىجەز، مىجەزى نازۇك، مىجەزى ئېغىر، ھەرىكىتى ئاستا يېلىمشىق مىجەز، ھەرىكىتى قاشاڭ جىمغۇر مىجەز. پاۋلوف ھايۋانات بىلەن ئادەمنى تەتقىق قىلىشقا ئاساسەن، خاراكتېرنى ھايۋانات بىلەن ئادەمنىڭ ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدىغان ئالىي دەرىجىلىك نېرۋا پائالىيىتى تىپلىق ئالاھىدىلىك دەپ قارىغان. ئۇ تۆت خىل ئاساسىي ئالىي نېرۋا پائالىيىتى تىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان: ھاياجان تىپ، تېتىك تىپ، خاتىرجەم تىپ، ئاجىز تىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆت سۇيۇقلۇق مىجەز. كۆپ قانلىق مىجەز، يېلىمسىمان سۇيۇق مىجەز جىمغۇر مىجەزگە باراۋەر كېلىدۇ ھەمدە ساپ تىپ ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. ئادەتتە كۆپىنچىسى ئارىلاشما تىپ بولىدۇ دەپ كۆرسەتتى.

قەدىمكى يوناندا ئىجاد قىلىنغان ئاتالمىش «تۆت خىل سۇ-يۇقلۇق تەلىماتى» نىڭ گەرچە ئىلمىي ئاساسى يېتەرسىز بولسى-مۇ، ئەمما كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇ تۆت خىل خاراكتېر تىپىنىڭ تىپىك ۋەكىلىنى كۆزىتىپ يەتتى. شۇڭا، نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەھلىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئۇدا ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇلماقتا.

ئادەمنىڭ خاراكتېرى خىلمۇ خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئادەمدە قوشۇمچە بىرنەچچە خىل خاراكتېردىكى خۇسۇسىيەت بولىدۇ. بۇ پاۋلوف ئېيتقاندەك ئومۇمەن ھەممىسى ئارىلاشما تىپ بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن بولىدۇ. بىراق، بىرنەچچە خىل خاراك-تېر تەركىبىنىڭ ئارىلاشمىسى ئوخشىمايدۇ، خالاس. كىشىلەر خۇشال بولىدىغان ئىشقا دۇچ كەلگەندە روھىي جەھەتتە جانلىنىپ كېتىدۇ. كەيپىياتى يۇقىرى بولىدۇ؛ بەختسىز ئىشقا يولۇققاندا روھىي چۈشۈپ كەيپىياتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇ خاراكتېرنىڭ ئورتاقلىقى، بۇ خىل ئورتاقلىق ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. لېكىن، مەلۇم بىر خىل خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئادەم، ئوخشىمىغان ئورۇندا، ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆز خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، مەسىلەن، مىجەزى ئالدىراڭغۇ يەنى ئاتالمىش ئوت سۇيۇقلۇق مىجەزى كۈچلۈك بول-غان ئوقۇغۇچى، ئىمتىھان ۋاقتىدا بالدۇرراق قەغەز تاپشۇرۇشقا ئالدىرايدىغان، دوستى بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدە قىلغاندا، خاتىر-جەم ئولتۇرالمايدىغان، تەنتەربىيە مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئال-دىدا ئۆزىنى تۇختىتىۋالالمايدىغان مىجەزنى ئىپادىلەيدۇ.

خاراكتېرنىڭ ئۆزىدە ياخشى - يامانلىق ئايرىمىسى بولماي-دۇ. چۈنكى ھەرقانداق خاراكتېرنىڭ ھەممىسىدە بەزى ئاكتىپ ياكى پاسسىپ يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىش ئېھتىمالى مەۋ-جۇت بولىدۇ. ئۆت مىجەز تىپ خۇشخۇي، باتۇر ئىنتىلىشچانلىققا قاراپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن، ئەمما بىپەرۋا، تېرىككەك

بولۇشمۇ مۇمكىن، كۆپ قانلىق مىجەز تېپ تېتىك، چاققان بولۇشى مۇمكىن. يېنىك، ئەستايىدىل بولماسلىقتا قاراپ تەرەققىي قىلىشىمۇ مۇمكىن. يېلىمىسىمان سۇيۇقلۇق مىجەز ئېغىر - بېسىق، قەتئىي بولۇشى مۇمكىن، سوغۇق مۇئامىلە، تەرسا بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىمۇ مۇمكىن. جىمىغۇر مىجەز خىزمەتتە ئىنچىكە، ئىنتىزامغا بويسۇنىدىغان، ھېسسىياتى چوڭقۇر بولۇپ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن، ئۆزىگە ئىشەنچىسى يېتەرسىز بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىمۇ مۇمكىن.

4) مىجەز. مىجەز كىشىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكىتىدە جەھەتتە ئىپادىلىنىدىغان مەسىلەن، مەيۇس - جىمىغۇر، قەسەر،، بوزەك - ئاجىز بولۇش قاتارلىق بىرقەدەر مۇقىم بولغان روھىي ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ خاسلىقتىكى ئەڭ مۇھىم روھىي ئالاھىدىلىكتۇر. خاسلىقنى پەرقلەندۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم روھىي ئالامەتتۇر. ئادەمنىڭ خاسلىقى مەلۇم ئىدىيە، ئاڭ، ئېتىقاد، دۇنيا قاراشنىڭ تەسىرى ۋە چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئۈزلۈكسىز ھالدا ھەر بىر شەخسنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىگە سىڭىپ كىرىپ، شەخسنىڭ پائالىيىتىگە تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ تەسىرى، بىلىش، كەيپىيات ۋە ئىرادە ھەرىكىتى قاتارلىق، شەخسنىڭ ئىنكاس قىلغۇچى قۇرۇلمىسىدا ساقلىنىپ قالىدۇ. مۇستەھكەملىنىدۇ. مۇئەييەن پوزىتسىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەمدە مەلۇم شەكىلدە شەخسنىڭ ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدۇ، ھەربىر شەخسنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ھەرىكەت ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شەخسنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىققا بولغان مۇستەھكەم پوزىتسىيىسى ھەم مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەت ئۇسۇلى، ئادەمنىڭ روھىي قىياپىتىدىكى بىر گەۋدىلىك تەرىپىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، مانا بۇ مىجەزدۇر.

مىجەز خاسلىقتا روشەن ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان روھىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالاھىدىلىك بولغانلىقتىن، ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا ئوخ-
شىمايدىغان ئالاھىدىلىكىنى يېتەرلىك دەرىجىدە پەرقلەندۈرىدۇ.
مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەدىبلەر، ھامان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ماھى-
يەتلىك، ئەڭ مېغىزلىق، ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە
ئالاھىدىلىكىنى تېپ قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالدى-
دا ناھايىتى روشەن، تەسىرلىك، جانلىق خۇددى جىنى باردەكلا
ئادەم ئوبرازى نامايان بولىدۇ.

ئوقۇرمەن خۇددى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندەك، ئۇنىڭ
ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولىدۇ. ساۋ شۆچىننىڭ قەلىمى ئاستىدى-
كى جياباۋ يۈي، لىن دەييۈي قاتارلىقلار. لۇشۈننىڭ قەلىمى
ئاستىدىكى ئا Q، شياڭ لىن ھەدە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى
يازغۇچى ئادەمنىڭ مىجەز ئالاھىدىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى، ئوب-
رازلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياراتقان تىپىك شەخسلەردۇر.

ھەربىر ئادەمنىڭ مىجەزى خىلمۇ خىل بولىدۇ. بەزى ئادەم-
لەر قىزغىن، قەتئىي، كەسكىن كېلىدۇ. بەزى ئادەملەر سوغاق
مىجەز كېلىدۇ. تەۋرىنىپ تۇرىدۇ. بەزى ئادەملەر جاھىل ھاكا-
ۋۇر كېلىدۇ. بەزى ئادەملەر ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدۇ. مۇنداق
مىساللارنى كەلتۈرۈپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئادەمنىڭ
مىجەزى بىلەن خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ: ياخشى ـ يامانلىق پەرقى
بولىدۇ. ياخشىسى ـ يامانلىق ئۆلچىمىدە ئۇنىڭ كوللېكتىپقا
پايدىسى بار ـ يوقلۇقىغا قارىلىدۇ.

### 3. خاسلىق، مىللىيلىك ۋە سىنىپىيلىق

ئادەمنىڭ خاسلىقى بىر ئادەمنىڭ جىسمانىي تەبىئىي خۇسۇ-
سىيىتى ئاساسىدا، مۇئەييەن ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىت ئاس-
تىدا، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئارقىلىق تەرەققىي قى-
لىدۇ ھەم شەكىللىنىدۇ. ھەربىر ئادەم مۇئەييەن بىر مىللەتكە
تەئەللۇق بولۇپ، مۇئەييەن مىللىي مۇھىتتا ئۇزۇن مۇددەت تۇر-

مۇش كەچۇرىدىغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ خاسلىقىدا ئۆز مىللىتىدى-كى كۆپ سانلىق ئادەملەردە ئورتاق بولىدىغان بىر خىل خۇسۇ-سىيەت گەۋدىلىنىدۇ. مانا بۇ مىللىيلىك دېگەنلىكتۇر. نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ئۆز مىللىيلىكىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. چۈن-كى، «مىللەت كىشىلەر تارىختا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بىر ئورتاق تىلغا، ئورتاق جايغا، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ۋە ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق روھىي ھاللىق سۈپەتكە ئىگە مۇقىم ئورتاق گەۋدە.»[1] ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى ئورتاق ياراتقان. ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئورتاق روھىي ئالاھىدىلىكى بار. مانا بۇ ئۇلارنىڭ مىللىيلىكى، ماركس، ئېن-گېلس، لېنىن، ستالىنلار مىللىيلىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەش-تۈرگەن. «قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەرقانداق بىر مىللەت-نىڭ ھەممىسى مەلۇم جەھەتلەردە باشقا مىللەتلەردىن ئۈستۈن بولۇپ كەلدى.»[2] «ھەربىر مىللەت، مەيلى ئۇچوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ماھىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدى-لىكى بولىدۇ. ھەممىسىدە شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ئەمدى باشقا مىللەتتە بولمايدىغان ئالاھىدىلىك بولىدۇ. مۇشۇ ئالاھىدىلىك ھەربىر مىللەتنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق غا-يىسىگە قوشقان تۆھپىسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى تولۇقلاپ بېيىتقانلىق بولىدۇ.»[3]

ئادەمنىڭ خاسلىقىنى مىللىيلىكتىن تاشقىرى، يەنە سىنىپىي ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە، مىللەت ئىچ-كى قىسمىدا سىنىپقا بۆلۈنىدۇ. كىشىلەر ئۆز ئۆن مۇددەت سىنى-

---

① ستالىن: «ماركسىزم ۋە مىللەت مەسىلىسى»، «ستالىن ئەسەرلىرى» 2 ـ توم، خەنزۇ-چە نەشرى، 294 ـ بەت.

② ماركس، ئېنگېلس: «مۇقەددەس ئائىلە»، «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 2 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 194 ـ بەت.

③ «ماركس ـ ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن مىللىي مەسىلە توغرىسىدا»، خەنزۇچە نەشرى، 135 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى.

www.uyghurkitap.com

پي ئورۇندا ياشىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ خاسلىقىغا سىنىپىي تامغا بېسىلماي قالمايدۇ. سىنىپىي خاھىشقا ئىگە روھىي ھال، ئىدىيە، ئادەت، خاراكتېر ۋە ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا، ئوخشاش بىر مىللەتتىكى كىشىلەر، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تۇرغان سىنىپىي ئورنى ئوخشىمىغانلىقتىن، مىللىيلىكتىن تاشقىرى، يەنە ئوخشىمىغان سىنىپىيلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

# ئالتىنچى باب

## ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى

ھەرقانداق ئىجتىمائىي جامائە ياكى ئۇنىڭ ئەزالىرى ھەر كۈنى، ھەر ۋاقىت دېگۈدەك بەلگىلىك ئېھتىياجغا ئاساسەن، مۇئەييەن ئىجتىمائىي قائىدىلەر بويىچە يا ئۇنداق، يا مۇنداق ھەرىكەتلەرنى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش رولىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «جەمئىيەت — مەيلى ئۇنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — ئۇ زادى نېمە؟ ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا رولىنىڭ مەھسۇلى.»[1] دېمەك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش رولى ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى يەككە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى جامائە بىلەن جامائە ئوتتۇرىسىدىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى ئىنسانلار بىرلىشىشىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ ئېلېمېنتى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلار ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ ماكرو قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي ئالاقە خىلمۇخىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ

---

① «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 ـ توم، خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە 1972 ـ يىلى نەشرى، 320 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆپ خىل شەكىلدىكى مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

## بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكەتىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى

### 1. ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكەت چۈشەنچىسى

ئادەملەر ھەرىكىتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىجتىمائىي ھەرىكەت دائىرىسىگە ياتىدۇ، پەقەت ناھايىتى چەكلىك بىر قىسمىلا غەيرىي ئىجتىمائىي ھەرىكەتكە ياتىدۇ. غەيرىي ئىجتىمائىي ھەرىكەت ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچىنىڭ يەككە ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىققان، باشقىلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي خاراكتېردىكى ھەرىكەت بولسا، ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا باشقىلارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئالاقە مۇناسىۋىتى يۈز بەرگەن ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە ئىجتىمائىي خاراكتېردىكى ھەرىكەتلەرنىڭ دائىرىسى كېڭەيمەكتە، شەكلىمۇ بارغانسېرى كۆپ خىللىشىپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ يۆنىلىشلىك ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلىمەكتە.

ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق بولغان يەككە ئادەم ياكى جامائەنىڭ ئۆزئارا ۋە ئورتاق ئېلىپ بارغان ھېسسىي ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا ئېلىپ بارغان ھەرىكەت دېگىنىمىز، شەخس بىلەن شەخس جامائە بىلەن جامائە ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۆزئارا يۆنىلىشلىك ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك كىشىلەر، گۇرۇھلار، تەشكىلىي ئورگانلار ۋە جامائەلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت، ھەربىي ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قاتار-

لىق جەھەتلەردىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە توقۇنۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئورتاق ئېلىپ بارغان ھەرىكەت دېگىنىمىز، شەخس-لەر ۋە جامائەلەرنىڭ بىرلىكتە ئېلىپ بارغان ئوخشاش يۆنىلىش-لىك ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، جەمئىيەتتىكى كى-شىلەر ۋە جامائەلەرنىڭ ئورتاق بىر ئىش ياكى نىشان-مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان كوللېكتىپ ھەرىكەتلىرى. ئورتاق ھەرىكەت ئادەتتە ئۆزئارا ھەرىكەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تېخىمۇ كەڭرەك دائىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئورتاق ھەرىكەتنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ئۆزئارا ھەرىكەت ھېسابلى-نىدۇ. شۇڭا، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش — ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى. جامائە ئەزالىرىنىڭ دائىملىق ھەرىكەتلىرىنى نوقۇل ھالدا ئۆزئارا ھەرىكەت دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، ئورتاق ھەرىكەت دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇ دائىم ئۈچىنچى بىر خىل ھەرىكەت شەكلىدە يەنى *ئۆزئارا*، ئورتاق ھەرىكەت شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مانا بۇ *ئىجتىمائىي ئالاقە* ھەرى-كىتىنىڭ رېئال ھالىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى مۇنداق بەش خىل ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) ھەرىكەت قىلغۇچى. مەيلى شەخس بىلەن شەخسنىڭ ياكى جامائە بىلەن جامائەنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتى بولسۇن، ھەرىكەت قىلغۇچىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى يەنىلا يەككە ئادەم بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى ئىچىدە تۈرۋاتقان شەخس-لەر ئارىسىدا كۆپ خىل ھەرىكەت مۇناسىۋىتى بولىدۇ. ئالاقە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان تەرەپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەنە بىر تەرەپنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلى تۆت خىل بولىدۇ. (1) ئوبيېكت. بىر تەرەپ — يەنە بىر تەرەپنىڭ ھەرىكىتى يەتمەكچى بولغان ئوبيېكتىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئالاقە ھەرىكە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تى. (2) شىرىك. بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ھەرىكىتى جەريانىدا بىرلىشىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، كەسىپداشلىق، ئاغىنە ـ ئۈلپەتداشلىق مۇناسىۋىتىدىكى ئالاقە ھەرىكىتى. (3) ۋاستە. بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ھەرىكە-تى جەريانىدا پايدىلىنىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ناتوغرا ئىستىللار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ئالاقە ھەرىكىتى. (4) توسالغۇ. بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ھەرىكە-تى جەريانىدىكى توسقۇنلۇق قىلغۇچى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، دۈشمەنلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىدىكى ئالاقە ھەرىكە-تى.

2) ئىجتىمائىي نىشان. ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتىگە قات-نىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىق ھالدا، ئۆز كاللىسىدا پىشىپ ـ يېتىلگەن پىلان بويىچە يەنە بىر تەرەپنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەيدۇ ياكى ماسلاشتۇرىدۇ. *ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى بەلگىلىك بىر ئىجتىمائىي نىشانغا قارىتىلغان بولىدۇ.* بۇ *نىشانلارنىڭ* ھەممىسى بىر خىل ئىجتىمائىي ئامىل بولۇش سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچىنىڭ بەلگىلىك ئېھتىياجى ۋە مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىدۇ.

3) ئىجتىمائىي مۇھىت. ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئالاقە ھە-رىكىتى مۇئەييەن مۇھىت شارائىتى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىچكى مۇھىت تاشقى مۇھىت ئامىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زىچ بولىدۇ. ئوخشاش بولغان بىر قىسىم ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ ئوخشاش ئىجتىمائىي نىشانى ئۈ-چۈن، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە ئېلىپ بارغان ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ كونكرېت ھالىتى ئوخشاش بولماسلى-قى مۇمكىن. ھەتتا تامامەن ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن.

4) ئىجتىمائىي ئۆلچەم ـ قائىدىلەر. نوقۇل بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى شۇ ئادەمنىڭ ئارزۇسى ۋە ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولى-

دۇ. لېكىن، ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان
ھەرقانداق بىر تەرەپنىڭ ھەرىكىتى ھەرگىز ئۆز ئىختىيارى بويىـ
چە ياكى خالىغىنىچە بولمايدۇ. بەلكى بەلگىلىك قائىدە - ئۆلچەم
بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ.

5) ئىجتىمائىي ئۇچرىشىش. ئىجتىمائىي ئالاقە ئېلىپ بېـ
رىۋاتقان ئىككى تەرەپلا قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكىتىدىن كېلىپ
چىققان ۋە ئۆزگەرگەن تەسىرلىك ئىنكاسقا ئۇچرايدۇ ھەمدە بۇ-
نىڭغا قارىتا بەلگىلىك ئىنكاس قايتۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن رېئال
مەنىدىكى جامائە ھەرىكىتى شەكىللىنىدۇ.

## 2. ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكەت تۇرلىرى

ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەڭ ئاساـ
سىي، ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىـ
سى، ئۇنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇخىل بولىدۇ. جەمئىـ
يەتشۇناسلار ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتىنى ئوخشاش بولمىغان
كۆزىتىش نۇقتىسى ۋە ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەملەر بويىچە تۇر-
لەرگە بۆلىدۇ. تۆۋەندە بىز ئۇنى تۆت تۇر بويىچە تەھلىل قىلىـ
مىز.

1) ماركسىزمنىڭ جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئاساسىي كۆز
قارىشى بويىچە ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيىتىنى ماددىي ئالاقە پائاـ
لىيىتى ۋە مەنىۋى ئالاقە پائالىيىتى دەپ ئىككى چوڭ تۇرگە
ئايرىشقا بولىدۇ. ماددىي ئالاقە پائالىيىتى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپـ
چىقىرىش پائالىيىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشـ
تۇرۇش جەريانىدىكى بارلىق پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەنىـ
ۋى ئالاقە پائالىيىتى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش پائالىيەـ
تىدىكى ھېسسىيات، ئوي - پىكىر ۋە بىلىم ئالماشتۇرۇش،
مەيدان، كۆزقاراشلىرىنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈش قاتارلىق بارـ
لىق مەنىۋى تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

2) ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ ۋاستىسى بويىچە ئۇنى بىۋاستە ئالاقە ھەرىكىتى ۋە ۋاستىلىك ئالاقە ھەرىكىتى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىۋاستە ئالاقە ھەرىكىتى دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ۋاستىلەر يەنى تىل ۋاستىسى ۋە غەيرىي تىل ۋاستىلىرى قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق يۈز تۇرانە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالاقە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاستىلىك ئالاقە دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ ۋاستىلىك ئۇسۇللاردىن يەنى خەت - چەك، تېلېفون، رادىئو، تېلېۋىزور ۋە گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق ھازىرقى زامان تېخنىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئېلىپ بارغان ئالاقە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىن قارىغاندا، بىۋاستە ئالاقە ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدىكى ئەڭ دەسلەپكى بىردىنبىر ئالاقە شەكلى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ھازىرقى زاماندا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرىمۇ كۈنسېرى ئېشىپ بارماقتا. بۇنىڭ بىلەن ۋاستىلىك ئالاقە ھەرىكىتى بىۋاستە ئالاقە ھەرىكىتى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. لېكىن بۇ خىل تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھەرگىزمۇ بىۋاستە ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ ئۆز رولىنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. بەلكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىۋاستە ئالاقە چاستوتىسىنىڭ ۋاستىلىك ئالاقە چاستوتىسىغا قارىغاندا ئازىيىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى داۋامىدا بۇ ئىككى خىل ئالاقە ئۆزئارا بىر - بىرىگە سىڭىشىدۇ، ۋە ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ.

3) ئىجتىمائىي ئالاقە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ ئىجتىمائىي سالاھىيىتى بويىچە ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتىنى رول ئالاقە ھەرىكىتى ۋە غەيرىي رول ئالاقە ھەرىكىتى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. رول ئالاقە ھەرىكىتى دېگىنىمىز، مەلۇم

بىر ئىجتىمائىي ئورۇننىڭ ۋەكىلى بىلەن يەنە بىر ئىجتىمائىي ئورۇننىڭ ۋەكىلى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئالاقە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئالاقىدە ئالاقە قىلغۇچىغا قارىتا قاتتىق ئۆلچەم - قائىدە بېكىتىلىدۇ. ئالاقە قىلغۇچى چوقۇم مۇشۇ ئۆلچەم - قائىدىلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك. ئۆز مەيلىچە، خالىغانچە ئىش قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۆزئارا زىيارىتى، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي رايون ياكى تەشكىلىي ئورگان رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزئارا ئالاقە ھەرىكىتى رول ئالاقە پائالىيىتى دائىرىسىگە كىرىدۇ. غەيرىي رول ئالاقە پائالىيىتى دېگىنىمىز، شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى شەخسىي ئالاقە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئالاقە قىلغۇچى ھېچقانداق تەشكىلىي ئورگانغا ياكى باشقا كىشىگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ. شۇڭا، ئالاقە قىلغۇچىغا قارىتا ھېچقانداق چەكلىمە قويۇلمايدۇ. ئادەتتە يۇرتداشلار، ئەل - ئاغىنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ھەرىكىتى مۇشۇ خىل دائىرىگە كىرىدۇ.

بۇ خىل تۈرگە ئايرىشنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، رول ئالاقە ھەرىكىتى ئېلىپ بارغاندا تەشكىلىي ئورۇن بېكىتىپ بەرگەن رول ھەرىكىتىنى ھەقىقىي ئورۇنداپ، رول ئۆلچەم - قائىدىسى بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ھەرگىزمۇ ئومۇم بىلەن شەخسنى ئايرىمايدىغان يۇرتداشلىق، ساۋاقداشلىق ۋە ئەل - ئاغىنىدارچىلىقتىن ئىبارەت غەيرىي رول ئالاقە مۇناسىۋىتىنى ئارىلاشتۇرۇۋشقا بولمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، غەيرىي رول ئالاقە ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان چاغدا مەلۇم بىر تەشكىلىي ئورگان ياكى ئورۇننىڭ ۋەكىلى بولۇش رولىدا ئوتتۇرىغا چىقماسلىق، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىپ، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتماسلىق كېرەك.

4) ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى توغرا سىزىقلىق ئالاقە ھەرىكىتى ۋە تىك سىزىقلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالاقە ھەرىكىتى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. توغرا سىزىقلىق ئالاقە ھەرىكىتى دېگىنىمىز، ئوخشاش قاتلام ياكى ئوخشاش دەرىجىلىك كىشىلەر ياكى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، دۇنيادىكى ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ھەرىكىتى. بىر دۆلەتتىكى ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي رايونلار ۋە ئوخشاش بولغان كەسىپ ـ ساھەلەر، تارماقلار، بۆلۈملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ھەرىكىتى مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ. تىك سىزىقلىق ئالاقە ھەرىكىتى دېگىنىمىز، ئوخشاش بولمىغان قاتلام ياكى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى كىشىلەر ياكى گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مەركەز بىلەن يەرلىك، رەھبەرلىك بىلەن ئاممى؛ ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر مۇشۇ دائىرىگە ياتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ كۆلىمى ياكى دائىرىسى بويىچە ئۇنى مىكرولۇق ئالاقە ھەرىكىتى ۋە ماكرولۇق ئالاقە ھەرىكىتى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ ساھەلىرى بويىچە ئۇنى ئىقتىسادىي ئالاقە، سىياسىي ئالاقە، مەدەنىيەت ئالاقىسى قاتارلىق بىرقانچە ساھەلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا بولۇش ـ بولماسلىقىغا قاراپ ئۇنى ئاشكارا ئالاقە ھەرىكىتى ۋە يوشۇرۇن ئالاقە ھەرىكىتى دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتىنى بۇنداق شەكىل ۋە تۈرلەرگە بۆلۈش بەلگىلىك تەتقىقات ئېھتىياجىنى مەقسەت قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ كەڭ دائىرىلىكى ۋە كۆپ خىللىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

### 3. ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكەت قۇرۇلمىسى

ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى بىر خىل قۇرۇلما سىستېمىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللارنى ۋە ئۇلارنىڭ

ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ستاتىك ۋە دىنامىك نۇقتىدا تۇرۇپ كۆزەت-
كىلى بولىدۇ.

ستاتىك (تۇرغۇن) نۇقتىدا تۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا، ئىج-
تىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ سۇبيېكتى، ئالاقە
ھەرىكەت ۋاستىسى، ئالاقە ھەرىكەت ئوبيېكتىدىن تەركىب تاپقان
بولىدۇ. (1) ئالاقە ھەرىكەت سۇبيېكتى. ئۇ ئالاقە ھەرىكەت
جەريانىدىكى ھەرىكەت قوزغىغۇچى شۇنداقلا ئالاقە ھەرىكەت نەتى-
جىسىگە ئىرىشكۈچى بولۇپ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى-
نىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇ-
چىدىن سوئال سورىغان چاغدا ئوقۇغۇچىلار ئالاقە ھەرىكىتى-
نىڭ سۇبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى-
لار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ھەرىكىتىدە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەتنى
قوزغىغۇچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ خىل ھەرىكەت نەتىجى-
سىنىڭ ئاساسىي مەنپەئەتدارى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بى-
لەن بىر ۋاقىتتا ئالاقە سۇبيېكتىنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى ۋە
ئېھتىياجىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى نەتىجىسىدە ئوخشاش بول-
مىغان ئالاقە ئوبيېكتىنى بىۋاستە تاللايدۇ. ئوخشاش بولمىغان
ئالاقە ۋاستىسىنى قوللىنىدۇ. نەتىجىدە ئوخشاش بولمىغان كى-
شىلىك مۇناسىۋەتلەر شەكىللىنىدۇ. (2) ئالاقە ھەرىكەت ئوب-
يېكتى. ئۇ ئالاقە ھەرىكەت سۇبيېكتىنىڭ پائالىيىتىگە ئۇچرىغۇ-
چى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئالاقە
ھەرىكەت سۇبيېكتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇلنى قوللىنىشى-
نى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن بەلگىلەپ قويىدۇ. ئەگەر بىز ناتونۇش
بىر ئادەم بىلەن ئالاقە قىلىشقا توغرا كەلگەندە، گەپ ـ سۆزلەردە
ئىنتايىن ئەستايىدىل، ئېھتىياتچان بولىمىز. ئەگەر ئالاقە ئوب-
يېكتى ئىنتايىن تونۇش بولغان دوست ـ ئاغىنىلەردىن بولسا ئۇ
چاغدا بىزنىڭ گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلىرىمىز ئەركىن، ئوچۇق
ۋە قىزغىن بولىدۇ. ناۋادا بىزنىڭ ئالاقە ئوبيېكتىمىز ئىنتايىن

خۇشياقمايدىغان ئادەم بولسا، ئۇ چاغدا ئالاقە كەيپىياتى تۆۋەن، سۇسراق بولىدۇ. ئەكسىچە ئالاقە ئوبيېكتىمىز ئىنتايىن قەدىرلەيدىغان ئادەم بولسا، ئۇ هالدا ئالاقە كەيپىياتىمۇ ناهايىتى قىزغىن، مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇخىل جانلىق بولىدۇ. دېمەك، ئالاقە هەرىكەت ئوبيېكتى ئالاقە هەرىكەت قۇرۇلمىسىنىڭ مەركىزى هېسابلانمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئالاقە هەرىكەت سۇبيېكتى ۋە ئالاقە ئۇسۇلىغا بولغان تەسىرى ناهايىتى زور بولىدۇ.

(3) ئالاقە هەرىكەت ۋاستىسى. ئۇ ئالاقە هەرىكەت سۇبيېكتىنىڭ ئۆز ئالاقە مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پائالىيىتىنى ئالاقە ئوبيېكتىدا ئىشقا ئاشۇرۇشتا قوللىنىدىغان بارلىق ۋاستىلىك هالقىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئالاقە هەرىكىتىنىڭ قورال سىستېمىسى ۋە مۇهىت شەرتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالاقە هەرىكىتىنىڭ خاراكتېرى قانداق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئالاقە هەرىكىتىنىڭ مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بەلگىلىك دەرىجىدە بەلگىلەپ قويىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم ئۆز كۆڭلىگە لايىق ئوبيېكت تاللاپ، ئائىلە قۇرۇشتا ئادەتتە باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى ياكى ئۆزىنىڭ تونۇشى ئارقىلىق ئۆزئارا چۈشىنىش هاسىل قىلىپ ئالاقە هەرىكىتىنىڭ مۇددىئاسىغا يېتىدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى توغرا ۋاستە هېسابلىنىدۇ. لېكىن، يەنە بەزىلەر پۇل ياكى مال - مۈلۈك ئارقىلىق قىزىقتۇرۇشتەك ئالدامچىلىق ۋاستىلىرى بىلەن ئالاقە هەرىكىتىنىڭ مەقسىتىگە يېتىدۇ. گەرچە يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەهۋالدىكى ئالاقە هەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئالاقە هەرىكىتىنىڭ ۋاستىسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئالاقە هەرىكىتىنىڭ خاراكتېرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

ئالاقە هەرىكىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى دىنامىك (هەرىكەت) نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزەتكەندە ئۇ تۆۋەندىكى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. بۇ كىشىلەر ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ مۇددىئاسى ۋە ئېھتىياجى ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر خىلمۇخىل مۇددىئا ۋە ئېھتىياجغا ئاساسەن ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ قىممەت نىشانى ۋە باھا ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپ خىللاشقان ئالاقە ھەرىكەت تەرتىپىنى تاللايدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆپ خىللاشقان ئالاقە ھەرىكەت نەتىجىسى شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، ئالاقە ھەرىكەت جەريانىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ئالاقە ھەرىكەت باشلىنىش نۇقتىسىغا باغلىق بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، بىر ئوقۇغۇچى بىلەن بىر ئىشچىنىڭ مۇددىئاسى ۋە ئېھتىياجى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ كىم بىلەن ئالاقە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشى، قانداق ئالاقە ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشى ۋە ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى ئوخشىمايدۇ. ئوخشاش بىر ئادەممۇ ئېھتىياجى ۋە مۇددىئاسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشاش بولمىغان ئادەملەرگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بويىچە ئالاقە ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارىدۇ.

2) ئالاقە ھەرىكەت تەرتىپى. بۇ ئالاقە ھەرىكەت باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ تەرەققىيات جەريان قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئالاقە ھەرىكەت تەرتىپىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، باشلىنىش نۇقتىسىدىن كېيىنكى ھەرىكەت ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئالاقە ھەرىكەت تەرتىپى يەككە لىنىيىلىك شەكىل ۋە كۆپ لىنىيىلىك شەكىل دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

يەككە لىنىيىلىك ئالاقە ھەرىكەت تەرتىپى دېگىنىمىز، ئوخشاش بىر ئالاقە ھەرىكەت باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ ئوخشاش ئالاقە لىنىيىسى ئارقىلىق ئوخشاش بىر مۇددىئاغا يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆپ لىنىيىلىك شەكىلدىكى ئالاقە ھەرىكەت تەرتىپىمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، چاچما شەكىلدىكى ئالاقە ھەرىكىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنى ئوخشاش بىر ئالاقە ھەرىكەت باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاقە لىنىيىسى ئارقىلىق كۆپ خىل نەتىجىسىنى ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى، يىغما شەكىلدىكى ئالاقە ھەرىكىتى يەنى ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ بىرقانچە سۇبيېكتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاقە ھەرىكەت باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئوخشاش بولمىغان لىنىيىسى ئارقىلىق ئوخشاش بىر نەتىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مۇھەببەتلىشىپ تۇرغان كىشىلەر ۋە ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدا ئادەتتە يەككە لىنىيىلىك شەكىلدىكى ئالاقە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل ئالاقە ھەرىكىتى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن بولغاچقا، ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرالايدۇ. لېكىن، ئادەتتىكى ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلەردىكى كىشىلىك ئالاقە ھەرىكىتى ئادەتتە كۆپ لىنىيىلىك شەكىلدىكى ئالاقە ھەرىكىتى بولىدۇ. بۇ خىل ئالاقە ھەرىكىتى بىرقەدەر كەڭ، ئومۇمىيۈزلۈك بولۇپ، كۆپ مىقداردىكى ئۇچۇرغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. دېمەك، ئالاقە ھەرىكەت تەرتىپىنى تاللاش ئالاقە ھەرىكەت مۇددىئاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

3) ئالاقە ھەرىكەت نەتىجىسى. بۇ بەلگىلىك ئالاقە ھەرىكەت - پائالىيىتىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئالاقە ھەرىكەتنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئالاقە ھەرىكەت نەتىجىسى ھەم بەلگىلىك ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ فورمىسى ۋە ئەندىزىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ، ھەم ئالاقە ھەرىكەت ئوبيېكتىغا قايتا تەسىر كۆرسىتىپ يېڭى ئوبيېكتىنى ھاسىل قىلىدىغان ئامىلغا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئالاقە ھەرىكەت ئوبيېكتىنىڭ يېڭى ئېھتىياجىنى ھاسىل قىلىپ، ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ يېڭى جەريانىنى باشلايدۇ.

بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكەت قۇرۇلمىسى بەلگىلىك

جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچى بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەت-لىك بولىدۇ. بىرىنچىدىن، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ھامان ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىغا ئەكس تەسىر كۆر-سىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىسلاھات دەۋرىدە كونا ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكەت قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى ئالاقە ھەرىكەت قۇرۇلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز ھەم ئىسلا-ھاتنىڭ ئېھتىياجى، ھەم تارىخىي تەرەققىياتنىڭ تەقەززاسى.

## ئىككىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكەت شەكىللىرى

ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتىنى خاراكتېرى جەھەتتىن يەنى ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى ئەكس ئەتتۈرگەن ماھىيەتلىك مۇنا-سىۋەتلەر شەكلىگە قاراپ ئۇنى تۆۋەندىكىچە بەش خىل ئاساسىي شەكىلگە ئايرىشقا بولىدۇ.

### 1. ھەمكارلىق

ھەمكارلىق دېگىنىمىز، ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتىدىكى ئادەم بىلەن ئادەم، جامائە بىلەن جامائە ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ھەرىكىتىدە ھەرقايسى تەرەپلەرگە پايدىلىق بولغان ئورتاق نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئورتاق تىرىشچانلىق ھەرە-كىتىنى كۆرسىتىدۇ. ھەمكارلىق — ئىنسانلارنىڭ تىرىكچىلىك ئېلىپ بېرىشىدىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت. شۇڭا، ھەمكارلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى دائىم ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچرايدىغان بىر خىل ئالاقە ھەرىكەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلار تىرىكچىلىك قىلىشتا، ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇش كەچۈرۈشتە پەقەت بىر تەرەپنىڭ يەككە ھەرىكىتىگە
تايىنىپلا ئۆز مەنپەئىتىنى ياكى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ.
پەقەت ھەمكارلىشىپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقى-
لىقلا ئۆزىنىڭ ئورتاق نىشانىغا يېتەلەيدۇ. كەڭرەك مەنىدىن
ئېلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىجتىما-
ئىي تۇرمۇشى چوقۇم ھەمكارلىق ئاساسىدا بولۇشى كېرەك.
كىشىلەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتكەن چاغدا كەڭ دائىرى-
لىك ھەمكارلىقنى ئېلىپ بارغان ۋە ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ھەمكار-
لىق بولمىسا، جامائە تۇرمۇشىدىن ياكى جەمئىيەتتىن ئېغىز
ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. تار مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەمكار-
لىق كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر خىل خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان
چاغدىكى ئورتاق بىرلەشمە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر خىل خىزمەت جەريانىدىكى ئورتاق
بىرلەشمە ھەرىكىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك
قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم بەزىبىر شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك.
ئادەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغان ھەمكارلىق تۆۋەندىكى بىرقان-
چە شەرتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بىرىنچى، نىشان بىردەك
بولۇش، ھەرقانداق بىر ھەمكارلىق ئورتاق نىشان بولۇشىنى
شەرت قىلىدۇ. كەم دېگەندە قىسقا مۇددەتلىك ئورتاق نىشان
بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، ھەمكارلىق ئىشقا ئاشمايدۇ.
ئىككىنچى، بىرلىككە كەلگەن تونۇش ۋە قائىدە ــ ئۆلچەملەر
بولۇشى كېرەك. ھەمكارلاشقۇچىلاردا ئورتاق نىشاننىڭ ئىشقا
ئېشىشى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت باسقۇچلارغا قارىتا بىردەك بولغان
ئاساسىي تونۇش بولۇشى كېرەك؛ ھەمكارلاشقۇچىلار ھەمكارلىق
ھەرىكىتى جەريانىدا ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئىجتىمائىي
قائىدە ــ ئۆلچەملەرگە ۋە جامائە پىكرىگە چوقۇم ھۆرمەت قىلىشى
كېرەك. ئۈچىنچى، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان ھەمكارلىق كەيپىياتى

بولۇشى كېرەك. ئۆزئارا چۈشىنىدىغان، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، ئۆزئارا قوللايدىغان ياخشى بىر كەيپىياتنى يارىتىش ھەمكارلىق-نىڭ مۇھىم شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچى، ھەمكارلىقنىڭ مەۋ-جۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بەلگىلىك ماددىي ئاساس بولۇشى كېرەك. زۆرۈر بولغان ماددىي شارائىتلار (جۈملىدىن ئەسلىھە ـ ئۈسكۈنىلەر، ئالاقىلىشىش ۋە قاتناش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلار) ھەمكارلىقنىڭ ئوڭۇشلۇق ئې-لىپ بېرىلىشىدىكى ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. ماكان جەھەت-تىكى ئەڭ ياخشى ماسلىشىش ئارىلىقى، ۋاقىت جەھەتتىكى ئەڭ توغرا پەيت ۋە ھەرىكەت مېخانىزمى جەھەتتىكى قائىدە ـ تەرتىپ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ماددىي شەرتلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەمكارلىقنىڭ خاراكتېرى بويىچە ئۇنى ئوخشاش سۈپەتلىك ھەمكارلىق ۋە غەيرىي سۈپەتلىك ھەمكارلىق دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئوخشاش سۈپەتلىك ھەمكارلىق دېگىنىمىز، ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ ھېچبىر پەرقلەنمەيدىغان ئوخشاش بىر خىل پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئىش تەقسىماتى بولمىغان مەلۇم بىر خىل ئەمگەك بىلەن شوغۇل-لىنىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ھەمكارلىق ھەرىكىتى. غەيرىي سۈپەتلىك ھەمكارلىق دېگىنىمىز، ئوخشاش بىر نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ھەمكارلاشقۇچىلار كونكرېت ئىش تەقسىماتى بويىچە ئوخ-شاش بولمىغان ئىش ـ پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى كۆرسە-تىدۇ. مەسىلەن، ھۈنەر ـ سەنئەت ئىش سىستېمىسىدىكى ئوخ-شاش بولمىغان ئىش تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مانافاكتور-لاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى مۇشۇ تۈرگە ياتىدۇ.

ئۆزئارا كېلىشىم ـ توختامنىڭ بولۇش ـ بولماسلىق ئۆلچە-مى بويىچە ھەمكارلىقنى غەيرىي رەسمىي ھەمكارلىق ۋە رەسمىي ھەمكارلىق دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. غەيرىي رەسمىي

ھەمكارلىق دەسلەپكى جامائە ياكى ئىجتىمائىي رايونلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ ئىپتىدائىي بولغان ۋە ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەمكارلىق شەكلى. بۇ خىل ھەمكارلىقتا كېلىشىم ياكى پۈتۈم بويىچە بېكىتىلگەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت بولمايدۇ. شۇنداقلا ئۇ قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ ۋە مەمۇرىي بۇيرۇقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. تەبىئىي ئادەت كۈچىنىڭ يولى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. رەسمىي ھەمكارلىق دېگىنىمىز، پۈتۈم ـ كېلىشىم خاراكتېرىدىكى ھەمكارلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھەمكارلىق شەكلىدە ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتى ئېنىق بەلگىلىمە ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. بەلگىلىك قانۇن تەرتىپىدىن ئۆتكەن بولىدۇ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ قوغدىشىغا ئۇچرايدۇ؛ ھەمكارلىققا قاتناشقۇچىلار بويىچە بۆلگەندە، شەخسلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە جامائەلەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق دەپ بىر قانچە تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ھەمكارلىق — ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇ ئىككى تەرەپنىڭ قانۇنى ئورنى، باراۋەر بولغان ئۆز ئىختىيارلىقى ۋە ئۆز ئارا پايدا يەتكۈزۈش ئاساسىدىكى بىرلىشىشتىن ئىبارەت.

## 2. رىقابەت

رىقابەت جەمئىيەتتىكى ئادەم بىلەن ئادەم، جامائە بىلەن جامائە ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق بىر نىشاننى تالىشىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، تەنتەربىيە ھەرىكىتىدىكى ئىسپورتچىلارنىڭ چېمپىيونلۇقنى تالىشىشى، ئوخشاش خىلدىكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلارنىڭ بازار تالىشىشى شۇنداقلا شەخسلەرنىڭ ئىلغارلىقنى، ياخشى نەتىجىنى تالىشىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رىقابەت ھېسابلىنىدۇ.

رىقابەت تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ياكى شەرتلەرگە ئىگە

بولغان بولۇشى كېرەك. (1) ئۇنىڭدا چوقۇم ھەممە كىشى قولغا كەلتۈرۈشكە ياكى ئىگە بولۇشقا ئىنتىلىدىغان ئورتاق نىشان بولۇشى كېرەك. نىشان ئوخشاش بولمىسا رىقابەت شەكىللەنمەيدۇ. (2) كىشىلەر ئىنتىلىۋاتقان ياكى قولغا كەلتۈرۈش كويىدا يۈرگەن بۇ نىشان كەم ئۇچرايدىغان ۋە قولغا كەلتۈرۈش بىرقەدەر تەس بولغان بولۇشى كېرەك. يەنى بىر ئادەم ياكى بىرقانچە ئادەمنىڭ بۇ نىشاننى قولغا كەلتۈرۈشى يەنە بىر ئادەم ياكى يەنە بىر قىسىم ئادەمنىڭ بۇنىڭغا ئىگە بولۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر سانى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، كىشىلەر ئاسانلا قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغان تالىشىش نىشانى بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا رىقابەت شەكىللەنمەيدۇ. (3) رىقابەتنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ رىقابەتلەشكۈچى قارشى تەرەپنى يوق قىلىۋېتىش ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئىنتىلىش نىشانىغا يېتىش ياكى ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. رىقابەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا گەرچە بىر - بىرىنى چەتكە قېقىش ياكى تىركىشىش مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىۋاسىتە قارشىلىشىش مۇناسىۋىتى ئەمەس. بەلكى ئۇ ۋاسىتىلىك قارشىلىشىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. رىقابەتلەشكۈچى ئىككى تەرەپنىڭ ئىچىدىكى بىر تەرەپنىڭ غەلىبىسى مۇقەررەر ھالدا يەنە بىر تەرەپنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن، قارشى تەرەپنىڭ مەغلۇبىيىتى رىقابەتنىڭ بىۋاسىتە مەقسىتى ئەمەس، بەلكى ۋاسىتىلىك مەقسىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىز تەنتەربىيە مۇسابىقىسى مەيدانىدا قاتتىق رىقابەتكە چۈشكەن ئىسپورتچىلارنىڭ مۇسابىقىدىن كېيىن دوستانە مۇناسىۋەتتە يۈرگەنلىكىنى ئۇچرىتىمىز.

رىقابەت جەريانىدا رىقابەتچىلەرنىڭ بىۋاسىتە قارشىلىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، رىقابەتلەشكۈچى تەرەپلەر چوقۇم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان قائىدە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ده ـ تۇزۇملەرنى تۇزۇپ چىقىش كېرەك. رىقابەت چوقۇم ئىدرا-
كى قائىدىلەر ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، بولمىسا ئۇ
كەسكىن توقۇنۇشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. بولۇپمۇ سىياسىي، ئىقتى-
سادىي ساھەلەردىكى زور كۆلەملىك بىر قىسىم رىقابەتلەرنى قا-
نۇن، تۇزۇم ۋاستىلىرى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ.

رىقابەت ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە ئىجتى-
مائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئاكتىپچانلىقىنى
قوزغاشتا بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينايدۇ. لېكىن ئۇ جەمئىيەت-
تىكى ئىجتىمائىي پەرقنى كېڭەيتىۋېتىشىمۇ مۇمكىن.

### 3. توقۇنۇش

توقۇنۇش — كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ياكى جامائە بىلەن
جامائەلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم بىر خىل نىشان ياكى قىممەت
كۆزقارىشى ئۈچۈن، ئۆزئارا كۈرەش قىلىش، زىددىيەتلىشىشتىن
ئىبارەت. بىر خىل ئىجتىمائىي ھەرىكەت شەكلى ۋە جەريانى.
ئۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاستە قارشىلىشىش مۇناسىۋىتى-
نى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. توقۇنۇش ۋە رىقابەتنىڭ ھەممىسىلا كىشى-
لەر بەلگىلىك نىشان ئۈچۈن ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىدۇ
ياكى بىر ـ بىرى بىلەن قارشىلىشىدۇ. لېكىن بۇ ئىككىسى
خىلى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. توقۇنۇشنىڭ ئاساسىي ئالاھىدى-
لىكى: بىرىنچى، توقۇنۇش قارشى تەرەپنى مەغلۇپ قىلىشنى
بىۋاستە مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئۇ قارشى تەرەپنى بىۋاستە
ھۇجۇم نىشانى قىلغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكەت
شەكلى. ئىككىنچى، توقۇنۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئىككى تەرەپ
ياكى بىرقانچە تەرەپ بىۋاستە، ئوچۇق ـ ئاشكارا ۋە يۈزتۇرانە
قارشىلىشىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئۇ بىۋاستە
قارشىلىشىش مۇناسىۋىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچى، توقۇنۇش

ئىچىدە تۈرۋۇاتقان ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تالىشىش نىشانى ھەم ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن، ھەم ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، توقۇنۇش ئىچىدە تۇرۋۇاتقان ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ قىممەت كۆزقارىشىدا دائىم دېگۈدەك زور پەرقلەر بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار گەرچە ئوخشاش بىر ساھە ئىچىدە تالىشىش ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان نىشانى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. مەسىلەن، 17 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە بولغان ياۋروپا بۇرژۇئازىيە سىنىپى بىلەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ توقۇنۇشىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى نىشان قىلىدۇ. لېكىن بىرسى كاپىتالىستىك تۈزۈمنى ئورنىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ، يەنە بىرسى ئەسلىدىكى فېئوداللىق تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۈچىنچى، توقۇنۇش شەكىل جەھەتتە رىقابەتكە قارىغاندا، كەسكىن، جىددىي بولىدۇ. ئۇ دائىم دېگۈدەك قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ ھەتتا قانۇن پرىنسىپلىرىنىڭ چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، روشەن بولغان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ.

توقۇنۇشنىڭ تۈرى خىلمۇخىل بولىدۇ. توقۇنۇشنىڭ كۆلىمى جەھەتتىن ئۇنى شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ۋە گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. توقۇنۇشنىڭ خاراكتېرى بويىچە ئۇنى ئىقتىسادىي توقۇنۇش، سىياسىي توقۇنۇش، ئىدىيىۋى توقۇنۇش، مەدەنىيەت توقۇنۇشى، دىنىي توقۇنۇش، ئىرقىي توقۇنۇش، مىللىي توقۇنۇش ۋە سىنىپىي توقۇنۇش، سىنىپىي بولمىغان توقۇنۇش دەپ بىرقانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. توقۇنۇشنىڭ شەكلى ۋە دەرىجىسى بويىچە ئۇنى ئەرز قىلىش، مۇنازىرە قىلىش، تىللىشىش، مۇشلىشىش، جېدەللىشىش، ئېلىشىش، كۈرەش قىلىش ۋە ئۇرۇش قىلىش قاتارلىق بىرقانچە تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى توقۇنۇشنىڭ جەمئىيەتكە بولغان رولى ۋە تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان توقۇنۇش يەنى ھەققانىي ئۇرۇش جەمئىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ماركسىزمنىڭ سىنىپى توقۇنۇش يەنى سىنىپى كۈرەش جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىۋاستە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى دېگەن قارىشىمۇ دەل مۇشۇ مەنىدىن ئېيتىلغان. خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ بولغان توقۇنۇش يەنى ھەققانىيەتسىز ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە توسالغۇ بولۇش رولىنى ئۆتەيدۇ.

### 4. ماسلىشىش

ماسلىشىش — جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى مۇھىم ئۇقۇملارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىنى ساقلاپ قېلىشتىكى بىر خىل ئىجتىمائىي ئالاقە شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ماسلىشىش دېگىنىمىز، ئادەم بىلەن ئادەم جامائە بىلەن جامائە، مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ماسلىشىش، ئۆزئارا ئۇيغۇنلىشىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنگلىيىلىك جەمئىيەتشۇناس سپېنسېر ئەڭ دەسلەپ بۇ ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇ «تۇرمۇش — ئىچكى ۋە تاشقى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماسلىشىشى» دەپ قارايدۇ. كىشىلەر بەلگىلىك مۇھىتقا ماسلىشىش، قارشىلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان توقۇنۇشلارنى ئازايتىپ ياكى تۈگىتىپ، ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسىم ھەرىكەت ئادىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، مۇھىت شارائىتىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ. مانا بۇ جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى ماسلىشىش جەريانىدىن ئىبارەت. بۇ جەريان ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل ماسلىشىش مەزمۇ-

نىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، كىشىلىك جەمئىيەتتە ھامان توقۇنۇش بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، ھەرقانداق توقۇنۇشنىڭ توختىماستىن داۋاملىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ھامان ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى بولىدۇ. توقۇنۇشنىڭ نەتىجىسى يا بىر تەرەپ غەلىبە قىلىپ يەنە بىر تەرەپ مەغلۇپ بولىدۇ، يا ئىككىلا تەرەپتە غەلىبە قىلىش، مەغلۇپ بولۇش بولمايدۇ. مەيلى قانداقلا ئەھۋال بولسۇن، كىشىلەر ھامان ئۆز ھەرىكىتىنى تەڭشەپ، توقۇنۇشتىن كېيىنكى شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ماسلىشىشى كېرەك. ئىككىنچى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە قاراپ ماسلىشىش كېرەك. جەمئىيەت ھامان ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. يېڭى ئىجتىمائىي قائىدە ـ ئۆلچەملەر ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە داۋاملىق ياشاپ كېتىشنى ئويلايدىكەن. ئۇنداقتا ئەسلىدىكى ھەرىكەت ئۇسۇلىنى، پوزىتسىيىسىنى ۋە قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشى كېرەك. ئۈچىنچى، جەمئىيەتتە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ياكى كىشىلەرنىڭ كۆچۈش ـ يۆتكىلىش ئىشى بولۇپ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ئالمىشىشى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان ھادىسە، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ دائىرىسى كەڭ، چاستوتىسى يۇقىرى بولۇپ، چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان بىرەر دۆلەت ياكى رايوننى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. مەلۇم بىر خىل مەدەنىيەت كىرگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە قاتتىق تەسىر كۆرسىتىپ، يېڭى ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ چاغدا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكەتلىرىنى يېڭى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئۆلچەملىرىگە ماسلاشتۇرۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر يېڭى بىر رايونغا ياكى دۆلەتكە كۆچۈپ كەلگەندىمۇ

چوقۇم شۇ جاينىڭ مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشى يەنى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئادەتلىرىنى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇھىتىغا ماسلىشىشى كېرەك. ئومۇمەن ماسلىشىش كىشىلەر ياكى جامائە بىلەن ئىجتىمائىي مۇھىت ئوتتۇرىسىدا ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇۋاتقان زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكەت شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

## 5. ئاسسىمىلياتسىيە

ئاسسىمىلياتسىيە ئەسلىدە فىزىئولوگىيىدىكى ئۇقۇم بولۇپ، ئوزۇقلۇقنىڭ بەدەندە ھەزىم بولۇش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى بۇ ئاتالغۇ ئىجتىمائىي ئاسسىمىلياتسىيىلىشىش ھادىسىسىنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت بىرلىكلىرىنىڭ قوشۇلۇپ، تەدرىجىي ھالدا ئوخشاش بولغان مەدەنىيەت بىرلىكىگە ئايلىنىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاسسىمىلياتسىيە — ماسلىشىشنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى. ماسلىشىشتا كىشىلەر پەقەت ئۆزلىرىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە ھەرىكەت ئادەتلىرىنى ئاكتىپ ھالدا ئۆزگەرتىپ ئىجتىمائىي مۇھىتقا ئۇيغۇنلىشىدۇ. ئاسسىمىلياتسىيە بولسا ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت، ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ۋە جامائەلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئادەت، ئەنئەنىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى مۇھىتنىڭ ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىش جەريانى. ئاسسىمىلياتسىيە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت، جامائە ياكى شەخسلەرنىڭ بىر - بىرىگە سىڭىشىپ، ئوخشاش مەدەنىيەت بىرلىكىگە ئايلىنىش جەريانى بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىپ، ئاڭسىز ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان جەريان.

ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشنىڭ سۈرئىتى دەسلەپتە ئاستا بولىدۇ. ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشكە ئۇچرىغۇچى جامائە ئۆزى قوبۇل قىلىۋاتقان مەدەنىيەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇغان هامان ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئادىتى ۋە ئەنئەنىسىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاز كېچىپ، ئاسسىمىلياتسىيە قىلغۇچى مەدەنىيەتنى پائال ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشنىڭ جەريانى تېزلىشىدۇ.

ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشنى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ بىرلىكى ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ يۈتكىلىپ تۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر جەمئىيەتتە ئۇزۇن مۇددەت ئورتاق ياشاۋاتقان كىشىلەردە ئورتاق مەدەنىيەت شەكىللىنىدۇ. ئەگەر بۇنداق ئورتاق مەدەنىيەت بولمىسا، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىشى ۋە ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ يۆتكىلىپ - كۆچۈپ تۇرۇشى دائىملىق ئىش. سىرتتىن كەلگەن مىللەت، جامائە ياكى شەخسلەرنىڭ قوشۇلۇشى مۇقەررەر هالدا ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. توقۇنۇشنىڭ نەتىجىسى مۇقەررەر هالدا ئورتاق بولغان بىر خىل مەدەنىيەت بىرلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى، كۆچمەنلەرنىڭ ياكى سىرتتىن كەلگەن بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى، ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى ۋە سىرتتىن كەلگەن مىللەتنىڭ تاجاۋۇزى بىلەن بىللە كەلگەن يات مەدەنىيەتنىڭ يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن بولغان توقۇنۇشى قاتارلىق ئامىللار ئاسسىمىلياتسىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىجتىمائىي ئامىللار هېسابلىنىدۇ.

تىل — ئاسسىمىلياتسىيىدە ئالاهىدە مۇهىم رول ئوينايدۇ. ئاسسىمىلياتسىيىلىشىش ئەڭ ئاۋۋال تەقلىدى هەرىكەت قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە تىل ئۆگىنىشتىن باشلىنىدۇ. لېكىن، تەقلىدىي ھەرىكەت بولۇپ، تىل ئالاقە ھەرىكىتى ئارقىلىق چۈشىنىش بولمىسا، ئاسسىمىلياتسىيىلىشىش تولۇق ئىشقا ئاشمايدۇ. تىل — ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشتىكى مۇھىم ۋاستە شۇنداقلا ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. تەپەككۇر ئۇسۇلى ھەرىكەت ئۇسۇلىنى باشقۇرىدۇ. ئاۋۋال پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىكى ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن ھەرىكەتتىكى ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، پىكىر قىلىش تىلدىن ئايرىلالمايدۇ. تىل ئىككى خىل مەدەنىيەتنى ئۇچراشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينايدۇ. مۇشۇنداق كۆۋرۈك بولمىسا باشقا مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان (ئىلغار بولغان) مەدەنىيەت بىرقەدەر تۆۋەن بولغان (ئارقىدا قالغان) مەدەنىيەتنى ئاسسىمىلياتسىيىلەشتۈرىدۇ. شۇڭا، ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشنى جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدىكى بىر خىل يۈزلىنىش دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن يېڭى ئىلغار مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاسسىمىلياتسىيىلىشىش جەريانى ئاڭسىز ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر دۆلەت ياكى مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە ئاسسىمىلياتسىيىلىشىش جەريانى ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتى ۋە ھالىتىنى ئۆزگەرتىدۇ. مانا بۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئاسسىمىلياتسىيىلىشىشنى ئىنقىلابنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدۇ.

ئاسسىمىلياتسىيە بىلەن ئىجتىمائىي ئىنقىلاب خاراكتېرى ئوخ-شاش بولمىغان ئىككى خىل ئۇقۇم. ئاسسىمىلياتسىيە ئىجتىما-ئىي ئالاقە ھەرىكەت شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەر-نىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادىتى ۋە ھەرىكەت ئۆلچەم قائىدىسىنى ئۆزگەرتىش. ئۇ ئىجتىمائىي تۈزۈمگە تەگمەيدۇ. ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسى. پەقەت ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئارقىلىقلا، ئاندىن ئاسسىمىلياتسى-لىشىشنىڭ شارائىتىنى ياراتقىلى بولىدۇ. ئەگەر ئاسسىمىلياتسى-يىلىشىشنى ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى جەم-ئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ قارالسا، ئۇ چاغدا تامامەن خاتا بولىدۇ.

## ئۈچىنچى پاراگراف كوللېكتىپ ھەرىكەت

### 1. كوللېكتىپ ھەرىكەت چۈشەنچىسى

كوللېكتىپ ھەرىكەت، سۆز مەنىسىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ-كى، ئۇ شەخسنىڭ ھەرىكىتى ئەمەس، بەلكى كەم دېگەندە ئىككى-دىن ئارتۇق بولغان كىشىلەرنىڭ بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان ھەرى-كىتى. كوللېكتىپ ھەرىكەت كۆپرەك مۇئەييەن مەيدان ياكى سورۇندىكى يىغىلغان كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قائىدە ـ نىزامى-نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، مەقسەت ـ نىشانسىز ۋە تەشكىل ـ پىلانسىز ھالدا ئېلىپ بارغان ئىستىخىيىلىك ھەرىكى-تىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كوللېكتىپ ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت بولغاچقا، بەزىدە ئاممىنىڭ ھەرىكىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كەڭ مەنىدىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى جەريانىدا، نۇر-غۇن كىشىلەرنىڭ ئورتاق ھەرىكىتى كوللېكتىپ ھەرىكەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى ر. ئې. پاك بۇنىڭدىن

خېلى بۇرۇنلا جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن «كوللېكتىپ ھە-
رىكەت» دېگەن ئۇقۇمغا ئېنىقلىما بەرگەنىدى. ئۇ 1921 - يىلى
يازغان «جەمئىيەتشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن ئە-
سىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «كوللېكتىپ ھەرىكەت كوللېك-
تىپنىڭ ئورتاق قوزغىلىشى ۋە تەسىرىدە يۈز بەرگەن شەخس
ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر خىل كەيپىيات جەھەتتىكى
ھاياجانلىنىشتۇر.» شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كوللېكتىپ ھەرىكەت
جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ مەخسۇس بىر تېرمىنىغا ئايلاندى. شۇنى
كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «كوللېكتىپ ھەرىكەت» بىلەن
«كوللېكتىپ پائالىيەت» خاراكتېرى ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدى-
غان ئىككى خىل ئۇقۇم بولۇپ، بۇ ئىككى خىل ئۇقۇمدا خاراك-
تېرى ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئىجتىمائىي ھادىسە ئەكس
ئېتىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ مۇھىم پەرقى شۇ يەردىكى، ئىجتىما-
ئىي تەشكىلاتلار مۇئەييەن مەقسەت ياكى نىشانغا يېتىش ئۈچۈن
ئۇيۇشتۇرغان، ھەرىكەت پىلانى بولغان پائالىيەتلەر «كوللېكتىپ
پائالىيەت» دەپ ئاتالسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئېنىق مەقسەت -
نىشان ۋە ھەرىكەت پىلانى بولمىغان پائالىيەتلەر «كوللېكتىپ
ھەرىكەت» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر پاراگرافتا پەقەت مۇشۇ كې-
يىنكى ئۇقۇم — «كوللېكتىپ ھەرىكەت» توغرىسىدا توختىلى-
مىز.

بىزگە مەلۇم، ئىجتىمائىي تۇرمۇش نۇرغۇن كىشىلەرگە
ئورتاق بولغان تۇرمۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي قائىدە -
يوسۇن سىستېمىسى نۇرغۇن - نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى
بىر خىل قېلىپ - ئىزغا سېلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مۇئەي-
يەن تەرتىپكە سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەر-
تىپلىك، قائىدىلىك ۋە رىتىملىق بولىدۇ. لېكىن، يەنە بىر
جەھەتتىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئىجتى-
مائىي ئالاقە ھەرىكىتى جەريانى بولغاچقا، بۇ جەرياندا دائىم

يېڭى - يېڭى ئىجتىمائىي ئۇچۇر - ئىنفورماتسىيىلەر تارقىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەب بىلەن بەزى ۋاقىتلاردا كىشىلەر ھېچبىر ئويلانماستىنلا بۇ ئۇچۇر - ئىنفورماتسىيىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ تەسىرىدە قارىغۇلارچە، ئاڭسىزلارچە، تەشكىل ۋە رەھبەرسىزلا ھەرىكەت قوللىنىپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچ - مۇقىم، نورمال تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش، مالىمانچىلىق تۇغدۇرۇش، پىتنە - پاسات تارقىتىش، ئەسەبىيلىشىپ كېتىش، تالىشىپ مال سېتىۋېلىش ۋە باشقا مۇشۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپ ھەرىكەت جۈملىسىگە كىرىدۇ. دېمەك، ئىجتىمائىي قائىدە - تەرتىپنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرىمايدىغان مەقسەتسىزلا، قارىغۇلارچە ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت كوللېكتىپ ھەرىكەت دېيىلىدۇ. ئۇ ماھىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىجتىمائىي ئالاقە ھەرىكىتى ئۇسۇلىدۇر.

## 2. كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبى ۋە شەرتلىرى

ئادەتتىكى ئەھۋالدا، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەشكىلاتنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا، جەمئىيەتتە بىردەك قوبۇل قىلىنغان قائىدە - يوسۇن، نىزام - تەرتىپ ئىچىدە ئىش ئېلىپ بارىدۇ ياكى ئۆزىنى شۇ دائىرە ئىچىدە كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئالاھىدە بولغان كوللېكتىپ ھەرىكەت يۈز بېرىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى كۆپ، ھەر خىل ۋە نىسبەتەن مۇرەككەپ. جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، باراۋەرسىزلىك ۋە تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئىشلار كوللېكتىپ ھەرىكەت يۈز بېرىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدۇر. جەمئىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك كىشىلەرنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئۆچمەنلىكنى پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئۆچمەنلىك بىرەر يىغىلىش مەيدانى ياكى سورۇنغا

توغرا كېلىپ قالسا، كىشىلەر ئاسانلا ھاياجانلىنىپ، ئۆزىنى بېسىۋالالماي، كوللېكتىپ ھەرىكەتنى قوزغىشى مۇمكىن. بەزىدە بىرەر تۇيۇقسىز ئىش ياكى ھادىسە يۈز بەرسە كىشىلەر ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىنى ئاڭقىرالماي، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ بولغۇچە، كوللېكتىپ ھەرىكەت يۈز بېرىشى مۇمكىن. يۇقىرىدىكى سەۋەبلەردىن باشقا، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەريانىدىكى سىياسەتنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ كوللېكتىپ ھەرىكەتنى پەيدا قىلىدۇ. كوللېكتىپ ھەرىكەت ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەريانىدىكى بىر خىل ھەرىكەت شەكلى. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ھەم زىيىنى بار، ھەم مەلۇم پايدىسى بار. ئۇنىڭ زىيىنى شۇ يەردىكى، ئۇ نورمال تۇرمۇش رىتىمىنى ۋە تەرتىپىنى بۇزۇپ، سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە ھەتتا بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئوينايدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى جەريانىدا، كونىلىققا، خوراپاتلىققا قارشى تۇرغان، يېڭى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە قائىدە ـ يوسۇننى تەشەببۇس قىلغان كوللېكتىپ ھەرىكەتنى مۇئەييەن ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

كوللېكتىپ ھەرىكەت يەنە مۇئەييەن شەرت ـ شارائىتنى ئاساس قىلىدۇ. يەنى ئۇ مۇئەييەن شەرت ـ شارائىتنىڭ يېتىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ شەرت ـ شارائىت ئالاقىلىشىش، ھاياجانلىنىش ۋە تەسىرلىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كوللېكتىپ ھەرىكەت كۆپ كىشىلەرنىڭ ئورتاق ھەرىكىتى. شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىشىنى شەرت قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئورتاق قىزىقىدىغان مەسىلە ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۆزئارا ئالاقىلىشىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا، كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۆزئارا ئالاقىلىشىش ئارقىلىق كىشىلەر ئاسانلا تەسىرگە ئۇچرايدۇ ھەمدە تېز ئىنكاس قايتۇرىدۇ. ھالبۇ-

كى، بۇ خىل ئىنكاس چوڭقۇر ئويلىنىشنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ھېسسىياتقا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتكەنلىكنىڭ نەتىجىسى. ئېنىقراق ئېيتقاندا ئۇ ئەقىل - ئىدراكنى يوقاتقانلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئالاقىلىشىش روھىي كەيپىيات جەھەتتىكى تەسىرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەزى يىغىلىش مەيدانلىرىدا بىر قىسىم كىشىلەر ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ، ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەي چاتاق چىقىرىدۇ. بىر قىسىم باشقا نىيەتتىكى كىشىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، كىشىلەرنى تېخىمۇ قۇترىتىدۇ. بىرەرسى شوئار توۋلىسا، مەيداندىكى بارلىق كىشىلەر ئۇنىڭ ھەق ياكى ناھەق ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرمەيلا قولىنى كۆتۈرۈپ ئەگىشىپ توۋلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، كوللېكتىپ ھەرىكەت ئەۋجىگە چىقىدۇ. بەزىدە تېخى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ ئاياغلىشىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەردىكى ھاياجانلىنىش بەكرەك تەرەققىي قىلسا، كوللېكتىپ ھاياجانلىنىش ياكى پۈتۈن سەپ بويىچە تەسىرلىنىش بارلىققا كېلىدۇ. بۇ خىل تەسىرلىنىش شەكىللەنسە، كوللېكتىپ ھەرىكەت ئەڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىنچىدىن، كوللېكتىپ ھەرىكەتتىكى ھەربىر ئەزانىڭ ھېسسىياتى تولۇق قوزغىتىلغان بولىدۇ. پۈتكۈل كوللېكتىپ ھاياجانلىنىپ ياكى تەسىرلىنىپ، ئومۇمىيلىق خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئەگەر كوللېكتىپ زىيادە ھاياجانلىنىپ كەتسە، ئىجتىمائىي كونا قائىدە - ئادەت، نىزام - بەلگىلىمە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. ئىجتىمائىي قائىدىلەرگە خىلاپ ھەرىكەتلەر ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەت يۈگەنسىز، شاش ئاتتەك قالايمىقان چېپىپ، ئۆز كونتروللۇقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. كوللېكتىپ ھېسسىياتى تازا ئەۋجىگە چىقىپ كەينىگە قايتسا، كوللېكتىپ ھەرىكەتمۇ تاماملىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 3. كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ ئالاھىدىلىكى

كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. (1) ئىستىخىيىلىكىكە ئىگە. چۈنكى، كوللېكتىپ ھەرىكەتكە كىشىلەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن قاتنىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تەشكىلى، رەھبىرى بولمايدۇ. پۈتكۈل كوللېكتىپ ھەرىكەت جەريانى بىر مەيدانغا يىغىلغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ قىقاس - چوقانلىرى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. (2) ئەسەبىيلىشىشمۇ كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ بىرخىل ئالاھىدىلىكى. كوللېكتىپ ھەرىكەتنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، ھەربىر ئەزا يۇكسەك دەرىجىدىكى ئەسەبىيلىك ھالىتىدە بولىدۇ. ئۇلار ناھايىتى ھاياجانلىنىپ، ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقان بولىدۇ. ئۇلاردا ئېنىق نىشان - مەقسەت بولمايدۇ. ئۇلار ئۆز ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. شۇڭا، بەزى كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئورۇنسىز ھالدا ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ. (3) نەتىجىسىزلىكى. كوللېكتىپ ھەرىكەت خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەشكىلىي، رەھبەرىي، ھەرىكەت پىلانى بولمىغان بىر خىل ھەرىكەت بولغاچقا، ئۇ كۆپ چاغلاردا قالايمىقان، تەرتىپسىز بولىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي قائىدە - تەرتىپنى بۇزىدۇ. شۇڭا، كوللېكتىپ ھەرىكەت جەريانىدا توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلايدىغان ئىشلار كۆپرەك يۈز بېرىدۇ. يامان ئادەملەر كۆپرەك شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ. (4) ئۆتكۈنچى خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. كوللېكتىپ ھەرىكەت ئۇزاققىچە داۋام قىلالمايدۇ. ئۇ ھېسسىياتقا بېرىلگەن ئىش بولغاچقا، قاتناشقۇچىلار ئىچىنى بوشاتقاندىن كېيىن، پەيلىدىن يېنىپ، كەيپىيات جىددىيلىكى بارا - بارا پەسىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرىكەتمۇ توختاپ قالىدۇ. يېڭى قائىدە - تەرتىپ بارلىققا كېلىپ، جەمئىيەت ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە تۈزۈملەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كوللېكتىپ ھەرىكەت ئاياغلىشىدۇ. يەنە بىر جە-

ھەتتە، كوللېكتىپ ھەرىكەت بارا ـ بارا تەشكىللىك ئاممىۋى ھەرىكەتكە ئايلىنىپ، تەرتىپكە چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كوللېكـ تىپ ھەرىكەت ئاياغلىشىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، كوللېكتىپ ھەرىكەت ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھەرىكەت.

كوللېكتىپ ھەرىكەت ھەربىر ئىجتىمائىي فورماتسىيىدە داـ ئىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. ئۇنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبلىرى، خىللىرى، دەرىجىسى ئوخشاش بولـ مىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىمۇ ئوخشاش بولـ مايدۇ. ئوخشىمىغان كوللېكتىپ ھەرىكەتلەرنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ بەزىدە جەمئىيەتكە قارىتا ئىجاـ بىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن، بەزىدە ئۇ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، 1976 ـ يىلى تىيەنمېن مەيداـ نىدا يۈز بەرگەن جۇئىنلەي زۇڭلىغا ماتەم بىلدۈرۈش كوللېكتىپ ھەرىكەت ئىجابىيلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇ «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار قىلىش، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى ئاياغلاشتۇـ رۇشنى كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب

# ئىجتىمائىي تۈزۈم

ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىنسانلار ئىجتىمائىي ھەرىكىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قېلىپلاشقان سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان. ئىنسانلار ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاشتا ئىجتىمائىي تۈزۈم يادرولۇق رول ئوينايدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ كونكرېت مەزمۇنىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ ھاسىلىسى بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلدى. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆزگىرىشى، فۇنكسىيىسى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت ئۆلچىمى بىلەن بولغان ئىچكى باغلىنىشى جەمئىيەتشۇناسلار كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم نۇقتا. ئىجتىمائىي تۈزۈمگە بولغان چۈشەنچە ۋە باھانى جەمئىيەت توغرىسىدىكى توغرا چۈشەنچىگە زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم. چۈنكى تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قانداق يول ۋە تەرتىپ بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ كەلگۈسى مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان مەسىلە.

# بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئۇنىڭ تىپلىرى

## 1. ئىجتىمائىي تۈزۈم چۈشەنچىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي قائىدە توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئىجتىمائىي قائىدە ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

ئادەملەر توپى ياكى ئىنسانلار جەمئىيىتى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. ئەمما، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بولسا ئادەمنىڭ يەككە تەبىئىي مەيل ياكى ئۆز خاھىشى بويىچە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى بىلەن زىددىيەتلىك بولىدۇ. پەقەت يەككىنىڭ پائالىيىتىگە چەك قويغاندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي توپنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە كاپالەتلىك قىلغىلى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى قاتارلىقلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە تەدرىجىي ھالدا بىر خىل يەككىنىڭ تەبىئىي مەيل ياكى ئۆز خاھىشى بويىچە ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلىرىنى چەكلەيدىغان، ئادەملەر توپىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان، جانلىقلاردىن ھالقىغان ئىجتىمائىي كۈچ ئوتتۇرىغا چىقتى. مانا بۇ ئىجتىمائىي قائىدىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي قائىدە كىشىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن كەلتۈرۈپ چىقارغان، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىش، تەڭشەش ۋە ئۇنىڭغا ئارىلىشىش ئۈچۈن قوللىنىلـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان مەدەنىيەت ۋاستىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي قائىدىنىڭ تۈپ مەقسىتى. پاسسىپ جەھەتتىن قارىغاندا، شەخسنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى تو-پەيلىدىن جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مەنپەئىتىنى خەۋپكە ئۇچ-راتقۇزماسلىق، ئاكتىپ جەھەتتىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي توپ ئىچىدە بىر خىل مۇقىم بولغان، ئۇزاق داۋاملىشىدىغان مۇناسى-ۋەت بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا شارا-ئىت ھازىرلاش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئىجتىمائىي قائىدىنى چۈشىنىش ئاساسىدا، بىز يەنىمۇ ئىل-گىرىلىگەن ھالدا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈ-شەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىجتى-مائىي پائالىيەت دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىدۇ. ئىجتىمائىي قائىدىنىڭ سانى ۋە تۈرىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆپىيىدۇ. بىز قائىدىنى ئۇنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، رول ئويناش دائىرىسى قاتار-لىق بىر قاتار ئۆلچەملەرگە ئاساسلىنىپ تۈرگە ئايرىپ، ھەرقاي-سى قائىدىلەرنى نىسپىي مۇستەقىل بولغان ئامىل دەپ قارىساق، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ رولىنى كونكرېت، چوڭقۇر، ئايرىم - ئايرىم تەتقىق قىلىشىمىزغا قۇلايلىق بولىدۇ. ئەمما، بىز جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئايلىنىشىغا قارىتا ماكرولۇق تەك-شۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقتىمىزدا، شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرىشىمىز كېرەككى، بۇ مەزمۇنى، شەكلى، رول ئويناش دائى-رىسى ئوخشاش بولمىغان قائىدىلەر ھەرگىزمۇ بىر - بىرى بىلەن ئالاقىسىز ھالدا رول ئوينىمايدۇ. بەلكى مۇئەييەن نىشان (بۇ نىشانلارنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ) نى چۆرىدىگەن ھالدا ئورگانىك ھالدا بىرلىككە كېلىپ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي پائالى-

يەت ساھەسىدە ئورتاق ھالدا رول ئوينايدۇ، يەنى ھەر خىل قائىدىلەر ئۆزئارا باغلىنىشلىق سىستېما بولۇپ ئۇيۇشۇپ، بىرىكمە كۈچ سۈپىتىدە ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئىجتىمائىي تۈزۈم دەل بۇنداق ھادىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىدۇر.

ئىجتىمائىي تۈزۈم پەقەت بىر خىل ھەرىكەت قائىدىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر خىل ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدۇر. بىر ئىجتىمائىي قۇرۇلما بولۇش سۈپىتىدە، ئۇ مۇئەييەن ئىقتىسادىي ئاساس ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان ئىجتىمائىي كۈچ، ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا رول ئوينىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئاساسىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، بەلگىلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەم ئۇنى قېلىپلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي تۈزۈم دېگىنىمىز، بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان ئىجتىمائىي قۇرۇلما، ئۇ بەلگىلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ھەم ئۇنىڭ ئەندىزىسىنى، قائىدىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ قېلىپلاشقان سىستېمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجتىمائىي تۈزۈم ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، زامان ۋە ماكان جەھەتتىكى ئومۇملۇق. بىر خىل ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ قائىدە سىستېمىسى بولۇش سۈپىتىدە، ئىجتىمائىي تۈزۈم پەقەت بارلىق دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىغا ئىزچىللاشقان بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئۆزگىرىشچانلىق. گەرچە ئىجتىمائىي تۈزۈم زامان ۋە ماكان جەھەتتە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولسىمۇ، بىراق ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋر ۋە ئوخشاش بولمىغان دۆلەت (مىل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەت) ھەتتا ئوخشاش بىر دۆلەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلىرىدا، ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدە ئوخشىماسلىقلار كۆرۈلىدۇ ھەم جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ.

ئۈچىنچى، نىسپىي مۇقىملىق. ئىجتىمائىي تۈزۈم جەمئىيەتتىكى ھەر خىل كۈچلەرنىڭ ئۆزئارا رول ئوينىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئادەتتە نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان قائىدە سىستېمىسىغا، تەشكىلىي سىستېمىغا ۋە ۋاستە سىستېمىسىغا ئىگە، شۇڭا پەقەت ھەر خىل كۈچلەر مۇئەييەن مەزگىل ئىچىدە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ تۇرالىسىلا، ئىجتىمائىي تۈزۈممۇ مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە مۇقىم بولىدۇ.

تۆتىنچى، مەجبۇرلاشچانلىق. قانداق ئىجتىمائىي تۈزۈم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ شەكىللەنگەن ھامان مۇئەييەن دەرىجىدىكى مەجبۇرلاشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەرتىپ ئىچىدە تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنى تۈزۈمگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلايدۇ.

بەشىنچى، سىنىپىيلىك. سىنىپىي جەمئىيەتتە، ئىجتىمائىي تۈزۈم مۇستەسناسىز ھالدا، ئازدۇر-كۆپتۇر سىنىپىي مەنپەئەت ۋە سىنىپىي ئاڭنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، كاپىتالىستىك دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان قائىدىنى ئۆزىنىڭ يادروسى قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ سىياسىي تۈزۈمى بولسا بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى ساقلايدىغان قائىدىنى ئۆزىنىڭ تۈپ قانۇنى قىلىدۇ.

## 2. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تىپلىرى

ئىجتىمائىي تۈزۈم مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئۇستىگە بەرپا قىلىنغان بىر خىل ئىجتىمائىي قۇرۇلما بولۇپ ھېساب-

لىنىدۇ، شۇڭا، تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇل-
مىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلما (ئىقتىسادىي بازىس) ۋە سىياسىي
قۇرۇلما (ئۈستى قۇرۇلما) دەپ ئايرىش توغرىسىدىكى قائىدىسى-
گە ئاساسلانغاندا، ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بۇنىڭغا ماس ھالدا مەنبە
(ئاساس)، تۈزۈم ۋە ھاسىلى تۈزۈم دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە
ئايرىشقا بولىدۇ. مەنبە تۈزۈم ئاساسەن مۇنۇلارنى كۆرسىتىدۇ:
(1) ئىقتىسادىي تۈزۈم. بۇ جەمئىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش،
تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمال قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك
بولغان بەلگىلىمىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مۇئەييەن جەمئىيەتتىكى
ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسىنى گەۋدىلەندۈر-
دۇ. (2) نىكاھ - ئائىلە تۈزۈمى. بۇ نىكاھ پائالىيىتى، ئائىلە
مۇناسىۋىتى، ئائىلە قۇرۇلمىسى ۋە تۇغۇت قاتارلىق تەرەپلەرگە
مۇناسىۋەتلىك بولغان بەلگىلىمىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ھاسىلىي تۈ-
زۈم ئاساسەن مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) سىياسىي
تۈزۈم. بۇ دۆلەتنىڭ خاراكتېرى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سى-
نىپلارنىڭ دۆلەتتە تۇتقان ئورنى ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇش پرىنسى-
پى، ئۇسۇلى قاتارلىق تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بەلگىلى-
مىلەرنى كۆرسىتىدۇ. (2) قانۇن - تۈزۈم. بۇ دۆلەتنىڭ ئاسا-
سىي قانۇنى، ھەر خىل قانۇن - تۈزۈملىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئىجرا-
سى ۋە نازارەتچىلىك ئاپپاراتلىرى قاتارلىق تەرەپلەرگە مۇناسىۋەت-
لىك بولغان بەلگىلىمىلەرنى كۆرسىتىدۇ. (3) مەدەنىيەت تۈزۈ-
مى. بۇ مائارىپ، ئىلمىي تەتقىقات، ئەخلاق، دىن،
ئەدەبىيات - سەنئەت، تەشۋىقات قاتارلىق تەرەپلەردىكى مۇناسى-
ۋەتلىك فاڭجېن، سىياسەت، ئورگان ھەمدە ئۇنىڭ ھەرىكەت
قائىدىسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي تۈزۈم قۇرۇلمىسى ۋە فۇنكسىيىسى

## 1. ئىجتىمائىي تۈزۈم قۇرۇلمىسى

كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارىتا قانداق تونۇشقا ئىگە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق ئىجتىمائىي تۈزۈم مەلۇم جەھەتتىن بىر خىل ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە بىر خىل ئىجتىمائىي ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ سىستېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي تۈزۈم مۇقەررەر تۆۋەندىكى ئۈچ ئامىلدىن تەشكىل تاپىدۇ:

بىرىنچى، قائىدە سىستېمىسى. ھەرقانداق ئىجتىمائىي تۈزۈمدە كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلەر ئەندىزىسىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر يۈرۈش مۇكەممەل قائىدە سىستېمىسى بولۇشى كېرەك. تۈزۈمنىڭ قائىدە سىستېمىسى ئۆرپ ـ ئادەت، ئېتىكا ـ ئەخلاق، نىزام، پرىنسىپ، قانۇن ـ قائىدە قاتارلىق تۈرلۈك يازما ۋە غەيرىي يازما شەكىلدىكى قائىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قائىدە بولمىسا، تۈزۈم مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

ئىككىنچى، تەشكىلىي سىستېما. قائىدە سىستېمىسىدىن باشقا، ئىجتىمائىي تۈزۈم يەنە ئۆزىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسىغا ئىگە بولۇشى، تۈزۈمنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەكشۈرۈشتە بۇ سىستېمىدىن پايدىلىنىشى كېرەك. تەشكىلىي سىستېما بارلىق فۇنكسىيىلىك ئاپپاراتلار ھەمدە ئۇنىڭ باشلىقلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە

ئالىدۇ. تەشكىلىي سىستېما ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئەمەلىي ھۆد-
دىگەرلىرى، تەشكىلىي سىستېما بولمىسا، قائىدىنى يولغا قويغى-
لى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۈزۈممۇ شەكىللىنەلمەيدۇ.

ئۈچىنچى، ماددىي ئەسلىھە سىستېمىسى. ھەرقانداق ئىجتى-
مائىي تۈزۈمدە، تەشكىلىي سىستېما ئارقىلىق قائىدىنىڭ يۈرگۈ-
زۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن تاشقىرى، يەنە بەلگىلىك ئەسلى-
ھە سىستېمىسى بولۇشى، بۇنىڭدىن تۈزۈمنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى
ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ۋە ئۇنى تەكشۈرۈشنىڭ ۋاستىسى ۋە قورال-
لى سۈپىتىدە پايدىلىنىشى كېرەك. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ماددىي
ئەسلىھە سىستېمىسى ئەمەلىي ئەسلىھە (مەسىلەن، زاۋۇت ئۆيى،
ماشىنا - ئۈسكۈنە قاتارلىقلار) ۋە نامايەندە خاراكتېردىكى ئەسلى-
ھە (مەسىلەن، زاۋۇت گېربى، ماركا قاتارلىقلار) دىن ئىبارەت
ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر بەلگىلىك ماددىي
ئەسلىھە بولمىسا، تەشكىلىي سىستېمىنىڭ قانداق كۈچلۈك بولۇ-
شىدىن ھەم قائىدە سىستېمىسىنىڭ قانچىلىك مۇۋاپىق، ئېنىق
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تۈزۈم ئۆز رولىنى نورمال ھالدا جارى
قىلدۇرالمايدۇ.

## 2. ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ فۇنكسىيىسى

ھەرقانداق بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم مۇئەييەن ئىجتىما-
ئىي شارائىتتىكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى
ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان بولىدۇ. بولمىسا ئۇ شەكىللەنمىگەن بولات-
تى. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ
فۇنكسىيىسى جەمئىيەت ۋە ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى
قاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. بىراق بۇ خىل چۈشەنچىدە ئىجتىمائىي
تۈزۈمنىڭ كونكرېت فۇنكسىيىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسى-
تىپ بېرەلمىگەن. ئۇنداقتا، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ كونكرېت

فۇنكسىيىسى نېمە؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئانچە ئاسان ئەمەس، چۈنكى ھەرقانداق ئىجتىمائىي تۈزۈمدە بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن كونكرېت تۈزۈملەر بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر خىل كونكرېت ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئالاھىدە فۇنكسىيىسى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئىقتىسادىي تۈزۈم كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەت ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلسا؛ سىياسىي تۈزۈم كىشىلەرنىڭ سىياسىي پائالىيەت ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئىككىسى تامامەن ئوخشاش بولمايدۇ. بىراق، ئەمەلىيەتتە، پەقەت ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتكە ئىچكىرىلەپ كىرىدىغانلا بولساق، شۇنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىزكى، گەرچە ھەر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈملەر ئۆزىگە خاس ئالاھىدە فۇنكسىيىگە ئىگە بولسىمۇ، بىراق بىر خىل ئىجتىمائىي قائىدە سىستېمىسى سۈپىتىدە، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك ئورتاق ھەم كونكرېت فۇنكسىيىلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، ھەرىكەتكە يول كۆرسىتىش فۇنكسىيىسى. ئىجتىمائىي تۈزۈم ھەمىشە جەمئىيەت ئەزالىرىنى بىر يۈرۈش پائالىيەت ئەندىزىسى بىلەن تەمىنلەپ، كىشىلەرنى مۇئەييەن قائىدە، يۆلىنىش بويىچە ھەرىكەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلايدۇ، ئىنسانلار ئورتاق تۇرمۇشىنىڭ نورمال داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ھەربىر ئادەم ئۆز ھەرىكىتىنىڭ سۇبيېكتى بولۇپ، ھەممىسى ئۆزىگە خاس قىممەت قارىشىغا ۋە خاسلىققا ئىگە، شۇڭا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پائالىيەتتە ناھايىتى زور پەرق بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئادەم ئىجتىمائىي ئادەم بولۇپ، ھەربىر ئادەم جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ھەرىكىتى مۇستەسناسىز ھالدا باشقا ئادەملەرگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ پايدىلىق تەسىر بولۇشىمۇ، پايدىسىز تەسىر بولۇشىمۇ مۇم-

كىن. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت چوقۇم تۈزۈم ئارقىلىق كىشى-لەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدىكى بىردەكلىكى ۋە ماسلىشىشچانلىقىنى ساقلىشى كې-رەك، بولمىسا كىشىلەر ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ.

ئىككىنچى، كونترول قىلىش فۇنكسىيىسى. گەرچە ئىجتى-مائىي تۈزۈم كىشىلەرنى بىر يۈرۈش ھەرىكەت ئۆلچىمى بىلەن تەمىنلىسىمۇ، بىراق، شەخس ياكى جەمئىيەت تەرەپتىكى سەۋەب تۈپەيلىدىن، ھەمىشە بىر قىسىم جەمئىيەت ئەزالىرى بۇ خىل ھەرىكەت ئۆلچىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، تۈزۈمدە بەلگىلەنگەن تەرتىپ ياكى دائىرىدىن ھالقىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانلىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، پەقەت تۈزۈملا بۇ خىل قىلمىشلارنى چەكلىيەلەيدۇ، ئاشۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىش ھەرىكەتلىرىگە ئۆلچەمدىن ھالقىپ كەتكەن دەرىجىسى بويىچە جازا بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، ئاز ساندىكى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش قىلمىشلى-رىغا قارىتا قانۇن — تۈزۈم بويىچە ئايرىم - ئايرىم جازالاش ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش فۇنكسىيىسى. ئىجتىما-ئىيلىشىش شەخسنىڭ بىلىم، ماھارەت ۋە قائىدە ئۆگىنىشى بى-لەن جەمئىيەتنىڭ شەخسكە بىلىم، ماھارەت ۋە قائىدە ئۆگىنىش-تىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك جەريان؛ ھالبۇكى، ئىجتىمائىي تۈزۈم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرى، تۇر-مۇش نىشانى، رول ئويناش ئۆلچىمى قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى بىر يۈرۈش قائىدە سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ئاساسىي جەھەتتىن ئۇمۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتكەن بولى-دۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي تۈزۈم ئەمەلىيەتتە شەخسنىڭ ئىجتىما-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىشىشنى ئومۇمىي جەھەتتىكى ئەندىزە بىلەن تەمىنلىگەن بولىدۇ. مەسىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ تۈزۈمى شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىختىساسلىقلارنى قانداق تەربىيىلەش توغرىسىدا بىر ئاساسىي ئەندىزە بىلەن تەمىنلىگەن.

تۆتىنچى، مەدەنىيەت تارقىتىش فۇنكسىيىسى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىنى ئىنسانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ھالدا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى مەدەنىيەت يارىتىش جەريانى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ھەربىر دەۋردىكى ئادەملەر ئالدىنقىلار ياراتقان مەدەنىيەت ئەندىزىسى ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئالدىنقىلار ياراتقان مەدەنىيەت يەنى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بولمىسا، شەخس مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالمايدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش شەخس ۋە جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئوخشاشلا مۇھىم. ئادەتتە، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىشى ۋە تارقىتىلىشى ئاساسلىقى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، تۈزۈم بىر خىل ئىجتىمائىي قۇرۇلما بولۇش سۈپىتىدە، ئۆزىنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى ئارقىلىق ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى يېڭى قوشۇلغان جەمئىيەت ئەزالىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ داۋاملىشىشى بىلەن ئىنسانلار مەدەنىيىتى سىستېمىلىق ھالدا ساقلىنىپ قالىدۇ.

بەشىنچى، بىر گەۋدىلەشتۈرۈش فۇنكسىيىسى. ئىجتىمائىي تۈزۈم بىر خىل ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ سىستېمىسى بولۇش سۈپىتىدە، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ قائىدىسى ھەمدە ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ ھەرىكەت قائىدىسىنى ئېنىق بەلگىلىگەن بولۇپ، كىشىلەرنى مۇ-

شۇ بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ پائا-
لىيەتلىرى ھەمدە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، جەم-
ئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاپ، جەمئىيەتنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى-
نىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## 3. ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىسلاھاتى

ئادەتتە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈزۈمى ئىجتى-
مائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن
كەلمىگەندە، ئىجتىمائىي تۈزۈم فۇنكسىيىسىنىڭ سەلبىي تەسى-
رى ناھايىتى روشەن ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا،
ئىجتىمائىي تۈزۈم پەقەت جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇش
بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە جەمئىيەتنى كەينىگە چېكىندۈرۈ-
شىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەر جەزمەن ئىسلاھات
ياكى ئىنقىلاب شەكلى ئارقىلىق تۈزۈمنىڭ نۇقسانلىرىنى تۈگىتى-
شى كېرەك. دۆلىتىمىزدە نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسا-
دىي، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى دەل دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسا-
دىي ۋە سىياسىي تۈزۈمى سىستېمىسىدىكى ئاشۇ مۇۋاپىق بولمى-
غان قۇرۇلمىلارنى ئىسلاھ قىلىش، تۈزۈمنىڭ ئىچكى قىسمىدى-
كى ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسلاھات
ئارقىلىق تۈزۈمنىڭ نۇقسانلىرىنى تۈگىتىش، دۆلىتىمىز سوتسى-
يالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىي-
لىك قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشى-
نىڭ ئېھتىياجىدۇر.

تۈزۈلمە ئىسلاھاتى دېگىنىمىز، تۈزۈم ئىسلاھاتىنى كۆرسى-
تىدۇ، يەنى تۈزۈملەشتۈرۈش جەريانى، كونا تۈزۈمدىن يېڭى
تۈزۈمگە ئۆزگىرىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۈزۈم ئىسلا-
ھاتى جەريانىدا كىشىلەر تەدرىجىي ھالدا كونا تۈزۈمدىن ۋاز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېچىپ يېڭى تۈزۈم تىكلەيدۇ، يېڭى ھەرىكەت قائىدىلىرى، يې-
ڭى، مۇقىم ئىجتىمائىي تەرتىپ ئورنىتىدۇ. دۆلىتىمىزدە سوت-
سىيالىستىك تۈزۈم بەرپا قىلىنغىنىغا يېرىم ئەسىر بولدى. سوت-
سىيالىزم قۇرۇش جەريانىدا، بىز ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈردۇق. شۇنداقلا يەن بىر مۇنچە ئەگرى – توقايلىقلارنىمۇ
بېسىپ ئۆتتۇق. بىز تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا
ئىنقىلابى خاراكتېرلىك ئىسلاھات ئېلىپ باردۇق. بۇ ئىسلاھات
سوتسىيالىستىك جۇڭگوغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى، يېڭى گۈل-
لىنىش ئېلىپ كەلدى. شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كې-
يىنكى ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس يارد-
تىپ بەردى.

دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى كونا ئىقتىسا-
دىي ئەندىزىدىن يېڭى ئەندىزىگە بۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
كونا ئەندىزە دېگىنىمىز، ئاشۇ نەچچە يىللاردىن بۇيانقى قېتىپ
قالغان، بېكىنمە ھالەتتىكى ئەندىزىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاسا-
سىي نۇقسانلىرى شۇكى، ھوقۇق ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۇ-
رۇلگەن، باشقۇرۇش ئۇسۇلى، يەنى ئىقتىسادىي تەدبىر بەلگىلەش
ھوقۇقى دۆلەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ قولىغا مەر-
كەزلەشكەن بولۇپ، بۇ ئاساسىي قاتلامدىكى كارخانا ئورۇنلىرى
ۋە ئىشلەپ چىقارغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى بوغۇپ قويغان،
ئىجادچانلىقىنى چەكلىگەن. شۇڭا بۇ خىل ھەددىدىن زىيادە باش-
قۇرۇش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇسۇلۇك ۋە قاتمال
ھالغا چۈشۈپ قالغان تۈزۈلمىدىن ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسى-
دىكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئېھتى-
ياجىغا ئۇيغۇنلاشقان، جانلىق ۋە ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان
يېڭى تۈزۈلمىگە ئۆتۈش زۆرۈر بولۇپ قالغاندى.

دۆلىتىمىزدە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئالدى بىلەن يېزىلاردا ئې-

لىپ بېرىلىپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. دۆلەتىمىز يېزىلىرىدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇدا بىرقانچە يىل دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1986 - يىلدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش - سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، كەسپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق ئىسلاھات باشلاندى. بۇ ئىسلاھات يېزا ئىقتىسادىنى يېپىق ھالەتتىكى تاۋار ئىگىلىكىدىن ئوچۇق ھالەتتىكى تاۋار ئىگىلىكىگە ئايلاندۇردى. ئائىلە ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ كەڭ - كۆلەمدە كېڭەيتىلىشى ۋە باشقا بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى يېزا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئازاد قىلدى، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي كەسپلىشىشكە، تاۋارلىشىشقا، زامانىۋىلىشىشقا قاراپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بەلگىلىك ئۇنۇمگە ئېرىشكەن ۋە مۇئەييەن تەجرىبە - ساۋاقلار ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن، شەھەرلەردە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، شەھەرلەر زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا يېتەكچى رول ئوينايدۇ. ئەگەر شەھەرلەردە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلمايدىكەن، يالغۇز يېزىلارنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شەھەر ئىسلاھاتى سانائەت، بىناكارلىق، سودا، مۇلازىمەت قاتارلىق ساھە ۋە كەسپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پىلان تۈزۈلمىسى، باھا سىستېمىسى، ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىقتىسادىي تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىسى قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلاھ قىلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئىسلاھات يەنە پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، مەزمۇنى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان بىر مەيدان ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر ئىسلاھات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى ئېنىق بولۇپ، ئىسلاھاتنىڭ ۋەزىپىسى «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، جانلىق ۋە ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بەرپا قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش» تىن ئىبارەتتۇر.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ياخشى بولغان ئىقتىسادىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلىش كېرەك. ئىقتىسادىي مۇھىت دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئەندىزىسى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندىزىسى بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىشى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

ئىجتىمائىي مۇھىت دېگىنىمىز، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى، ئىقتىسادىي مۇھىتتىن سىرتقى ئەھۋاللارنى كۆرسىتىدۇ. ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش لازىم.

(1) مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش لازىم. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقىنىڭ ئاچقۇچى ئىختىساسلىقلاردا، ئىختىساسلىقلار مەسە-

لىسىنى ھەل قىلىش ئۇچۇن مائارىپ ئىشلىرىدا ئىقتىسادىي تە-
رەققىيات ئاساسىدا زور تەرەققىيات بولۇشى، زور ئىسلاھات ئې-
لىپ بېرىلىشى كېرەك.

(2) ئىلگىرىكى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ۋە
قۇرۇلۇشنىلا تەكىتلەش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا سەل قاراش خاتا-
لىقىنى تۈزىتىش، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنىڭ
ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئەمەلىي ئىستېمال
سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشى-
لىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

(3) مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرى ھەمدە نو-
پۇسنى تىزگىنلەش، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە مۇھىت باشقۇرۇش
قاتارلىق جەھەتلەردە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش،
ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭ ئىجتىمائىي سىستېمىنىڭ
يۇرۇشلەشكەن قۇرۇلۇشى ئىچىدە ئېلىپ بېرىش، كېرەك.

(4) ھۆكۈمەت ئورگانلىرى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى
ئۆزگەرتىش، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلىشى كېرەك.

(5) قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىقتىسادىي
تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشى ۋە خەلق ئىگى-
لىكىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشى بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسا-
دىي مۇناسىۋەت ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەت ئۆلچىمىنى، قائىدىلىرى-
نى قانۇن شەكلى ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇشنى، قانۇننى ئىقتى-
سادىي مۇناسىۋەت ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تەڭشەيدىغان مۇ-
ھىم ۋاسىتىگە ئايلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى باب

# ئىجتىمائىي تىزگىنلەش

ئىنسانىيەت تەرتىپلىك هالدا تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئىشلەپ-چىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتنى نورمال ئېلىپ بېرىش ئۈ-چۈن، هەر خىل ئىجتىمائىي قائىدىلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ هەرىكىتىنى چەكلەشكە، ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنى يولغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە نېمە ئۈچۈن نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپ بولۇش كېرەك؟ شەخسىي ئەركىنلىك بىلەن ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ ئىجتىما-ئىي تىزگىنلەشنىڭ قانداق ئۇسۇلى بار؟
مانا بۇلار مۇشۇ بابتا تەتقىق قىلىنىدىغان مەسىلىلەر.

## بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي تىزگىنلەش هەققىدە چۈشەنچە

### 1. ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ئومۇمىي مەنىسى

جەمئىيەتنىڭ كۈچى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت قائىدە-دىسىگە بويسۇندۇرۇش، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش جەريانى ئىجتىمائىي تىزگىنلەش بولىدۇ. ئىجتىمائىي تىزگىنلەش هەم پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ياكى جەمئىيەتتىكى جامائە، تەشكىلاتنىڭ ئۆز ئەزالىرىنىڭ هەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشى، چەكلىشى

ياكى جازالىشنى كۆرسىتىدۇ، ھەم جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر قىلىش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش، ئۆزئارا تەنقىد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجتىمائىي تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنىڭ ئەسلىي مەنىسى جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ ھايۋانات تەبىئىتىنى تىزگىنلەش، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتكە پايدىسىز ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلىشنى چەكلەش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىن تار مەنىدە ھەم كەڭ مەنىدە چۈشەندۈرۈلدى. كەڭ مەنىدىكى، ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنى جەمئىيەت ياكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى جامائە ياكى ئىجتىمائىي ئورگانلارنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قوللانغان ۋاسىتىسى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. تار مەنىدىكىسىنى، ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنى جەمئىيەت ياكى ئۇنىڭدىكى جامائەت ياكى ئىجتىمائىي ئورگانلارنىڭ جەمئىيەت قائىدىسىدىن چەتنىگەن يولسىز ھەرىكەتلەرگە قارىتا قوللانغان چەكلەش تەدبىرى ياكى چەكلەش جەريانى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ يەردە بىز ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى تار مەنىدىكى ئۇقۇم بىلەن كەڭ مەنىدىكى ئۇقۇمنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا مۇزاكىرە قىلىمىز. بىر نورمال جەمئىيەتتە، زور كۆپ ساندىكى كىشىلەر قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدۇ. قانۇن ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، جەمئىيەت قائىدىسىدىن چەتنەيدىغان كىشىلەر پەقەت ئاز سانلىق بولىدۇ. ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ئەلۋەتتە قانۇن ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغۇچى ھەرىكەتلەرنى جازالايدۇ ھەم تەربىيە بېرىدۇ، شۈبھىسىزكى، بۇ ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن بۇ پەقەت بىرلا تەرىپى، يەنەكېلىپ پاسسىپ تەرەپ. ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ۋەزىپىسى جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى نورمال ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش. ئۇنىڭ ئاكتىپ تەرىپى، جەمئىيەت ئەزالىرىغا

www.uyghurkitap.com

يېتەكچىلىك قىلىش، كىشىلەرگە مۇشۇ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل قائىدىلەرنى بىلدۈرۈش، مۇشۇ ئىجتىمائىي قائىدىلەرگە نېمە ئۈچۈن بويسۇنىدىغانلىقىنى، قانداق بويسۇنىدىغانلىقىنى ھەمدە ئىجتىمائىي قائىدىلەرگە زىت كېلىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن قانداق كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

كەڭ جەمئىيەت ئەزالىرى مۇشۇ ئىجتىمائىي قائىدىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئىدىيىسىگە سىڭدۈرگەندىلا، ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ كۈچى ئاندىن قۇدرەتلىك ھەم كۈچلۈك بولىدۇ.

ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ئۆزئارا خاراكتېرلىك ھەم سىنىپىيلىققا ئىگە بولىدۇ، كىشىلەر ئالاقە جەريانىدا، ھامان ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا باشقىلارنى دورايدۇ، باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆزىنىڭ سۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق باشقىلارغا تەسىر قىلىدۇ، باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق ھەرىكەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر شەخس جەمئىيەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكىتى يەنە دائىم باشقىلارنىڭ دىققىتىگە ۋە نازارەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. تەلۋىلەرچە ئىش قىلىدىغان، ئەسكىلىك قىلىدىغان ئادەملەر بولىدۇ، ئەمما ئۇلار كۆپ ھاللاردا ھامان كىشىلەرنىڭ پاش قىلىشى ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇنداق ئۆزئارا تەسىر، ئۆزئارا نازارەت قىلىش، ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ئۆزئارا خاراكتېرلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تىزگىنلەش كىشىلەرنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنى نورمال ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ھامان ھۆكۈمران

سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ؛ ھەرقايسى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي تىز-گىنلەشتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. ئىجتى-مائىي تىزگىنلەشنىڭ سىنىپىيلىكى ناھايىتى روشەن بولىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگو قەدىمكى زامان جەمئىيىتى «ئەدەپ» تىن پايدىلىنىپ ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنى يولغا قويغان، ئاتالمىش «ئەدەپ بىلەن قاراش، ئەدەپ بىلەن ئاڭلاش، ئەدەپ بىلەن سۆز-لەش، ئەدەپ بىلەن ھەرىكەت قىلىش» دېگىنىدە، كىشىلەرنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتى پۈتۈنلەي «ئەدەپ» كە ئۇيغۇن بولۇش كېرەكلىكى ئېيتىلغان. ئەدەپ بولسا قۇللۇق جەمئىيەت بىلەن فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەرى-كەت قائىدىسى بولۇپ، «ئەدەپلىك ھەرىكەت» ھۆكۈمران سىنىپ-لارنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغدايدىغان بىر خىل ۋاسىتىسى بولۇپ قالغان. پەن ـ تېخنىكا تېز تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىشچىلار سىنىپى بىلەن باش-قا ئەمگەكچىلەر، تۈرلۈك نامدىكى قانۇن ماددىسى ۋە «تۇختام» دىكى ھەرخىل قائىدە ـ تۈزۈملەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇنلىغان كارخانىلاردا، تارماقلاردا يەنە ھەرخىل ئاپتوماتىك ئۈسكۈنىلەرنىڭ تىزگىنىشى ۋە تېلېۋىزىيە ئىكرانىنىڭ نازارەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ.

مەملىكىتىمىز خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىلىقىدىكى دۆ-لەت. خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسى زور كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە قارىتا دېموكراتىيە، ئاز سانلىق كىشىلەرگە قارىتا دىكتاتورا يۈرگۈزىدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئالىي تىپ، ئەڭ كەڭ دېموكراتىيە. يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتى-يىمىز — بۇرژۇئا دۆلەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا بولۇشى مۇمكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولمىغان ئەڭ كەڭ دېموكراتىيە.»[1] شۇڭلاشقا سوتسىيالىزمدىكى ئىجتىمائىي تىزگىنلەش بىلەن ئۆتكەندىكى بارلىق خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمدىكى جەمئىيەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تىزگىنلىشىدە ماھىيەتلىك پەرق بولىدۇ. بۇرۇن ئاز ساندىكى كىشىلەر قانۇن، ئىنتىزام، ئەخلاق قائىدىسىنى تۈزۈپ، كەڭ ئەمگەكچى ئاممىغا تاڭاتتى. ھازىر خەلق ئاممىسى قانۇن، ئىنتىزام تۈزۈشكە ئىشتىراك قىلىدۇ. ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئورتاق ھالدا تىكلەيدۇ، ئاڭلىق بويسۇنىدۇ. بۇرۇن ئاز ساندىكى كىشىلەر كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى باشقۇراتتى، ھازىر بولسا خەلق ئۆز دۆلىتىنى ئۆزى باشقۇرىدۇ. بۇرۇنقى ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە خەلقنىڭ ئىنقىلابىنى توسۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. بۈگۈنكى بىزنىڭ ئىجتىمائىي تىزگىنلىشىمىز خەلق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە تىنچ ئىتتىپاق بولغان جەمئىيەت تەرتىپىنى قۇرۇش، خەلقنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە قوزغىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

## 2. ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ رولى

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىدا، ھەم ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش زۆرۈر بولىدۇ. ھەم جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە نورمال جەمئىيەت تەرتىپى زۆرۈر بولىدۇ. خاتىرجەم ياشىغاندا ئاندىن خۇشاللىق بولىدۇ، بۇ بىر ھەقىقەت. مەيلى قايسى جەمئىيەت بولسۇن، ھەممىسى مۇقىم بىر جەمئىيەت تەرتىپىنى تىكلەشكە، كىشىلەرنى خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا

[1] «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 5 ـ توم، ئۇيغۇرچە، 674 ـ بەت.

ئىنتىلىدۇ. تارىختا، ئومۇمەن ئىقتىساد بىرقەدەر گۈللەنگەن دەۋرلەرنىڭ ھەممىسى جەمئىيەت بىرقەدەر مۇقىم، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىغا مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرۇلۇپ، تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسكەن دەۋر بولدى. مەملىكىتىمىزنىڭ خەن سۇلالىسىدىكى «ۋېن، جىڭ ئىككى پادىشاھ ئىدارە قىلغان دەۋر» تاڭ سۇلالىسى-دىكى «پادىشاھ تەيزۇڭ ئىدارە قىلغان دەۋر» بۇنىڭ مىسالى. تارىخمۇ ئىسپاتلىدىكى، بىر جەمئىيەتتە پاراكەندىچىلىك، ئىچكى توپىلاڭ، قالايمىقانچىلىق بولۇپ خەلق كۈن كەچۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالغان چاغدا، ئىشلەپچىقىرىش ھامان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچ-رايدۇ. خەلق تۇرمۇشى جاپالىق ئازاب ئوقۇبەتلىك بولىدۇ. كونا جۇڭگودا مىللىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى قالايمىقان ئۇرۇشنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپىتى دەل مۇشۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرى-دۇ. ئېلىمىز سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق تۇرمۇشى خاتىرجەم بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىپ، پەن - مەدەنىيەت ئىلگىرىلەپ، پۈتكۈل جۇڭگودا غايەت چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، يېڭى بىر جەمئىيەت تەرتىپى قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدى-كى مۇناسىۋەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، جەمئىيەت كەيپىيا-تىنى بۇزۇۋەتتى. ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. پارتى-يە، دۆلەت ۋە خەلق مەملىكىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئەڭ ئېغىر ئوڭۇشسىزلىق ۋە زىيانغا ئۇچرىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ ئۇ-چىنچى نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 11 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تىنچلان-دۇرىدىغان، خەلقنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان بىر

قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بەلگىلەش بىلەن، قالايمىقانلاشقان جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە ئىتتىپاقلىقى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى يېڭىۋاشتىن يولغا قويۇلدى.

جەمئىيەت تەرتىپى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ئىجتىمائىي تىزگىنلەش بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي تىزگىنلەش بولمىسا، نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە مۇقىم ئىجتىمائىي ۋەزىيەت بولمايدۇ.

ئىنسانلار ئىپتىدائىي ھالەتتە توپلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن مەزگىلدە دۆلەت تېخى پەيدا بولمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىسى، ئىنتىزامى ۋە ئەمگەك قائىدىسى پۈتۈنلەي ئادەت، ئەنئەنىۋى كۈچكە تايىنىپ ساقلىناتتى. مۆتىۋەر ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەملەرگە تايىنىپ ساقلىناتتى. شۇڭا گەرچە ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئارمىيە، سوت ۋە تۈرمە بولمىسىمۇ، لېكىن كۈندىلىك تۇرمۇش ھامان تەرتىپلىك رەتلىك بولاتتى. ئۇرۇقداشلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈرلۈك جېدەل - ماجىرا، تالاش - تارتىش پەيدا بولغاندا «بارلىق مەسىلىلەرنى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ھەل قىلاتتى. كۆپ ئەھۋاللاردا، ئەزەلدىن كېلىۋاتقان قائىدە - يوسۇن ھەممىسىنى تەڭشەپ قوياتتى.»① ئىنسانىيەت جەمئىيىتى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى بارلىققا كەلتۈردى، سىنىپ پەيدا بولدى. دۆلەت قۇرۇلدى. دۆلەت سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ قورالى. ئۇ ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى بىلەن سىياسىي مەنپەئەتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر خىل «تەرتىپ» ئورنىتىدۇ. بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپنى ئېزىشىنى قانۇنىيلاشتۇرىدۇ، تۈزۈملەشتۈرىدۇ، سىنىپىي توقۇنۇشلارنى پەسەيتىدۇ ھەمدە توقۇنۇشنى ھۆكۈمران

---

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە، 92 - بەت.

سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان تەرتىپ دائىرىسى ئىد-
چىدە ساقلاشقا تىرىشىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بىز
ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا ئاساسەن، ماركسىزم ــ لېنىنىزم، ماۋزې-
دۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدە ھەر خىل سىياسەت ئەمر ــ
پەرمان ۋە قائىدە ــ تۈزۈملەرنى ئېلان قىلىپ، ئاساسىي قانۇننى
تۈزۈپ، تامامەن يېڭى تىپتىكى جەمئىيەت تەرتىپىنى تىكلىدۇق.
يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: خەلق ئىش-
لەپچىقىرىش ۋە ئۆگىنىشنى ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىش ھەم تەر-
تىپلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز ھۆكۈمىتىدىن ئىشلەپ-
چىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلغۇچىلاردىن مەدەنىيەت ــ مائارىپ ئور-
گانلىرىنىڭ رەھبىرىدىن مۇۋاپىق، زورلاش خاراكتېرىنى ئالغان
ھەر خىل مەمۇرىي بۇيرۇقلارنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇن-
داق مەمۇرىي بۇيرۇقلار بولمىسا، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلىغى-
لى بولمايدۇ. بۇنى ئاددىي ساۋاتتا ئىگە كىشىلەرمۇ چۈشىنىدۇ»
. جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلىغاندىلا، ئاندىن خەلق مەنپەئىتىنى
قوغدىغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغ-
دىغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك تۈتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇ-
رۇلۇشنى قوغدىغىلى بولىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە بۇز-
غۇنچى ئۇنسۇرلار ھەمدە قانۇن ــ ئىنتىزامغا خىلاپ ھادىسىلەر
مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چاغدا، ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنى كۈچەي-
تىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

## 3. ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ۋە شەخسىي ئەركىنلىك

ئىجتىمائىي تىزگىنلەش كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكى-
تىگە قارىتا بولغان بىر خىل چەكلىمىدۇر. لېكىن بىزنىڭ
سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە، ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ
مۇنداق چەكلىمىلىكى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قائىدىسى بى-

لەن ئۆزئارا بىردەك بولىدۇ. بىز دەۋاتقان ئىجتىمائىي تىزگىنلەش بۇيرۇقۋازلىق ۋە جازالاش ئەمەس، شەخسىي ئەركىنلىكنى چەتكە قېقىشمۇ ئەمەس.

بەزى كىشىلەر ئىنتىزام خاسلىقنى بوغىدۇ، شەخسىي ئەركىنلىكنى چۇشەپ قويىدۇ دەپ قارايدۇ. خاسلىقنى شەرتسىز ھالدا ئازاد قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، شەخسىي نېمىنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلسۇن، قانداق قىلغۇسى كەلسە شۇنداق قىلسۇن، ھېچكىم ھېچكىمنى باشقۇرماسلىق كېرەك دېگەننى تەكىتلەيدۇ. ئىجتىمائىي تىزگىنلەش بىلەن شەخسىي ئەركىنلىكنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان، مۇتلەق ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان بۇنداق ئىدىيە ئاقمايدۇ. ئادەمنىڭ كىشىلىك ھاياتى باشلىنىشىدىنلا، ئەلدىن ئايرىلىپ يەككە - يېگانە ياشىيالمايدۇ، جەمئىيەتتىن ئايرىلالمايدۇ، كوللېكتىپتىنمۇ ئايرىلالمايدۇ. ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن ماسلىشىشى، جەمئىيەتتىكى قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەت ئەخلاق، قانۇن، ئىنتىزام قاتارلىق ئىجتىمائىي قائىدىلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان بولۇشى لازىم، خىيالىغا كەلگەننى قىلىشقا، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئەگەر دە بىر ئادەم جەمئىيەت ۋە كوللېكتىپتىن ئايرىلىپ ئەركىنلىككە ئېرىشىشنى خىيال قىلسا ئۇنىڭدا لۇشۇن ئېيتقاندەك، ئۆز چېچىنى ئۆزى تارتىپ يەر شارىدىن ئايرىلماقچى بولغان ئادەمگە ئوخشاش كۈلكىلىك ئىش بولىدۇ.

شەخسىي ئەركىنلىكنى سۆزلىگەندە، بىز ئالدى بىلەن شەخسىي ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەمدە قانداق شەخسىي ئەركىنلىك كېرەك ئىكەنلىكىنى سوراپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەركىنلىك مۇقەررەرلىكنى بىلىش ۋە ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش دېگەنلىكتۇر. كىشىلەر تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتنىڭ

ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىككە ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ھەرىكىتىنى بەلگىلىگەندىلا، ئاندىن ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ئىجتىمائىي قائىدىسى سوتسىيالىزمنىڭ ئوب-يېكتىپ ئەمەلىيىتى بىلەن خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈر-گەن بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنىڭ ئۆلچىمى. ئىجتىمائىي قائىدە ئابستراكت ئەمەس، كونكرېت بولىدۇ. بىز سوتسىيالىس-تىك مەنىۋى مەدەنىيەت ئۆلچەم قائىدىسىنى ئۆز ھەرىكىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلدۇرۇپ، ئىنتىزامغا بويسۇنۇپ، باشقىلارغا ھۆر-مەت قىلىپ، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىساق، شەخسىي ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيمىز. شۇڭا، ئەركىنلىكمۇ ئابستراكت ئەمەس، كونكرېت بولىدۇ.

سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقى-تىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچى-لىك تۈزۈمىنى تىكلىدى. دۆلەت كوللېكتىپ، شەخسنىڭ ئىبا-رەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئىتى بىردەك بولۇپ، تۈپ مەنپەئەت توقۇنۇشى يوق. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى شەخسنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشىنىڭ ماد-دىي ئالدىنقى شەرتى، سوتسىيالىستىك قانۇن تۈرمۇش بىلەن كوللېكتىپ ئىنتىزام شەخسنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىنىڭ ئىج-تىمائىي كاپالىتى، سوتسىيالىزم جەمئىيىتى خەلقنى ئېكسپىلا-تاتسىيىدىن، قۇللۇق ئورنىدىن قۇتۇلدۇردى، ئىقتىسادىي، سى-ياسىي جەھەتتىن خەلقنى ئازاد قىلدى، خەلق تۈپ ئاساسىدىن ئەركىنلىككە ئېرىشتى، خەلقنىڭ بۇنداق ئەركىنلىكى سوتسىيا-لىستىك قانۇن - تۈزۈم بىلەن ئىنتىزام تەرىپىدىن كاپالەتلەندۈ-رۈلىدۇ. ئەگەردە سوتسىيالىستىك قانۇن تۈزۈم بولمىسا ياكى قانۇن ئاساس قىلىنمىسا، قانۇننى ئىجرا قىلىش قاتتىق بولمىسا، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىدۇ؛ ئەگەردە كوللېكتىپ ئىنتىزام بول-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىسا ياكى ئىنتىزام بولغىنى بىلەن ئىجرا قىلىنمىسا، كوللېك-تىپنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ؛ ئەگەردە ھەممە ئادەم ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ، خىيالىغا كەلگىنىنى قىلسا، ئۇنىڭدا ھەر خىل كۆچلەر ۋە ھەرىكەتلەر ئۆزئارا يېيىشىپ كېتىپ، ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئەركىنلىكىدىن سوز ئاچقىلى بولمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆز ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ئەمگەك ئىنتىزامىغا بويسۇنغاندىلا شەخسىي ئاندىن ئەمگەك ھوقۇقى ۋە مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. پەقەت ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ قائىدە ـ تۈزۈمى بىلەن جەمئىيەت ئەخلاقىغا رىئايە قىلغاندىلا، شەخسىي ئاندىن ئەركىن ئىجتىمائىي تۇرمۇش كەچۈرۈش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «خەلق ئىچىدە ئەركىنلىك بولمىسا بولمايدۇ. ئىنتىزام بولمىسىمۇ بولمايدۇ. دېموكراتىيە بولمىسا بولمايدۇ، مەركەزلەشتۈرۈش بولمىسىمۇ بولمايدۇ. بۇنداق دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ بىرلىكى، ئەركىنلىك بىلەن ئىنتىزامنىڭ بىرلىكى بىزنىڭ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىمىز. بۇ تۈزۈمدە خەلق كەڭ دېموكراتىيە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە سوتسىيالىستىك ئىنتىزام بىلەن ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇش لازىم.»

ئىجتىمائىي تىزگىنلەش بىلەن شەخسىي ئەركىنلىكنىڭ زىددىيىتى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىدىكى ھادىسە. ئىنسانىيەت ھەقىقىي تۈردە جەمئىيەت بىلەن تەبىئەتنىڭ خوجايىنى بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئاڭلىق ھالدا ئىگىلەپ ۋە قوللىنىپ ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان چاغدا، ئىجتىمائىي تىزگىنلەش بىلەن شەخس ئەركىنلىكىنىڭ

زىددىيىتى تېخىمۇ ياخشى بىرلىككە كېلەلەيدۇ.

## ئىككىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي تىز- گىنلەش ۋاستىلىرى

### 1. ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ئۇسۇلى

كىشىلەر ئادەتتە قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت، قانۇن، سەنئەت ھەم ھەر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈملەر ۋە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان، دۆلەت ھوقۇقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئارمىيە، ساق- چى، سوت ، تۈرمە قاتارلىقلارنى ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ۋاستىلىرى دەپ ئاتايدۇ.

ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ئۇسۇلى ھەر خىل، ھەر ياڭزا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ خۇدا ياكى ئەۋلىيانىڭ ئىرادىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئە- مەس، شەخسنىڭ ئىرادىسى تەرىپىدىنمۇ بەلگىلەنمەيدۇ. بەلكى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ھالىتى يەنى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ھەمدە مۇشۇ ئاساستا كىشى- لەرنىڭ ھەرىكەت پەرقى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تىزگىن- لەشكە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىش دەرىجىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى، كىشىلەر ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە تۇرمۇش كە- چۈرۈپ، ئورتاق ئەمگەك قىلىپ، ئەمگەك مېۋىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولاتتى، ئۇ چاغدا ئادەم بىلەن ئادەم باراۋەر دوستانە، ئۆزئارا ياردەم قىلاتتى. ئورتاق تۇرمۇشتا شەكىللەن- گەن قائىدە ـ يوسۇنلار ھەممە كىشى ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ھەرىكەت قائىدىسى بولۇپ قالغانىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەت تە-

رەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا بارغاندا، بىر قىسىم قائىدە ـ يوسۇنلار، ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ھەرىكەت قائىدىسىگە، بىر قىسىم قائىدە ـ يوسۇنلار ئىپتىدائىي ئەخلاققا ئايلىنىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادنىڭ بارلىققا كېلىشى، شەخسىي بىلەن ئىجتىمائىي جامائەنىڭ پائالىيىتىنى چەكلىدى. ئۇرۇقداشلىق كوممۇناسىدا پۈتۈن ئەزالار كوللېكتىپى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان بولۇپ، ئۇ ئۇرۇقداشلىق كوممۇناسىنىڭ ئۆز مەسىلىلىرىگە قارىتا ھۆكۈم قىلىش فۇنكسىيىسىگە ئىگە ئىدى. قىسقىسى، قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت، ئىپتىدائىي ئەخلاق، ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد ھەممە ئۇرۇقداشلارنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى يىغىلىش قىلىپ ھۆكۈم قىلىشى قاتارلىقلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تىزگىنلەشتىكى ئاساسىي ۋاستىلىرى بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى، سىنىپ ۋە دۆلەت بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى مۇرەككەپلەشتى. سىستېمىلىق ئەخلاق قائىدىسى پەيدا بولدى قانۇن بارلىققا كەلدى. كىشىلەرنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىدىكى قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتلەردە پارچىلىنىش يۈز بەردى. بەزىسى ئەخلاق قائىدىسى، بەزىسى قانۇن ماددىسى بولۇپ قالدى (يازما شەكىللىك قانۇن ۋە ئېغىزاكى قانۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). مەسىلەن، جىنايەت ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرىغا چىققان ئىجتىمائىي ھادىسە، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئۆز مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن قانۇن قوللانمىسى قاتارلىق قانۇن ماددىسىنى تۈزدى، يەنە سوت، تۈرمە قۇرۇپ ھەممە ھەر خىل جازالاش قوراللىرىنى ياساپ جىنايەتچىلەرنى جازالاشقا قوللاندى.

ئوخشىمىغان دەۋردە ۋە ئوخشىمىغان سىنىپىي جەمئىيەتتە

ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ئۇسۇللىرى بولىدۇ، قۇل-
لۇق جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەخلاق ۋە قانۇنى بولىدۇ. فېئودا-
لىزم جەمئىيىتى بىلەن كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئەخلاق قانۇن-
لىرىمۇ ئۆزئارا ئوخشىمايدۇ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە قارىمۇ
قارشى سىنىپلار يوقىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تىزگىن-
لىشىنىڭ ئۆز ئالدىغا تېخىمۇ ئالاھىدىلىكى بار. خۇسۇسىي مۇ-
لۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي تىزگىنلەش زور-
لاشنى ئاساس قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە بولسا تەربى-
يىنى ئاساس قىلىدۇ، ئېكسپىلاتاتور سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە
يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئېلىمىز جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇۋاتقان زىددىيەتلەرنىڭ زور كۆپ ساندىكىسى سىنىپىي كۆ-
رەش خاراكتېرىنى ئالمايدۇ. سىنىپىي كۈرەش ئاساسىي زىددى-
يەت ئەمەس. ئەمما، خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر
داۋاملىق پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەردە ياخشى بىر تەرەپ قىلىن-
مىسا، ئۇنىڭدا جەمئىيەتنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر قىلى-
دۇ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. خەلق ئىچى-
دىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشتا زورلاش تەرىپىمۇ بولىدۇ،
ئەمما ئاساسلىقى سىياسىي ئىدىيۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش تەنقىد
ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇش، ئۆتمۈشتىكى-
دىن ساۋاق ئېلىپ كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ
ئادەمنى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. ئەلۋەتتە
ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ئۇسۇلى ۋە مەزمۇنىدىمۇ ۋارىسلىق
قىلىش خاراكتېرى بولىدۇ. مەسىلەن، بىز قۇللۇق جەمئىيەتتىن
ئىپتىدائىي ئىجتىمائىي تىزگىنلەش شەكلىنىڭ ئىزلىرىنى تېپى-
شىمىز مۇمكىن، فېئودالىزم جەمئىيىتىدىن قۇللۇق جەمئىيەت-
تىكى ئىجتىمائىي تىزگىنلەش شەكلىگە ئوخشايدىغان نۇرغۇن
جايلارنى تاپقىلى بولىدۇ. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىمۇ فېئوداللىق
ئىجتىمائىي تىزگىنلەش شەكلىنىڭ نۇرغۇنلىغان نەرسىلىرىنى

تاپقىلى بولىدۇ. قۇلدارلار تۈزگەن رىم قانۇنىنى، ھەم فېئودال پومېشچىكلار سىنىپى تەقلىد قىلالايدۇ، ھەم بۇرژۇئازىيىمۇ تەقلىد قىلالايدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىمۇ قانۇن تۈزگەندە بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەر خىل قانۇن ماددىلىرىنى تەھلىل قىلىپ، تەتقىق قىلىپ، تەنقىدىي ھالدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتتى. ئەمما سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ فۇنكسىيىسى خەلق مەنپەئىتىنى قوغداش. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى قوغداشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆتكەنكى بارلىق قانۇنلار بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى خىلمۇخىل بولىدۇ. ئىجتىمائىي ھەرىكەت ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. بىرقەدەر مۇقىم بولغان بىر جەمئىيەتتە، قائىدە ـ يوسۇنغا رىئايە قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ سانلىق بولىدۇ. ئەمما، ھامان ئاز ساندىكى كىشىلەر ھازىرقى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ھەر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يولسىز ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. جەمئىيەت ئىجتىمائىي جامائە ياكى تەشكىلاتلار ئۆز ئەزالىرىنىڭ ئوخشىمىغان ھەرىكىتىگە قارىتا ئوخشىمىغان پوزىتسىيە ۋە تەدبىر قوللىنىدۇ. مەسىلەن، تەن جازاسى، ماددىي ۋە مەنىۋى خاراكتېرلىك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش مەقسىتىگە يېتىدۇ. تەن جازاسى خاراكتېرلىك تىزگىنلەش دېگىنىمىز، قاماققا ئېلىش، كىشەن ـ كويزا سېلىش ۋە باشقا شەكىلدىكى تەن جازاسىغا ئېيتىلىدۇ. ماددىي خاراكتېرلىك تىزگىنلەش دېگىنىمىز، ماددىي بۇيۇم ۋە پۇل جەھەتتىن مۇكاپاتلاش ياكى جازالاشنى كۆرسىتىدۇ. مەنىۋى خاراكتېرلىك تىزگىنلەش دېگىنىمىز، بىر خىل سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، تۆھپە يېزىش، مەلۇم بىر شەرەپلىك نام بېرىش، تەقدىرلەش ياكى گۇناھ يېزىش. مەلۇم بىر تەرەپتىن مەھرۇم قىلىش ئېيىپلاش، تەنقىد قىلىش قاتارلىقـ

لار ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان ھەرىكەتنى باھالايدىغان قائىدىلەر، مەسىلەن، قائىدە ـ يوسۇن، ئەخلاق، قانۇن ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم قاتارلىقلار. مۇشۇ ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا ئىجتىمائىي تىزگىنلەش شەكىللىرى بىر ـ بىرى بىلەن باغلى- نىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى تۈزى- دۇ. لېكىن ھەرقايسىنىڭ ئوخشىمىغان خاراكتېرى ۋە رولى بولىدۇ.

ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ئۇسۇللىرى كىشىلەرنىڭ تونۇ- شىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ كىشى- لەرنىڭ ئېڭى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بويىچە تەرەق- قىي قىلىدۇ، دېگەنلىك. كىشىلەر ئۇنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ئۇسۇلى بىلەن كونكرېت مەزمۇنىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزم جەمئىيىتى- نى قۇرغاندىن كېيىن، بىرمۇنچە كىشىلەر قانۇننىڭ ئىجتىمائىي تىزگىنلەشتىكى رولىغا قارىتا تونۇشى يېتەرسىز بولغانلىقتىن، بىر مەزگىل قانۇننىڭ رولىغا سەل قارىدى ياكى سىياسەتنى قانۇننىڭ ئورنىغا قويدى. دەرۋەقە، كىشىلەر تەجرىبە ـ ساۋاق- لاردىن ئاستا ـ ئاستا پەقەت قانۇن ـ تۈزۈمنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئو- ڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

## 2. ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ ئاساسىي ۋاسىتىلىرى

ئەمەلىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ھامان كونكرېت ۋاسىتە ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىچكى سىستېمىسىنىڭ ئۆزئارا ماس ۋە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ قالىدۇ

شۇنداقلا بۇ خىل ۋاستىلەر ھامان جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ
مۇئەييەن باسقۇچى بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ ھەمدە
ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مىللىي پسىخىك ئا-
مىللارنىڭ تەسىرىگە ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئىجتىما-
ئىي تىزگىنلەشنىڭ ئاساسىي ۋاستىلىرى ھاكىمىيەت (مەمۇرىي
ۋاستە)، قانۇن، ئىنتىزام، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت، دىن ۋە
جامائەت پىكرى قاتارلىق كونكرېت شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالى-
دۇ؟. ھاكىمىيەت، قانۇن - ئىنتىزام قاتارلىقلار سىياسىي خاراك-
تېرلىك تىزگىنلەش بولۇپ، ئۇ مەجبۇرلاش كۈچى ئارقىلىق
يۈرگۈزۈلىدۇ، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت ئېتىقاد (دىن) قاتارلىق-
لار پسىخىك خاراكتېرلىك تىزگىنلەش بولۇپ، ئۇ جامائەت پىك-
رىنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

1) ھاكىمىيەت

ھاكىمىيەت ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ سىنىپىي ھۆكۈمران-
لىق يۈرگۈزۈشتىكى ھوقۇقى، دۆلەتنىڭ پۈتۈن ھوقۇقىنىڭ ئا-
ساسى. ھاكىمىيەتنىڭ فۇنكسىيىسى سىرتقا قارىتا، باشقا دۆلەت-
لەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىنى توسۇپ زېمىنىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغ-
داش؛ ئىچىگە قارىتا، مۇئەييەن ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستى-
لىرىگە بولغان ئىگىلەش ئۇسۇلىنى قوغداپ، ھازىرقى جەمئىيەت
تەرتىپىنى ساقلاشتىن ئىبارەت. ھاكىمىيەت رايونلار بويىچە بۆ-
لۈنگەن مەمۇرىي سىستېما ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمران-
لىق ئاپاراتى بىلەن ئەمەلدارلارنى تەسىس قىلىپ، ئۆزىنىڭ رو-
لىنى جارىي قىلدۇرىدۇ. ئۇ ئارمىيە، ساقچى، سوت، تۈرمە
قاتارلىق دىكتاتۇرا قورالىغا تايىنىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي،
مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ باشقا ھەرقايسى تەرەپ-
لىرىدىن جەمئىيەتنى تىزگىنلەيدۇ. ھاكىمىيەتنىڭ ئىجتىمائىي
تىزگىنلەشتىكى رولى ئاساسەن ئىككى جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ.
بىرى، جەمئىيەت تۈزۈمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى

تىزگىنلەش. مەسىلەن، باستۇرۇش، مەجبۇرىي تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش قاتارلىقلار. يەنە بىرى، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىگە چەك بەلگىلەش، مەسىلەن، مەلۇم بىر خىل ئىدىيە، نەزەرىيە، ھەرىكەت ئۆلچىمىنى تەشەببۇس ۋە تەشۋىق قىلىپ، تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۈلگە قىلىش رولىدىن ئىبارەت.

ھاكىمىيەت قانۇن ئارقىلىق ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. قانۇن شەكلى ئارقىلىق ئۆز ئورنىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. شۇڭا، ھاكىمىيەت بىلەن قانۇن ئايرىلالمايدۇ. سىياسىي تۈزۈم بىلەن قانۇن - تۈزۈم ئايرىلالمايدۇ. سىياسىي تۈزۈم بىر دۆلەتنىڭ تۈپكى تۈزۈمى بولۇپ، ئىجتىمائىي تىزگىنلەشتە يېتەكچى رول ئوينايدۇ.

2) قانۇن

قانۇن دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، دۆلەت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن مەجبۇرىي كۈچ ۋاسىتىسى بىلەن يۈرگۈزۈلىدىغان ھەرىكەت قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى.

قانۇن — ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسى ۋە ئارزۇسىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى. ھۆكۈمران سىنىپ ئۆزىگە پايدىلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنى مۇستەھكەملەش ۋە ئالغا سۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى قانۇن بىلەن بەلگىلەپ، مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بەزى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قانۇن مۇناسىۋەت خاراكتېرىگە ئىگە قىلىدۇ. دېمەك، قانۇن جەمئىيەت ئەزالىرىغا قارىتا ئەڭ كۈچلۈك چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولغان، بارلىق ئىجتىمائىي ئۆلچەم - قائىدىلەر ئىچىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق، ئەڭ ئۈنۈملۈك بولغان، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىغا تايىنىپ، مەجبۇرىي كۈچ بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان مۇھىم ئىجتىمائىي

تىزگىنلەش ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ. باشقا ئىجتىمائىي ئۆلچەم ـ قائىدىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قانۇننىڭ مەزمۇنى تەپسىلىي، مەنىسى ئېنىق بولىدۇ. ئۇنى تۈزەشتە، ئېلان قىلىشتا ۋە ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولغان بىر يۈرۈش رەسمىيەت تەرتىپى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىجتىمائىي تىزگىنلەشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. مەجبۇرىي ھالدا ئىجرا قىلىش قانۇننىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى. دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، ئېلان قىلىنغان قانۇنغا ھەرقانداق ئادەم چوقۇم بويسۇنۇشى كېرەك. كىمكى ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا، جازالاشقا ياكى قانۇنىي جاۋابكارلىققا ئۇچرايدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا قانۇن ئادىل بولىدۇ. ھەققانىيەتنى ياقلايدۇ يەنى «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللارنىڭ ھەممىسىدە «قانۇن» سۆزى، ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن «ئادالەت»، «ھەقىقەت» ياكى «ھەققانىيەت» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە، لېكىن سىنىپىي جەمئىيەتتە، ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارنىڭ ئادالەت قارىشى ئوخشاش بولمايدۇ. قانۇن ھەمىشە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئادالەت قارىشىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ. ھۆكۈمران سىنىپلار قانۇندىن پايدىلىنىپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى قوغدايدۇ. ئۆزىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ئۇسۇلىنى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغدايدۇ. شۇڭا، قانۇن روشەن سىنىپىيلىققا ئىگە بولغان ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

3) ئىنتىزام

ئىنتىزام بولسا دۆلەت ئورگانلىرى ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئۆز ئەزالىرىغا بەلگىلەپ بەرگەن ھەرىكەت مىزانىدۇر. ئومۇمەن كوللېكتىپلا بولىدىكەن. مەيلى ئۇنىڭ كۆلىمى بىلەن نىشانىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىدە ئەزالىرى ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ئىنتىزامى بولىدۇ. مەكتەپ-

نىڭ ئۆگىنىش ئىنتىزامى بولىدۇ. زاۋۇتنىڭ ئەمگەك ئىنتىزامى بولىدۇ. ئىدارىنىڭ خىزمەت ئىنتىزامى بولىدۇ ۋە ئاممىۋى سورۇنلارنىڭمۇ ئاممىۋى تەرتىپىنى ساقلايدىغان بەلگىلىمىسى ياكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى بولىدۇ. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقىسىدە دائىم كەم بولسا بولمايدىغان ھەرىكەت قائىدىسىدۇر.

ئىنتىزام كۆپ خىللىققا ۋە مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە. ھەرقايسى تەشكىلىي ئورگانلارنىڭ خاراكتېرى، نىشانى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشاش بولمىغان تەشكىلىي ئورگان ئەزالىرىغا بولغان ئىنتىزامىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مانا بۇ ئىنتىزامنىڭ كۆپ خىللىقى. لېكىن، ئوخشاش بولمىغان ئىنتىزاملار ئارىسىدا قانداق پەرق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇننىڭ قوشۇمچە ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «بويسۇنۇش»، «مەجبۇرلاش»نى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. مانا بۇ ئىنتىزامنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرى. پۈتكۈل ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئۆلچەم - قائىدىسىنىڭ قاتلىمى ئىچىدە، ئىنتىزام قانۇندىن قالسىلا ئىككىنچى قاتلامدا تۇرىدۇ.

4) ئۆرپ - ئادەت

ئۆرپ - ئادەت كىشىلەر كوللېكتىپ تۇرمۇشتا شەكىللەندۈرگەن ھەممە ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ئادەت ۋە قائىدە - يوسۇنلارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئىنسانىيەت ھاياتىدا ئەڭ بالدۇر پەيدا بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھەرىكەت قائىدىسى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۇرغان مۇھىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشىمىغان ئۆرپ - ئادەت بولىدۇ. مەسىلەن، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، مەرىكە، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ھەرقايسىنىڭ ئوخشىمىغان ئۆرپ - ئادىتى بولىدۇ. مەيلى قانداق ئادەم بولسۇن، كىچىكىدىن چوڭغىچە، ھەممە ۋاقىت ھەممە جايدا، ھەربىر ھەرىكىتى

ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتتىكى ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ھەمدە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۇنىڭغا رىئايە قىلىدۇ. مەدەنىيەت تەربىيىسىنى ئالغان ئادەم ئەلۋەتتە ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ تىزگىنلىنىشىگە ئۇچرايدۇ. مەدەنىيەت تەربىيە-سىنى ئالمىغان كىشىمۇ ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماي قالمايدۇ. كۆرگىلى بولىدۇكى، گەرچە ئۆرپ ـ ئادەت ئېنىق بەلگىلەنمە-گەن تۈزۈم بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سەزمىگەن ھالدا ئۇنىڭ قائىدىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ، مانا بۇ ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ چەكلەش كۈچى. ئەلۋەتتە ئۆرپ ـ ئادەتنى ئۆزگەرتىشنى نىيەت قىلغان كىشىلەر، كونا ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن، بىراق ئۇ يېڭى ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ چەكلىمىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئۆرپ ـ ئادەت ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. تارىخ مۇساپىسىدە، بەزى ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەر تاشلىۋېتىلىدۇ. بەزى-لىرى ئۆزگەرتىلىدۇ. بىز ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغىنىمىزدا، دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىشقا توسالغۇلۇق قىلىدىغان كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تەنقىد قىلىشىمىز كېرەك. ئېسىل، ياخشى ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى بېيىتىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇ-شىمىز لازىم.

5) ئەخلاق

ئەخلاق مەلۇم جەمئىيەتتە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە شەخسلەر بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەرتىپكە سېلىشنى كۆزلەپ تەشەببۇس قىلىنغان ھەرىكەت مىزانلىرىنىڭ يىغىندىسى. ئەخلاق تۈرلۈك شەكىلدىكى تەربىيە ۋە جامائەت پىكرىنىڭ كۈچى ئارقىلىق كىشىلەرنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق، شەرەپ ۋە ئۇياتلىق، ھەق ۋە ناھەق دېگەنگە ئوخشاش قىممەت

كۆز قارىشىغا ئىگە قىلىدۇ ھەمدە كىشىلەر ئۇنى مۇئەييەن ئادەت ۋە ئەنئەنىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچى قىلىدۇ. ئەخلاق قانۇندىن پەرقلىنىدۇ، مەجبۇرلاش خاراكتېرى بولمايدۇ، دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ يۈرگۈزۈلمەيدۇ. بەلكى تەربىيە، جامائەت پىكرى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىچكى ئىشەنچى-سىگە تايىنىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئاڭلىق بويسۇنۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچىنىڭ جازالىشىغا ئۇچرايدۇ. ئەخلاققا خىلاپلىق قىلسا، ئادەتتە پەقەت جامائەت پىكرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. خاراكتېرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇ ئىككى خىل ھەرىكەت مىزانى ئىج-تىمائىي تۇرمۇشتا بىر - بىرىگە ماسلىشىدۇ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ.

ئەخلاق ئۆرپ - ئادەتكە ئوخشىمايدۇ، ئۆرپ - ئادەتنىڭ دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولىدۇ ھەمدە مەلۇم دائىرە ئىچىدە كىشىلەردە ئازراق ئەركىن بولىدىغان جايى بولىدۇ. «ئۆرپ - ئادەتكە رىئايە قىلماسلىق» دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. لې-كىن، «ئەخلاقسىزلىق» ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئەخلاق كىشىلەر-نىڭ ئىدىيە ھەرىكىتىنىڭ ھەق - ناھەقلىقى ياخشى - يامانلىقى، ھەققانى ياكى ھەققانىيەتسىز بولۇشى يوللۇق ياكى يولسىز بولۇش قاتارلىقلارغا قارىتا ھۆكۈم قىلىشتىكى ئۆلچەم، ئەخلاقلىق بولسا جەمئىيەتنىڭ مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر بولىدۇ، كۆڭۈل ئازادىلى-كى بولىدۇ. ئەخلاقسىز بولسا جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراي-دۇ. شەخسمۇ ئىدىيە جەھەتتە بېسىمغا ئۇچرايدۇ، ئەلۋەتتە. ھەق - ناھەق ياخشى يامان ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش قاراشلاردا، ئوخشىمىغان دەۋردە ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئوخشىمىغان ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمى بولىدۇ. ھەرقانداق ئەخلاق تارىخىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان، ھەممە جەمئىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەخلاق يوق. سىنىپلار مەۋجۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتتە ئەخلاق كۈچلۈك سىنىپىيلىققا ئىگە. ھۆكۈمران سىنىپلار قانۇندىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتنى تىزگىنلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەمىشە ئەخلاق كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

6) دىنىي ئېتىقاد

دىن تەبىئەتتىن تاشقىرى روھقا ئىشىنىدىغان ۋە چوقۇنىدىغان ئىجتىمائىي ئاڭ بولۇپ، تەبىئەت كۈچى بىلەن ئىجتىمائىي كۈچنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى بىر خىل خىيالىي، ناتوغرا ئىنكاسى، دىنىي قاراشنىڭ دەسلەپتە پەيدا بولۇشى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان ئەھۋالدا تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان سىرلىق ھېسسىياتىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىكى تارىخىي ھادىسە. ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش جەريانى بولىدۇ. دىنىي ئېتىقاد ۋە ھېسسىيات بىلەن ماس كېلىدىغان دىنىي مۇراسىم ۋە دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەت تارىخىنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانلار سىنىپى جەمئىيەتكە كىرگەندىن كېيىن، ئېزىلگۈچى سىنىپلار تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ تىزگىنلىشىگىمۇ ئۇچرايدۇ. ئەمگەكچىلەر ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى پەيدا قىلغان غايەت زور ئازاب - ئوقۇبەت ئالدىدا ۋەھىمىگە چۈشۈپ ۋە ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۆزى تېخى تونۇپ يېتەلمىگەن ئىجتىمائىي يات كۈچنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ چاغدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلاردا دىننى ئاممىنى بىخۇدلاشتۇرۇش ۋە تىزگىنلەشتىكى مۇھىم روھىي ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۈرلۈك دىنىي ئەقىدە، ئەمر- مەرۇپ، مەزھەپ، ئىلاھىيەت، رەسىم - يوسۇن ۋە قائىدە - تۈزۈملەرنى تىكلەپ، ئۇنى قانۇنىيلاشتۇرىدۇ، تۈزۈملەشتۈرىدۇ

ۋە ئۇنى ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ رەسمىي ۋاستىسىغا ئايلاندۇردۇ. دىنىنىڭ تىزگىنلىشى ئىنتايىن قاتتىق بولىدۇ. تىزگىنلەشتە ئۇ قانۇننى ئەمەس، بەلكى ئېتىقادىنى ئاساس قىلىپ تىزگىنلەش ئېلىپ بارىدۇ.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە يەنىلا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولۇش سىياستى يولغا قويۇلىدۇ. چۈنكى، دىنىي مەسىلە ئىدىيە ـ ئېتىقاد مەسىلىسى. ئىدىيە ـ ئېتىقاد مەسىلىسىنى مەجبۇرىي چەكلەش ئۇسۇلى بىلەن هەل قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا دىننى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭمۇ شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلمىدى. مەيلى تەبىئەت ساهەسىدە بولسۇن، ياكى جەمئىيەت ساهەسىدە بولسۇن، كىشىلەر تامامەن ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمەيدۇ. كىشىلەر ئۆز تەقدىرىنى يەنىلا تاشقى كۈچلەرگە باغلاۋاتقان چاغدا، دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە بولۇپ قالىدۇ. ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداشتا دىن بەلگىلىك قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ رولى چەكلىك بولىدۇ، شۇنداقلا دائىم دېگۈدەك خۇراپاتلىق بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا قارىتا ناهايىتى زور ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە بىز دىننى ساقلاپ قالىمىز. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنى تىزگىنلەش ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئېهتىياجىنى قاناەتلەندۇرۇش. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تىزگىنلىشى سوتسىيالىستىك دۆلەت هاكىمىيىتى ئاساسىدا بولىدۇ. سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم، ئىنتىزام، ئەخلاق ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي هەرىكەت ئۆلچەملىرى ئاساسىدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى

## 1. ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىنىڭ مەنبەسى ۋە شەكىللىنىشى

جامائەت پىكرى ئومۇمىي پىكىر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەنىسى جەمئىيەتتىكى كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مۇھاكىمىسى ۋە پىكرىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ بىر خىل مۇھىم قورالى.

جامائەت پىكرى بولسا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئىنكاسىدۇر. ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ۋە تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا ئىككى خىل بولىدۇ.

يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا جامائەت پىكرى دۆلەت رەھبەرلىك ئورگىنىدىن تارقىتىلىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تارقىلىدىغان بىر خىل ئاممىۋى پىكىر بولۇپ، ئۇنىڭ نوپۇزى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. مەسىلەن، دۆلەت مەلۇم بىر يېڭى سىياسەتنى ئىزچىللاشتۇرماقچى بولسا ياكى مەلۇم بىر خىل تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلماقچى بولسا، ئۇنى ھۆججەت ئارقىلىق تۆۋەنگە ئېلان قىلىدۇ ھەمدە تەشكىللىك، پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئارقىلىق تەشۋىق قىلىپ جامائەت پىكرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ياردىمىدە ئاممىنى تەشكىللەيدۇ. بۇ مەملىكەت خاراكتېرلىك جامائەت پىكرى شۇنداقلا، يەرلىك خاراكتېرلىك جامائەت پىكرىنىمۇ يەرلىك ھۆكۈمەت تەشكىللەيدۇ ۋە تەشۋىق قىلىدۇ.

تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا جامائەت پىكرىنى ئامما ياكى ئاممىۋى گۇرۇھلار ئالدى بىلەن تارقىتىدۇ. مەسىلەن، ئامما ئوتـ

تۇرىسىدا بەزىلەر جەمئىيەتنىڭ مەلۇم بىر نۇقسانىنى بايقىغان هامان، مۇلاهىزە قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ ئاخىرى رايون خاراكتېرلىك ياكى مەملىكەت خاراكتېرلىك جاما-ئەت پىكرى بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ئاز ساندىكى كىشى-لەر ئوتتۇرىسىدىكى گەپ سۆزلەرنىڭ بەزىسىنىڭ هېچقانداق قىم-مىتى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپ كەڭ جامائەت پىكرى بولۇپ شەكىللەنمەيدۇ.

جامائەت پىكرىنىڭ شەكىللىنىشى، دائىم بىر مۇرەككەپ تالاش ـ تارتىش، تاللىنىش ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئاممىدىن كەلگەن جامائەت پىكرى ئەلۋەتتە شۇن-داق بولىدۇ. تەشكىللىك هالدا تارقىتىلغان جامائەت پىكرىنىڭمۇ بىر تەشۋىق قىلىنىش هەم كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىش، چۈشىنىش جەريانى بولىدۇ. جەمئىيەتتە بىرەر ئىش ئوتتۇرىغا چىقسا، كىشىلەر توپلىشىپ ئۆز ئالدىغا مۇلاهىزە قىلىشىدۇ. «بىردىن ئونغا، ئوندىن يۈزگە يېتىپ» ناهايىتى تېز تارقىلىپ كېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ مۇشۇ ئىشقا قارىتا كۆڭۈل بۆلۈش دەرى-جىسى چوڭ بولغانسېرى، ئامما ئېتىراپ قىلىپ رازى بولغۇدەك توغرا، مۇۋاپىق يەكۈننى تېپىش ئىستىكى شۇنچە كۈچلۈك بول-دۇ. جامائەت پىكرىنىڭ شەكىللىنىشىمۇ شۇنچە تېز بولىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا، جامائەت قورالى مەسىلەن، گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە داۋاملىق هالدا هەر خىل يېڭى ئەهۋال ۋە خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلەپ، هەر خىل ئوبزورلارنى قوشۇپ كېڭەيتىپ تار-قىتىدۇ. نوپۇزلۇق كۆزقاراش ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن هامان زور كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىردەك پىكرىگە ئايلىنىدۇ هەمدە بۇ مۇناسىۋەتلىك ۋەقە ۋە هەرىكەتلەرگە هۆكۈم قىلىشتىكى ئۆل-چەم بولۇپ قالىدۇ.

ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى سىنىپىي جەمئىيەتتە، هامان سىنىپىيلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئىنقىلابىي سىنىپلارغا

ۋەكىللىك قىلىپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىدىغان جامائەت پىكرى ئىنقىلابىي جامائەت پىكرى بولىدۇ. ئەكسىلئىنقىلابىي سىنىپقا ۋەكىللىك قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى توسايدىغان جامائەت پىكرى ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە مەملىكىتىمىز ئىچىدە خەلقنىڭ جامائەت پىكرى يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن، يەنە ئەكسىيەتچى جامائەت پىكرىمۇ بار. خەلق ئىچىدىكى جامائەت پىكرىنىڭ ھەم ئاكتىپ تەرىپى بار، ھەم پاسسىپ تەرىپىمۇ بار. بىز ئاكتىپ جامائەت پىكرىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ ۋە قوللاپ، پاسسىپ جامائەت پىكرىنى تەنقىد قىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەكسىيەتچى جامائەت پىكرىنى توسۇشىمىز لازىم.

## 2. ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى ئىجتىمائىي تىزگىنلەشنىڭ قورالى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولسا، رېئاللىقلىقى كۈچلۈك، كوللېكتىپنىڭ مەھسۇلاتى، خەلق ئاممىسى تارقىتىدۇ، چەكلەش كۈچى تېز بولىدۇ.

1) رېئاللىقلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى ۋەزىيەتنىڭ بارومېترى، جامائەت پىكرىنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىدىكى ۋەقەگە قارىتا تارقىتىلىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن دەۋر تەلىپىنى ۋە ئىجتىمائىي ئېقىمنىڭ خاھىشىنى بايقىيالايمىز. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىنقىلابىي سىنىپلارنىڭ جامائەت پىكرىنى پەيدا قىلىش تارىخ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. مەسىلەن، كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش ياكى يېڭى جەمئىيەتنى قۇرۇشتا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەر. ئاممىا ئىستىخىيىلىك ھالدا پەيدا قىلغان جاما-

ئەت پىكرىنىڭ زور كۆپ قىسمىمۇ ئۇلارنىڭ جانىجان مەنپەئىتىدـ
ىكى ئىشلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەكسىيەتچى
سىنىپلار پەيدا قىلغان جامائەت پىكرى بولسا، ئىنقىلابىي خەلقنى
باستۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ئۈـ
چۈن ياكى تىرىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى ئۈچۈن بولىدۇ.

2) كوللېكتىپنىڭ مەھسۇلى. ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى
ئاممىسىنىڭ مۇلاھىزىسى بولۇپ بىرەر ئادەم ياكى ئاز ساندىكى
كىشىلەر دەپ قويۇش بىلەن شەكىللەنمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ كۈنـ
دىلىك تۇرمۇشىدا خىلمۇخىل گەپ ـ سۆزلەر بولىدۇ، ئەگەردە
ئۇ بىرقەدەر كۆپرەك كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىسە،
ھەرگىزمۇ جامائەت پىكرى بولالمايدۇ. لېكىن، جامائەت پىكرىدـ
ىنىڭ ھەممە ئادەم بىردەك قوللايدىغان پىكىر بولۇپ كېتىشىمۇ
ناتايىن. ئۇ ھەرخىل پىكىرلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، ئوخـ
شاش بىر ۋەقەگە چېتىلىدىغان جامائەت پىكرىدە قوللايدىغان،
ئارىسالدا بولىدىغان، بىر تەرەپكە مايىل بولىدىغان، قارشى تۇردـ
ىغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى بولىدۇ.
لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە مۇقەررەر ھالدا بىر خىلى يېتەكچى ئورۇندا
تۇرىدىغان خاھىش خاراكتېرلىك پىكىر بولىدۇ.

3) خەلق ئاممىسى تارقىتىدۇ. ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى
تارقىلىشتا نۇرغۇنلىغان «ئىختىيارىي تەشۋىقاتچى» لارغا تايىنىدـ
ۇ. ئاممىنىڭ گەپ ـ سۆز تارقىتىشىغا تايىنىپ ناھايىتى تېزلا
يېيىلىپ كېتىدۇ. چايخانا، ھاراق دوكىنى، كوچا دوقمۇشى
قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلار جامائەت پىكرىنىڭ تارقىلىدىغان جاي
پىلاكات، شوئار جامائەت پىكرىنى تارقىتىشتىكى ئاددىي شەكىل،
گېزىت ـ رادىئو، خەۋەرلىشىش جەمئىيىتى، تېلېۋىزىيە ئىستانـ
سىسى، تەشۋىقات ماشىنىسى قاتارلىقلار كەڭ خەلق ئاممىسىغا
تارقىتىدىغان ئورگان ۋە قورالدۇر.

4) چەكلەش كۈچى تېز بولىدۇ. جامائەت پىكرى تېز تارقىـ

لىدۇ، دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلالايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كۆڭۈل بۆلۈشىنى قوزغايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدۇ. ناھايىتى تېزلا مەلۇم بىر ھەرىكەتكە نىسپەتەن چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

يۇقىرىدىكىلەر بولسا ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى. ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدە ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى يەنە ھەرقايسى ئۆز ئالدىغا ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى دۆلەت. مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى كاپىتالىستىك تۈزۈمدىكى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى بىلەن خاراكتېرى ۋە مەقسىتى جەھەتتە ئوخشىمىغاندىن تاشقىرى يەنە تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. بىرىنچى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگىنى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىنىڭ مەركىزىي تۈگۈنى، خەلق ئاممىسى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىنىڭ گەۋدىسى. ئىككىنچى، مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى ئومۇمەن ماركسىزم - لېنىنىزم، ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەكىللىنىدۇ. خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن بىردەك بولىدۇ. ئۈچىنچى، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا بولغان ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىنىڭ ھەممىسى تەشكىللىك، پىلانلىق قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا دەرىجە بويىچە قانات يايىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىدۇ. چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسى بولىدۇ. ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇلىدۇ. تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن بولىدۇ. تۆتىنچى، تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتا بولغان جامائەت پىكرى خەلققە پايدىلىق بولىدىكەن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتەلەيدىكەن، ھەممىسى مۇقەررەر ھالدا پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. بەشىنچى، گېزىت رادىئو تېلېۋىزىيە يېڭى خەۋەر ياكى ئوبزور ئېلان قىلىپ، پارتىيە

بىلەن دۆلەتنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى كەيپىيات ۋە يېڭى شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بەزى ۋاقىتلىق نۇقسانلارنى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئاشكارىلايدۇ. بۇ سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىنىڭ چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى مەدھىيىلەپ، يالغانچىلىق، يامانلىق، رەزىللىكنى قامچىلاشتىن ئىبارەت دائىملىق ۋەزىپىسىدۇر.

### 3. مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىنىڭ رولى

ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە ئۆزىنىڭ ئاكتىپ رولىنى تېخىمۇ روشەن نامايان قىلالايدۇ. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئارقىسىدا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ داغدام يولىدا ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. بىز تونۇشنى، ھەرىكەتنى، بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز لازىم. كوممۇنىستىك ئىدىيە، كوممۇنىستىك روھ، كوممۇنىستىك ئەخلاق ۋە ئەمگەك پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق تۈپ مەسىلىلەردە مۇجمەللىك قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما بۇ نۇقتىنى ئورۇنلاش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش ۋە ئەمەلىيەتكە تايىنىپ، ئىنقىلابىي جامائەت پىكرى قىلىپ شەكىللەندۈرۈپ، ھەممە ئادەم ئاڭلىق ئىجرا قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، يېقىنقى بىر - نەچچە يىلدىن بۇيان قانات يايدۇرۇلغان مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتى، پۈتۈن مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن باشلانغان. بۇ پائالىيەت مەملىكىتىمىزدە نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان كوممۇنىستىك ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ بىر قىسمى، بۇ جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى ھەرقايسى جايلاردىكى مائارىپ، تەشۋىقات ۋە مەدەنىيەت ئورۇنلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەستايىدىل هالدا تۈتۈشى كېرەك. شۇنىڭدىلا پۈتۈن جەمئىيەتتە زور كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەتلىك، ئەدەپ-لىك بولۇش كەيپىياتىنى تىكلەيدىغان بولىدۇ ھەمدە تەدرىجىي هالدا يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ ئىستىبلى ۋە ئادىتىگە ئايلىنىدۇ. بىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتى شۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلە-شىدىكى سەۋەب، ئاساسەن ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى بىلەن تەلىپىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرەلىگەنلىكىدە. خەلق ئاممىسى ئۇن يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەخلاق سەۋە-يىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى ۋە جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ چېكى-نىپ كېتىشىدىن نارازى بولۇپ مۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. شۇڭا، مەركەز چاقىرىق قىلغان ھامان، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىگىلەپ ئاممىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈردى.

سوتسىيالىزم جەمئىيىتى مەيلى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇ-شىدا بولسۇن، ياكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا بولسۇن، ئاساسەن كىشىلەرنىڭ يۈكسەك ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە ئاڭلىق، ئىخ-تىيارىي تىرىشىشىغا تايىنىدۇ. ئەمما، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يەنە بوشاش-ماستىن تەشۋىق قىلىشقا تايىنىپ ئىنقىلابىي جامائەت پىكرىنى پەيدا قىلىشقا، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە كەڭ تۈردە سىڭدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدىلا كىشىلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن ئاكتىپچانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، مەيلى پار-تىيە ئەزاسى، ئىتتىپاق ئەزاسى بولسۇن، ياكى باشقا ئىنقىلابىي ئامما بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. ئەمدى گېزىت - ژۇرنال، ئاخبارات، رادىئو، تېلېۋىزىيىگە كەلسەك،

ئۇلارنىڭ تېخىمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار.

پرولېتارىياتتا ماركسىزملىق پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولغاندىن بېرى، «ئۆزىدىكى سىنىپ»تىن تەرەققىي قىلىپ «ئۆزى ئۈچۈن» سىنىپقا ئايلاندى. پرولېتارىياتنىڭ كۈرىشى ئىستىخىيىلىك باسقۇچتىن ئاڭلىق باسقۇچقا كىردى. ماركسىزمنىڭ تارقىلىشى ئۇنىڭ تەدرىجىي ھالدا كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا تايانغان ئىنقىلابىي جامائەت پىكرىنى شەكىللەندۈرگەندىلا، ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەيلى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى يىللىرىدا بولسۇن، ياكى سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى يىللىرىدا بولسۇن، پرولېتارىيات ھەممىسىدە ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بۇنى پرولېتارىيات بىلەن پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش جەريانىدىكى ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، پرولېتارىيات «كوممۇنىستلار ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەر ۋە ئىستەكلىرىنى يوشۇرۇشنى راۋا كۆرمەيدۇ. ئۇلار ئاشكارا جاكارلايدۇكى، ئۇلار پەقەت بارلىق مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى زورلۇق كۈچ بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىلا مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.»① مەملىكىتىمىز نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش باسقۇچىدا، ئىجتىمائىي جامائەت پىكرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، شۇ ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلەپ، كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىلمىي ھالدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ ئاكتىپلىق بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىغا قاراپ يۈرۈش قىلىشىمىز دەل بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھەم سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ ئىپادىسى.

---

① ماركس – ئېنگېلس: «گۇڭچەنداڭ خىتابنامىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 107 – بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## توققۇزىنچى باب

# ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش

ھەرقانداق شەكىل ۋە كۆلەمدىكى جەمئىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئايلىنىشى بەلگىلىك تەرتىپ ئاستىدا بولىدۇ، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش جەريانىدا تۇرىدۇ. يەنى ئىجتىمائىي ئايلىنىشنىڭ شەكلى ھەمدە ئۇنىڭ مۇھىت ـ شارائىتلىرى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۆزگىرىش ھەرقانداق جەمئىيەت ھازىرلىغان خۇسۇسىيەت بولۇپ، قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىدا بولسا ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. بەزىدە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش شۇنداق ئاستا بولىدۇكى، كىشىلەر ئۇنى ئاسانلىقچە ھېس قىلالمايدۇ. بەزىدە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش شۇنداق جىددىي بولىدۇكى، كىشىلەر كۈچلۈك زەربە ۋە بېسىم ھېس قىلىشىدۇ. ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسى ئەگەر جەمئىيەتتە ئوخشىمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىمەن ۋە تەرەققىي قىلىمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا ئۆزگىرىش ئىچىدىكى جەمئىيەتكە ئۈزلۈكسىز ماسلىشىپ بېرىشى كېرەك. ئىجتىمائىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ مەزمۇنى، سەۋەبى ۋە يۈزلىنىشى قاتارلىقلارنى ھەر دائىم چۈشىنىپ تۇرۇشى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى پىلانلىشى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى خەلقنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى لازىم.

# بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ھەققىدە چۈشەنچە

## 1. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش چۈشەنچىسى

ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەمئىيەتشۇناسلىق ئاتالغۇسى سۈپىتىدە گەرچە 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىلا ئاندىن كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئەمما 19 - ئەسىردىن باشلاپ جەمئىيەتشۇناسلار ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە باراۋەر بولغان نۇرغۇن سۆز - ئاتالغۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن، ئاۋغۇست، كونت (1798 - 1857) ئىجتىمائىي ئالغا بېسىش، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قاتارلىق ئۇقۇملارنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەنگلىيىلىك جەمئىيەتشۇناس ھېربېرت. سپېنسېرمۇ ئىجتىمائىي تەرەققىيات، قۇرۇلمىنىڭ بۆلۈنۈشى، ئىجتىمائىي تەدرىجىي تەرەققىيات قاتارلىق ئۇقۇملارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئاساس قىلىنغان ئىجتىمائىي زىددىيەت ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىققان خىلمۇخىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسىي تۈزۈمى يەنى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئاساسىي قائىدە سىستېمىسىدىكى ئۆزگىرىش. بۇ ئاساسلىقى مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى، دۆلەت تۈزۈلمىسى، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەت تۈزۈلمىسى «جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ دۆلەتتە تۇتقان ئورنى» بولۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشى ئومۇمەن قول-

دارلىق تۈزۈم، فېئوداللىق تۈزۈم، كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈملەرنى بېسىپ ئۆتتى. ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى «ھاكىمىيەتنىڭ تەشكىلىي شەكلى مەسىلىسى بولۇپ، مۇئەييەن ئىجتىمائىي سىنىپلارنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى قوغدايدىغان ھاكىمىيەت ئورگىنىنى قانداق ئۇسۇل قوللىنىپ قۇرۇپ چىقىدىغانلىقى» نى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىش ئومۇمەن پادىشاھلىق تۈزۈم، پادىشالىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قاتارلىقلارنى بېسىپ ئۆتتى.

2) تەشكىلىي قۇرۇلما، سىنىپىي قۇرۇلما، كەسپىي قۇرۇلما قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش. تەشكىلىي قۇرۇلما كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، دۆلىتىمىزنىڭ 50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى يېزا كوپېراتىپ ھەرىكىتىدە، ئالدى بىلەن باشلانغۇچ كوپېراتىپ، ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلۇپ، ئاخىرىدا يەنە كوپېراتسىيىلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. دېھقانلار يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتىن كوللېكتىپ ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتتى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. سىنىپىي قۇرۇلما جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپىي كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىنىڭ بىرلەشكەن ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئازادلىقتىن بۇرۇن بۇرژۇئازىيە (بيۇروكرات دەللال بۇرژۇئازىيە ۋە مىللىي بۇرژۇئازىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئىشچىلار سىنىپى، پومېشچىكلار ـ سىنىپى، نامرات دېھقانلار سىنىپى ئاساسىي سىنىپىي قۇرۇلمىنى تەشكىل قىلغان. كەسپىي قۇرۇلما كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىمات

شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. 80 ـ يىللاردىن باشلاپ دۆلىتىمىزدە كەسپىي قۇرۇلما جەھەتتە زور ئۆزگىرىش بولۇپ، نۇرغۇنلىغان دېھقانلار ئىشچىلارغا ئۆزگەردى.

(3) ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسىي قىياپىتى يەنى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ھەرىكەت ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئۆزگىرىش.

جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى تەتقىق قىلىشى خىلمۇخىل، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئىچىدىن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتنىڭ كونكرېت قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىش، بۇنىڭدىن كېيىنكى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىيات ئاساسىي يۈزلىنىشى قاتارلىقلارنى مۆلچەرلەشتىن ئىبارەت.

ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئىجتىمائىي ئايلىنىش جەريانىدىكى بىر خىل مۇقەررەر ھادىسە. بىر جەمئىيەت ئۇنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولىدۇ. دەرۋەقە شەرت ـ شارائىت ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى بولىدۇ، مۇئەييەن ئىچكى ۋە تاشقى شارائىتلار مۇئەييەن ئىجتىمائىي فورماتسىيىگە ھامىلدار بولغان بولىدۇ ۋە ئۇنى پەيدا قىلىدۇ. بىراق، ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلگەن يېڭى ياكى تېخىمۇ يۇقىرى شەرت ـ شارائىت ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ يەنە تەدرىجىي ھالدا ۋاقتى ئۆتكەن نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى ۋە قىياپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىنى يوقاتقانلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ھەرقانداق جەمئىيەتتە ئەسلىدە بار بولغان شارائىتلار ھامان كەلگۈسىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە ھامىلدار بولغان بولىدۇ. ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۆزگىرىشى بىر خىل مۇقەررەرلىك بولۇپ، قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنىپ ئۆزگەرمەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئىشلارنىڭ يىغىندىسى بولماستىن، بەلكى مۇئەييەن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە بويسۇنىدۇ.

ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى ئالغا ئىلگىرىلەش، يەنى تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە، قالاقلىقتىن ئىلغارلىققا ئۆتىدىغان يۈنىلىشلىك ھەرىكەت. بىر باسقۇچ ھامان تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا ئورۇن بېرىدۇ، بۇ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچ ئوخشاشلا خاراپلىشىشقا يۈزلەنگەن بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بىر ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئىجتىمائىي تارىخىي جەريان بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى ئىپچىپ بېرىدىغان كاتېگورىيىدۇر.

ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ كونكرېت يولى ھەرگىزمۇ تۈز سىزىق شەكلىدە بولماستىن، بەلكى ھەمىشە ئەگرى ـ توقاي بولىدۇ. دولقۇنسىمان ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ كونكرېت جەريانىدا، تەرەققىيات ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش بولىدۇ. توختاپ قېلىش ھەتتا چېكىنىشمۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە جەمئىيەتتە توختاپ قېلىش ھەتتا چېكىنىش يۈز بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، ھەمىشە ھەممە نەرسىدە توختاپ قېلىش ۋە چېكىنىش كېلىپ چىقىۋەرمەيدۇ، بەزى ئىجتىمائىي ئامىللار تەرەققىي قىلىپ ۋە ئىلگىرىلەپ تۇرىدۇ. شۇڭا، توختاپ قېلىش ۋە چېكىنىش ئادەتتە ۋاقىتلىق، چەكلىك بولىدۇ. ھەرقانداق شەخس، گۇرۇھ ۋە كۈچ تەرەققىيات ۋە ئالغا بېسىشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئومۇمىي يۈزلىنىشنى توسۇپ قالالمايدۇ.

ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدىغان بىر خىل ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگىرىش. مەسىلەن، يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدىن سانائەت جەمئىيىتىگە ئۆتۈش ئارقىلىق پەقەت ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، شەھەر ئاھالىسى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپلا

قالماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەشكىلىي باشقۇرۇش شەكلىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ئىلمىي باشقۇرۇش تۈزۈمى ئائىلە باشلىقى شەكلىدىكى باشقۇرۇشنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. شۇ-نىڭ بىلەن بىرگە قانۇن ـ تۈزۈم بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ، «ئادەمگەرچىلىكنىڭ قانۇندىن ئۈستۈن تۇرۇشى» ئىجتىمائىي سىياسىي تۇرمۇشتا تەسىر كۆرسىتىدىغان كۈچ بولۇشتىن قالى-دۇ. سانائەتلىشىش يەنە يېڭى دېموكراتىيە مۇساپىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ بىز ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ مەنىسىنى ئىگىلە-گەندە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

## 2. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبلىرى

ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ تۈپ سەۋەبى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زىددىيەت ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. بۇ ماركسىزمنىڭ بىر ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرى. ئىج-تىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئەمگەكچىلەر ھەمدە ئۇلار ياراتقان ئەمگەك ۋاسىتىلىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ھاسىل بولغان كۈچ بولۇپ، بۇ خىل كۈچ جەمئىيەتتىكى ئەڭ جانلىق ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ھامان ئۆزلۈكسىز ھالدا ئەمگەك قوراللىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. ئەمگەك قوراللى-رى كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىگە ئۆزلۈكسىز ياردەم بېرىپ ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈپ تۇرىدۇ. ئوت، پارتلاتقۇچ دورا، پار ماشىنىسى، توك، يادرو كۈچى، ھېسابلاش ماشىنىسى قاتارلىقلارنىڭ بايقىلىشى ۋە كەشىپ قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ تە-بىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. ھازىرقى جەمئىيەتتە، كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان پەن ـ تېخنىكا تېزلىك بىلەن بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلى-رىگە ئايلانماقتا. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆزلۈكسىز ئۆزگە-

رىش ئىچىدە تۇرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ يېڭى سەۋىيىگە يەتكەندە، نىسپىي مۇقىم بولغان كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى مۇناسىۋىتى بىلەن توقۇنۇش ھاسىل قىلىدۇ. يەنى مەۋجۇت ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويىدۇ. شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىشنى، يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈم ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ يەنە بىر خىل سەۋەبى، ئىجتىمائىي سىنىپ ياكى قاتلاملارنىڭ ئېھتىياجىنىڭ ئۆسۈشى ھەمدە مەنپەئەت توقۇنۇشىدۇر. ئېھتىياج كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىش شارائىتىغا بولغان ئىنتىلىشى، مەنپەئەت بولسا ئېھتىياج ئوبيېكتىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. ھەرقانداق سىنىپ ۋە قاتلام شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، مەلۇم ئېھتىياجىنىڭ ئۆسۈشىنىڭ تۈرتكىسىگە ئۇچرايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ مۇئەييەن ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئېھتىياجى قانغاندىن كېيىن، بۇ ئېھتىياجنىڭ ئۆزى ھەمدە مۇشۇ ئېھتىياجنى قاندۇرغان قورال ۋە پائالىيەتلەر يەنە يېڭى ئېھتىياجنى پەيدا قىلىدۇ. يېڭى ئېھتىياج يەنە يېڭى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى قوزغايدۇ. بۇ ماركسىزمنىڭ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىنى چۈشەندۈرىدىغان بىر ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرىدۇر.

جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپ، قاتلام قاتارلىق ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن ماددىي مەنپەئەتكە ئىگە. ھەممىسى ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ھەرقانداق جەمئىيەت مۇئەييەن ماددىي مەنپەئەت قۇرۇلمىسى ئۈستىگە بەرپا قىلىنغان بولىدۇ. ھەرقايسى سىنىپ

ۋە قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەتنىڭ زىددىيەتلىك توقۇنۇشى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىشىنىڭ تۈرتكە-سىدۇر.

ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ يەنە بىر سەۋەبى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە تارقىلىشىدۇر. مەدەنىيەتنىڭ بىر توپتىن، بىر جەمئىيەتتىن يەنە بىر توپ ۋە يەنە بىر جەمئىيەتكە يۆتكىلىشى مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى دەپ ئاتىلىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى مۇقەررەر ھالدا مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشىغا ئېلىپ بارى-دۇ. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئەنئەنىۋى جەمئىيەت تەرتىپى ۋە قىيا-پىتىنى قوغدايدۇ، يېڭى مەدەنىيەت يېڭى تەرتىپ ۋە يېڭى قىياپەت يارىتىدۇ. يېڭى مەدەنىيەت يېڭى پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يېڭى قىممەت قارىشى ۋە ئىجتىمائىي قائىدىلەر-نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، دۆلىتىمىزدە ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە يېڭى نىكاھ قانۇنىنىڭ تەشۋىق قىلىنىشى بىر خىل يېڭى مەدەنىيەت تارقىتىش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل يېڭى مەدەنىيەت تارقىتىش ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ماسلاشقان قانۇن ۋە مەمۇرىي تەدبىرلەر دۆلىتىمىزدە ئۇزۇن مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نىكاھ ھۆددىگەرلىكى قاتارلىق ھادىسىلەرنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتتى. مەدەنىيەت تارقىتىشنىڭ ئاساسلىق يولى مائارىپتىن ئىبارەت. بىر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشى پەقەتلا «مائارىپ ئىنقىلابى» غا تايىنىپلا ئېلىپ بېرىلىشى ناتايىن، بىراق، مائارىپ ئىجتىمائىي مۇناسى-ۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ باشلامچىسىدۇر.

سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ مۇھىم مەنبەسىدۇر. سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ سىڭىپ كىرىشى كى-شىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈ-رۈپ چىقىدۇ. دۆلىتىمىز سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش جەريانىدا، غەرب مەدەنىيىتى زور دەرىجىدە ئېقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە جەۋھەر ۋە شاكال ئوخشاشلا مەۋجۇت
بولۇپ، ئېلىمىز جەمئىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى، كىشىلەر-
نىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدا مۇئەييەن ئۆزگىرىش-
لەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەسىلەن، رىقابەت ۋە ئۈنۈم قارىشى
ھەر تۈرلۈك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى
سۈردى، بىراق، غەربنىڭ بىر قىسىم قىممەت كۆز قارىشى كۆپ
مەنبە نەزەرىيىسى ۋە راھەتپەرەسلىك ئىدىيىسى بىر قىسىم كىشى-
لەرنى قايمۇقتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەنئەنىس-
نى ئاجىزلاشتۇردى، جەمئىيەتتە ناتوغرا ئىستىللارنىڭ باش كۆ-
تۈرۈشىگە ياردەم بەردى.
سىرتقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، مۇھىتنىڭ
بۇلغىنىشى، تەبىئىي ئاپەت قاتارلىق ئامىللارمۇ ئىجتىمائىي ئۆز-
گىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، يولداش
ماۋزېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەت-
لەرنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشى بىر تەرەپتىن جۇڭگو فېئودال-
لىق جەمئىيىتىنىڭ پارچىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگودا
كاپىتالىزم ئامىللىرىنى پەيدا قىلدى، بىر فېئودال لىق جەمئىيەت-
نى يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلاندۇردى؛ بىراق يەنە بىر
تەرەپتىن، ئۇلار يەنە جۇڭگوغا رەھىمسىزلەرچە ھۆكۈمرانلىق
قىلىپ مۇستەقىل جۇڭگونى يېرىم مۇستەملىكە يېرىم فېئوداللىق
جەمئىيەتكە ئايلاندۇردى.» جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزى جۇڭگو
جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئەمما بۇ خىل
ئۆزگىرىش جۇڭگو خەلقىگە غايەت زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى.
كۆپلىگەن ئىلمىي ماتېرىياللار ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر قى-
سىم «مەدەنىيەت مەركەزلىرى» مۇھىتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغى-
نىشى تۈپەيلىدىن تەدرىجىي ھالدا خارابىلىشىپ كەتكەنلىكى ئىس-
پاتلاپ بەردى.

## 3. هازىرقى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ ئالاھىدىلىكى

هازىرقى دەۋردە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلەشتى، بۇ بۇگۈنكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە. بەلگىلىك مەزگىل ئىچىدە بارلىققا كېلىدىغان يېڭى شەيئىلەرنىڭ سانى كۆپەيدى. رىتىمى تېزلەشتى، بەزى شەيئىلەرنىڭ كونىراش دەۋرى مۇناسىپ ھالدا قىسقاردى. ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە ئاستا ئۆزگىرىدىغان نۇرغۇن ئىجتىمائىي تەرتىپلەر ھازىر تېز سۈرئەتتە ئۆزگەردى. مۇشۇ ئەسىردىن ئىلگىرى ئېلىمىز جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىدە كۆرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئاستا ئىدى. بىراق، شىنخەي ئىنقىلابىدىن تارتىپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگىچە بولغان نەچچە ئون يىل جەريانىدا جۇڭگودا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەردى. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئېلىمىز جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان دەرىجىگە يەتتى. يەنە مەسىلەن، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، شەرقىي ياۋروپا ۋە غەرب جەمئىيىتىدە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۆزگىرىش بولۇپ ئۆتتى.

پەن - تېخنىكىنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى بارغانسېرى چوڭ بولماقتا. ھازىرقى دەۋر جەمئىيىتىدە پەن - تېخنىكىنىڭ بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىش دەۋرى زور دەرىجىدە قىسقارماقتا، ھەم بارغانسېرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا باشقۇرۇش ۋاسىتىسى ۋە قورالىغا ئايلانماقتا.

هازىرقى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش كۆپلىگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ھازىرقى دەۋر جەمئىيىتى سانائەتلىشىشنىڭ غايەت زور چاقى ئۈستىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى، كۆرۈلۈپ باقمىغان سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلماقتا.
مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، سانائەتلىشىشنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى،
لېكىن تولۇق تەرەققىي قىلمىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. بىر خىل
ئالاھىدە ھادىسە، ھەرقانداق دۆلەت ئۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالماي-
دۇ. ماشىنا ۋە زاۋۇتلارنىڭ خىمىيىۋىلىك بۇلغىغۇچى ماددىلىرى
ئاتموسفېراغا كىرىپ يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىگە زىيان يەتكۈز-
دى، بايلىقنى بۇزغۇنچىلىق قىلدى، كېسەللىك كەلتۈرۈپ چىقار-
دى، كىشىلەرنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىۋەتتى. سانائەت كېرەكسىز
ماددىلىرى دەريا ئېقىنلىرىغا تۆكۈلۈپ، جانلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشى
ۋە ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇققا
بۇزغۇنچىلىق قىلدى. كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسەت-
تى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش يەنە يېڭى ئىجتىمائىي مەسىلى-
لەرنى ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، ئىجتىمائىي كاپالەتنى كۈچەي-
تىپ، كېسەللىك ۋە بالدۇر ئۆلۈش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتتى،
شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئاھالىنىڭ ئوشۇقچىلىقى ۋە ياشانغانلار
مەسىلىسىنى پەيدا قىلدى. تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نۇرغۇن-
لىغان ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، بىراق يەنە «ئىككى ئادەم-
نىڭ ئىشىنى ئۈچ ئادەم قىلىپ» بىر قىسىم ئادەملەرنى ھورۇن-
لاشتۇرۇۋەتتى. نوپۇس شەھەرلەرگە مەركەزلىشىپ، بىر تەرەپ-
تىن، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يوقىرى كۆتۈردى،
تۇرمۇش مەزمۇنىنى بېيىتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلىك
توقۇنۇش مۇمكىنچىلىكىنى كۈچەيتىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش
نىسبىتىنى ئاشۇرۇۋەتتى. ھازىرقى دەۋردىكى كاپىتالىستىك دۆ-
لەتلەردىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشتە، بايلار باراۋەرسىزلىك ئى-
چىدىن پايدىغا ئېرىشسە، نامراتلار باراۋەرسىزلىك ئىچىدىن بالا-
يىئاپەتكە ئۇچرىماقتا. ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش يوقالمايلا قالماس-
تىن، بەلكى يېڭىچە شەكىلدە داۋاملىق كېڭەيمەكتە. كاپىتالىزم
تۈزۈمى غايەت زور ئىجتىمائىي بايلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى-

نىڭ ئاز ساندىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ئىگىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، نىسپىي پەرقلەرنى كۆنسېرى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.
سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشى جەريانىدىمۇ، يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئادەتتىن تاشقىرى مەركەزلەشكەن تۈزۈلمە كىشىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى باستى؛ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋاقتىلىق ئىجتىمائىي داۋالغۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
ھازىرقى دەۋر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق كونتروللۇقىغا ئۇچراش دەرىجىسى ئۇزلۇكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كىشىلەرنىڭ ھازىرقى دەۋر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشىنى كونترول قىلىش دەرىجىسى ئاساسەن پىلانچانلىق ۋە تەشكىلچانلىق جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئەسلىدە بىر خىل قارىغۇلارچە كۈچ ئىدى. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە بۇ خىل قارىغۇلۇق تەدرىجىي ھالدا ئاڭلىقلىق تەرىپىدىن ئىگىلەنمەكتە. ھازىرقى زامان كاپىتالىزم جەمئىيىتى 19 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى كونترول قىلىش يېتەرسىز بولغان ۋە ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ھالەتتە بولماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ تەشكىلىي مېخانىزمىنى ئۇزلۇكسىز كۈچەيتتى. ھازىرقى زامان كاپىتالىزمى دەسلەپكى مەزگىلدىكى كاپىتالىزمغا قارىغاندا پىلانچانلىقنى تېخىمۇ تەكىتلەيدۇ ھەم ھالاكەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىجتىمائىي تەشكىلىنىڭ نۇرغۇن تەجرىبە ۋە ئۇسۇللىرىنى توپلىدى، سوتسىيالىزم جەمئىيىتى كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە قارىغاندا پىلانچانلىقنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ. ھەرقانداق بىر سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن ئىقتىسادىي پىلان ۋە ئىجتىمائىي باشقۇرۇش ئەندىزىسى يۈرگۈزىدۇ. كېيىن ئادەتتىن تاشقىرى مەركەزلەشكەن پىلان ۋە بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەت ئول ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جانلىق ھەرىكەتتىن ئاسانلا ئايرىلىپ قېلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى بېسىپ قويىدىغانلىقى ئاشكارىلاندى. شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ئىسلاھات ئەمەلىيىتى باشلاندى.

ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ باغلىنىشچانلىقى كۆنسېرى كۈچەيمەكتە. ھازىرقى زامان جەمئىيىتى دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان ھالدا سىرتقى جەمئىيەتكە قارىتا ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغان بولۇپ، بېكىنمىچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. ھازىرقى زامان جەمئىيىتى بىر خىل ئوچۇق سىستېما ئىچىدىكى جەمئىيەت بولۇپ، بىر جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئومۇميۈزلۈك ئۆزئارا تايىنىشچانلىق سىرتقى جەمئىيەت بىلەن بولغان كۆپ تەرەپلىمە ئۆزئارا تايىنىشچانلىققا كېڭىيىپ، سىرتقى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى مۇقەررەر ھالدا ئىچكى جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەتتا ئۇنداق ياكى مۇنداق ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

## ئىككىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ شەكىللىرى

### 1. جەمئىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى

ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش كۆپ ھاللاردا تەدرىجىي تەرەققىيات شەكلىنى قوللىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى بىر خىل ئۇزاق مۇددەتلىك، تەدرىجىي بولىدىغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ يەنى جەمئىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانى ئۇزاق مۇددەتلىك، ئاستا خاراكتېرلىك، تەدرىجىي ئىلگىرىلەشچانلىق ۋە قىسمەنلىك قاتارلىق ئاساسلىق ئالاھىدى-

لىكلەرگە ئىگە، كونكرېتنى ئېيتقاندا، كونا شەيئىلەر ئىچىدىن يېڭى تەركىبلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق تەركىبلەر تەدرىجىي هالدا كېڭىيىپ كونا شەيئىنىڭ قاتلاملىرىنى بىر بۆلەك ـ بىر بۆلەكتىن ئاجرىتىپ تاشلاپ، كونىنى يوقىتىپ يېڭىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ خىل جەرياننىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى كىشىلەر ئادەتتە سەزمەي قالىدۇ.

ئىجتىمائىي تەدرىجىي تەرەققىيات ئالغا بېسىش خاراكتېرىدىكى كاتېگورىيىگە تەۋە بولۇپ، ئومۇمىي يۈزلىنىشى قالاقلىقتىن مەدەنىيلىككە، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە تەرەققىي قىلىدىغان جەرياندۇر. جەمئىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ شەرتى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىشى، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزى ماسلىشالمايدىغان تەرەپلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنىمۇ چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش ئىچىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە قىسمەن ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى ھەمدە بۇ خىل ئۆزگىرىش ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ ۋە توپلىنىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

## 2. ئىجتىمائىي ئىسلاھات

ئىجتىمائىي ئىسلاھات كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ھالدا پىلانلايدىغان ھەم قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىشقا ئاشىدىغان جەمئىيەتنىڭ قىسمەن تەڭشىلىشى ياكى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگىرىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئاڭلىق جەريان كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتنى تونۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن كۈچىيىپ بارىدۇ. ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھازىرقى جەمئىيەتتە بارغانسېرى كۆپ يۈز بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش شەكلىدۇر. مەسىلەن، دۆلىتىمىزدە ھازىرقى باسقۇچتا ئېلىپ بېرىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاتقان ئىسلاھات ئاڭلىق، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنۇم بېرىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشتۇر.

ئىجتىمائىي ئىسلاھات سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر خىل مۇھىم شەكلىدۇر. سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ نىشانى ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاشتىن ئىبارەتتۇر. سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى بىر - بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. بىراق، بىر نۇقتىدا ئورتاق، يەنى ھوقۇق ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەن. شۇڭا، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى بۇ خىل تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت.

## 3. ئىجتىمائىي ئىنقىلاب

ئىجتىمائىي ئىنقىلاب بىر خىل كەسكىن بولىدىغان، پۈتكۈل جەمئىيەتكە قارىتا تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىدىغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. ھازىرغىچە يۈز بەرگەن بارلىق ئىنقىلابلار بىر خىل مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئۈچۈن يەنە بىر خىل مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇپ، مۇئەييەن سىنىپنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ كەلدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان ئىنقىلاب، پرولېتارىياتنىڭ كاپىتالىزمنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە قۇل قىلىشىدىن قۇتۇلۇشىنىڭ ۋاستىسى، پرولېتارىيات بىلەن باشقا ئەمگەكچى سىنىپلارنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىردەكلىككە ئىگە، شۇڭا سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى پەقەت پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئىتى-

ىنىلا قوغداپ قالماستىن، يەنە باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئە-
تىنىمۇ قوغدايدۇ.

ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ تۈپ سەۋەبى ئىشلەپچىقىرىش مۇنا-
سىۋەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر
هالدا توسقۇنلۇق قىلغانلىقىدىن ئىبارەت.

ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ يۈز بېرىشى ۋە غەلىبە قىلىشى
ئۇچۇن مۇئەييەن ئىنقىلاب ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولۇشى كې-
رەك. پرولېتارىيات ئېلىپ بارغان ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ئىنساز-
لار تارىخىدىكى ئەڭ كەڭ، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئۈزۈل - كې-
سىل، ئەڭ ئىستىقباللىق ئىنقىلاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ
كەڭ دېگىنىمىز، قاتناشقان ئاممىنىڭ دائىرىسى كەڭ، ئاھالى-
نىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان پرولېتارىيات ۋە
باشقا ئەمگەكچىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتكە كەلگەنلىكىنى كۆر-
سىتىدۇ. چوڭقۇر دېگىنىمىز، تۈپ جەھەتتىن كىشىنى كىشى
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، ئادەمنى ئادەم ئېزىدىغان ئىجتىمائىي
تۈزۈمنى ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۈزۈل - كېسىل
دېگىنىمىز، پەقەت بارلىق ئېكسپىدىلاتاتسىيە تۈزۈمى بىلەن
ئادا - جۇدا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بارلىق خۇسۇسىي مۇلۇك
ئىدىيىسى بىلەنمۇ ئادا - جۇدا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەڭ
ئىستىقباللىق دېگىنىمىز، پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئەڭ ئاخىرىدا
پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىدىغانلىقىنى، كوممۇنىزم
گۈزەل غايىسىنى جانلىق رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ.

## 4. ئىجتىمائىي چېكىنىش

ئىجتىمائىي چېكىنىش بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئۆز-
گىرىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي
چېكىنىش جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى ياكى بىر پۈتۈن گەۋدىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاللىقاچان يېتىپ بولغان، نىسبەتەن يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇ-
چىدىن بىرقەدەر تۆۋەن بولغان تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۆزگىرىش
جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

تارىخىي تەرەققىيات دىئالېكتىكىسى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرى-
دۇكى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلىنىشى ئالغا قاراپ
تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت. بىراق، ۋاقىتلىق چېكىنىشمۇ
بولۇپ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى
ۋە ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداقلا كونكرېت ئىجتى-
مائىي فورماتسىيە ياكى جەمئىيەت تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ مۇ-
ئەييەن مەزگىل ئىچىدە ئارقىسىغا چېكىنىشىنىمۇ كەلتۈرۈپ چى-
قىرىدۇ.

ئادەتتە ئىجتىمائىي چېكىنىش ئاساسلىقى ئۇرۇش، تەبىئىي
ئاپەت ياكى باشقا مۆلچەرلەش قىيىن بولغان ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن
كېلىپ چىقىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاق
تارىخىي ئېقىمىدىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي چېكىنىش ھامان ۋا-
قىتلىق ھادىسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھازىرقى دەۋردە ئىجتىمائىي چېكىنىش خەۋپى ئاساسلىقى
خەلقئارا بۇرژۇئازىيىدىن كېلىدۇ. پرولېتارىيات ئىنقىلابى غەلى-
بە قىلغاندىن كېيىن، خەلقئارا بۇرژۇئازىيە قوراللىق ئارىلى-
شىش ۋە «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» تىن ئىبارەت ئىككى خىل
شەكىل قوللىنىپ، پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا،
سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات يولىنى توسۇپ قويۇشقا ئۇرۇندى.
«تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ھازىرقى ئىجتىمائىي چېكىنىشنىڭ ئا-
ساسلىق ۋە تىپىك شەكلى بولۇپ قالدى. شۇڭا، خەلقئارا بۇرژۇ-
ئازىيىنىڭ بۇ خىل سىياسىتىدىن ھوشيار بولۇش ۋە ئۇنىڭغا
تاقابىل تۇرۇش زۆرۈر.

## ئۈچىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش توغرى‐سىدىكى بىرقانچە خىل نەزەرىيەلەر

غەرب جەمئىيەتشۇناسلىقى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش توغرىسى‐دا كۆپلىگەن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان بولۇپ، بەزىلىرى مەخ‐سۇس خاراكتېرلىك تەتقىقات، بەزىلىرى بولسا پۈتكۈل نەزەرىيە سىستېمىسى ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسىلىلەردىن ئىبارەت. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، غەرب جەمئىيەتشۇناسلىقى ئىدىيالىستىك تارىخ قارىشىنىڭ تەسى‐رىگە ئۇچرىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى ئىجتىما‐ئىي ئاڭنىڭ ئۆزگىرىشىگە يىغىنچاقلاپ قويۇپ، ئىجتىمائىي ئۆز‐گىرىشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرەل‐مىگەن. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگە‐رىش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئىلمىي ئەمەس. بىراق شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، ئۇلارنىڭ نەزەرىيىسىمۇ بەزى بىر قىسىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغان تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بىزگە قارىتا رىغبەتلەندۈرۈش، ئەينەك قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە.

غەرب جەمئىيەتشۇناسلىقى ئوتتۇرىغا قويغان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش توغرىسىدىكى نەزەرىيەلەردىن ئاساسلىقى تارىخىي دەۋ‐رىيلىك نەزەرىيىسى، ئىجتىمائىي تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيە‐سى، ئىجتىمائىي مۇۋازىنەت نەزەرىيىسى ۋە ئىجتىمائىي توقۇ‐نۇش نەزەرىيىسى قاتارلىقلار بار.

### 1. تارىخىي دەۋرىيلىك نەزەرىيىسى

بۇ نەزەرىيىنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرى جەمئىيەتنىڭ كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قېتىملىق ئۆزگىرىشىنى ئوخشاش سوپەتلىك نەرسىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، جەمئىيەت تارىخى بولسا، مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە دەۋرىيلىك بىلەن تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىش دەپ قاراشتىن ئىبارەت. بۇ نەزەرىيىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس پېترو سوركىن (1889 — 1968) . ئۇ مەدەنىيەت شەكىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەدەنىيەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرسى، ھېسسىي مەدەنىيەت بولۇپ، بۇ خىل مەدەنىيەت ھېسسىي تەجرىبىنىڭ مۇھىملىقى ۋە قىممىتىنى تەكىتلەيدۇ؛ يەنە بىرسى، ئىدىيىۋى مەدەنىيەت بولۇپ، روھ ۋە مېتافىزىكىنىڭ قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىككى خىل مەدەنىيەت ئىككى قۇتۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى هامان سائەت مایاتنىكىگە ئوخشاش بۇ قۇتۇپتىن ئۇ قۇتۇپقا ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ تۇرىدۇ، دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

## 2. ئىجتىمائىي تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى

بۇ نەزەرىيە 19 ـ ئەسىردىكى دارۋىنىنىڭ جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ يەنە سوتسىئال دارۋىنىزم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىدىيىسى تەدرىجىي تەرەققىياتنى ھەم تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قانۇنىيىتى، ھەم ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ تەبىئىي قانۇنىيىتى دەپ تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى كونكرېت نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بويىچە دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە ھازىرقى دەۋر ئىجتىمائىي تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى دەپ ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىجتىمائىي تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىر ئاستا، تەدرىجىي ئىلگىرىلەيدىغان تەرەققىيات جەريانى، بۇ جەر-

يان پەقەتلا يەككە هالدىكى ئاساسىي رىتىمگە ئىگە، يەنى ئاددىيدىن مۇرەككەپكە قاراپ ئۆزگىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەرقانداق بىر نىسبەتتىن كېيىن پەيدا بولغان تەرەققىيات هامان نىسبەتەن بالدۇر بارلىققا كەلگەن تەرەققىياتقا قارىغاندا مۇرەككەپ بولىدۇ ھەم جەمئىيەت تۈز سىزىق بويلاپ تەرەققىي قىلىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ خىل نەزەرىيىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى ئاۋغۇست، كونت ۋە سپېنسېردىن ئىبارەت.

هازىرقى دەۋر ئىجتىمائىي تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى، جەمئىيەت مۇقەررەر هالدا بىر قاتار تەدرىجىي تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈشى زۆرۈر، بىراق ھەربىر جەمئىيەتنىڭ بارلىق تەدرىجىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈشى ناتايىن، سانائەتلىشىشنىڭ كېڭىيىشى ئوخشاش ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي ئەندىزىلەرنىڭ پۈتۈن يەر شارى دائىرىسىدىكى تەرەققىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. نىسبەتەن ئارقىدا قالغان دۆلەت ياكى مىللەتلەر ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ۋاستە قىلىپ، جەمئىيەتتە هالقىش خاراكتېرىدىكى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرسا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

### 3. ئىجتىمائىي مۇۋازىنەت نەزەرىيىسى

ئىجتىمائىي مۇۋازىنەت نەزەرىيىسى غەرب جەمئىيەتشۇناسلىقى نەزەرىيىسىدىكى قۇرۇلما فۇنكسىيە نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت. ئۇلار بىر جەمئىيەت بەش تۈرلۈك ئەڭ ئاساسلىق ئېھتىياج بىلەن تەمىنلىنىدۇ، يەنى بەش تۈرلۈك ئاساسلىق ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ. بىرسى ئەزالارنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش؛ ئىككىنچىسى ئەزالارنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى؛ ئۈچىنچىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىمات ھەمدە مۇلازىمەت ئىقتىدارى؛ تۆتىنچىسى ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداش، بەشىنچىسى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار پائالىيىتىنى مۇددىئا ۋە پۇرسەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن تەمىنلەش دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئەگەر جەمئىيەت مۇشۇ بەش خىل ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرالىسا، ئۇزاققا داۋاملىشىدىغان مۇۋازىنەت ھالىتىدە تۇرالايدۇ. بۇ يەردە، ئائىلە بىرىنچى تۈرلۈك ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرىدۇ. مائارىپ سىستېمىسى ئىككىنچى تۈرلۈك ئېھتىياجنى قاندۇرۇش رولىنى ئوينىيالايدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، بەش خىل ئىقتىدار بىرلىشىپ كەتكەنىدى. ھازىرقى جەمئىيەتتە بولسا ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ. جەمئىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ ئاخىرقى نىشان ھامان مۇۋازىنەت ھالىتىنى تېپىشتىن ئىبارەت بولۇپ، مۇۋازىنەت ئىجتىمائىي سىستېما ئايلىنىشىنىڭ ئاخىرقى نىشانى ھېسابلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. ئىجتىمائىي مۇۋازىنەتنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەيدۇ، مۇقىملىق نورمال ھالەت، تەڭپۇڭسىزلىق، كۈرەش، ئىسلاھات قاتارلىقلارنى بولسا نورمالسىز ھالەت دەپ قارايدۇ.

### 4. ئىجتىمائىي توقۇنۇش نەزەرىيىسى

بۇ مۇۋازىنەت نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرۇش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش نەزەرىيىسىدۇر. بۇ نەزەرىيە جەمئىيەت بولۇپمۇ ھازىرقى جەمئىيەت ھەرگىزمۇ دائىم مۇقىم (مۇۋازىنەت) ھالەتتە تۇرمايدۇ. ئەكسىچە توقۇنۇش ھالىتىدە تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش مۇقەررەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كەسكىن بولىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدە بولىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي شەرت ـ شارائىتلىرى ماسلاشقان، بىرلىككە كەلگەن ھالەتتە بولمايدۇ، ئەكسىچە ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن گۇرۇھ، گۇرۇھ بىلەن گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا ھەمدە ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي جامائەلەر ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق ۋە مەنپە-

ئەت، ئورۇن ئۈچۈن تۈگىمەس تالاش-تارتىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەت ئىزچىل ھالدا توقۇنۇش، كۈرەشتىن ئىبارەت تەڭپۇڭسىزلىق ھالەتتە تۇرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان غەرب جەمئىيەتشۇناسلىقىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تۆت خىل ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش نەزەرىيىسى مۇئەييەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىراق ھەممىسىدە نەزەرىيە جەھەتتىكى كەمتۈكلۈك بار.

تارىخىي دەۋرلىك نەزەرىيىسىدە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنىڭ روشەن بەلگىسى توغرىسىدىكى چۈشەنچە يېتەرسىز بولۇپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىرىنىڭ پەرقلىقلىقىغا سەل قارىغان، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە ئۆتۈشتەك يۈزلىنىشىنى ئىنكار قىلغان. ئىجتىمائىي تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى پەقەت جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئاددىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى جەمئىيەتلەرنى رەت تەرتىپكە تۇرغۇزۇپ تىزىپ چىققان، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سەكرەشچانلىقىنى ئىنكار قىلغان.

ئىجتىمائىي مۇۋازىنەت نەزەرىيىسى بىر قىسىم شەكىل جەھەتتىكى ئاددىي ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆلچىگەن، بۇ گەرچە جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى تەجرىبىچىلىك ئەنئەنىسىگە نىسبەتەن ئىنكار قىلىش بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۆزى پەقەتلا تەبىئىي پەن ئەندىزىسى بويىچە ئۆزگەرمەس مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي مۇۋازىنەتنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەن. بۇ نەزەرىيە ئارقىلىق رېئال سىنىپىي توقۇنۇش ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ.

ئىجتىمائىي توقۇنۇش نەزەرىيىسى سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇ-

رۇش تەرەققىياتى ئوتتۇرا باسقۇچقا كەلگەندە، تۇرلۇك ئىجتىما-
ئىي زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۇرلەشكەنلىكىنىڭ ئىنكاسى، ئۇ گەرچە
مۇۋازىنەت نەزەرىيىسىنىڭ ئۆزگەرمەس ئەندىزىسىنى تەنقىد قىل-
غان بولسىمۇ، بىراق جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىد-
غان ئاساسلىق زىددىيەت توقۇنۇشىغا سەل قارىغان، ئىجتىمائىي
توقۇنۇش ھادىسىنى مۇتلەق، ئومۇميۈزلۈك ھادىسە دەپ قاراپ،
جەمئىيەت تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى نىسپىي تەڭپۇڭلۇق، مۇ-
قىملىقنىڭ رولىنى چۈشەنمىگەن، شۇ سەۋەبتىن ئىجتىمائىي
ئۆزگىرىشنى ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن.

# ئونىنچى باب

# ئىجتىمائىي مەسىلە

ئىجتىمائىي مەسىلە ھەرقايسى جەمئىيەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي ھادىسە. ھەرقايسى جەمئىيەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەسلىدە مەۋجۇت بولغان زىددىيەتلەر تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەرىجىگە يەتسە، ئۇ بىرقەدەر چېلىقارلىققا ۋە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان ئىجتىمائىي ھادىسىگە ئايلىنىدۇ. مانا مۇشۇ ئىجتىمائىي ھادىسىدىن ئىجتىمائىي مەسىلە شەكىللىنىدۇ. ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مەۋجۇت بولغاچقا، جەمئىيەتتە تۈزەش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەرقانداق جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ يىلتىزى، مەۋجۇت بولۇش ۋە كېڭىيىشىنىڭ ئىجتىمائىي شەرتى ھەم قانۇنىيىتى بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى شۇكى، ئۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرى توغرىسىدا تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ئانالىز يۈرگۈزۈش ئېلىپ بارىدۇ؛ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ قانۇنىيىتىنى شەرھلەيدۇ؛ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى ۋە كونكرېت ئۇسۇلى توغرۇلۇق ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ.

دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى دۆلەت بولسىمۇ، ئۇنىڭدا خىلمۇخىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بارلىققا كېلىۋاتىدۇ،

مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر جەمئىيىتىمىزنىڭ ساغلام ۋە ماس قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا، تۆتنى زامانىۋى-لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشىمىزغا توسالغۇ بولماقتا. بىز بىر تەرەپتىن، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلى-شىمىز لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىج-تىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا بىزدە ئىدىيىۋى تەييارلىق ۋە ئىلمىي تەسەۋۋۇر بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى، جەمئىيەتشۇناس-لىق ئىلمى بىزنى بۇ جەھەتتە نەزەرىيىۋى بىلىملەر ۋە ئەمەلىي ئۇسۇللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي مەسىلە ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

### 1. ئىجتىمائىي مەسىلە دېگەن نېمە؟

ئىجتىمائىي مەسىلە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. ئىجتىمائىي مەسىلە دېگىنىمىز، ئىجتىما-ئىي مۇناسىۋەت ياكى ئىجتىمائىي مۇھىتتا تەڭپۇڭسىزلىق پەيدا قىلىدىغان، ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمىنىڭ ئورتاق تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئىجتى-مائىي نورمال پائالىيەتنى بۇزىدىغان، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ماس قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىج-تىمائىي ھادىسىدۇر.

ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئىجتىمائىي ئامىللاردىن شەكىللىنى-دۇ. بۇ يەردىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىللار مۇھىمى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى شەكىللەندۈرگۈچى

ئاساسىي تەركىب ياكى بىرلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىللار توغرىسىدا جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشى ئوخشاش ئەمەس. ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناس ر. س. فولېرنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئىككى ئامىلدىن شەكىللىنىدۇ. ئوبيېكتىپ ئامىل جەمئىيەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدىغان بىر ياكى بىرقانچە خىل ئەھۋال بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. سۇبيېكتىپ ئامىل زىيانلىق ئامىل بولۇپ، جەمئىيەتتىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇ خىل زىيانلىق ئامىلنى ئېتىراپ قىلىدۇ ھەم تەشكىللىنىپ بۇ خىل زىيانلىق ئامىلنى چەكلەش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. جۇڭگو جەمئىيەتشۇناسى سۇڭ بىنۋېننىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي مەسىلە ئىككى جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، ئىجتىمائىي ئورتاق تۇرمۇش توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. يەنە بىرى، جەمئىيەت تەرەققىياتى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋال ياكى جەمئىيەتتىكى بارلىق ئەزالارغا چېتىلىدۇ، ياكى جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئەزالارغا چېتىلىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا، ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى س. ۋ. مىرس شەخس پېشكەللىكى بىلەن ئومۇمىيلىق مەسىلىنى پەرقلەندۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتتە بىر مەزگىل باش كۆتۈرگەن، ئايرىم كىشىلەرگىلا زىيان - دەخلىسى يەتكەن مەسىلىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قېلىشى ناتايىن. پەقەت ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە تۇرمۇش مۇھىتىدىن ھالقىغان، ئىنسانىيەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، تۈزۈمى ۋە تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، مۇتلەق كۆپ كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى، مەنپەئىتى ياكى ياشاش شارائىتىغا ئالاقىدار بولغان ئومۇمىيلىق خاراكتېرىگە ئىگە مەسىلىلەرلا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن ئېتىبارەن، جەمئىيەتشۇناسلار ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى شەكىللەندۈرگۈچى ئامىللار ئۈستىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەھلىل ـ ئانالىزغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ قالدى. جەمئىيەتشۇناس ر. ك. مۇدىن ئىككى خىل تەھلىل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرى، شۇ مەسىلىنىڭ تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلغان ـ بېرىلمىغانلىقىغا، جەمئىيەت تاپتىن چىقىپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك. يەنە بىرى، مەسىلىنىڭ يۇشۇرۇنلۇق ۋە ئاشكارىلىق دەرىجىسىگە قاراش كېرەك. يەنە بىر قىسىم جەمئىيەتشۇناسلار بىر مەسىلىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلە ياكى ئەمەسلىكىگە قاراشتا، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بۇزغۇنچىلىق سېلىش دەرىجىسىگە قاراش كېرەك دەپ تەكىتلىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللارنىڭ ئومۇمىيلىق دەرىجىسى (چېتىلىش دائىرىسى)، مالىمانچىلىق دەرىجىسى ۋە بۇزغۇنچىلىق دەرىجىسىگە قاراش كېرەك. دېمەكچى، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئادەتتە جەمئىيەتتە ئومۇمىيلىققا ئىگە بولىدۇ، ئۇ ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە فۇنكسىيە تەڭپۇڭسىزلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي قائىدە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى مالىمانلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ نورمال كۈندىلىك تۇرمۇشىنى بۇزۇۋېتىدۇ.

جۇڭگونىڭ جەمئىيەتشۇناسلىرى ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ شەكىللىنىشىنى تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ـ تەھلىل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلە ياكى ئەمەسلىكىنى تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىن قاراش كېرەك: (1) يۈز بەرگەن ئەھۋال؛ (2) قىممەت، قائىدە ۋە مەنپەئەتنىڭ تەڭپۇڭسىزلىق ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى؛ (3) ئايرىم كىشىلەر ياكى ئاز سانلىق كىشىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىش بولماسلىقى؛ (4) كۆپ ساندىكى كىشىلەر ياكى پۈتكۈل جەمئىيەت تەدبىر ياكى ھەرىكەت قوللىنىپ شۇ ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەكلىكى. مۇشۇ تۆت شەرتنى ھازىرلىغان مەسىلە ئىجتىمائىي مەسىلە ھې-

سابلىنىدۇ.

يەنە بەزى جەمئىيەتشۇناسلار سەل باشقىچىرەك كۆزقاراشلا-رنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلار ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى شەكىل-لەندۇرگۈچى ئامىللار ئۈستىدە ئويلانغاندا، شەكىللىنىشىنىڭ سە-ۋەبى، تەسىر كۆرسىتىدىغان دائىرە، مەسىلىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىجتىمائىي ئاقىۋەتتىن ئىبارەت تۆت جەھەتتىن تەھلىل قىلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. بىرقەدەر بىرلىككە كەلگەن قاراش شۇكى، ئىجتىمائىي مەسىلە تۆۋەندىكى تۆت ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) جەمئىيەتتە چېلىقارلىق تەڭپۇڭسىزلىق ئەھۋالىنى شەكىللەندۇرگەن بولۇشى كېرەك؛ (2) شۇ ئامىل ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى كېرەك؛ (3) بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىق ھالەت نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان بولۇشى كېرەك؛ (4) بۇ خىل مەسىلىنى كوللېكتىپ ھەرىكىتىگە تايىنىپ ھەل قىلىش كېرەك.

## 2. ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئىجتىمائىي مەسىلە ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ئىپادىسى. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئۇ بىر قاتار ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئومۇمىيلىق، ئۆز-گىرىشچانلىق، مۇرەككەپلىك ۋە دەۋرلىك ئىجتىمائىي مەسىلە-نىڭ تۆت تۈرلۈك تۈپ ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇ-مىيلىق دېگەندە، ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئەڭ كەڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ھەربىر مىللەت، ھەربىر دۆلەت ۋە ھەربىر جەمئىيەتنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا باشتىن - ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئىجتىمائىي مەسىلە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمى ياكى ھەممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئالساق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

سانائەت تەرەققىياتى جەريانىدا، تەبىئىي مۇھىت بۇلغىنىشقا ياكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا. بۇ خىل بۇلغىنىش ۋە بۇزغۇنچىلىق تۇپەيلىدىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەسىرىگە ئۇچرىماقتا. شۇنىڭ بىلەن ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بىر ئىجتىمائىي مەسىلە سۈپىتىدە ئالدىمىزغا قويۇلماقتا. شۈبھىسىزكى، بۇ غايە زور ئومۇمىيلىققا ئىگە. ئۆزگىرىشچانلىق دېگەندە، ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ ئوخشىمىغان زامان، ئوخشىمىغلن رايون، ئوخشىمى- غان مىللەت ياكى دۆلەت، قىسقىسى، ئوخشىمىغان جەمئىيەتلەر- دە ئىپادىلىنىش دەرىجىسى ئوخشىمايدىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئالايلۇق، نوپۇس مەسىلىسىنى ئالساق، ئۇنىڭ تارقىلىشى ۋە زىچلىق دەرىجىسى ھەرقايسى دەۋرلەردە ۋە ھەرقايسى رايونلاردا ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەتمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. مۇرەككەپلىك دېگەندە، ئىجتىما- ئىي مەسىلىلەرنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى، مەۋجۇت بو- لۇپ تۇرۇشىنىڭ شەكىللىرى، كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەت- لەرنىڭ مۇرەككەپ، چىگىش خاراكتېرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئىج- تىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىر قىسمى كۆپ خىل، مۇرەككەپ ئا- مىللاردىن شەكىللىنىدۇ. بەزى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىرلا ۋا- قىتتا تەڭ بارلىققا كېلىدۇ ياكى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك، بىر قاتار بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئىج- تىمائىي ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، نوپۇس مەسىلە- نى ئالساق، ئەگەر ئۇ زىيادە كۆپىيىپ كەتسە، بىرلا ۋاقىت- تا، ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى، مۇھىت بۇل- غىنىش مەسىلىسى، تەرەققىيات مەسىلىسى ۋە باشقا مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دەۋرلىك دېگەندە، ئىجتىمائىي مەسىلە- نىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش جەريانىدىكى ئىپادىلەنگەن ۋاقىت جەھەتتىكى قانۇنىيەتنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئادەتتە، ئىجتى- مائىي مەسىلىنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى ئومۇمىيلىقى بىلەن باس-

قوچلۇقى دەۋرلىكىنىڭ مۇھىم ئىككى خىل مەزمۇنى. جەمئىيەت-
شۇناسلار دەۋرلىكىنىڭ يوشۇرۇنلۇقى ۋە قايتىلىنىشىدىن ئىبارەت
ئالاھىدىلىكىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

## 3. جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن ئىجتىمائىي مەسىلە-لەرنىڭ مۇناسىۋىتى

ئىجتىمائىي مەسىلە — ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ مەھسۇ-لى بولۇپ، ئىجتىمائىي تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ ئىپادىسى.

ھەرقانداق جەمئىيەتتە خاراكتېرى، شەكلى ئوخشاش بولمى-غان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئىجتىمائىي تەرتىپكە توسالغۇ بولىدۇ، نورمالنى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش قانچە تېز بولسا، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا تەڭپۇڭسىزلىق، ماسلاشماسلىق ھادىسىلىرى قانچە كۆپ بولسا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

كاپىتالىزم فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئورنىنى باسقاندىن كې-يىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىش سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولدى. بۇنىڭ بىلەن مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرمۇنچە ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، دېھقان-لارنىڭ ۋەيران بولۇشى، ئىشچىلارنىڭ ئىشسىز قېلىشى، كەمبە-غەللىك مەسىلىسى، شەھەر مەسىلىسى، جىنايى ئىشلار مەسىلە-سى قاتارلىقلار. بۇ خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئەينى چاغدا، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ تەتقىق قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇلار بۇ خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ لايىھىسىنى تېپىپ چىقىشقا ئۇرۇنغان. شۇڭا، تەتبىق جەمئىيەتشۇناسلىق مۇشۇ خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەكشۈ-رۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا بارلىققا كەلدى ۋە راۋاجلاندى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىمۇ ئوخشاشلا ئىجتىمائىي مەسى-

لىلەر مەۋجۇت بولىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزدە ھازىر ساقلىنىۋاتـ
قان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر نوپۇس مەسىلىسى، ياشلار ـ ئۆسمۈر.
لەرنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى، جەمـ
ئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق مەسىـ
لىسى، شەھەر ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسى، قاتناش، مۇھىتنى
ئاسراش، يېمەك ـ ئىچمەك تەمىنلەش ۋە مۇلازىمەت مەسىلىسى،
يېزا مەسىلىسى، ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىسى قاتارلىقلار. بۇ
خىل مەسىلىلەر كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى شۇ خىلدىكى مەـ
سىلىلەر بىلەن خاراكتېر جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، ئەمما بۇلار
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ۋە كىشىلەرنىڭ نورمال ئىجتىمائىي
تۇرمۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە. بۇ خىل مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا
ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشـ
لۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، كونا مەسىلىلەر ھەل
بولغاندىن كېيىنمۇ، يېڭى مەسىلىلەر چىقىپ تۇرىدۇ. ئىجتىماـ
ئىي مەسىلىدىن خالىي بولغان زامان ۋە جەمئىيەت مەۋجۇت ئەـ
مەس. شۇڭا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا تەكشۈرۈپ ـ
تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ ھالىتى ۋە دەرىجىسىنى توغرا قىياس
قىلىش، كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ ھەل قىلىشتىـ
كى پىكىر ۋە چارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش دەل جەمئىيەتشۇناسـ
لىقنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ۋەزىپە. جەمئىيەتشۇناسلار ئۆزلەـ
رىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتى بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىـ
ۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا
تۆھپە قوشالايدۇ. مۇشۇ مەنىدە، جەمئىيەتشۇناسلىق بىلەن ئىجـ
تىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى زىچ، بۇ خىل زىچـ
لىق مۇناسىۋىتى ئەڭ مۇھىمى جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئىجتىمائىي
مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ مۇھىم تەتقىقات مەسىلىلەرنىڭ بىرى قىلىـ
غانلىقىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى
ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھۆكۈـ

مەتىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

## 4. ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى

گېرمانىيىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىرى خېلى بۇرۇنلا دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىغا قاراتقانىدى. ئۇلار خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەمگەك ۋە ئىش ھەققى مەسىلىسى دەپ قارىغانىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئەمگەك بىلەن ئىش ھەققى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، سىنىپىي زىددىيەت، تەقسىمات مۇناسىۋىتى، ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىش تاشلاش، تۇرالغۇ مەسىلىسى ۋە ئاياللارنىڭ ئىش ئورنى مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا كەڭ تەتقىقات ئېلىپ بارغانىدى. فرانسىيىلىك جەمئىيەتشۇناس ئې. دۇركىم (1917 — 1858) ئىجتىمائىي مەسىلىگە بىر قەدەر كەڭ دائىرىدىن قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئالاقە مۇناسىۋىتى مۇۋاپىق، باراۋەر ۋە قائىدىلىك بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئۆزئارا ماسلىشىدۇ. ئىجتىمائىي ھەرىكەت بولىدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇۋاپىق، باراۋەر ۋە قائىدىلىك بولمىسا، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئامېرىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى جەمئىيەتشۇناسلىرى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەندە پەيدا بولىدىغان ئىجتىمائىي تەڭپۇڭسىزلىق دەپ يەكۈن چىقارغان. ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس ۋ. ئې. ئوگېرن نىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش تورۇپ تېز، تورۇپ ئاستا بولىدۇ. بۇ خىل تېز ۋە ئاستا بولۇش ئارىلىقىدا مەدەنىيەت تەڭپۇڭسىزلىقى يۈز بېرىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇ. ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت تەكىپۇكسىزلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى فولېر كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ مەۋجۇت بولغان بىر قىسىم ئىجتىمائىي قائىدە ـ تىزىمدىن چەتنەپ كېتىش ھادىسىلىرىنى ئىجتىمائىي ئەھۋاللار ياكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بولىدۇ دەپ قارايدۇ دېگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، جوڭگو جەمئىيەتشۇناسى سۇڭ بىنۇېن ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلىرىنى يىغىپ، ئىجتىمائىي مەسىلىگە تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىدىن چىقىپ تەبىر بېرىش لازىم دەپ قارىغان: (1) ۋ. ئى. ئوگېننىڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە مەدەنىيەت تەكىپۇكسىزلىقى نۇقتىسىدىن تەبىر بېرىش كېرەك. (2) ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئالاھىدە مەزمۇنى يوق، قانداق ئىجتىمائىي ئەھۋالنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت ئۇ جەمئىيەتتىكى كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىسىلا، پەقەت ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ بىرلىكتە ھەرىكەت قوللىنىپ، ئۇنى چەكلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسىلا، مۇشۇ مەسىلە ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. (3) ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كۆرگىلى بولىدىغان مەسىلىلەر بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇ بىر خىل پسىخىك ھالەت ۋە بىر خىل قىممەت ھۆكمى. (4) فولېر قاتارلىق كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ ئۆلچىمىگە كەلسەك، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئوبيېكتىپ ئۆلچەم دېگەندە، ئۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدىغان، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سان جەھەتتىن ئىسپاتلاپ چىقىشقا بولىدىغان ئەھۋاللاردۇر. سۇبيېكتىپ ئۆلچەم دېگەندە، كىشىلەر مەلۇم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن چاغدىكى ئەھۋاللار. سۇڭ ۋېن

ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تەدبىرنى يىغىنچاقلاش ئاساسىدا، ئۆز - ىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىجتىمائىي مەس - ىلىلەر — پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ياكى جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئورتاق تۇرمۇشى ياكى جەمئىيەت تەرەققىيا - تىنى توسالغۇغا ئۇچرىتىدىغان مەسىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ دېگەن. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە، ئامېرىكا جەمئىي - يەتشۇناسى مۇدۇن قاتارلىق كىشىلەر 40 - يىللاردىن بۇيانقى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كې - رەك دەپ ئوتتۇرىغا قويغان: (1) جەمئىيەت ئۈمىد ياكى ئارزۇ قىلغان ئىشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىغانلىقى؛ (2) جەمئىيەت تەر - ىپىدىن بېكىتىلگەن توغرا ئىشلارنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى؛ (3) جەمئىيەت تەرىپىدىن قەدىرلىنىدىغان ئىجتىمائىي تەرتىپ ياكى مۇناسىۋەتنىڭ ۋەيران بولۇشى. بۇ خىل چۈشەنچىگە ئاسا - سەن، ئۇلار ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە تاپتىن چىقىش ھەرىكىتى دەپ ئىككىگە بۆلۈن - دۇ، دەپ قارىغان.

## ئىككىنچى پاراگراف ئېلىمىزدىكى ئاساسىي ئىجتىمائىي مەسىلىلەر

ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ھەرقايسى دەۋر ۋە ھەرقايسى رايونلاردىكى ئىپادىلىنىش مەزمۇنى، شەكلى ۋە تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي مە - سىلىلەر نوپۇس مەسىلىسى، مۇھىت مەسىلىسى، ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى، نامراتلىق مەسىلىسى، ياشانغانلار مەسى - لىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 1. نوپۇس مەسىلىسى

نوپۇس مەسىلىسى پۈتكۈل يەر شارى خاراكتېرلىك ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۇ يەنە ھازىرقى زاماندىكى نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ نېگىزلىك مەنبەسى. نوپۇس مەسىلىسىنىڭ ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلاردا ئىپادىلىنىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش، يەنى نوپۇس ئىشلەپچىقىرىلىشى بىلەن ماددىي ۋاستىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنىڭ ماس قەدەم بىلەن ئەمەس، بەلكى تەڭپۇڭسىز ھالەتتە تەرەققىي قىلىشىدا، بولۇپمۇ نوپۇسنىڭ ئېشىشى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىن ئېشىپ كېتىپ، نوپۇس ئارتۇقلۇقى كېلىپ چىقىشىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. مىسال ئۈچۈن ئېلىمىز جۇڭگونى ئالساق، 2001 - يىللىق مەملىكەت بويىچە نوپۇس ئېنىقلاش ستاتىستىكىغا قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە جەمئىي 1 مىليارد 295 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس بار ئىكەن. بۇ ناھايىتى كۆپ نوپۇس بولۇپ، مەملىكەت بويىچە بارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ نېگىزى بولۇپ كەلمەكتە. نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىدا كۆرۈلۈۋاتقان خىلمۇخىل مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى غايەت زور نوپۇس بېسىمى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئالاقىدار. نوپۇس بېسىمى سەۋەبلىك، خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسى زور تەسىرگە ئۇچرىماقتا. بۇ مۇھىمى ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ قىيىن بولۇشى، ئۆي ۋە ئولتۇراق جاينىڭ جىددىي بولۇشى، ئاشلىق ۋە يېقىلغۇ ماتېرىياللىرىنىڭ قىس بولۇشىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە. يەنە بىر تەرەپتىن، نوپۇس بېسىمى تۈپەيلىدىن، ئىستېمال بىلەن جۇغلانما ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭسىزلىق ھالىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدا، ئومۇمىي خەلقنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدا

گەۋدىلەنمەكتە.

نوپۇس ناھايىتى مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلە ئىكەن. ئۇ ھەقتە بىزدە يۇكسەك دەرىجىدىكى ئاڭ ۋە تونۇش بولۇشى كېرەك.

نوپۇس بىلەن جەمئىيەت بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ شۇنداقلا بۇ ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ ۋە بىر - بىرىگە بېقىنىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، نوپۇس سىستېمىسىنىڭ ستاتىكىلىق قىسمى دىنامىكىلىق قىسمى تار مەنىدىكى بىر مۇنچە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر رايوننىڭ نوپۇس سانى، زىچلىقى، ھەر خىل قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى شۇ رايوننىڭ نامراتلىق مەسىلىسى، ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى، مائارىپ مەسىلىسى، ساقلىقنى ساقلاش مەسىلىسى، ئولتۇراق ئۆيى مەسىلىسى، مۇھىت مەسىلىسى، نىكاھ مەسىلىسى، قېرىلار مەسىلىسى. مىللىي مەسىلە ۋە جىنايى ئىشلار مەسىلىسى قاتارلىقلارغا بىۋاستە ياكى ۋاسىتىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكىدىكى دۇنياۋى كۆزىتىش - تەتقىقات ئۇنىڭ باشلىقى بىرۇن (Brown) نىڭ تەھلىل قىلىشىچە، نوپۇسنىڭ ئېشىشى جەمئىيەتتىكى مەسىلىلەرگە قارىتا 12 جەھەتتە تەسىر كۆرسىتىدىكەن. ئۇ يەنە تەسىر پەيدا قىلىدىغان بۇ مەسىلىلەرنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر: ئېكولوگىيە مەسىلىسى، داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش مەسىلىسى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىدۇ. بىرون ئوتتۇرىغا قويغان 22 خىل جەھەتتە تەسىر پەيدا قىلىدىغان مەسىلىلەردىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، بۇنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمى نوپۇس ئۆزگىرىشىنىڭ تار مەنىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەر دۇر. مەسىلەن، بىرىنچى، نوپۇسنىڭ ئېشىشى شەخسنىڭ كىرىمىنى تۆۋەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىتىپ، نامراتلىقنى كۆپەيتىۋېتىشى مۇمكىن. بېلىقچىلىق، كانچىلىق، ياغاچ ماتېرىياللىرى، سۇ ۋە ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ تەمىنلىنىشىگە تەسىر يەتكۈزۈشى، شەھەر قۇرۇلۇش، ئولتۇراق ئۆي - جاي مەسىلىسى، ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى قاتارلىقلارنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتىشى، ساۋاتسىزلارنى كۆپەيتىۋېتىشى، مۇھىت بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىشى، داۋالاش سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىشى، تۈرلۈك ئىچكى - تاشقى ماجىرالارنى كۆپەيتىۋېتىشى ۋە شەخسنىڭ ئەركىنلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈشى، ئىككىنچىدىن، تار مەنىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئامىللارمۇ نوپۇس سىستېمىسىنىڭ ستاتىكىلىق ۋە دىنامىكىلىق قىسمىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى نوپۇستىكى تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، كۆچۈپ كېلىش - كېتىش، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر بىر مۇنچە تەبىئىي شارائىتلار يەنى يەر - زېمىن، كان بايلىقى، كىلىمات، سۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىكى ئىرسىيلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش قاتارلىق تەبىئىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تۈرلۈك ئىجتىمائىي شەرتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ۋە تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئىجتىمائىي شەرتلەر ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خاراكتېرى ئادەتتە نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن مۇھىم شەرتلىك رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئامىللار مەسىلەن، سىياسىي، ھەربىي، ئىدېئولوگىيە، ئەخلاق مەدەنىيەت، مائارىپ، ئائىلە ۋە ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلارمۇ نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشىدە مۇھىم رول ۋە تەسىرگە ئىگە.

نوپۇس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئەھۋالىنى مەيلى تارىخىي جەھەتتىن، ياكى ھازىرقى رېئاللىق جەھەتتىن ئالايلى، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشى ناھا-

يىتى روشەن بولىدۇ. مەسىلەن، نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشى جەمئى-
يەتنىڭ تىنچ - مۇقىملىقى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك.
ئېلىمىزنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جەمئىيەت بىر
قەدەر تىنچ - مۇقىم بولغاچقا پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسى تېز
كۆپىيىپ 60 مىليونغا يەتكەن. ئۈچ دۆلەت (پادىشاھلىق) دەۋرى-
دە ئۇرۇش مالىمانچىلىق بولغاچقا نوپۇس بىردىنلا كېمىيىپ 7
مىليون 670 مىڭغا چۈشۈپ قالغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپ-
كى يىللىرىغا كەلگەندىلا جەمئىيەت بىرقەدەر تىنچ - مۇقىملىققا
قاراپ يۈزلىنىپ 20 — 30 يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا ئېلىمىز
نوپۇسى 60 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن.

نەزەرىيە ۋە سىياسىي تەدبىرلەرنىڭمۇ بۇنىڭ ئۆزگىرىشكە
بولغان تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. پروفېسسور مايىنچۇنىڭ
«يېڭى نوپۇس نەزەرىيىسى» نى خاتا ھالدا تەنقىد قىلىشىدىن
كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەت بۇنىڭغا ئەڭ گەۋدىلىك مىسال
بولالايدۇ. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، نۇرغۇنلىغان
كىشىلەر نەزەرىيە جەھەتتىن ماركسىزم بىلەن مالتۇسچىلىقنىڭ
تۈپكى پەرقىنى ئېنىق ئايرىۋالالمىغان. شۇڭا، نوپۇسنىڭ ئېشى-
شىنى تەشەببۇس قىلىشنى، «ئادەم ئىشلەپ چىقارغۇچى، ئادەم
كۆپ بولسا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرغىلى، جۇغلانمىسىنى كۆ-
پەيتكىلى بولىدۇ» دېگەن كۆزقاراشنى خاتا ھالدا ماركسىزملىق
نوپۇس كۆزقارىشى دەپ قارىغان. نوپۇسنى ئازايتىشنى تەشەببۇس
قىلغۇچىلارنى، «ئادەم ئىستېمالچى، ئادەم كۆپ بولسا ئىستېمال
كۆپ بولىدۇ، جۇغلانما كۆپەيمەيدۇ» دەپ قارىغۇچىلارنى مالتۇس
نوپۇس نەزەرىيىچىلىرى دەپ ئاتىغان.[1] نەتىجىدە ئەينى ۋاقىتتا
پروفېسسور مايىنچۇ ئۆز ماقالىسىدە «مېنىڭ نوپۇس نەزەرىيەم
مەۋقە جەھەتتە مالتۇس بىلەن ئوخشىمايدۇ»[2] دەپ ئېنىق ھالدا

① خەلق گېزىتى 1958 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى سانى.
② خەلق گېزىتى 1957 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىكى سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاكارلىغان ھەمدە ئۆز ماقالىسىگە «يېڭى نوپۇس نەزەرىيىسى» دەپ ئېنىق تېما قويغان بولسىمۇ، يەنىلا «جۇڭگونىڭ مالتۇسى» دەپ قارىلىپ قوپاللارچە تەنقىدكە ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن نوپۇس مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش خېلى ئۇزۇنغىچە «چەكلەنگەن رايون» غا ئايلىنىپ قېلىپ دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشمۇ كېچىكتى. ئاقىۋەتتە ئېلىمىز نوپۇسىدا قارىغۇلارچە داۋاملىق ئېشىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ، 1963 ـ يىلى چوڭ قۇرۇقلۇق نوپۇسىدا تۇغۇلۇش سانى بىردىنلا 29 مىليون 590 مىڭغا يەتتى. بۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 30 يىل ئىچىدە تۇغۇلۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر يىل بولۇپ قالدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، نوپۇسنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان تەسىرى بولۇپمۇ خەلق تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ. شۇڭا، خەلق تۇرمۇشىنىڭ پەيدىنپەي ياخشىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى داۋاملىق قەتئىي تىزگىنلەش كېرەك. بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل ئېھتىمال بار. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق، ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، پۈتۈن خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈش، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى يىلدىن ـ يىلغا كېڭەيتىش، يا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلىمەي، كۈچلۈك تەدبىر كۆرمەي نوپۇسنىڭ داۋاملىق ھالدا كۆپلەپ ئېشىشىغا يول قويۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ياخشىلىيالماسلىق، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتىكى قۇرۇلۇشىنىمۇ ياخشى ئېلىپ بارالماسلىق. شۇڭا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەشنىڭ مۇھىملىقىنى سەگەكلىك بىلەن ئېنىق تونۇشى كېرەك.

نۆۋەتتە ئېلىمىز جۇڭگودىكى مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلە نوپۇس مەسىلىسى بولۇپ، نوپۇس ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ماددىي ۋاستىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىيىلىك

تەرەققىيات بوزۇلۇپ، نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن تېز بولۇپ كەتتى. نەتىجىدە نوپۇس ئارتۇق-چىلىقى كرىزىسى كېلىپ چىقتى. بۇ ئېلىمىزدىكى گەۋدىلىك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكى جەھەتلەر-دە ئىپادىلىنىمەكتە:

1) نوپۇسنىڭ ئېشىشى بىلەن ئاشلىقنىڭ ئېشىشى ئوتتۇرى-سىدا نىسبەت ماس ئەمەس، يەنى ئادەم كۆپ، ئاشلىق ئاز بولماق-تا. مەسىلەن، 1949 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە، ئېلىمىزدە نوپۇس 450 مىليوندىن 980 مىليونغا يەتكەن. دېمەك، ساپ ئېشىش %81 كە يەتكەن. ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى بولسا، 270 مىليارد جىڭدىن 630 مىليارد جىڭغا يەتكەن. دېمەك، ساپ ئېشىش %1.3 ھەسسە بولغان. 1983 ـ يىلغا كەلگەندە، نوپۇس بىر مىليارد ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن، ئېشىش %1.2 ھەسسە بولغان. ئاشلىق بولسا، 800 مىليارد جىڭغا يېتىپ، 1.5 ھەسسە ئاشقان. قارىماققا ئاشلىقنىڭ ئېشىش سۈرئىتى تېز بول-غان بولسىمۇ، لېكىن ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى، سانائەتتە ئاش-لىق ئىشلىتىلىش سەۋەبىدىن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق سەرپىياتىدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. ئەكسىچە، تېرىلغۇ كۆلىمى بارا ـ بارا ئەسلىدىكىسىدىن تارىيىپ بارغان، نوپۇس بولسا ئەسلىدىكىسىدىن كۆپىيىپ بارغان. شۇڭا، كەلگۈ-سىدىمۇ ئادەم بىلەن ئاشلىق ئوتتۇرىسىدىكى ماسلاشماسلىق ھالەت يەنىلا ئېغىر ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

2) ئەمگەك يېشىدىكى نوپۇسنىڭ ئېشىشى بىلەن ئىش ئور-نىنىڭ ئېشىشى ئوتتۇرىسىدا ماسلاشماسلىق ھالىتى بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا. ئەگەر بىر دۆلەتتە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنى كۆپەيمەي، ئەمگەك يېشىدىكى نوپۇس كۆپەيسە، ناھايىتى ئېنىق-كى، جەمئىيەتتە ئىشسىزلىق ياكى ئىش كۆتۈپ تۇرۇش كرىزى-سى يۈز بېرىدۇ. دەرۋەقە، بۇ يەردە يەنە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاملمۇ رول ئوينايدۇ. ئۇنۇمدارلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئىش ئورنىدا ئېھتىياجلىق ئەمگەك كۈچىمۇ ئازىيىدۇ. ئېلىمىزدە ئەمگەك ئۇنۇمدارلىقى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، بىر خىزمەت ئورنىدا ئادەممۇ بىرقەدەر كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكرار ئورگانلارنىڭ كۆپلۈكى، ئىش ئاز، ئادەم كۆپ بولۇش تۈپەيلى، ئەمگەك يېشىدىكى كىشىلەرنى يەنىلا يېتەرلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولمايدۇ.

3) نوپۇسنىڭ ئېشىشى بىلەن خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلاش ئوتتۇرىسىدا ماسلاشماسلىق ھالەت داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. لېكىن، ئەگەر نوپۇسنىڭ ئېشىشى كۆپ ۋە زىيادە تېز بولۇپ كەتسە، ئىستېمال فوندى كەڭ خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلمەي، ئەكسىچە، يېڭىدىن كۆپەيگەن نوپۇسنى بېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش سۈرئىتى تورمۇزلىنىپ قالىدۇ. ئەسلىدىكى مەنزىلگە يېتىپ بېرىش سۈرئىتى ئاستىلايدۇ.

4) نوپۇسنىڭ ئېشىش بىلەن سوتسىيالىستىك قايتا ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتى ئۆزئارا ماسلاشمايۋاتىدۇ. نوپۇسنىڭ ئېشىشى سۈرئىتى تېز، ئىستېمال فوندىنىڭ خەجلىنىش دائىرىسى بىرقەدەر چوڭ بولۇۋاتقانلىق سەۋەبلىك، قايتا ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش قىسمىغا سېلىنىدىغان سېلىنما تەسىرگە ئۇچرىماقتا. بۇنىڭدىن بۆلەك، ئېلىمىز ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئارتۇقلۇقى، ئۇنىڭدىن باشقا، بىز تۆۋەن ئىش ھەققى بىلەن كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقىمىز سەۋەبىدىن، ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقى-

رىشنىڭ تەرەققىياتى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىغا تا-
يانماي، ئەكسىچە، يېڭى ئەمگەك كۈچلىرىنى كۆپەيتىش چارىسىگە
تايىنىلدى. بۇنداق بولغاندا، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جا-
رى قىلدۇرۇش تەسىرگە ئۇچرىماي قالمايدۇ.

5) نوپۇسنىڭ ئېشىشى بىلەن مائارىپ، پەن - تېخنىكا
سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۆزئارا ماسلاشمايۋاتىدۇ. ئېلى-
مىزنىڭ مائارىپ خىراجىتى ھەر يىلى ئېشىپ كېتىۋاتىسىمۇ،
لېكىن كۆپ ئۇسمۇر - ياشلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش مەسىلىسىنى
يەنىلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايۋاتىدۇ. ساۋاتسىزلىق پۈتۈن
مەملىكەت نوپۇسىدا 23.5% نى ئىگىلىۋاتىدۇ. مائارىپ خىراجى-
تى ئاساسەن، مائارىپنى ئومۇمىيلاشتۇرۇش ئىشىغا خەجلىنىۋا-
تىدۇ. بۇنداق بولغاندا، پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى
كۆتۈرۈش تەبىئىي ھالدا تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئېلىمىزدا نوپۇس
مەسىلىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك ئىجتىمائىي مەسىلە، بۇ مەسىلى-
نى ھەل قىلىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ.

## 2. ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسى

ئىنسانلار جەمئىيىتى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت-
لىك تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى. ئىنسانلار جەمئىيىتى پەيدا بول-
غاندىن تارتىپلا، مەيلى ئۇ قانداق ئەھۋالدا تۇرغان بولسۇن،
باشتىن - ئاخىر مۇستەسناسىز ھالدا بەلگىلىك تەبىئىي مۇھىت
ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئىنسانلار تىرىكچىلىك قى-
لىشتا، روناق تېپىشتا بارلىق ماددىي نېمەتلەرنى ئاخىرقى ھېساب-
تا تەبىئەت دۇنياسىدىن ئالىدۇ. شۇڭا، تەبىئىي مۇھىت ئىنسان-
لار جەمئىيەتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى
دائىمىي ۋە زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئەھۋال شۇن-
داق ئىكەن، بىزدە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت چۈشەنچىسى بولۇشى

كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت مەسىلىسى-گە توغرا مۇئامىلە قىلالمايمىز. بۈگۈنكى كۈندە، ئېكولوگىيە-لىك مۇھىت مەسىلىسى گەۋدىلىك هالدا ئېكولوگىيىلىك تەڭ-پۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىدا ۋە مۇھىتنىڭ ئېغىر هالدىكى بۇلغىنىشقا ئۇچراۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

1) مۇھىت چۈشەنچىسى

مۇھىت — ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەق-قىي قىلىشىدىكى تۇرلۇك ماددىي شارائىتلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇ-لۇشى، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلى-شىنى ماكان بىلەن تەمىنلەيدىغان، شۇنىڭدەك ئىنسانلارنىڭ تۇر-مۇشىغا بىۋاستە هەم ۋاستىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان هەر خىل تەبىئىي ۋە سۈنئىي هالدا ئۆزگەرتىلگەن تەبىئىي ئامىللارنىڭ يىغىندىسى، ئۇ ئاتموسفېرا، سۇ، دېڭىز - ئوكيان، تۇپراق، كان بايلىقلىرى، ئوتلاق، ياۋايى جانلىقلار، تەبىئىي يادىكارلىق-لار، تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونلار، مەنزىرىلىك، داڭلىق رايونلار، شەهەر ۋە يېزا - كەنت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇھىت بىر تەرەپتىن، ئىنسانلارنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ماكان بىلەن تەمىنلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسان-لارنى ئاساسلىق ماددىي تۇرمۇش شارائىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. دېمەك، ئىنسانلار مۇئەييەن ئالاهىدە مۇھىت ئىچىدە ياشايدۇ ۋە تىرىكچىلىك قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئالاهىدە مۇھىت دېگىنىمىز، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەبىئىي مۇھىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي مۇھىت جەمئىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي شارائىتلىرىنى كۆرسەتسە، تەبىئىي مۇھىت — جۇغراپىيىلىك مۇھىتنى يەنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئوراپ تۇرغان ماددىي تەبىئەت دۇنياسىنى، ئىنسانلارنىڭ تىرىك-چىلىك قىلىش ۋە تەرەققىي قىلىشىدا تايىنىدىغان تەبىئىي شارا-ئىتلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ يەردە مۇھىت بىلەن ئۇنىڭ

سۇبيېكتى بولغان ئىنسانلارنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇ سۇب-يېكت بولمىسا مۇھىتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. مۇھىت ھەققىدىكى ئۇقۇم باشتىن - ئاخىر ئىنسانلار بىلەن باغلىنىشلىق مەنىدىكى ئۇقۇم بولغاچقا، ئۇنى يەنە «ئىنسانلار مۇھىتى» دەپمۇ ئاتايمىز.

ئىنسانلار بىلەن مۇھىت بىرلا ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن ئە-مەس. ئىنسانلار بارلىققا كېلىشتىن كۆپ يىللار ئىلگىرى يەر شارى خېلى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن، دېمەك، ئىنسانلار — مۇھىتنىڭ مەھسۇلى. پەن - تەتقىقاتچىلار-نىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىنسانلار تارىخى ئەڭ ئۇزاق بولغاندىمۇ 2 مىليون يىلدىن 2 مىليون 800 مىڭ يىلغىچە بولغان جەرياننى باشتىن كەچۈردى، يەر شارى بولسا 4 مىليارد 500 مىليون يىلدىن 4 مىليارد 600 مىليون يىلغىچە بولغان جەرياننى باشتىن كەچۈردى. يەر شارى ھاياتلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، ئىنسانلار-نى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، مۇھىت ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا قەدەم قويدى، شۇڭلاشقىمۇ ئىنسانلار بىلەن مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تو-نۇش كېرەك.

ئىنسانلار مۇھىت بارلىققا كەلتۈرگەن جانلىق ئورگانىزم بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇھىتنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇ-شىنىڭ ئاساسىي شەرتى قىلىش ئۈچۈن، ماددا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق مۇھىت بىلەن ماددا ۋە ئېنېرگىيە ئالماشتۇرۇپ، تەبى-ئەت بىلەن تەڭپۇڭلۇق مۇناسىۋەتنى ساقلايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئادەم ئورگانىزمىدىكى تۈرلۈك خىمىيىلىك ئېلېمېنتلارنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىتى بىلەن يەر پوستىدىكى تۈرلۈك خىمىيىلىك ئېلېمېنتلار-نىڭ موللۇق دەرىجىسى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئادەم ئورگا-نىزمى ئۆزىدىكى ئىچكى تەڭشەش ئارقىلىق سىرتقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالايدۇ، بۇ ئىنسانلار بىلەن مۇھىتنىڭ ماس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىشىش مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرىدۇ.
ئىنسانلار ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئىجتىمائىيلاشقان توپ بولۇپ، ئىجتىمائىيلىققا ئىگە، ئۇ مۇھىتنى ئۆزلۈكسىز تۈردە تونۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇھىتنىڭ يېڭى خاراكتېرىنى بايقىيالايدۇ ھەمدە مۇھىتتىن پايدىلىنالايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنسانلار بارلىققا كەلگەندىن تارتىپلا پەقەت ئۆزىگىلا تايىنىپ مۇھىتقا ماسلىشىدىغان پاسسىپ ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ ئەمگىكى بىلەن مەقسەتلىك ھالدا مۇھىتنى ئۆزگەرتىش، مۇھىتتىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، يۇكسەك دەرىجىدىكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى قەدەممۇقەدەم يارىتىپ، مۇھىتقا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان يېتەكچى كۈچكە ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندە، پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئەمما بىز ئىنسانلارنىڭ ئۇزاقتىن بېرى مۇھىتتىن پايدىلىنىش ۋە ئېچىشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، تەبىئەتنىڭ رەھىمسىزلەرچە ئۆچ ئېلىۋاتقانلىقىنى ھەم بۇ خىل ئاقىۋەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تەھدىت بولۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

ئىنسانلارمۇ، مۇھىتمۇ ئۆزلۈكسىز تۈردە تەرەققىي قىلىدۇ، مۇھىتنىڭ تەرەققىياتى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە بولۇپ، ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بىر سەۋىيىدە توختاپ قالمايدۇ. ئىنسانلار پەقەت مۇھىتنىڭ رولى ئارقىلىقلا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئۆزلۈكسىز تۈردە تونۇپ يېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىدۇ، ئىنسانلار مۇھىتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەسىرىنى تونۇغاندىلا، ئاندىن مۇھىت بىلەن ئۆزئارا رول ئويناش، ئۆزئارا چەكلەش جەريانى ئارقىلىق ئورتاق ئىلگىرىلىيەلەيدۇ.

2) مۇھىت ئامىللىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

مۇھىت ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى بولۇش سۇپىتى بىلەن ئاساسلىقى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ماكانى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنسانلارغا كۆرسىتىدىغان تۈرلۈك مۇھىت ئامىللىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. يەر شارى بىئوسفېرا قاتلىمىنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن دېڭىز ئاستى يۈزىدىن 12 كىلومېتىر چوڭقۇرلۇقتىن دېڭىز يۈزىدىن 10 كىلومېتىر ئېگىزلىككىچە بولغان ماكانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ماكاندا ئىنسانلارنىڭ ۋە جانلىق ئورگانىزملارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كېرەكلىك بولغان ئاساسلىق ئامىللار مەۋجۇت. ئومۇمەن، ئىنسانلار مۇھىتنى تەشكىل قىلىدىغان تۈرلۈك تەبىئىي ماددا ئامىللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇھىت ئامىلى دەپ ئاتايمىز. مەسىلەن، ئاتموسفېرا، سۇ، تۇپراق، ئورمان، يايلاق، ياۋايى ھايۋانات، ياۋا ئۆسۈملۈكلەر، شەھەر، يېزا، كەنت قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ، خاراكتېرى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغانلىقتىن، جانلىقلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بويسۇنىدىغان تۈرلۈك ئامىللار مۇھىتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مۇھىتنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ، ئۆزئارا چەكلەپ تۇرىدۇ، ئۆزئارا رول ئوينايدۇ ھەم شۇ ئارقىلىق مۇھىتنىڭ ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈكىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرەر خىل مۇھىت ئامىلىدا ئۆزگىرىش بولسا، بىرەر خىل ياكى بىرنەچچە خىل مۇھىت ئامىلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەتتا مەلۇم دائىرىدىكى مۇھىتنىڭ سۈپىتىگە يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مۇھىت بىر خىل مۇرەككەپ، ئۇنىۋېرسال گەۋدە بولغانلىقتىن، ھازىرغىچە ئۇنى بىرلىككە كەلگەن تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى يوق ھەم تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئاساسىمۇ ئوخشاش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەمەس. مەسىلەن، مۇھىتنىڭ دائىرىسى شۇنىڭدەك ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ باغلىنىشلىق نۇقتىسىغا ئاساسەن، ئالەم مۇھىتى، گېئولوگىيىلىك مۇھىت، رايون مۇھىتى، يېزا مۇھىتى قاتار-لىقلارغا ئايرىلىدۇ؛ مۇھىتنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللارغا ئاسا-سەن، ئاتموسفېرا مۇھىتى، سۇ مۇھىتى، تۇپراق مۇھىتى، جان-لىق ئورگانىزم مۇھىتى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. مۇھىتنىڭ فۇنكسىيىسىگە ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك مۇھىتى، سانائەت مۇھى-تى، قاتناش مۇھىتى، ئىشلەپچىقىرىش مۇھىتى، تۇرمۇش مۇ-ھىتى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەر مۇھىت ئاس-راشقا دائىر قانۇن چىقىرىش ئەمەلىيىتىدە مۇھىتنى ئادەتتە تەبى-ئىي مۇھىت ۋە سۈنئىي مۇھىت (ئىنسانلار ياراتقان مۇھىت) دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ. تەبىئىي مۇھىت دېگەندە، يەر شارىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا تەبىئىي ھالدا شەكىللەن-گەن، ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ تەسىرىگە ياكى يەڭگىل تەسىرىگە ئۇچرىمىغان مۇھىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ سۈنئىي مۇھىت دېگەندە، تەبىئىي مۇھىت ئاساسىدا ئىنسانلار ئۆزگەرتىپ ياسىغان، ئىجاد قىلغان، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىت كۆز-دە تۇتۇلىدۇ. ئالدىنقىسىغا ياۋايى ھايۋانلار، ياۋا ئۆسۈملۈكلەر، تەبىئىي ئورمانلار كىرىدۇ؛ كېيىنكىسىگە سۇ ئامبىرى، يول، شەھەر قاتارلىقلار كىرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇ-نىدىمۇ بۇ خىل ئايرىش ئۇسۇلى، يەنى تەبىئىي مۇھىت ۋە سۈنئىي مۇھىت دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

3) مۇھىت مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى

مۇھىت مەسىلىسى دېگىنىمىز، ئىنسانلار پائالىيىتى كەلتۈ-رۈپ چىقارغان مۇھىت سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىپ، ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز ئامىللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ھەمدە بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تەھدىت سېلىش مەسىلىسىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇھىت مەسىلىسى ئومۇمەن مۇنداق ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنى-
دۇ: بىرى، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيى-
تى جەريانىدا ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىپ، مۇھىتقا
قويۇپ بەرگەن تۈرلۈك بۇلغىغۇچى ماددىلار مۇھىتنىڭ سىغىم-
چانلىقىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، مۇھىتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى
تازىلاش ئىقتىدارى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراش نەتىجىسىدە كېلىپ
چىققان مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، مەسىلەن، ئاتموسفېرانىڭ بۇلغى-
نىشى، سۇنىڭ بۇلغىنىشى، تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىقلار؛
يەنە بىرى، ئىنسانلارنىڭ تەبئىي بايلىقلارنى ئېچىشى ۋە ئۇلار-
دىن پايدىلىنىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەسلىگە كېلىش ۋە كۆپىيىش
ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان تەبى-
ئىي مۇھىتنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، مەسىلەن، سۇ، تۇپ-
راقنىڭ ئېقىپ كېتىشى، ئوتلاقلارنىڭ چېكىنىپ كېتىشى، تۇپ-
راقنىڭ شورلىشىپ كېتىشى، سۇ مەنبەسىنىڭ قۇرۇپ كېتى-
شى، تۈرلەرنىڭ يوقىلىشى قاتارلىقلار.

ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرى
كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈرلۈك كېرەكسىز ماددىلار بىۋاسىتىلا ئات-
موسفېراغا، سۇغا، تۇپراققا قويۇۋېتىلىدۇ، ماددا بىلەن ييمەك-
لىك باغلىنىشلىق رول ئوينىغانلىقتىن، ئاخىردا ئۇ ئىنسانلار-
نىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇ مۇھىت مەسىلىسىنىڭ
بىر تەرىپى. مۇھىت مەسىلىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپى، ئىنسانلار-
نىڭ يەر، ئورمان، ئوتلاقلارنى قالايمىقان ئېچىشى ۋە قالايمىقان
كېسىشى بىلەن كېلىپ چىققان سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى،
ئىقلىمنىڭ نورمالسىزلىشىشى ياكى كان بايلىقلىرىنى ئېچىشنىڭ
مۇۋاپىق بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان ئېكولوگىيىلىك مۇھىت-
نىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى. بۇ خىل بۇلغىنىش ئىنسانلارغا
مۆلچەرلىگۈسىز زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى
خىل مۇھىت مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ خىل مۇھىت مەسىلىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ.

مۇھىت مەسىلىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بەلگىلىك مۇقەررەرلىككە ئىگە. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىئولوگىيىلىك قانۇنىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئىجتىمائىي قانۇنىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، لېكىن تەبىئىي مۇھىت ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۇزلۇكسىز ئۆزگەرتىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ھەرىكەت قىلىۋېرىدۇ. شۇڭلاشقا، تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات جەريانى بىلەن ئىنسانلارنىڭ مەقسەتلىك پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان زىددىيەت مەۋجۇت بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىلىش سەۋىيىسى مەلۇم چەكلىمىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، مۇھىتنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمەيدۇ، بولۇپمۇ ئۆز ھەرىكىتىنىڭ مۇھىتقا ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشى تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ. ئىنسانلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي فورماتسىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، شۇڭلاشقىمۇ مۇھىت مەسىلىسى سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈم بىلەن تېخىمۇ باغلىنىشلىق بولۇپ، تۇرلۇك مۇرەككەپ ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈردى. ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن، مۇھىت مەسىلىسىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە ئېغىرلىشىشىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ: ئىپتىدائىي تۇتۇپ يېيىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا مۇھىت بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ مۇھىتقا ماسلىشىش ۋە بويسۇنۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسانلار ئۆڭكۈرلەردە ۋە ئورمانلىقلاردا ياشاش ئۇسۇلىنى قوللانغان بولۇپ، يېمەكلىكى ئاساسەن ياۋايى ھايۋانلار ۋە ياۋا ئۆ-

سۇملۇكلەر ئىدى، ئىشلىتىدىغان قوراللىرى ئىنتايىن ئاددىي
بولۇپ، تەبىئىي مۇھىتنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىقـ
تىدارى ۋە دائىرىسى چەكلىك بولغان، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ
مۇھىتقا بولغان تەسىرى ئانچە زور بولمىسىمۇ، لېكىن مۇھىت
مەسىلىسىنىڭ بىخلىنىشى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئىنسانلار
ئولتۇراقلاشقان رايون دائىرىسىدە ياۋايى ھايۋانلارنى ھەددىدىن
زىيادە كۆپ تۇتۇش قاتارلىقلار.

ئىككىنچى باسقۇچ: ئىنسانلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق
جەمئىيىتىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ سانائەت ئىنقىلابىغىچە بولـ
غان باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتنى تونۇـ
شىدا ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى، تۇرمۇش ئۇسۇلىدىمۇ
تۇرلۇك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، ئولتۇراقلىشىش شارائىـ
تىدىمۇ ياخشىلىنىش بولدى، ئەمگەك قوراللىرى ئىسلاھ قىلىنـ
دى، تۆمۈردىن پايدىلىنىش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتنى ئۆزـ
گەرتەلەيدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. ئىنسانلار تېخىمۇ مول يېـ
مەكلىكلەرگە ئېرىشىش ئۇچۇن كەڭ ـ كۆلەمدە بوز يەر ئاچقانـ
لىقتىن، تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئۇـ
رۇش مالىمانچىلىقىنىڭ كۆپلەپ يۈز بېرىشى، ئورمان بايلىقىنى
بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، سۇ، تۇپراقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئېـ
قىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەتىجىدە، بەزى بىر قۇمـ
لۇقلار ياكى ھوسۇلى تۆۋەن مۇنبەتسىز يەرلەر بارلىققا كەلدى.
مەسىلەن، يۇنان، خۋاڭخې دەريا ۋادىلىرى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىـ
يەت بۆشۈكى ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە بولسا چۆللىشىپ ھەم
نامراتلىشىپ كەتكەن رايونلارغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ مەزگىلدىكى
مۇھىت مەسىلىسى ئاساسەن تەبىئىي بايلىقلارنى، بولۇپمۇ تەبىئىي
ئۆسۈملۈكلەرنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش بىلەن سۇ ۋە تۇپراقـ
نىڭ ئېقىپ كېتىشى، يەرلەرنىڭ قۇملىشىپ، شورلىشىپ كېتىـ
شى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى باسقۇچ: سانائەت ئىنقىلابىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان باسقۇچ. بۇ باسقۇچتا پەن - تېخنىكا ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە تەبىئىي مۇھىتتىن ئېچىپ پايدىلىنىش كۆلىمى كۆنسېرى كېڭەيدى، نو-پۇس تېز سۈرئەتتە ئاشتى، شەھەرلەرنىڭ سانى ۋە كۆلىمى تېز ئاشتى، تەبىئىي بايلىقلارنى تەقسىملەش ئىقتىدارى مىسلى كۆ-رۈلمىگەن دەرىجىگە يەتتى، ئىنسانلار ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كې-تىپ، ئۆزىنى تەبىئىي مۇھىتنى ئۆز قولىدا تۇتقۇچى «ئالەم ئۈستىدىن غالىب كەلگۈچى» دەپ قارىدى، ھەتتا ئىنسانلار تەبى-ئىي قانۇنىيەتكە خالىغانچە خىلاپلىق قىلىپ، تەبىئىي بايلىقلارنى خالىغانچە تەقسىم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئىنسانلار تەبىئىي بايلىقلار-نى تالان - تاراج قىلىش خاراكتېرىدە ئاچتى، شۇنىڭدەك يەنە تەپتارتماستىن تەبىئەتنى ئەخلەت مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى، مۇ-ھىتقا كۆپلىگەن بۇلغىغۇچى ماددىلارنى قويۇپ بەردى. ب د ت مۇھىت پىلانلاش مەھكىمىسىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، دۇنيا بويىچە ھەر يىلى مۇھىتقا قويۇپ بېرىلىدىغان قاتتىق ھالەتتىكى بۇلغىغۇچى ماددىلار 3 مىليارد توننىدىن، ھەر يىلى سەرپ بولى-دىغان كان يېقىلغۇلىرى 8 مىليارد توننىدىن ئارتۇق بولغان. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا مۇنداق ئىككى خىل مۇھىت مەسىلىسى كۆنسېرى ئېغىرلىشىپ، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى تەھدىتكە ئۇچرىماقتا. ئۇنىڭ بىرى، بۇ مەزگىلدە مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئىنتايىن ئېغىرلاشتى. چۈنكى، بۇلغىغۇچى ماددىلارنىڭ مۇھىتقا قويۇپ بېرىلىشىنى ئۇزاق مۇد-دەتكىچە چەكلىمىگەنلىكتىن، مۇھىتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تازىلاش ئىقتىدارى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، مۇھىتنىڭ سۈپىتى بارغانسې-رى ناچارلىشىپ باردى؛ تۈرلۈك بۇلغىغۇچى ماددىلار يېمەكلىك ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بەدىنىگە كىردى ياكى ئالاھىدە ھاۋا شارا-ئىتىدا زىيانلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ھەم ئىنسانلار-

نىڭ سالامەتلىكىگە زىيان سالدى. مەسىلەن، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن تارتىپ 60 ـ يىللىرىغىچە يۈز بەرگەن مائاس دەريا ۋادىسى ۋەقەسى، لوس ـ ئانژېلېستىكى ئۇپتىكىلىق ئىس ـ تۇتەك ۋەقەسى، دونورادىكى ئىس ـ تۇتەك ۋەقەسى، لوندوندىكى ئىس ـ تۇتەك ۋەقەسى، ياپونىيىدىكى مىناماتا كېسەللىكى ۋەقەسى، يوككائىچى شەھىرىدىكى زىققا كېسەللىكى ۋەقەسى، گۇرۇچ كېپەكىدىن ئىشلەنگەن ماي ۋەقەسى، باش قاتتىق ئاغرىش ۋەقەسى قاتارلىقلار دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن سەككىز چوڭ ئاپەت دېيىلىدۇ. 80 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، بۇ سەككىز چوڭ ئاپەتتىنمۇ زور، تەسىر دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ، زىيىنى تېخىمۇ ئېغىر بولغان ھىندىستاننىڭ بوپال دېھقانچىلىق دورىلىرى زاۋۇتىدىن زەھەرلىك گاز چىقىپ كېتىش ۋەقەسى، رۇسىيىنىڭ چېرنوبىل يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىكى پارتلاش ۋەقەسى، مېكسىكىدىكى سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى پارتلاش ۋەقەسى قاتارلىقلار يۈز بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر يەر شارى خاراكتېرلىك كىسلاتالىق يامغۇر يېغىش ئەھۋالى سادىر بولماقتا. يەنە بىرى، تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، ئىنسانلار تەبىئىي بايلىقلارنى مۇۋاپىق ئاچمىغان ھەم مۇۋاپىق پايدىلانمىغانلىقتىن، ئورمانلارنىڭ كۆلىمى تېز كىچىكلەپ كېتىش، ھاشاراتلارنىڭ تۇپراققا تەھدىت سېلىشى ئېغىرلىشىپ كېتىش، ياۋايى ھايۋانلار ۋە ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىش، سۇ مەنبەسى قۇرۇپ كېتىش، كان بايلىقى قۇرۇپ كېتىش قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئافرىقا قىتئەسىنىڭ چۆللىشىپ كېتىشى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي بايلىقلارنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشى، مۇھىتنى بۇلغىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئافرىقا قىتئەسىدە چۆللىشىشكە ئۇچرىغان دۆلەت جەمئىي 36 بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 21 دۆلەتتە ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، نەچچە مىليون كىشى ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالدى.

ئومۇمەن، مۇھىت مەسىلىسى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئىلگىرىكى مۇھىت مەسىلىلىرى كونترول قىلىنىپ ياكى ھەل قىلىنىپ بولماي تۇرۇپلا، يېڭىچە مۇھىت مەسىلىلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ مۇھىتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى، مۇھىت مەسىلىسىنى بىراقلا ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئىنسانلار مۇھىت مەسىلىسىگە قارىتا تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يەنى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇش، جەمئىيەت، ئىقتىساد ۋە مۇھىتنىڭ داۋاملىق نورمال تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە يولغا قويۇلىدىغان مۇھىت مەسىلىسىنى تىزگىنلەشكە ئالاقىدار بولغان، مۇھىتنى ئاسراش، قوغداش ۋە ياخشىلاشقا دائىر مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي، پەن ـ تېخنىكا، تېخنولوگىيە، تەشۋىقات، تەربىيە قاتارلىق تەدبىرلەر ۋە پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ھەل قىلىپ كېتەلەيدۇ.

## 3. ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى

ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلە. دەرۋەقە، بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىق مۇناسىۋىتى ئوخشىمىغان جەمئىيەت ۋە ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئۇ بىر ئىجتىمائىي مەسىلە سۈپىتىدە مۇھىمى نوپۇسنىڭ زىيادە ئېشىشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ

ئاستا ياكى بىر سەۋىيە (ئىزدا) دە توختاپ قېلىشى سەۋەبىدىن، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشسىز قېلىشى ياكى ئىش كۈتۈپ تۇرۇ-شىدىن ئىبارەت ھادىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىزدە ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ئالدى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش-نىڭ يېتەرسىزلىكىدە گەۋدىلىنىپ ئىپادىلەنمەكتە. بۇنىڭدىن باش-قا، يەنە ھازىر ئىش ئاز، ئادەم كۆپ بولۇش، ئىش ئورنىدا بىكارچىلارنىڭ ئارتۇق بولۇش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن بولۇش، ئىشسىزلار بىلەن ئىش كۈتۈپ تۇرغۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇر-ماقتا.

ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى بىر نازۇك ئىجتى-مائىي مەسىلە بولۇپ، ئۇبدان بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئۇ يامان ئىجتىمائىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە توسالغۇ بولۇپ قېلىپ، ئىجتىمائىي مالىمانچىلىق ۋە جىنايى ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي ئىقتىسا-دىي تەرەققىياتنىڭ ماس قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولۇپ قېلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا پۈتكۈل جەمئىيەت قۇرۇلمىسى-نىڭ مۇقىملىقىنى بۇزىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بولسا، ئەمگەك كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى (ئەمگەك ۋاستىلىرى بىلەن ئەمگەك ئوبيېكتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ ئومۇمىي مىقدارى ۋە قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى ئورگانىك بىرلىشىشتۇر. ئادەتتە ئەم-گەك كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئوتتۇر-سىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتىدە ئۈچ خىل ھالەت مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن: (1) ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ نىسپىي ئې-شۇقچىلىقى. (2) ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ نىسپىي ئوشۇقچىلە-

www.uyghurkitap.com

قى. (3) ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتنىڭ ماس كېلىشى. بولاردىن (1) بىلەن (2) ئەھۋالنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسىز. پەقەت (3) خىل ئەھۋاللا مۇۋاپىق ھەم پايدىلىق.

ئىشسىزلىق ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرۇش كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىمۇ مەۋجۇت، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىمۇ مەۋجۇت بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي مەسىلە. بۇ خىل ئىجتىمائىي مەسىلە كۆپ ئىجتىمائىي سەۋەبلەرگە باغلىنىشلىق. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەگەردە ئەمگەكچىلەر نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنىنىڭ يېتەرلىك ئومۇمىي مىقدارىدىن ئېشىپ كەتسە، باشقىچە ئېيتقاندا، ئەمگەكچىلەر نوپۇسىنىڭ تۈزۈلمىسى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنىنىڭ تۈزۈلمىسى ئېغىر دەرىجىدە ئاجراپ كەتسە، بىر قىسىم ئەمگەك ئىقتىدارى بار ھەم مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى خالايدىغان كىشىلەر ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن كونكرېت بىرلىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ ـ دە، ئىش كۈتۈپ تۇرۇش ھالىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ خىل ھالەت يۈز بەرسە، ئىش كۈتۈپ تۇرغۇچىنىڭ ماددىي ۋە مانىۋى تۇرمۇشى زور تەسىرگە ئۇچرايدۇ، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، بۇ خىل ھالەت بارا ـ بارا جەمئىيەتنىڭ تىنچ ـ ئەمىنلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىكىنى ئېنىق تونۇپ، ئۇنى تەدرىجىي ھەل قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. دۆلىتىمىز 1957 ـ يىلىدىن بۇرۇن توغرا ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىيا-

ستىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كونا جەمئىيەتتىن قېلىپ قالغان 4 مىليون كىشى ئىشسىز قېلىشىدەك ئىجتىمائىي مەسىلىنى ئاسا-سىي جەھەتتىن ھەل قىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن يېتەك-چى ئىدىيە جەھەتتىكى سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن، مەملىكىتىمىزدە ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى كۈندىن ـ كۈنگە گەۋ-دىلىنىپ، ئاخىرى بىر ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالدى.
ئۇزۇن مەزگىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە نوپۇسنى تىزگىنلەشكە سەل قارىدۇق. نەتىجىدە مەملىكىتىمىزدە ئىككى قېتىم نوپۇس تۇغۇلۇش يۇقىرى پەللىسى كۆرۈلدى. بىر قېتىمقىسى 1962 ـ يىلىدىن 1971 ـ يىلىغىچە تۇغۇلۇش نىسبىتى ھەممىسىدە مىڭدە 30%دىن يۇقىرى بولدى. ئۇنىڭ ئىچىدە1963 ـ يىلى ئاقىۋەت مىڭدە%30 ئۆتكىلى بۆسۈپ تاشلاندى. شۇنداق قىلىپ 1963 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئازادلىقتىن كېيىن تۇغۇلغان كىشىلەر كەينى ـ كەينىدىن ئەمگەك يېشىغا كىرىشكە باشلىدى. ئادەتتىكى قائىدە بويىچە، بىز مۇشۇ كىشىلەرنى ئىشقا ئورۇنلاش-تۇرۇش مەسىلىسىنى بىر چوڭ ئىش قاتارىدا چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن، 1960 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇن-لاشتۇرۇش مەسىلىسى تەرەققىي قىلىپ ئېغىر دەرىجىگە يەتتى. ئەينى ۋاقىتتا شەھەر ـ بازارلاردىن مىليونلىغان ياشلارنىڭ نوپۇ-سى يېزىغا يۆتكەلدى. دۆلەت بۇنىڭ ئۈچۈن تەخمىنەن 15 مىليارد يۈەن پۇل ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى قىلىپ ئىشلەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «شەھەر بىلەن يېزىنىڭ پەرقىنى كىچىكلى-تىش» نى سەۋەب قىلىپ، يېزىلاردىن 13 مىليون ئادەم قوبۇل قىلىنىپ شەھەرگە كىرىپ ئىشچى بولدى. بۇ قېتىملىق شە-ھەر ـ يېزا ئەمگەك نوپۇسىنىڭ چوڭ ئالمىشىشى، مەملىكىتى-مىزدىكى ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا پايدىلىق بولمايلا قالماستىن، بەلكى يېزا ئەمگەك

كۆپلىرىنىڭ يوشۇرۇن خاراكتېرلىك ئۇشۇقچىلىقنى تېخىمۇ ئې-
غىرلاشتۇرۇۋەتتى. دۆلەت بىلەن خەلقنىڭ زور مىقداردىكى باي-
لىقى ئىسراپ بولۇپ كەتتى.

1956 ـ يىلى، مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلى-
رىغا بولغان خۇسۇسىي مەلۇكچىلىك تۈزۈمگە سوتسىيالىستىك
ئۆزگەرتىش ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. «ئەسلىدە بىز
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇق-
تىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بۇرىشىمىز كېرەك ئىدى، لې-
كىن بىز «سول» يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە ئۇنداق قىلما-
مىدۇق. نەتىجىدە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۇ-
زۇن مۇددەتكىچە تەۋرىنىش، توختاپ قېلىش ھالىتىدە تۇرۇپ
قالدى. بۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش
مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ قويدى.
چۈنكى، ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بەلگىلىك دەرىجىدە
كېڭەيتىش، ئادەتتە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئالدىنقى شەرت قى-
لىدۇ. ئىقتىساد تەرەققىي قىلغاندىلا، ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلا-
شىش ئورنىنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ. ئەگەردە جەمئىيەت پەقەت
ئادەتتىكى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرسا، يېڭىدىن
قوشۇلۇپ ئىشقا ئورۇنلاشقان قوشۇننىڭ (قېرىش، كېسەل بو-
لۇش، يارىدارلىنىش، مېيىپ بولۇپ قېلىش، ئۆلۈش سەۋەبىدىن
ئىش ئورنىدىن چېكىنگەنلەر) تەبىئىي كېمەيگەن خادىملىرىنىڭ
سانىنى چەك قىلىدۇ. پەقەت خېلى كەڭ كۆلەمدىكى كېڭەيگەن
تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا، جەمئىيەت ئاز-
دىن يېڭىدىن ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەمگەك يېشىدىكى ئاھالىنى يې-
تەرلىك ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنى بىلەن تەمىن ئېتە-
لەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىر تەرەپتىن نوپۇس تېز كۆپىيىۋاتقاندا،
ئۆسۈش ئارتۇقچە بولدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىساد تەرەققىيا-

تى ئاستا بولدى، ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئىلگىرىلىمەي بىر ئىزدا
توختاپ قالدى. كېيىنكى چاغلاردا ھەتتا گۇمران بولۇش گىردا-
بىغا بېرىپ قالدى. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش جەريانىدا، بازار
ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم كىشىلەر ئىش
ئورنىدىن قالدى. بۇنىڭ بىلەن كونا ـ يېڭى بىرلىشىپ،
ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك
بولۇپ قالدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 9 ـ بەش يىللىق پىلان
مەزگىلىدە، جۇڭگونىڭ ئەمگەك كۈچى بايلىقى داۋاملىق ئۆسۈپ
بارغان، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئور-
نى ۋە پۇرسىتىنى يارىتىش ئىقتىدارى ئەمەلىي ئېھتىياجنى يەنىلا
قاندۇرۇپ كېتەلمەيدىكەن، ئەگەر جىددىي تەدبىر قوللىنىلمىسا،
2000 ـ يىلغا بارغاندا، شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئىشسىزلار ياكى
ئىش كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ سانى 153 مىليونغا بارىد-
دىكەن. بۇ 1980 ـ يىلدىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە
بولۇپ قالىدىكەن. 1950 ـ يىللىرى جۇڭگو «تۆۋەن ئىش
ھەققى بىلەن ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلىشىش»نى يولغا قويغان.
«بىر ئادەمنىڭ ئىشىنى ئۈچ ئادەمگە بۆلۈپ بېرىش»تىن ئىبارەت
ئۇ ئۇسۇل ھازىرقى جۇڭگودا ئاقماس بولۇپ قالدى. چۈنكى،
بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئۈنۈمسىز ئادەم ئىشلىتىش
مېخانىزمىنى كېرەك قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەمگەك
كۈچى ئوشۇقچىلىقىنىڭ ھازىرغىچە ئىككى خىل چىقىش يولى
باردەك قىلىدۇ: بىرى، يېزا ئىگىلىكىنى ئۈنۈۋېرسال ۋە چوڭقۇر
ئېچىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يەنە
بىرى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي
قىلدۇرۇپ، ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنى ۋە پۇرسىتىنى
يارىتىپ بېرىش. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن
بېرى، ئېلىمىزنىڭ يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ھەر يىلى 5
مىليون 700 مىڭ ئادەمنى ئەمگەك ـ ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلە-

گەن. بۇ ئاساسەن يېزىلاردىكى ئارتۇقچە ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېزا - بازار كارخانىلارنىڭ خىزمەتچىسى 1978 - يىلى 28 مىليون بولغان بولسا، 1994 - يىلىغا كەلگەندە، 120 مىليونغا يەتكەن. دېمەك، 16 يىل ئىچىدە جەمئىي 92 مىليون ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يېزا - بازار كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي يېزا نوپۇسىدا تۇتقان نىسبىتىمۇ 1978 - يىلىدىكى 9.2% تىن 1994 - يىلىدىكى 26.6% كە يەتكەن. دېمەك، يېزا - بازار كارخانىلىرى يېزىلاردىكى ئارتۇقچە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلىشىشىنىڭ مۇھىم يولىغا ئايلانغان. ئۇ يېزىلاردىكى ئارتۇقچە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ قارىغۇلارچە شەھەرلەرگە ئېقىپ كىرىپ ئىش ئورنى ئىزدەشنى بەلگىلىك دەرىجىدە توسۇپ قالغان. مۆلچەرلىنىشىچە، يېڭى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىز يېزىلىرىدا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى 200 مىليون ئادەمگە يېتىدىكەن. بۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، شۈبھىسىزكى، ناھايىتى مۇشكۇل بىر ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش. قانداقلا بولمىسۇن، ئەمگەك - ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى جۇڭگودىكى بىر ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلە. رېئال دۆلەت ئەھۋالى. بىز ئۇنىڭغا قارىتا مۇناسىپ كېلىدىغان سىياسەت - تەدبىر قوللىنىپ، يىراق بولمىغان كەلگۈسىدە تولۇق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىستىراتېگىيىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىمىز لازىم.

## 4. ياشانغانلار مەسىلىسى

ياشانغانلار مەسىلىسى يەنە نوپۇسنىڭ ياشىنىشى مەسىلىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە نوپۇس ئىچىدە 60 ياكى 60 ياشتىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇس قۇرۇلمىسىدىكى نىسبىتىنىڭ ئاشقانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش

ۋە تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىنى كۆر-
سىتىدۇ. ياشانغانلار مەسىلىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنياۋى
مەسىلىگە ئايلىنىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل
بۆلىدىغان بىر زور ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالدى. نۆۋەتتە
ئۇ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە بەكرەك گەۋدىلىك، تەرەققىي قى-
لىۋاتقان دۆلەتلەردە بولسا، ئۇ كۆپ تۇغۇلۇش سەۋەبى بىلەن
(ياشلار كۆپ) كۆمۈلۈپ قېلىۋاتقان مەسىلە بولۇپ ئىپادىلەنمەك-
تە. نوپۇس يېشى قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، جۇڭگو
ئېلىمىز 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 21 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
ياشانغانلار جەمئىيىتىگە كىرىپ بولدى. لېكىن، ئەسلى نوپۇس-
نىڭ زىيادە كۆپلۈكى تۈپەيلى، مەيلى ھازىر بولسۇن، مەيلى
كەلگۈسىدە بولسۇن، جۇڭگو ياشانغانلار نوپۇسىنىڭ كۆپلۈكى
جەھەتتە دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ياشانغان-
لار مەسىلىسى جەمئىيەتكە، سىياسىيگە، ئىقتىسادقا بىر يۈرۈش
مەسىلىلەرنى ۋە تەسىرلەرنى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك،
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال - سەرپىيات، تەقسى-
مات، مەبلەغ - سېلىنما، ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە پاراۋانلىق
ھەمدە شەھەر - سەھرالاردا مۇناسىپ تەكشۈرۈش - تەتقىق قى-
لىش ئېلىپ بېرىش، مۇۋاپىق تەڭشەش ۋە تەرتىپكە سېلىش
خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، ياشانغان-
لار مەسىلىسى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ۋە تەرەققىياتىغا مۇ-
ئەييەن سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىدا،
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، داۋالاش ۋە ساقلىقنى ساقلاش
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشى سەۋىيىسىنىڭ ئۈز-
لۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆمرى
بارغانسېرى ئۇزىراشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. ئۆلۈش نىسبىتىمۇ
بارغانسېرى چۈشۈشكە، شۇنىڭ بىلەن پىلانلىق تۇغۇت سەۋەب-
لىك، تۇغۇلۇش نىسبىتىمۇ تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەندى. مۇشۇن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داق تۇغۇلۇش نىسبىتى بىلەن ئۆلۈش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇش ھادىسىسى ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىش نەتىجىسىدە، ياشانغانلار كۆپ بولۇش ھادىسىسى مۇقەررەر ھالدا كېلىپ چىقىدۇ. ئېلىمىزنىڭ 4 - قېتىملىق مەملىكەت بويىچە نوپۇس ئېنىقلاش ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزدە 60 ياش ۋە 60 ياشتىن ھالقىغان ياشانغانلار سانى، 1953 - يىلى، 42 مىليون 142 مىڭ ئادەم بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 7.27%نى ئىگىلەيدۇ؛ 1964 - يىلى، 42 مىليون 427 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 6.10%نى ئىگىلەيدۇ؛ 1982 - يىلى، 76 مىليون 749 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 7.61%نى ئىگىلەيدۇ؛ 1990 - يىلى، 97 مىليون 383 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 8.59%نى ئىگىلەيدۇ؛ 1995 - يىلى، 102 مىليون بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 9.76%نى ئىگىلەيدۇ. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرىچە، 2000 - يىلى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا، ئېلىمىزنىڭ 60 ياش ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىغانلارنىڭ سانى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 10%نى ئىگىلەيدىكەن. دېمەك، ئېلىمىز ھازىرقى ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ياشانغانلار جەمئىيىتىگە قەدەم قويىدى دېگەن گەپ. ئادەتتە، 60 ياش ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىغانلارنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە 10%نى ئىگىلىسە ياكى 65 ياش ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىغانلارنىڭ سانى ئومۇمىي نوپۇس قۇرۇلمىسىدا 7%تىن يۇقىرىنى ئىگىلىسە، بۇنداق جەمئىيەت ياشانغانلار جەمئىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

مۆلچەرلىنىشىچە، 2050 - يىلىغا بارغاندا، ئېلىمىزنىڭ 60 ياش ياكى 60 ياشتىن ھالقىغانلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇس قۇرۇلمىسىدا تۇتىدىغان نىسبىتى 27%كە يېتىدىكەن، يەنى ئۇ چاغدا مەملىكەت بويىچە ھەر 3.6 ئادەم ئىچىدە بىر ياشانغان ئادەم بولىدىكەن. نوپۇسنىڭ تەدرىجىي ياشىنىپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزدە بېقىش مەسىلىسى ھازىرقى ئۆسمۈر - بالىلاردىن

تەدرىجىي ياشانغانلارغا بۇرۇلىدۇ. ياشانغانلار نوپۇسىنىڭ نىسبە-
تى ۋە سانىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ كەلگۈسىدە ئىقتىسا-
دىي تەرەققىيات جەريانىدا ئېغىر بىر يۈككە ئايلىنىدۇ. دۆلەت
ۋە جەمئىيەتنىڭ ياشانغانلار ئۈچۈن ئاجرىتىلىدىغان پېنسىيە پۇ-
لى، داۋالىنىش پۇلى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پۇلى، ئىجتىمائىي
پاراۋانلىق خىراجىتى قاتارلىقلار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ بارىدۇ.
بۇخىل ئەھۋال ياخشىلىق ئەمەس، ئۇ ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلى-
كى كىرىمىنىڭ تەقسىماتى، قايتا ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش
قاتارلىقلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن-
كۈل جەمئىيەتنىڭ ئايلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر
كۆرسىتىدۇ.

## 5. جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسى

جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى
نىسبەتەن كۈچلۈك ئىنكاس قىلىنىۋاتقان مۇھىم ئىجتىمائىي مەسى-
لىلەرنىڭ بىرى. ھازىرغا قەدەر ئېلىمىزدە كۆپلىگەن قانۇنلار،
پەرمانلار ۋە بەلگىلىمىلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، بىرقانچە قې-
تىم مەملىكەت مىقياسىدا قاتتىق زەربە بېرىش مەخسۇس كۈرىشى
قانات يايدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەت ئامانلىقى 50 -
يىللارغا يەتمەيدىغان، پۇقرالاردا بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كەمچىل
بولۇۋاتقان ھادىسە يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ خىل ئەھ-
ۋال مۇھىمى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئىپادىلەنمەكتە:

1) ھەر خىل دېلولار توختىماي يۈز بەرمەكتە، جىنايى
ئىشلار ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلمەكتە بولۇپمۇ ئوغرىلىق قىلىش،
بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، باسقۇنچىلىق قىلىش، ئادەم
ئۆلتۈرۈش قاتارلىق جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئالاھىدە چېقىقار-
لىق بولماقتا. بىر قىسىم جىنايى ئىشلار گۇرۇھلىرى، قارا
جەمئىيەت كۈچلىرى ھەدەپ دېلو سادىر قىلماقتا. قەبىھ

www.uyghurkitap.com

جىنايى ئىشلار دېلولىرىمۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ يۈز بەرمەكتە. قورال - ياراغ بۇلاش، ئايروپىلان، پاراخوت، ماشىنا بۇلاشتەك جىنايى ئىشلار زور دېلولىرىمۇ كۆپىيىپ بارماقتا.

2) بىر قىسىم رەزىل، قەبىھ هادىسىلەر يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈرۈپ، جەمئىيەتنى پاراكەندە قىلماقتا. ئالايلۇق، زەھەر چېكىش، ئايال - قىزلارنى سېتىش، قىمارۋازلىق قاتارلىق بولمىغۇر هادىسىلەر بىرقىسىم رايونلاردا ئەۋجىگە چىقماقتا، فېئودال خۇراپاتلىق يامراپ سېتىۋاتىدۇ. دىنىي پائالىيەتلەردە بىرقىسىم دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئىجتىمائىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق سالماقتا، خەلقنىڭ هاياتى ۋە مال - مۈلكىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەكتە.

3) رازۋېتكا قىلىش ۋاستىلىرى قالاق، دېلو پاش قىلىش ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن بولۇش سەۋەبلىك، جىنايەتچىلەرگە دەل، ئۆز ۋاقتىدا زەربە بەرگىلى بولماۋاتىدۇ. بىر قىسىم دېلولاردا، جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىڭ تېخنىكىلىق ۋاستىلىرى، قاتناش، ئالاقىلىشىش قوراللىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش دەرىجىسى تۆۋەن بولماقتا ياكى بەزىدە تېخى جىنايەتچىلەرنىڭكىگە يەتمەيۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي - قانۇن قوشۇنىدا بىر قىسىم كىشىلەردە مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە قانۇن ئېڭى كۈچلۈك ئەمەس، بىرقىسىم كىشىلەر كەسىپتە پىششىق ئەمەس. قوشۇندا پاكىسىزلىق مەۋجۇت ۋە باشقىلار. قارىغاندا بۇ مەسىلىلەرنى قىسقا مەزگىل ئىچىدە تېخى تولۇق هەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

4) قانۇن بولسىمۇ قانۇن بويىچە ئىش قىلماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، «ئارىغا ئادەم قويۇش» شامىلى قانۇننى ئىجرا قىلىشقا ئېغىر دەرىجىدە پۇتلىكاشاڭ بولماقتا. هازىر جەمئىيىتىمىزدە، بىر دېلو يۈز بەرسە، ئۇنى قانۇن تەرتىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلماي، ئەكسىچە، هاۋالە قىلىش، مۇناسىۋەت ئورنۇتۇش، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش، ئامالىنىڭ بارىچە يېنىك

جازالاش، يۈز ـ خاتىرە قىلىش، چوڭنى كىچىكلىتىش، كىچىك-نى يوقىقا چىقىرىش، قىسقىسى، قانۇن بويىچە ئىش كۆرمەسلىك ئەدەپ كەتتى. بۇ خىل ئەھۋال قانۇننىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى چۇشۇرۇپلا قالماستىن، يەنە جىنايەتچىلەرنىڭ خورىكىنى ئۆس-تۈرمەكتە.

5) خەلق ئاممىسىغا قارىتىلغان تەلىم ـ تەربىيە يېتەرلىك ئەمەس. يامان ئادەم ۋە يامان ئىشلار بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدا، بەزى كادىرلارنىڭ پرىنسىپچانلىقى كۈچلۈك ئەمەس، ئۇلاردا ھەققانىيەت ئالدىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش روھى كەم-چىل، ھەتتا ئۇلار جىنايەتچىلەرنىڭ يامان ئىشنى كۆرۈپ تۇر-سىمۇ، كۆرمەسلىككە سېلىپ ئۆتكۈزىدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، بەزى رايونلار ۋە ئورۇنلارنىڭ ئىجتىمائىي ئامانلىقى مۇقىم بول-مايۋاتىدۇ، جىنايەتچىلەرنىڭ جىگىرى بارغانسېرى يوغىناپ كې-تىپ بارماقتا.

ئىجتىمائىي ئامانلىقنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ئامىللار كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، نۆۋەتتە دۆلىتىمىز بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پۈ-تۈن جەمئىيەت كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئورتاق كۈرەش قىلىپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچىدىن، قانۇن ـ تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن ئىجرا كۈچىيىتىش كېرەك. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇ-مىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىز قانۇن قۇرۇلۇشى يېڭى دەۋرگە كىردى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇننى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» قاتارلىق نۇرغۇن قانۇن، پەرمان ۋە بەلگىلى-

www.uyghurkitap.com

مىلەر تۇرغۇزۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇناسىپ ـ ھالدا ئومۇمىي خەلق ئارىسىدا قانۇن ئۆگىنىش، قانۇننى تەتبىقلاش بويىچە تەشۋىقات تەلىم ـ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ مىسلىسىز دولقۇندا، جۇڭگو خەلقىنىڭ قانۇن ئېڭى بۇرۇنقىغا نىسبەتەن خېلىلا كۈچەيدى. بۇ ئىجتىمائىي ئامانلىقنى تەرتىپكە سېلىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشىنى ئېلىپ بېرىشنى ئەۋزەل مۇھىت بىلەن كاپالەتلەندۇردى. ھالبۇكى، بۇ ناھايىتى مۇھىم شەرت ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە قارىتا ئىدىيىۋى تەربىيە كۈچەيتىلدى. زور مىقداردىكى جىنايى ئىشلار پاكىتلىرى ئىچىدە، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ يېشى ناھايىتى كىچىك. بۇ خىل ئالاھىدىلىك كۈنسېرى گەۋدىلىك بولماقتا. شۇڭا، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان تەربىيىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي ئامانلىقنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىز ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئازغان ياشلارغا قارىتا قۇتقۇزۇۋېلىش ئېلىپ باردى. ئۇلارغا قارىتا كەڭ كۆلەمدە غايە، ئەخلاق، ئىنتىزام تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇلغانلىقتىن، مۇئەييەن نەتىجە قولغا كەلدى بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا مول تەجرىبىلەر توپلاندى. لېكىن شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، بۇ خىل خىزمەت ۋەزىپىسى بىقىياس زور ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، سىياسىي ـ قانۇن قوشۇنىنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇپ چىقىش لازىم. جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش ۋە سوتتىن ئىبارەت ئۈچ تارماق كادىرلىرى جىنايى ئىشلارنى تۈزەش، ئىجتىمائىي تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ تايانچلىرى. بۇ قو-

شۇ ئىچىدە بەزى مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتقان بولىسمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم رەسمىي قانۇن كەسپىنى ئوقۇغان ستۇدېنتلار بۇ قوشۇنغا كىرىپ، ئالاھىدە رول ئويناۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ تەلىپىنى يەنىلا قاندۇرالمايۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە ئەمەلىيەت جەريانىدا تەربىيىلىنىش ۋە چېنىقىشقا موھتاج. مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئېلىمىز قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنى تەسىس قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكىنىڭ قوغداش كۈچىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلىكتە، يەنە زور مىقداردىكى ئادۋوكات ۋە تەپتىش خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇ قانۇن - تەرتىپكە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، جىنايى ئىشلارنى كونترول قىلىش ۋە جىنايەتچىلەرگە كۈچلۈك زەربە بېرىشتە، تېگىشلىك كاپالەتلىك رولىنى ئوينىدى ۋە ئوينىغۇسى.

تۆتىنچىدىن، نۇقتىلىق ۋە قەرەلسىز ھالدا بىرقانچە قېتىملىق قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، لۈكچەكلەر گۇرۇھى، ئوغرىلار شايكىسى، ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەر ۋە ئەتكەسچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى سۇندۇرۇلدى، بۇ خىل كۈرەشلەرنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى. ئاممىمۇ رازى بولدى. ھازىرقى مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىنى دائىملاشتۇرۇش ۋە تۈزۈملەشتۈرۈش لازىم. ئەگەر بىز قانۇننىڭ رولىنى تولۇق نامايان قىلساق، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىسىنىڭ كۈچىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرسەك، ئىشىنىشكە بولىدۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئامانلىق ھالىتى ئۇزاققا بارماي زور دەرىجىدە ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. بۇ توغرۇلۇق بىزدە تولۇق ئىشەنچ بولۇشى كېرەك.

بىز جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسىنى بايان قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، «جىنايەت» ئۇقۇمى ئۈستىدە ئازراق توختىلىشنى زۆرۈر دەپ قارىدۇق. چۈنكى بۇ بىر نەزەرىيىۋى مەسىلە بولۇپ، ئۇ ھەقتە مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش زۆرۈردۇر.

جىنايەت — بىر خىل قانۇنغا خىلاپ بولغان تاپتىن چىقىپ كېتىش ھەرىكىتىدۇر. باشقا تاپتىن چىقىپ كېتىش ھەرىكەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، جىنايەت تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە: (1) جەمئىيەتكە قارىتا ئېغىر زىيانكەشلىككە ئىگە. (2) قانۇنغا خىلاپ. (3) جازالىنىشقا تېگىشلىك.

جىنايەتنىڭ تۈرلىرى بىرقەدەر كۆپ. غەرب جەمئىيەتشۇناسلىرى ئۇنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بولىدۇ: (1) دائىمىي جىنايەتچىلەر، مەسىلەن، سۈيىقەست ئىشلىتىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش، باسقۇنچىلىق قىلىش، بۇلاڭچىلىق قىلىش، زوراۋانلىق قىلىش قاتارلىقلار. دائىمىي جىنايەتچىلەر كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە مال - مۈلكىگە ئېغىر دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. (2) ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەر، ھوقۇق ۋە خىزمەت قۇلايلىقىدىن پايدىلىنىپ، خىيانەتچىلىك، ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جىنايەتچىلەرنى كۆرسىتىدۇ. غەربتە ئادەتتە «ئاق گالستۇكلۇق جىنايەتچىلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (3) تەشكىللىك جىنايەتچىلەر، ئالايلۇق، قىمارخانىلار، پاھىشىخانىلار، زەھەرلىك بۇيۇملار سودىگەرلىرى قاتارلىقلار. تەشكىللىك جىنايەتچىلەرنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ، «مۇلازىمەت» چۈمپەردىسى ئېسىۋالغان جىنايەتچىلەردۇر. بۇ خىل جىنايەتچىلەرنىڭ مەقسىدى باشقىلارغا زىيان - زەخمەت سېلىش ئەمەس، بەلكى مۇشۇ يول بىلەن پايدا ئېلىپ بېيىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، جەمئىيەتشۇناسلار ئۇلارنى «زىيان - زەخمەتسىز جىنايەتچىلەر» دەپ ئاتايدۇ. روشەنكى، بۇ بىر خىل سىمۇۋوللۇق سۈپەتلەشتۇر. (4) سىياسىي جىنايەتچىلەر، سۈيىقەست پىلانلاش، زوراۋانلىق قىلىش، رەھبەرلەرنى قەستلەش قاتارلىق دۆلەت ھاكىمىيىتى بىلەن ئالاقىدار بولغان جىنايى ئىشلار ياكى جىنايەتچىلەرنى كۆرسىتىدۇ. (5) ياش - ئۆسمۈر جىنايەتچىلەر، يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن كىشىلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئېلىمىز جۇڭگودا، ھازىرقى باسقۇچتا جىنايەت تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ: (1) دۆلەت بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايىتى. (2) ئاممىۋىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزۈش جىنايىتى. (3) سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرتىپكە بۇزغۇن- چىلىق قىلىش جىنايىتى. (4) پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى ۋە دېموكىراتىيە ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش جىنايىتى. (5) مال - مۈلۈككە تاجاۋۇز قىلىش جىنايىتى. (6) ئىجتىما- ئىي تەرتىپنى باشقۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلىش جىنايىتى. (7) نىكاھ ۋە ئائىلىنى بۇزۇش جىنايىتى. (8) خىزمەت ئۈستىدە جىنايەت ئۆتكۈزۈش جىنايىتى.

جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبى توغرۇلۇق كىشىلەر فىزىئو- لوگىيە، پسىخولوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق قاتارلىق جەھەتلەر- دىن چوڭقۇر تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ھەرخىل چۈشەندۈ- رۈشلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، بەزى كىشىلەر فىزىئولوگىيىلىك ئامىللار نۇقتىسىدىن چىقىپ، فىزىئولوگىيىلىك ئامىللار بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە نۇرغۇن تەتقىقات- لارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن تا ھازىرغا قەدەر جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ تۈپ سەۋەبى توغرىسىدا قايىل قىلارلىق بىرەر يەكۈن يوق. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن، ئاۋستىرىيە روھىي كې- سەللەر مۇتەخەسسىسى س. فىرۇيد روھىيەت ئانالىزى نەزەرى- يىسىنى قوللىنىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا چوڭقۇر ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، جىنايەت جىنايەتچى- نىڭ ۋۇجۇدىدىن ئېتىلىپ چىققان باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىدى- غان، چېقىلىدىغان ياكى زىيان - زەخمەت سالىدىغان روھىي - كەيپىياتنىڭ بەلگىسىدۇر. بەزى ئالىملار بېكىتىش نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ جىنايەت ھادىسىنى شەرھلىگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، جىنايەت جەمئىيەت تەرىپىدىن بىردەك يامان دەپ قارالغان ھەرى- كەتتۇر. جەمئىيەتشۇناسلار ئادەتتە جەمئىيەت مۇھىتى نۇقتىسى-

www.uyghurkitap.com

دىن چىقىپ، جىنايەتنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەيدۇ. مەسىلەن، فرانسىيە جەمئىيەتشۇناسى ئې. دىركام ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئىچىدىكى «قېلىپسىزلىق» دائىرىسىدە جىنايەتنى چۈشەندۈرگەن بولسا، ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس ر. ك. مۇدۇن نىشان چوڭ بولغان، ئەمما پۇرسەت ۋە ۋاستە ناھايىتى كىچىك بولغان ئەھۋالدا ئادەم ئەگەر ئۆز نىشانىغا يېتىمەن دەپ ھەرىكەت قوللانسا، جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ، دەپ قارىغان ياكى مۇشۇ مۇناسىۋەت تەكشىلىكىدە جىنايەت سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەن. يەنە بەزى ئالىملار ئىككىنچى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن جىنايەتنى چۈشەندۈرگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، جىنايەتچىلەر ئۇزاق مەزگىلگىچە «جىنايەتچىلەر ئىككىنچى مەدەنىيىتى» بىلەن كۆپ ئالاقىدار بولسا، ئۇنىڭ تەسىرىدىن جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ.

جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشكە كەلسەك، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بۇنىڭغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ قوللىنىپ كېلىۋاتقان تەدبىرلىرى بەكرەك قانۇن تۇرغۇزۇش، مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش، مەخسۇس تەتقىقات ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىش ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايىتىگە ئالاھىدە ئەدلىيە تەرتىپىنى تۇرغۇزۇشتا ئىپادىلەنمەكتە. جۇڭگونىڭ نۇرغۇن جەمئىيەتشۇناس ئالىملىرى جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشتە جىنايەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. بۇنىڭ بىرقەدەر كەڭ مەزمۇنى شۇكى، پۈتكۈل جەمئىيەت كۈچلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ، سىياسىي، قانۇن، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىدىيە، ئەخلاق ۋە مەمۇرىي قاتارلىق ئۇنۇملۇك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش، جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش، ئازغان ياشلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش، جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئازايتىش، جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئازايتىش كېرەك.

## 6. ناتوغرا ئىستىل مەسىلىسى

ناتوغرا ئىستىل دېگىنىمىز، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمـائىي ئا-
لاقىلىشىش جەريانىدا ئىجتىمائىي قـائىدە - نىزاملارغـا خىلاپ
ۋاستىلارنى قوللىنىپ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت قى-
لىق - ھەرىكىتىدۇر. ئادەتتە كىشىلەر دائىم تىلغا ئالىدىغان
دۆلەت ئىستىلى، خەلق ئىستىلى، پارتىيە ئىستىلى، ئائىلە ئىس-
تىلى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدە ناتوغرا ئىستىل ئوخشىمىغان دە-
رىجىدە مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق ھەر خىل كونكرېت
ئىستىللار بىرلىشىپ كەتسە، ئومۇمىي جەمئىيەت ئىستىلىنى
شەكىللەندۈرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىز جەمئىيى-
تىدە ناتـوغـرا ئىستىل ۋە كـەيپىيات ئـەۋج ئېلىپ، خەلق-
نىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىتىدىغان ئېغىر ئىجتىمائىي مەسى-
لىگە ئايلىنىپ قالدى. پارتىيە ۋە دۆلەت پۈتۈن كۈچى بىلەن
ئىجتىمائىي ئىستىلنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىل-
ماقتا.

ناتوغرا ئىستىلنىڭ ئىپادىلىرى مۇھىمى تۆۋەندىكى جەھەت-
لەردە ئىپادىلەنمەكتە:

1) ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش.

پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە قاتارلىق رەھبەرلىك ئورنىدا
ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم كادىرلار پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان
ھوقۇقنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مۈلكى قىلىپ، ھـوقـۇقتىن قـا-
لايمىقان پـايدىلىنىپ، ئـۆزى ئـۈچۈن يـاكى ئۇرۇق - تۇغقان،
دوست - بۇرادەرلىرى ئۈچۈن خۇسۇسىي ئىشلارنى قىلىپ بەر-
مەكتە. بۇ خىل ھوقۇقنى خۇسۇسىيلاشتـۇرۇش ھـادىسىسى
تىپىك فېئـودال ئىدېئولوگىيىسى بولغان «بىر ئادەمگە ئامات
كەلسە، ئۇنىڭ ئىت - مۈشۈكلىرىمۇ ئەتلىنىپتۇ» نىڭ كونكرېت
ئىپادىسى. رەھبەرلىك ئورنىدىكى بىر قىسىم كادىرلاردىن باشقا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر قىسىم كەسپىي تارماقلاردىكى ئەمەلىي ھوقۇقى بارلارمۇ ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتماقتا. بۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە خەلق مەنپەئىتى، كوللېكتىپ مەنپەئىتى دېگەنلەر قىلچىمۇ يوق. ئۇلار سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىگە ئېغىر نۇقسان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، پارتىيىنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋەت ۋە نوپۇزىغىمۇ ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدى.

2) سوۋغات تەقدىم قىلىش، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش، مۇناسىۋەت ئورنىتىش.

ھازىر ئىش بېجىرىشتە، مېھمان چاقىرىش، سوۋغات تەقدىم قىلىش بىر خىل قېلىپلاشقان ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ بىر خىل قىلمىسا بولمايدىغان، كەم بولسا بولمايدىغان شەرت بولۇپ قالدى. كادىرلارنى ئۆستۈرۈش، دەرىجىسىنى ئۆرلىتىش، ئىشچى قوبۇل قىلىش، ئالىي مەكتەپلەرگە چىقىش، چەت ئەلگە زىيارەتكە چىقىش، ھەتتا پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ھاۋالە قىلىش، ئارىغا ئادەم سېلىش، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش ئادەت بولۇپ قالدى. بەزىدە ھەتتا جىنايى ئىشلارغا ھۆكۈم قىلغاندىمۇ، ناتوغرا ئىستىل تۈپەيلىدىن، چوڭ ئىشنى كىچىكلىتىش، كىچىك ئىشنى يوق قىلىش كۆرۈلمەكتە. بۇ خىل ناتوغرا كەيپىيات پرىنسىپنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي قائىدە ـ نىزامنى قۇرۇق ئاتاققا ئىگە قىلىپ قويماقتا.

3) بيۇروكراتىزملىق ئېغىر، خىزمەت ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن بولۇش.

ناتوغرا ئىستىلنىڭ تەسىرىدىن، بىزنىڭ بىر قىسىم مەمۇرىي ئورگانلىرىمىزدا بيوروكراتلىق ناھايىتى ئېغىر بولماقتا. رەھبەرلىكنىڭ خىزمىتى چوڭقۇر بولمايۋاتىدۇ. كۆپ يىغىن ئېچىش، ھۆججەت تارقىتىشقا تايىنىپ ئىش بېجىرىش، بىرەر ئىش يۈز بەرگەندە، بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىش، مەسئۇلىيەتنى ئۆز

ئۈستىگە ئالماسلىق ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. مۇ-
شۇ سەۋەبلەردىن، نۇرغۇن ئېغىر ھادىسىلەر يۈز بېرىپ، سوتسى-
يالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئېغىر زىيانلار بولدى. تەس-
رىمۇ ناھايىتى يامان بولدى.

4) • پارتىيە ئىستىلى پاك بولمايۋاتىدۇ.

پارتىيە ئىستىلى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيىنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي كەيپىيات ئىچى-دە، پارتىيە ئىستىلىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولىدۇ، چۈنكى ئېلىمىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت. دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى، زور - زور سىياسەتلەرنىڭ بېكىتىلىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆ-تىدۇ. ئوخشاشلا دۆلەت تەرەققىياتى جەريانىدا كۆرۈلگەن سەۋەن-لىكلەر ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارمۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇ مەنىدە ئېيتىشقا بولىدۇكى، پار-تىيە ئىستىلى پۈتكۈل جەمئىيەت ئىستىلىنىڭ ياردوسى. نۆۋەتتە پارتىيىمىز ئىچىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان چىرىكلىشىش ھادىسىسى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ جەمئىيەتتىكى ناتوغرا ئىستىل ۋە كەيپىياتنىڭ مۇھىم مەنبەسى. بىزنىڭ بىر قىسىم پارتىيىۋىلىك كادىرلىرىمىز، بولۇپمۇ بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلىرىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدە، بۇرۇنقى ئۇرۇش مەزگى-لىدىكى چاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشتەك ئەلا ئەنئەنە ۋە ئىستىلنى چۆرۈپ تاشلاپ، پارتىيىنىڭ ئىناۋىتىگە زىيان سالدى، پارتىيە ئىستىلىنى بۇزدى، ئامما ئارى-سىدا يامان تەسىر پەيدا قىلدى. بەزى كومپارتىيە ئەزالىرى ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقۇ ئۇ ياقتىا تۇرسۇن، ئەكسىچە، بەزى رايون ۋە تارماقلاردا باشلامچى بولۇپ، ناتوغرا ئىستىللار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، جەمئىيەت كەيپىياتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نى تېخىمۇ بۇزۇۋاتىدۇ.

دەرۋەقە، ناتوغرا ئىستىللارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا نۇرغۇن ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر بار. مەسىلەن، فېئودالىزمنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىنىڭ تەسىرى، بۇرژۇئازىيە تۇرمۇش ئىستىلى ۋە ئېڭىنىڭ چىرىتىشى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتنىڭ تەسىرى ۋە باشقا تەسىرلەر. بۇ خىل ئوبيېكتىپ شەرتلەرنىڭ تەسىرىنى سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق ئارقىلىق تامامەن يەڭگىلى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىجتىمائىي ئىستىلنى ئوڭشاش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە دۆلەت نۇرغۇن چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، زور ئۈنۈمگە ئېرىشتى. گەرچە جەمئىيەت ئىستىلى تېخى تۈپتىن ياخشىلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بوشاشماي تىرىشىپ كۈرەش قىلسىلا، ناتوغرا ئىستىلنى تۈپتىن يوقىتىپ، جەمئىيەت ئىستىلىنى ياخشىلاش مەقسىتىگە تامامەن يەتكىلى بولىدۇ. دۆلىتىمىز نۆۋەتتە ناتوغرا ئىستىلنى ھەل قىلىش مەسىلىسىدە تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى يولغا قويىدى.

بىرىنچىدىن، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش لازىم. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئائىت نۇرغۇن قائىدە - نىزام ۋە بەلگىلىمە - بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلدى. پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ ئاينىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن بىر قىسىم ئۇنسۇرلارنى قاتتىق جازالىدى. پارتىيە ئىچىدە بيۇروكراتلىققا قارشى كۈرەشنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى. ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر جەريانىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە خاتالاشقان پارتىيىلىك كادىرلار، چەت ئەل بىلەن بولغان باردى - كەلدى مۇناسىۋىتى جەريانىدا، دۆلەت ۋە شەخسىي غورۇرىنى يوقاتقان پارتىيىلىك كادىرلارغا قارىتىمۇ قىلچە يۈز - خاتىرە قىلىنماستىن جازا بېرىلدى. شۇ-

نىڭ بىلەن يەنە بىر قىسىم ئىرادىسى ئاجىزلاپ كەتكەن، شەرتى تۇشمىغان پارتىيە ئەزالىرى نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چىكىندۇ. رۇلدى. بىر تەرەپ قىلىش بىلەن تەڭ، يەنە پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، بىر قىسىم تىپلار تۈزغۈزۈلدى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش جەريانىدا بارلىققا كەل. گەن نەتىجىسى چىلىقارلىق بولغان پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيە ياچېيكىلىرى تەقدىرلەندى.

ئىككىنچىدىن، پارتىيىنىڭ پائالىيىتى جەزمەن دۆلەت قانۇ. نى دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىش ئىدىيىسى تەكىتلەندى. قا. نۇن، قائىدە - نىزاملار ئارقىلىق پارتىيە ئىچىدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى چەكلەش، ھەرقانداق پارتىيە ئەزاسىنىڭ قانۇن سىرتىدىكى ئالاھىدە شەخس بولماسلىقى يولغا قويۇلدى. بۇلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇھىم تەجرىبىلەر ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگودا ھاكىمىيەت ئۇس. تىدىكى پارتىيە بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە تۈزەش ئىشى قانۇن ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. قانۇن ھەم دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى، ھەم پارتى. يىنىڭ ئارزۇسى ۋە نىشانىنى ئەكس ئەتتۈردى. شۇڭا، قانۇن. نىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى قوغداش ئۆز نۆۋىتىدە پارتىيىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيى ۋە نوپۇزىنى قوغداش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئەمەلىيەت جەريانىدا پارتىيە چوڭمۇ ياكى قانۇن چوڭمۇ مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، ئۇلار بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە. پارتىيە گەرچە دۆلەتكە ھەمكارلىشىپ قانۇن تۈزگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنە باشلامچىلىق بىلەن قانۇننى ئىجرا قىلىشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇ. شى، ئۆز پائالىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي قانۇن، قائىدە - تۈزۈمنىڭ ئىچىگە قويۇشى، ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، قانۇننىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، پارتىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچىدىكى ناتوغرا ئىستىل قانۇنىنىڭ جازاسى ۋە چەكلىشى تۇپەيلىدىن بىرقەدەر ئۆزگىرىپ ياخشىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچىدىن، سوتسىيالىستىك مەنىۋىلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى يادرو قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋىلىك قۇرۇلۇشى — سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا سوتسىيالىزم ئەۋزەللىكىنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى. ئېلىمىزنىڭ جەمئىيەت ئىستىلىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، بىزنىڭ تۇپ ۋەزىپىمىز شۇكى، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى ساپاسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. بۇ دېگەنلىك، نوقۇل ماددىي مەدەنىيلىككە تايىنىپ، ناتوغرا ئىستىللارنى ھەل قىلىش كوپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىمۇ تەڭ ئېلىپ بېرىش كېرەك دېگەنلىك. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى خەلق ئاممىسىنىڭ پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرلىكتە يەنە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالايلۇق، كوللېكتىۋىزملىق قارىشى، ئېسىل ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش، قانۇن ۋە ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ۋە باشقىلار. ناتوغرا ئىستىل بىر ئومۇمىيۈزلۈك ئىجتىمائىي مەسىلە بولغاچقا، ئۇنى پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشتىن مەقسەت، ھەربىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىجتىمائىي قائىدە - نىزام ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

چىرىكلىشىش مەسىلىسىمۇ ناتوغرا ئىستىلنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە دەرىجىسى توغرىسىدا بىز بىۋاستە بايان بەرمەي، يولداش جياڭ زېمىننىڭ 1993 - يىلى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق

ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇننى نەقىل ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. چۈنكى، يولداش جىياڭ زې- مىننىڭ سۆزى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قانداق باھا بېرىشتىن ئىبا- رەت بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆزلىمەكچىمەن. بىر- ىرى، بىزنىڭ پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەنى توغرا، پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ياخشى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار پاك - ساپ. 10 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ زور تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇم- يۈزلۈك ئىلگىرىلىشى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلىرىنىڭ ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. چىرىكلىككە قارشى كۈرەشمۇ ئۇنۇملۈك بولدى. بۇلارنىڭ ھەم- مىسى ئاساسىي پاكىتلار. يەنە بىرى، پارتىيە ئىچىدە، دۆلەت ئورگانلىرى ئىچىدە ھەقىقەتەن چىرىكلىشىش ھادىسىسى مەۋ- جۇت. بەزى جەھەتلەردە ئۇ تېخى باش كۆتۈردى ۋە يامراپ كەتتى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئامما چوڭقۇر غەم - ئەندىشە قىلىپ، قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ ھەل قىلىشنى جىددىي ئۈمىد قىلماقتا. بىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنىڭ ياخشى ئىكەنلى- كىنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە چىرىك- لىك ھادىسىسىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە زىيانلىقلىقىنى تۆۋەن مۆلچەر- لىمەسلىكىمىز لازىم. چىرىكلىك ھادىسىسى پارتىيە دۆلەتنىڭ ساغلام ئورگانىزمىغا كىرىۋالغان ۋىرۇس. ئەگەر بىز بىخۇتلۇق قىلىپ سەل قارىساق، ئۇنىڭ ئەركىن يامراپ كېتىشىگە يول قويساق، پارتىيىمىزنى ھالاك قىلىمىز، خەلق ھاكىمىيىتىمىزنى ھالاك قىلىمىز، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇلۇغۋار ئىشىمىزنى ھالاك قىلىمىز. بىزنىڭ پارتىيىمىز، بىزنىڭ كادىر- لىرىمىز، بىزنىڭ خەلقىمىز بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا

ھەرگىز يول قويمايدۇ. بىز ھەم چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى قەتئىي بوشاشماي قانات يايدۇرۇشىمىز، ھەم دۈشمەن كۈچلىرى-نىڭ بۇ مەسىلىدىن پايدىلىنىپ پارتىيە ۋە سوتسىيالىزمنى يوقىتىشىدىن ھوشيار بولۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇزۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن، جەڭگىۋارلىقتا ئىگە ئۇلۇغ پارتىيە. جۇڭگو خەلقى شەرەپلىك ئىنقىلابى ئەنئەنىگە ئىگە ئۇلۇغ خەلق. پارتىيىمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ يېڭى جۇڭگونى قۇرۇپ چىقىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورناتتى. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشتىمۇ پارتىيىمىز ئۆز كۈچىگە، خەلقنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، چىرىكلىك ھادىسىنى يوقىتىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى بىلەن چىرىكلىككە قارشى كۈرەش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى ئوبدان ھەل قىلىنمىسا، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق كۈچلۈك سياسىي كاپالەتكە ئىگە بولماي قالىدۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئېغىر دەرىجىدە ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەت ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كېلىپ قالىدۇ. شۇڭا، پۈتۈن جەمئىيەت چوقۇم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچ - خاتىرجەم بولۇش نۇقتىسىدىن چىقىپ، چىرىكلىك ھادىسىسىنىڭ ئىنتايىن زىيانلىق ۋە خەتەرلىكلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىشى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى تەشەببۇس قىلىش خىزمىتىنىڭ غايەت زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىشى لازىم. شۇ ئارقىلىق پارتىيە ئىستىلى ۋە ھۆكۈمەت پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ھەمدە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ئارخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

## 7. نامراتلىق مەسىلىسى

نامراتلىق مەسىلىسى، دۇنياۋى مەسىلە، ئۇ دۇنيادا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. جۇڭگو 15 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يېزىلاردا مۇتلەق نامرات دەپ ئاتالغان نوموسنى 250 مىليوندىن 80 مىليونغا ئازايتىپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، دۇنيانىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. لېكىن، نامراتلىق مەسىلىسى ئېلىمىزدە تېخى ھەل بولغىنى يوق. كونا نامراتلار ئېچىگە يەنە يېڭى نامراتلار قوشۇلماقتا. بۇ بىزنىڭ يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى لازىم. شەھەرلەردە نامراتلارنى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش، ھەربىر ھۆكۈمەتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىدىكى تۈپ كاپالەت بولۇپ قالدى.

كىشىلەر ھازىر جۇڭگودا شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدا، شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدا، قاتلاملار بىلەن قاتلاملار ئوتتۇرىسىدا، نامراتلار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدا پەرق ناھايىتى زورىيىپ كەتتى، ھازىردىن باشلاپ، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالدى، دەپ غۇل - غۇلا قىلىشماقتا. جۇڭگودا بۇ ئەھۋاللار ھەقىقەتەن مەۋجۇت. يۇقىرىدىكى ھەر خىل پەرقلەرنىڭ كۆپ قىسمى تارىختىن بىزگە مىراس قالغان، بىر قىسمى يېڭىدىن پەيدا بولغان. ئىشقىلىپ، بۇ پەرقلەرنىڭ تۈپ يىلتىزى نامراتلىقتا. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، نامراتلىقمۇ بىر خىل ئىجتىمائىي مەسىلە، ئۇنى تۈگىتىپ ھەل قىلىش لازىم.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1996 - يىلىنى «خەلقئارا نامراتلىقنى تۈگىتىش يىلى» دەپ ئېلان قىلغانىدى. 1995 - يىلى دانىيىنىڭ گېن ھاگېن شەھىرىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشكىلاتى باشلىقلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، 1996 ـ يىلىنى نامراتلىقنى تۈگىتىش يىلى دەپ بېكىتكەنىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا 180 دۆلەتتىن كەلگەن باشلىقلار ياكى ۋەكىللەر «ئورتاق خىتابنامە» ۋە «ھەرىكەت پروگراممىسى» قاتارلىق ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇپ، كەسكىن دۆلەت ھەرىكىتى تەدبىرى ۋە خەلقئارا ھەمكارلىق تەدبىرىنى قوللىنىپ، دۇنياۋى نامراتلىقنى تۈگىتىش مەقسىتىگە يېتىش توغرۇلۇق ئىپادە بىلدۈرۈشتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە نامراتلىقنى تۈگىتىش، ئەمگەك ـ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كۆچەيتىش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى 21 ـ ئەسىردىكى ئەڭ مۇھىم نىشان، مۇشۇ نىشان ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىشتى.

نامراتلىقتا جەڭ ئېلان قىلىشنى دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر جەزمەن تىرىشىدىغان ئىجتىمائىي نىشانى قىلىشى لازىم. مەلۇماتلارغا قارىغاندا؛ ئۆتكەن 50 يىلدا دۇنيا بايلىقى 7 ھەسسە ئاشقان. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە دۇنيا مىقياسىدىكى نامراتلىق مەسىلىسىمۇ بارغانسېرى گەۋدىلىك ئورۇنغا ئۆتكەن. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيا بويىچە 1 مىليارد 300 مىليون نامرات ئادەم بار ئىكەن. بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن نامراتلارنىڭ سانى 1 مىليارد ئىكەن. دېمەك، ھازىر 300 مىليون كۆپەيگەن؛ ھازىرقى نامراتلىق ھەر يىلى 25 مىليون سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىۋېتىپتۇ؛ 1 مىليارد ئادەم بىخەتەر سۇ ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن ياكى ئاساسىي تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە بولالمىغان. ھەر يىلى 18 مىليون ئادەم ئاچارچىلىق، قۇۋۋەت كەمچىللىكى ياكى باشقا نامراتلىق سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇرۇشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆلۈم ھادىسىسىنىمۇ ئېشىپ كەتكەن. 3 ـ دۇنيا ئەللىرىدە نامراتلىق ئەڭ ئېغىر ئىكەن. جەنۇ-

بىي ئاسىيا رايونىدا دۇنيا نوپۇسىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاھالىدىن يېرىمى دېگۈدەك نامرات ئىكەن. ئافرىقا قىتئەسىدە 630 مىليون ئادەمنىڭ يېرىمى نامراتلىق سىزىقى ئۈستىدە ياشاۋېتىپتۇ. لاتىن ئامېرىكىسى رايونىدا 200 مىليون ئادەم نامراتلىق سىزىقى ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ. بۇلار لاتىن ئامېرىكىسى رايونىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ $\frac{1}{3}$ نى ئىگىلەيدىكەن.

تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىمۇ نامراتلىق مەسىلىسى ئېغىر ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە نامراتلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئېشىپ كېتىۋېتىپتۇ. دۇنيا بويىچە دەرىجىدىن تاشقىرى باي دۆلەت ئامېرىكىنى ئالساق، بۇ دۆلەتتە %15 ئادەم نامراتلىق سىزىقى ئاستىدا ياشاۋېتىپتۇ.

نامراتلىق مەسىلىسى نامۇۋاپىق سىياسىي تەرتىپ ئېلىپ كەلگەن يامان ئاقىۋەت، بولۇپمۇ باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ كۈنسېرى كېڭىيىشى ئېغىر نامراتلىق مەسىلىسىنىڭ تىپىك ئىپادىسى. دۇنيا نوپۇسىنىڭ كىرىم ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، %20 بايلار بىلەن %20 نامراتلارنىڭ كىرىم پەرقى 1960 ـ يىللاردا 30 ھەسسە، 1991 ـ يىلى 60 ھەسسە بولغان. بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل پەرق يەنىلا ھەسسىلەپ كېڭىيىمەكتە. دۇنيا ئاھالىسى ئىچىدە، ئىجتىمائىي يۇقىرى قاتلامدىكى بىر مىليارد بايلار دۇنيا ئومۇمىي كىرىمىنىڭ %83نى ئىگىلەيدىكەن، ئەكسىچە، ئىجتىمائىي تۆۋەن قاتلامدىكى بىر مىليارد كەمبەغەللەر دۇنيا ئومۇمىي كىرىمىنىڭ پەقەت %1.5 نىلا ئىگىلەيدىكەن. نامراتلارنىڭ كۆپى ئىشسىزلار ياكى يېرىم ئىشسىزلار ئىكەن. بۇ پەرق ھەقىقەتەن ناھايىتى زور بولۇپ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

نوپۇسنىڭ ناھايىتى تېز كۆپىيىشى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ نامراتلىق مەسىلىسىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرماقتا. ھا-

زىر پۈتۈن يەرشارىدا ھەركۈنى 235 مىڭ ئادەم، ھەر يىلى 90 مىلىيون ئادەم كۆپەيمەكتە، بۇنىڭ %95ي تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە مەركەزلەشكەن. ئەگەر ئادەمنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ھازىرقىدەك بولىدىغان بولسا، 21 ـ ئەسىرنىڭ 1 ـ يىلىغا بارغاندا، نامراتلارنىڭ ھازىرقى سانىغا يەنە 200 مىلىيون قوشۇلىدۇ. يەنى يېڭى مىڭ يىل ۋە يېڭى ئەسىردە نامراتلارنىڭ سانى 1 مىليارد 500 مىلىيونغا بارىدۇ دېگەن گەپ.

جۇڭگو ئەڭ چوڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، نامراتلىقنى تۈگىتىش بويىچە ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. 1978 ـ يىلىدىن 1985 ـ يىلىغىچە بىرىنچى باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتا نامراتلارنىڭ سانى زور مىقداردا ئازايتىلدى. بۇ مەزگىللەردە جۇڭگو يېزىلىرىدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاچقا، يەتتە يىل ئىچىدە نامراتلار سانى يېرىمدىن ئارتۇقراق ئازايتىلدى، يەنى 1978 ـ يىلىدىكى 250 مىلىيوندىن 1985 ـ يىلىدىكى 125 مىلىيونغا ئازايتىلدى. دېمەك، ھەر يىلى 17 مىلىيونغا 860 مىڭ نامرات ئازايتىلغان. يېزىلاردا مۇتلەق نامرات ئاھالە 1978 ـ يىلى پۈتۈن ئاھالىسىنىڭ %30.7نى ئىگىلىگەن بولسا، 1985 ـ يىلىغا كەلگەندە، %14.8كە چۈشكەن.

1986 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە ئىككىنچى باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتا نامرات ئاھالىلەرنىڭ سانىنى مۇقىم ئازايتىلىش يولغا قويۇلغان. يەنى جۇڭگو يېزىلىرىدىكى نامراتلارنىڭ سانى 80 مىلىيونغا ئازايتىلغان. دېمەك، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6 مىلىيون 400 مىڭدىن ئازايتىلغان. يېزىلاردا نامراتلار نىسبىتى %8.8 كە چۈشكەن.

1993 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئېلىمىزدە يەتتە يىلدا 80 مىلىيون نامراتنى قۇتقۇزۇش بويىچە قورغانغا ھۇجۇم قىلىش پىلا-

نى يولغا قويۇلۇپ، هازىرغا كەلگەندە، بۇ پىلاندا بەلگىلەنگەن ئىستراتېگىيىلىك نىشان ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇ دۆلەتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ هازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نامراتلىق ئۆلچىمى 1985 - يىلى بېكىتىلگەن بولۇپ، يىللىق كىرىمى 200 يۈەندىن تۆۋەنلەر نامرات ئاهالە هېسابلىنىدۇ. مۇشۇنى ئاساس قىلغان هالدا شۇ يىللىق باهانىڭ ئۆرلەش كۆرسەتكۈچىدىن پايدىلىنىپ هەريىللىق نامراتلىق ئۆلچىمى بېكىتىلىدۇ. مەسىلەن، 2000 - يىلدىكى نامراتلىق ئۆلچىمى-يىللىق كىرىمى 625 يۈەن بولدى.

دۇنيا بانكىسى تەرەققىي قىلىۋاتقان 33 دۆلەتنىڭ ئەهۋالىغا ئاساسەن، ئوتتۇرا هېساب بىلەن هەربىر كىشىنىڭ بىر كۈنلۈك خىراجىتى بىر ئامېرىكا دوللىرى بولۇشنى خەلقئارادىكى نامراتلىق ئۆلچىمى قىلدى ھەم بۇنىڭدىن كەڭ پايدىلاندى. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ نامراتلىق ئۆلچىمىمىز ناھايىتى تۆۋەن ئۆلچەم بولۇپ هېسابلىنىدۇ، بۇ ئۆلچەمگە يەتكەندىمۇ هەل قىلىنغىنى پەقەت ياشاش ئۈچۈن ئاساسىي جەھەتتىن تويۇنۇش، كىيىنىش مەسىلىسى بولىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلار مۇنداق قارايدۇ: تۆۋەن سەۋىيىدىكى كىرىم ئۆلچىمىگە ئاسانلا يەتكىلى بولىدۇ، بىراق ئۇ مۇقىم ئەمەس. رېئال ئەهۋال بۇ خىل قاراشنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. دۆلىتىمىزدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش بىرقەدەر ناچار رايونلار نامرات ئاھالىلەرنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسىنى ئەمدىلا هەل قىلسا، گەۋدىلىك بولغان «قايتا نامراتلىشىش» مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتە. بەزى جايلارنىڭ «قايتا نامراتلىشىش» نىسبىتى 20% كە يەتكەن. بەزىدە بىر قېتىملىق سۇ ئاپىتى ياكى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى نامرات ئاھالىلەرنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇۋېتىشى مۇم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىن.
تەرەققىيات ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بىر تۇرلۇك ئۇزاق مەزگىللىك ھەم جاپالىق ۋەزىپە، شۇڭا، بۇنىڭغا قارىتا پۈتۈن جەمئىيەتتە ئۇزاق مەزگىللىك جەڭ قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم.
2001 - يىلى جۇڭگونىڭ يېڭى ئەسىردىكى نامراتلارنى يۆلەش ئىشلىرىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىسى. بۇنىڭدىن كېيىن نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر مۇھىم مەسىلە. نۇرغۇن جەمئىيەتشۇناسلار ھۆكۈمەتكە پايدىلىق تەكلىپلەرنى بېرىپ، مۇنداق دېيىشمەكتە:
بىرىنچىدىن، نامراتلارنى يۆلەش ئۆلچىمىنى تەڭشەش لازىم. يېڭى ئۆلچەم خەلقئارالىق ئۆلچەمگە يېقىنلىشىشى، چوقۇم ھازىرقى ئۆلچەمدىن يۇقىرى بولۇشى، بىراق ئۆلچەم جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنىمۇ نەزەردە تۇتقان ئاساستا چىقىرىلىشى لازىم. يېڭى نامراتلىق ئۆلچىمى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، بۇنىڭ بىلەن كېلىپ چىققىدىغان يېڭى نامرات ئاھالىلەرنىڭ سانى كۆپىيىشى مۇمكىن. بىراق بۇ ئىلگىرىكى نامراتلارنى يۆلەشتىكى نەتىجە ۋە تەجرىبىلەرنى ئىنكار قىلمايدۇ ھەم بۇنىڭدىن قورقماسلىق كېرەك. چۈنكى، جۇڭگونىڭ نامراتلىقنى تۈگىتىش جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ئالىلقاچان ئېتىراپ قىلىنغان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرەققىيات، پىلان مەھكىمىسى جۇڭگونىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى «تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانى بۇ خىل ئەندىزە بىلەن تەمىنلىدى» دەپ ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن.
ئىككىنچىدىن، نامراتلارنى يۆلەش دائىرىسىنى مۇناسىپ تەڭشەش لازىم. يەتتە يىلدا 80 مىليون نامراتنى قۇتقۇزۇش پىلانىدا مەملىكەت بويىچە 592 ناھىيە دۆلەت نۇقتىلىق يۆلەيدى-

غان نامرات ناھىيە قىلىپ بەلگىلەنگەن. نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى ناھىيىنى بىرلىك قىلىپ تارقىتىلىپ، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا نامرات ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 21 - ئەسىرنىڭ بېشىدا تەرەققىيات ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى كىرىمى تۆۋەن نامرات ئاھالىلەر نىسپىي مەركەزلەشكەن رايونلاردا دۆلەت نۇقتىلىق ھالدا «دۆلەت نۇقتىلىق بەلگىلىگەن نامرات» لارنى يۆلەش، ھەرقايسى ئۆلكە (ئاپتونوم رايونلار) نۇقتىلىق ھالدا «ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) دەرىجىلىك نامرات ناھىيە» لەرنى يۆلەش ۋەزىيىتى ئۆزگىرىدۇ. يېڭى باسقۇچتا نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن. بىراق بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى نۇقتا قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۆزگەرمەيدۇ. بىرى، ئېچىش خاراكتېرىدىكى نامراتلارنى يۆلەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش. يەنە بىرى، تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلغان نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنى تاللاشتا چىڭ تۇرۇش، بۇ ئىككىسى بىزنىڭ 20 يىلدىن بۇيانقى نامراتلارنى كەڭ كۆلەمدە يۆلەش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىسى.

نامراتلىق مەسىلىسى بىر ئىجتىمائىي مەسىلە. ئۇ ئۇزاققىچە داۋام قىلىدۇ. شۇڭا، نامراتلىقنى تۈگىتىش مەسىلىسىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق خىزمەت بولۇپ، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىر ئېغىز گەپ، تەرەققىيات ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 8. ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى

ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى ئاساسەن تېخى قۇرامىغا يەتمىگەن كىشىلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ دۇنياۋى مەسىلە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مەۋجۇت، يەنە كېلىپ خاراكتېرى ئېغىر بولماقتا. يېقىنقى 30 يىل مابەينىدە، ھەرقايسى دۆلەتلەردە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى بارغانسېرى كۆپىيىپ بارماقتا. ئۇنىڭ روشەن ئالامەتى شۇ يەردىكى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش قېتىم سانى كۈنسېرى ئاۋۇماقتا، جىنايەت ئۆتكۈزۈش يېشى تېخىمۇ كىچىكلىمەكتە، يامراپ كېتىش دائىرىسى كەڭ، قوللىنىلغان ۋاستىلىرى قەبىھ ۋە رەھىمسىز، بىرلىشىپ ياكى شايكا بولۇۋېلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش بىرقەدەر گەۋدىلىك، قايتىلىنىش كۆپ، ئۆزگەرتىش بارغانسېرى قىيىن بولماقتا.

دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھادىسىسى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ بىر خەلقئارالىق مەسىلىگە ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. يېقىنقى بىرنەچچە يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىزدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىمۇ تەرەققىي قىلىش بىلەن، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپ بىر ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالدى. ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئالاھىدىلىكى، سەۋەبىنى ئېلىش ئومۇمىيۈزلۈك ئىدارە قىلىشقا ئائىت نەزەرىيە ۋە قارشى تەدبىر قاتارلىقلار ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرى ئورتاق مۇھاكىمە قىلىدىغان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى.

1) ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئالاھىدىلىكى

بىر دۆلەتتىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئالاھىدىلىكى ئىككى تەرەپتىكى ئامىلدىن يەنى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ جىسمانىي روھىي تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر دۆلەتنىڭ تۇرغان ئالاھىدە تارىخىي شارائىتىدىن تەشكىل تاپىدۇ. نۆۋەتتە بىزدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆت-

كۈزۈش ھەرىكىتى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.
بىرىنچى، 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ قەبىھ تەسىرىگە
ئۇچرىدى. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ
جىنايەت ئۆتكۈزۈش پۈتۈن جىنايى ئىشلار ئەنزىسىدە ئىگىلىگەن
نىسبىتى ئازادلىقتىن بۇيان ئەڭ يۇقىرى بولدى. نۇرغۇنلىغان
ياشلار - ئۆسمۈرلەر جىنايەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئىن-
تايىن تۆۋەن، قانۇنىي بىلىمى يوق. ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى
غەيرىي تەرەققىي قىلغان، جىنايەت ئۆتكۈزۈش مۇددىئاسى ئاددىي
ھەم غەلىتە، جىنايى ھەرىكىتى تۇيۇقسىز يۈز بېرىش ئالاھىدىلى-
كىگە ئىگە بولۇپ، يامان خاراكتېرلىك ئەنزىلەردە ئەكس ئېتىشى
تېخىمۇ شۇنداق.

ئىككىنچى، گۇرۇھ بولۇۋېلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش كۆپەي-
دى. گۇرۇھ بولۇۋېلىپ ئەنزە پەيدا قىلىش مەملىكىتىمىزدىكى
ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى مۇھىم ئۇ-
سۇل. نۆۋەتتە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ گۇرۇھ بولۇۋېلىپ جىنا-
يەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ خىللىرىدىن قارىغاندا، ئاساسلىقى ئوغرى-
لىق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىق. گۇرۇھ بولۇۋېلىپ جىنايەت
ئۆتكۈزۈشنىڭ چىرىتىشى، زىيىنى ناھايىتى چوڭ، ئۇ ياشلار -
ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مۇددىئاسىنىڭ شەكىللىنى-
شىدىكى كاتالىزاتور، ئۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆت-
كۈزۈشتىكى قارىغۇلۇقنى، ئېغىرلىقىنى ئاشۇرىدۇ، ياشلار -
ئۆسمۈر جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنى ئۆزگەرتىشتىكى قىيىنچى-
لىقنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچى
سۇبيېكتىنىڭ تەركىبىدە بىرقەدەر چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا بولدى.
بۇرۇن ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش شەھەر ئاھا-
لىسىنى ئاساس قىلاتتى، نۆۋەتتە، ياش دېھقانلارنىڭ جىنايەت
ئۆتكۈزۈشتە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئېشىپ بارماقتا. مۇنداق ئۆز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گىرىشنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنىڭ ئىككى تەرىپى بار. بىر تەرەپتىن، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا بىز شەھەردە زور مىقداردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق، شەھەردىكى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى چىڭ تۇتتۇق، نەتىجىدە شەھەردىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسپىي ھالدا ئازايدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بىز يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتىنى تەڭشىدۇق، بىراق يېزىلاردىكى ئۆسمۈرلەرگە قارىتا بولغان سىياسىي تەربىيە خىزمىتى مۇناسىپ ھالدا ئەگىشىپ كېتەلمىدى، شۇڭا يېزىلاردىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى كۆپەيدى. شۇنداق قىلىپ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگۈچ سۇبيېكتىنىڭ تەركىبىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولدى.

مەملىكىتىمىزدە نۆۋەتتە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالاھىدىلىكتىن تاشقىرى، يەنە جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە قارىغۇلۇقى ئېغىر، ئىلھاملىنىشى تېز، تارقىلىشى كەڭ، ئۆزگە تارتىش خاراكتېرى كۈچلۈك، تەلۋىلىك قىلىش، ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلاشماسلىق ھەم جىنايەت ئۆتكۈزۈشتە ۋەھشىي بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بار.

2) ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش سەۋەبى

جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەمئىيەتتىكى بىر خىل كېسەللىك ھالەت. مۇنداق كېسەللىك ھالىتى بىلەن مۇئەييەن ئىجتىمائىي تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ھەم نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي مۇھىت ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇ كۆزقاراشنى چىقىش قىلىپ، بىز نۆۋەتتىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىكى ئىجتىمائىي سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلساق. ئۇ مۇنداق بولىدۇ:

ماھىيىتىدىن قارىغاندا، نۆۋەتتە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ كۆپىيىشى ئون يىللىق ئىچكى قالايمى-

قانچىلىق قالدۇرۇپ كەتكەن ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئاسارەتنىڭ ئاقىۋىتى. ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرغان ياشلارنىڭ قەلبىگە، روھىغا، ئىنسانىي قەدىر - قىممەتكە قارىتا بولغان تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولدى. قىسمەن ياشلار - ئۆسمۈرلەر لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارقاتقان ئىنتايىن سول ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ، ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ زەھەرلىشى ۋە بولغىشىغا ئۇچراش بىلەن، بىلىمسىز، نادان ھەم ۋەھشىي، ئۇرۇشقاق، قەبىھ تەلۋە بولۇپ قېلىپ، «ئادەم ئۆزىنى ئويلىمىسا، يەر يۇتىدۇ» دەيدىغان چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى شەكىللەندۇردى. ئۆز مەيلىچە يولسىزلىق قىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالماي، ئاخىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا ماڭدى.

سىرتتىن كەلگەن پاسسىپ مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، پارتىيە، دۆلەت سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قوللاندى. بۇ ئىنتايىن زۆرۈر، تامامەن توغرا بولغان بىر سىياسەت. ئەمما، چەت ئەل بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا ساقلانغۇسىز ھالدا بۇرژۇئازىيىنىڭ بەزى چىرىك ئىدىيىسى بىلەن تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ چىرىك نەرسىلەر كېسەل مىكروبىغا ئوخشاش ئىرادىسى ئاجىز، ئىدىيىسى ساغلام بولمىغان ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى چىرىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر چەت ئەلگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ ۋە غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى كوچەپ تەرغىب قىلدى. نەتىجىدە بەزى ساغلام بولمىغان كىنو، تېلېۋىزىيە، تىياتىر، رومان ۋە سېرىق قولىيازما تۆۋەندە يامراپ كېتىش بىلەن ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىنى ئېغىر دەرىجىدە چىرىتىپ، نۆۋەتتە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى كۆچەيتىشتىكى مۇھىم ئىجتىمائىي سەۋەب

بولۇپ قالدى.

ئىش كۆتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ روھىدىكى ئۆزگىرىش ھالد-ىتى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى بىر روھىي ئامىلدۇر. ئۇن يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى ھالاك بولۇش گىردابىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاھالە تېز كۆپەيدى، گەرچە دۆلەت جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، نەچچە مىليونلىغان ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى مەكتەپكە كىرگۈزۈپ ياكى خىزمەت ئورنىغا ماڭدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بىر قىسىم ياشلار ئىش كۈتۈپ تۇرۇش ھالىتىدە تۇرماقتا. ياشلار ئىش كۈتۈپ تۇرۇش مەزگىلىدە، قىلىدىغان ئىشى يوق، روھىي جەھەتتە يۆلەنچۈكى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىسىز ئاتا ـ ئانىسىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۇلارنىڭ قەلبىدە يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي كېسەل مىكروبىغا قارىتا بولغان قارشىلىق كۈچى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. يامان ئادەت، يامان ئىستىلنى ئاسانلا يۇقتۇرۇۋالىدۇ ھەم يېتىلدۈرىدۇ، ناھايىتى ئاسانلا جىنايەت ئۆتكۈزگۈچى گۇ-رۇھ تەرىپىدىن تارتىلىپ كېتىپ، ئورتاق جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىش كۈتۈپ تۇرۇش ھالىتى بىر قىسىم ياشلاردا ئۆزگىرىشچان روھىي ھالەت-نى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇنداق ئۆزگىرىشچان ھالەت يامىنىسىغا تەرەققىي قىلىپ، بەزىلىرى نورمال جەمئىيەت تەرتىپى بىلەن، نورمال ئىجتىمائىي ھاياتقا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ، جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىنى بۇزۇشتەك جىنايەت ئۆتكۈزۈش مۇددىئاسى پەيدا بولىدۇ، ئاز ساندىكى كىشىلەر ئاخىرى جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا ماڭىدۇ.

مەكتەپنىڭ تەربىيىلەش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە تەسىر قىلىدۇ. ئۇن يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ مائارىپ؟

ئىشلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنى يېڭىۋاشتىن ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، نەتىجىسى ناھايىتى زور بولدى. ئەمما بەزى مەكتەپلەر بىر تەرەپلىمە ھالدا يۇقىرىلاپ ئوقۇش نىسبىتىنى قوغلىشىپ، پەقەت ئەقلىي تەربىيىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاقىي تەربىيىگە دىققەت قىلمىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. بەزى مەكتەپلەر تېز - ئاستا سىنىپ دەپ ئايرىلىپ، ئۆگىنىشتە، ئەخلاقتا ناچار ئوقۇغۇچىلارنى ئاستا سىنىپقا بۆلدى. ئاستا سىنىپقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇئەللىمنىڭ سەۋىيىسىمۇ ناچار بولدى. مۇنداق سىنىپلاردا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قۇدرىتى يەتمەي، ئازساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يامان ئادىتى تەرەققىي قىلىپ، جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى شەكىللەندۈردى ھەمدە كۆپىنچە ھاللاردا ئورتاق جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، تېخىمۇ چوڭ زىيانلارنى سېلىۋاتىدۇ.

ئائىلىنىڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە قارىتا مۇۋاپىق تەربىيەسىنىڭ كەمچىل بولۇشىمۇ بىر پايدىسىز ئامىل، ئائىلە پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئەمما بۇ ئىقتىدار تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشى تۈپەيلى رولىنى نورمال جارى قىلدۇرالمايدۇ، نەتىجىدە بىر قىسىم ياشلار - ئۆسمۈرلەر چۈشكۈنلىشىپ جىنايەتچى بولۇپ قالىدۇ. بىر خىل ئەھۋال بولسا، بۇزۇلغان ئائىلە. ئاتا - ئانىسى كېلىشەلمىگەن، ئاجرىشىپ كەتكەن ياكى ئۆلگەن بولۇپ، ئائىلە مۇناسىۋىتى ياكى ئائىلە سوبستانسىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشىنى پەيدا قىلىش بىلەن پەرزەنتلىرىگە قارىتا يامان تەسىر پەيدا قىلىش. تىللاش، سوقۇشۇش، مىجەزى غەلىتە، ئۆچمەنلىك، ئۆچ ئېلىش نىيىتىدە بولۇش قاتارلىق روھىي ھالەت ۋە ھەرىكەت، كۆپىنچە مۇشۇنداق ئائىلە مۇھىتىدا يېتىلىدۇ. يەنە بىر خىل ئەھۋال بولسا، ئائىلە تەربىيە ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، ياكى بولمىسا ئۇرۇش، تىللاش،

ياكى بولمىسا پەرزەنتلىرىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش ئارزۇسى كۈچلۈك بولۇش تۈپەيلى، پەرزەنتلىرىگە تەلەپ قويۇشتا ئارتۇقچە قاتتىق بولۇش، ئۆلۈك بولۇش بىلەن، پەر-زەنتلەر ئائىلە بېسىمىغا قاتتىق ئۇچرىغانلىقتىن، روھىي ۋە جىسمانىي تەرەققىياتىدا ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىغان بولىدۇ. يال-غان ئېيتىش، ئوقۇشتىن قېچىش كۆپىنچە ھاللاردا مۇشۇنداق ئائىلە مۇھىتىدا مەجبۇرىي ھالدا كېلىپ چىقىدۇ. يەنە بىر خىل ئەھۋال، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەر ئىككىسىلا خىزمەت قىلىدۇ، خىزمىتى ئالدىراش، پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە بولىدىغان ۋاقتى ئاز ياكى بولمىسا پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكە ۋاقتى يوق، ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىدىيە ئالماشتۇرۇش كەمچىل.

ئەسلىدە دەل ئائىلە تەربىيىسىگە موھتاج بولغان ياشلار - ئۆسمۈرلەردە قېرىشقاندەك ئائىلە تەربىيىسى كەمچىل بولىدۇ. ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش قابىلىيى-تى ئاجىز بولىدۇ. ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى سەلبىي ئامىللارنىڭ ئائىلە تەربىيىسى كەمچىل بولغان مۇشۇ بىر قىسىم ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە قارىتا بولغان تەسىرى، باشقا ياشلار - ئۆسمۈرلەر-گە قارىغاندا كۆپ كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە تەسىر قىلىدىغان بىر ئامىلدۇر.

3) ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلى-سىنى تىزگىنلەش

ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ پەيدا بولۇ-شىدا ئۇنىڭ تارىخىي سەۋەبى ۋە رېئال ئىجتىمائىي سەۋەبى بولى-دۇ. شۇڭا، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى تۈپتىن تىزگىنلەشتىمۇ پەقەت جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي باشقۇرۇ-شىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويغان ئۇنىۋېرسال تۈزەش فاڭجېنى يېڭى تارىخىي شارائىتتا،

ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى تۈپتىن تىزگىنـ
لەشنىڭ توغرا فاڭجېنى. بۇ فاڭجېن سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ
ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتـ
نىڭ رەھبەرلىكىدە، سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى، ئەمگەك،
مائارىپ، مەدەنىيەت، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىـ
سى، ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق تارماقلار بىلەن ئىش تەقسىم
قىلىپ ھەمكارلىشىپ، زىچ ماسلىشىپ، سىياسەت، ئىقتىساد،
مەدەنىيەتنى تەڭ تۇتۇش بىلەن ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆگىـ
نىش، خىزمەت، ئىدىيىۋى تەربىيە، ئىشتىن سىرتقى تۇرمۇشىـ
نى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە باشقۇرۇپ، ئاز ساندىكى
جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى جازالاپ، كۆپ ساندىكى يولدىن چىققانلاـ
رنى قۇتقۇزۇش، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ساغلام ئۆستۈرۈپ سوتـ
سىيالىستىك قۇرۇلۇشقا پايدىلىق ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ. «ئۇنىـ
ۋېرسال تۈزەش» نىڭ چىقىش نۇقتىسى ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ
ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ، جىنايەت
ئۆتكۈزۈشنىڭ مەنبەسىنى ئازايتىش ھەم يوقىتىش، شۇنداق قىـ
لىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم تەدرىجىي ھالدا
يوقىتىشتىن ئىبارەت. كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇنىۋېرسال تۈزەشتە
تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەدبىر بار:

جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياشلارغا قارىتا، تەربىيىلەش، تەسىرـ
لەندۈرۈش، قۇتقۇزۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش، جىنايەت ئۆتـ
كۈزگەن ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە قارىتا، ئۇلار تەربىيىنى قوبۇل
قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلگە
گىرىپتار بولغان بالىسىغا، دوختۇرنىڭ كېسەلگە، ئوقۇتقۇچىـ
نىڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئوقۇغۇچىغا مۇئامىلە قىلغىنىغا ئوخـ
شاش سەۋىرچان، ئىنچىكە تەربىيە بېرىش، تەسىرلەندۈرۈش،
قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلىشىمىز لازىم. ئۇلارغا داۋلىنى ئۇقـ
تۇرۇپ، تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى ئىدىيە جەھەتـ

ـتىن ھەقىقىي تۇردە ھەل قىلىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەت بۇنىڭ يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئۈنۈملۈك چارە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ھەم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشتىن بوشانغان ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى تەشكىللەپ تۇرـمۇشتا چىقىش يولى بېرىش، ئۇلارغا قارىتا باشقۇرۇشنى كۈچەيـتىپ، ئۇلارنىڭ يېڭىۋاشتىن جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى توسۇش كېـرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورگانلىرى، جىنايەتچىلەرگە قارىتا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىگە ئەھمىيەت بېـرىپلا قالماستىن، يەنە جىنايەتچىلەرگە قارىتا پەن ـ مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن ئۇلار بىرەر ماھاـرەتنى ئۆگىنىۋالالايدىغان بولۇشى كېرەك. بەزى جايلارنىڭ ئەمەـلىيىتىدە ئىسپاتلىنىشىچە، تەشكىللەنگەندىن كېيىن، قايتا جىناـيەت ئۆتكۈزگەنلەر پەقەت ئاز ساندىلا بولۇپ، تەشكىللەنمەي سىرتـتا لاغايلاپ يۈرگەنلەردىن، قايتا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىرى بىرقەـدەر كۆپ بولغان.

ئىجتىمائىي مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇپ، كۈچىمىزنىڭ بارىچە بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان بەزى ئامىللارنى تۈگىتىش كېـرەك. پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش، جەمئىيەت كەيپىياتىنى ياخشىلاش، كوممۇنىستىك ئەخلاق بىلەن ياشلارنى تەربىيىلەش، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىن ساقلىنىشىنىڭ مۇھىم تەدبىرى، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، ياخشى ئىش قىلىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈـ

چەيتىپ، ياخشى جەمئىيەت كەيپىياتىنى تىكلەپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىتتا ساغلام ئۆستۈرۈپ يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك.

ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى بىلەن مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پائالىيەت مەيدانلىرى، مەسىلەن، كىنوخانا، تىياتىرخانا، ئۆسمۈرلەر سارىيى، كۆكۈلۈك ئېچىش ئۈيى، كۇتۇپخانا ۋە تەنتەربىيە مەيدانلىرىنى قۇرۇپ ھەم تولۇقلاپ، ساغلام مەدەنىي تەنتەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ياخشى تەربىيىلەپ، بىلىمنى ئاشۇرۇپ، مائارىپنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھىنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان زوقلىنىشىغا قارىتا (مەسىلەن، كىنو كۆرۈش، رومان ئوقۇش، تىياتىر كۆرۈش قاتارلىقلار) يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى توغرا چۈشىنىشىگە، ئۇنىڭدىن ساغلام، پايدىلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشىغا ياردەم بېرىش لازىم.

مەكتەپ، ئائىلە ۋە جەمئىيەت زىچ ماسلىشىپ، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى تەشكىلاتلار — ئاھالە كومىتېتى، ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى، خەلق ياراشتۇرۇش كومىتېتى قاتارلىقلارنىڭ كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى بولۇپمۇ يولدىن چىققان ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئورتاق تۇتۇش كېرەك، بۇ ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى تۈپتىن تىزگىنلەش ۋە ياخشى ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداشتىكى ئىنتايىن مۇھىم تەشكىلىي تەدبىردۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب

# جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش

جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش— ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياشاۋاتقان ماددىي شارائىتى بىلەن مەنىۋى شارائىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. زامانىۋىلىشىش پىلانلىق ئۆزگىرىش جەريانى ئۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئاساس قىلغان، سىياسىي، قانۇن ۋە ئىجتىمائىي مەنىۋى تۇرمۇش قاتارلىق تەرەپلەرگە تاقىلىدىغان پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى. ھازىرقى دۇنيادا ھەرقايسى دۆلەت، ھەرقايسى مىللەت ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزى تاللىۋالغان يول بويىچە زامانىۋىلىشىش يولىنى بويلاپ، يا ئاستا، يا تېز قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

## بىرىنچى پاراگراف جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۇقۇمى

### 1. زامانىۋىلاشتۇرۇش دېگەن نېمە؟

جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىر خىل ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە جەمئىيەتنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا ئىقتى-

سادي تەرەققىياتىنى ئاساس قىلغان هالدا، ئىجتىمائىي تۇرمۇش-
نىڭ هەرقايسى تەرەپلىرىدە تەدرىجىي هالدا يېڭىنىڭ جەمئىيەت-
تىن يىراقلىشىدىغان ۋە ئايرىلىپ چىقىدىغان تەرەققىيات جەريان-
نى كۆرسىتىدۇ. تار مەنىدىكى جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش
سانائەتلىشىش ۋە دېموكراتىيىلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت-
نى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانى ئادەتتە 17 ـ 18 ـ ئەسىردىكى
ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى، سانائەت ئىنقىلابى ۋە فرانسىيە بۇ-
يۈك ئىنقىلابىي دەۋرىدە باشلانغان، 19 ـ ئەسىردە ياۋروپانىڭ
كۆپ قىسىم رايونلىرى ۋە شىمالىي ئامېرىكا رايونلىرىغا كېڭەي-
تىلگەن، 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە دۇنياۋى
خاراكتېرلىك ئېقىمغا ئايلانغان دەپ قارىلىدۇ.

جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تارىخىي جەريانى ۋە هەر-
قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، زاما-
نىۋىلاشتۇرۇش نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرىنى خۇلاسى-
لەپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەنىسى هەققىدە تۆۋەندى-
كىدەك تونۇشقا ئىگە بولالايمىز.

## 2. جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈزلۈكسىز دا-ۋاملىشىدىغان تارىخىي جەريان

جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى-
نىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى مەركەز
قىلغان جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىش جەريانى
بولۇش سۈپىتىدە، ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان تارىخىي جەريان
بولۇپ هېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا هەرقانداق بىر دۆلەتنى
زامانىۋىلىشىشنى ئورۇنداپ بولدى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئوخ-
شاشلا، زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىگە تامامەن قەدەم قويمىغان دۆ-
لەتمۇ مەۋجۇت ئەمەس. زامانىۋىلىشىش مەلۇم مۇقىم ئۆلچەملەر-
نىڭ توپلانمىسى بولماستىن، بەلكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىگە تەرەققىيات جەريانىدۇر. دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر دۆلەت ياكى رايون ئۆچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇتلەق «ئەنئەنە» ۋە «زامانىۋى»لىقنىڭ پەرقى مەۋجۇت ئەمەس، بىر مىھنەت بىلەن مەڭگۈ راھەت كۆرىدىغان زامانىۋىلاشتۇرۇش تېخىمۇ مەۋجۇت ئەمەس.

كەڭ 3 ـ دۇنياغا تەۋە دۆلەتلەر شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۆز دۆلىتىنىڭ زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىنى تېرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. گەرچە بىر قىسىم غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بەزى بىر تەرەققىيات ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇلار تېخى نىسبەتەن تۆۋەن تەرەققىيات سەۋىيىسىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بىراق بۇنى ھەرگىزمۇ «ئەنئەنىۋى جەمئىيەت» تە تۇرۇۋاتىدۇ دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. ئۇلار بىلەن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ پەرقى بەزى تەرەپلەردىكى تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرق بولۇپ، ھەرگىزمۇ بارلىق تەرەپلەردە ساقلىنىۋاتقان پەرق ئەمەس. شۇڭا، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى مۇقىم ئۆلچەم قىلىپ باشقا دۆلەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر گەرچە يەن ـ تېخىكا سەۋىيىسى ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت باشقۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ناھايىتى يۇقىرى تەرەققىيات دەرىجىسىگە يەتكەن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ماددىي بايلىقلار غايەت زور دەرىجىدە ئاشقان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ھەرگىزمۇ زامانىۋىلىشىشنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە يەتكىنى يوق. بىرىنچىدىن، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە بولۇپمۇ تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئىجتىمائىي سىياسىي، ئىجتىمائىي ئادىللىق، ئىجتىمائىي مەنىۋى مەدەنىيلىك قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور كەمتۈكلۈك ساقلىنىۋاتقاندا، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىمۇ تۈرلۈك مەسىلىلەرگە يولۇقۇۋاتقانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەردە پەن ـ تېخنىكا ۋە

سانائەتلىشىشنىڭ تەرەققىياتى تۈپەيلىدىن، باي ۋە نامراتلىق پە-
قىنىڭ چوڭ بولۇشى، مۇھىتنىڭ بولغىنىشى، جامائەت پاراۋ ن-
لىقى، تۇرمۇش سۈپىتى، قىممەت قارىشى، جەمئىيەت ئامانلىقى
قاتارلىق جەھەتلەردە بىرقاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەر كېلىپ
چىقتى. ئىككىنچىدىن، نۆۋەتتە پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى
تۈپەيلىدىن، غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر غايەت زور
بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشكە هازىرلانماقتا. ئۇلارنىڭ نۆ-
ۋەتتىكى ئەھۋالىدىمۇ بۇنىڭغا مۇناسىپ زور ئۆزگىرىش يۈز بېرى-
دۇ. ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق جەمئىيەتشۇناسى د. بېئىر «كېيىن-
كى سانائەت جەمئىيەتنىڭ يېتىپ كېلىشى» دېگەن ئەسىرىدە ئامې-
رىكا بىلىمنى دەۋر قىلىپ تەشكىللەنگەن « كېيىنكى سانائەت
جەمئىيىتى» گە كىرىدۇ، مۇتەخەسسىس ۋە تېخنىكا خادىملار ھەر
خىل كەسىپلەردە ئاساسلىق ئورۇن ئىگىلەيدۇ ھەم پەن ـ تېخنى-
كىنى ئاساس قىلغان يېڭى سانائەت شەكىللىنىدۇ، دەپ كۆرسى-
تىدۇ. 70 ـ يىللاردىن بۇيان، بىر قىسىم كەلگۈسىشۇناسلار
كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، غەرب دۆلەتلىرىدە يۈز
بېرىۋاتقان ۋە يۈز بېرىدىغان مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنى مۇھاكىمە
قىلىشتى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، غەربتىكى تەرەققىي
تاپقان دۆلەتلەرمۇ پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ
ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىنى داۋاملىق ئې-
لىپ بارىدۇ.

### 3. جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش — تارىخىي ئەن-
### ئەنىلەرگە قارىتا ھەم تەنقىد قىلىش، ھەم ۋارىسلىق قى-
### لىش جەريانىدۇر

«زامانىۋىلاشتۇرۇش» ۋە «ئەنئەنە» مەسىلىسى زامانىۋىلاش-
تۇرۇش نەزەرىيىسىدە بىرقەدەر مۇرەككەپ، مۇھىم مەسىلە.
نۇرغۇنلىغان غەربنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش نەزەرىيىچىلىرى زاما-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇۋىلاشتۇرۇش ئەندىزىلىرىنى ئۇتتۇرىغا قويۇپ، زامانىۋىلاشقان جەمئىيەت توغرىسىدىكى جەمئىيەتنىڭ تۇرلۇك ئۆلچەملىرى ئارقىلىق ئەنئەنىۋى جەمئىيەتكە باھا بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن بولمىغان جەمئىيەت «ئەنئەنىۋى» دەپ قارىلىدۇ. بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرنىڭ ماھىيىتى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن ئەنئەنىنى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى قارىمۇقارشى ئىككى قۇتۇپ، ئىككىسى بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، دەپ قاراشتىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ تۈپ خاتالىقى شۇ يەردىكى، بىر تەرەپلىمە، غەيرىي تارىخىي نەزەرىيە ۋە نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىنى تەھلىل قىلغان، ئۇلار تەكىتلىگەن ئاتالمىش زامانىۋىلاشقان جەمئىيەت ئۆلچىمى پەقەت ئۇلار غەرب كاپىتالىستىك جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتا ئېلىپ بارغان ئومۇملاشتۇرۇش بولۇپ، ئۇلار بۇ ئۆلچەمنى بارلىق دۆلەتلەرگە ئورتاق قوللانغان.

زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن ئەنئەنە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى جەريانىدا ئەسلىدىكى جەمئىيەت قۇرۇلما سىستېمىلىرىدىكى ھەر خىل ئامىللار بىلەن يۈز بېرىدىغان ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

«ئەنئەنە» دېگىنىمىز ئادەتتە «تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىدىيە، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت، سەنئەت، تۈزۈم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ھەربىر مىللەت ئۆز تارىخىي پائالىيەتلىرى داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسىنى ياراتقان بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى ناھايىتى مۇرەككەپ، غەيرىي ئورتاق ماھىيەتلىك قۇرۇلمىغا ئىگە بولىدۇ. «ئەنئەنە» نىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەمەلىيەتتە شۇ مىللەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللەردە، ئوخشاش بولمىغان شارائىتتا، ئوخشاش بولمىغان سىنىپ، گۇرۇھ ياكى شەخس تەرىپىدىن قۇشۇلغان تۈرلۈك تەركىبلىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئالاقە ۋە

تەسىرلەر بولىدۇ. «ئەنئەنە» دېگەن ئوخشاش بولمىغان ماھىيەتتى-
كى تەركىبلەر ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريا-
نىدا ئوخشاش بولمىغان رولىلارنى ئوينايدۇ، بەزىلىرى توسالغۇغا
ئايلىنىپ قالسا، بەزىلىرى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنىپ
قېلىشى مۇمكىن. «ئەنئەنە» ۋە «زامانىۋىلاشتۇرۇش» ئوتتۇرى-
سىدا ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆزئارا تەقەززا قىلىش مۇناسى-
ۋىتى مەۋجۇت. بىر تەرەپتىن، بەزى ئەنئەنىلەر مىللەتنىڭ تارى-
خىي تەرەققىياتىنىڭ جەۋھىرى ۋە ئىلىم - پەننىڭ ساغلام مۇۋەپ-
پەقىيىتى بولۇش سۈپىتىدە، جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ
توسالغۇسى بولۇش ئورنىدا تۇرسۇن، ئەكسىچە شۇ مىللەتنىڭ
جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ،
ئۇنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئېلىمىز خەلقى نەچچە مىڭ
يىللىق مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا داۋاملاشتۇرۇپ
كەلگەن ئەمگەك سۆيىدىغان، جاپاغا چىداپ، ئىقتىسادچىل ياشاي-
دىغان، ئۆزئارا ياردەم قىلىدىغان ئېسىل پەزىلەتلىرى ئېلىمىز-
نىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتى-
دىغان ئاكتىپ ئامىلغا ئايلىنىشى مۇمكىن. كىشىلەر دائىم ياپون-
لارنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ زامانىۋىلى-
شىشى جەريانىدا ئوينىغان رولىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. يەنە بىر
تەرەپتىن، بارلىق مىللەتلەر ئۆز مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلى-
رىنى قەدىرلەيدۇ. تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەت بولغان
تەقدىردىمۇ مىللىي ئەنئەنىسىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىش ئاساسىدا
تەرەققىي قىلغان ئەمەس. ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ-
دىن پايدىلىنىشتىن ئايرىلغاندا، جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش
ئوڭۇشلۇق ئېشقا ئاشمايدۇ. بىراق، يەنە بىر جەھەتتىن، بىز
شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، مىللىي ئەنئەنە نېمىلا دېگەن بىلەن
تارىختا شەكىللەنگەن، تارىخىي شارائىتلاردىكى ئۆزگىرىش بەزى
ئەنئەنىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى ئۆزگەرتىدۇ،

كىشىلەرمۇ ئۇلارنىڭ قىممىتىگە يېڭىۋاشتىن باھا بېرىشكە مۇھ-
تاج بولىدۇ. تارىختا ئەقىلغا مۇۋاپىق ھالدا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان نەرسە جەمئىيەتنىڭ ئالغا قاراپ يەنىمۇ بىرقەدەم ئىلگىرى-
لىشى جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئەقىلغا مۇۋاپىقلىقىدىن ئايرىلىپ قال-
دۇ. جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم كونا
ئەنئەنىلەرنىڭ ئاسارىتىنى چوقۇم بۇزۇپ تاشلاش كېرەك. زامان-
ۋى پەن - تېخنىكا دىنىي خۇراپاتلىق ئىچىدە تەرەققىي قىلالماي-
دۇ، زامانىۋى سانائەت تارقاق فېئودالLIق ئىقتىساد ئاساسىدا
راۋاجلىنالمايدۇ. جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانى بىرلا
ۋاقىتىنىڭ ئۆزىدە مۇقەررەر ھالدا ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەريان-
دۇر. ئىسلاھات جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ
تەلىپى. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېغىر يۈكىگە ئايلىنىپ قال-
غان ئاشۇ بىر قىسىم كونا ئەنئەنىلەرنى ئۆزگەرتمىگەندە جەمئى-
يەتنىڭ تەرەققىياتىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. جەمئىيەتنى
زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

تارىخنىڭ ئىزچىللىقى جەھەتتىن قارىغاندا، جەمئىيەت تە-
رەققىياتىنىڭ ھەرقانداق بىر باسقۇچى ئالدىنقى باسقۇچ ھەتتا
ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى باسقۇچلارنىڭ داۋامى، بىراق يەنە ئالدىنقى
باسقۇچ ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى باسقۇچلارنىڭ راۋاجى بولۇپ،
پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كېتىش ياكى تامامەن بىردەك بولۇش ئەمەل-
يەتتە تەرەققىياتنى يوققا چىقارغانلىق. شۇڭا، مۇتلەق ھالدا
ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغان زامانىۋىلىشىش مۇساپىسى مەۋجۇت
ئەمەس ھەم مۇتلەق ھالدا ئەنئەنىنى ئىنكار قىلغان زامانىۋىلى-
شىش مۇساپىسىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. بارلىق مىللەتلەر ئۆز مىل-
لىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرى-
دۇ، شۇنداقلا زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا مۇئەييەن نەتىجە يا-
راتقان مىللەت يەنە ئەزەلدىن بار بولغان كونا ئەنئەنىلەرنىڭ ئاسا-
رىتىدىن بۆسۈپ ئۆتكەن بولىدۇ.

## 4. جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش — ئىجتىمائىي سىستېمىنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىش جەريانىدۇر

بەزىلەر جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانى ئەمەلىيەتتە سانائەتلىشىش جەريانى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش جەريانى، پەقەت سانائەتلىشىش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلسىلا، زامانىۋىلىشىش ئىشقا ئاشقانلىق بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ بىر خىل بىر تەرەپلىمە قاراشتۇر. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ھەقىقەتەنمۇ زامانىۋىلىشىشنىڭ مەركىزى ۋە ئاساسى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بولمىسا، زامانىۋى سىياسىي تۈزۈم، تەشكىلىي شەكىل ۋە قىممەت قارىشىدىكى تەرەققىياتمۇ بولمىغان بولاتتى. سانائەتلىشىش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بولمىسا، زامانىۋىلاشتۇرۇش بولمايدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىراق، جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ھەرگىزمۇ سانائەتلىشىش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا باراۋەر ئەمەس. سانائەتلىشىش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى پەقەت زامانىۋىلىشىش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىر تەرەپىدىنلا ئىبارەت. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ھەم يەككە-يېگانە ھالدا ئىشقا ئاشمايدۇ، ھەم جەمئىيەتنىڭ باشقا تەرەپلىردىكى تەرەققىياتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. بىز ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ باشقا تەرەپلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەمدە جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ نىشانىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ئارقىلىق زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىش جەريانىنى كۆرۈۋالايمىز.

1) ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن جەمئىيەتنىڭ باشقا تەشكىل قىلغۇچى ئامىللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى.

بىر جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى خەلقئارا مۇھىت، خەلقئارا ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئامىللارنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئۆزگىرىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئىقتىساد ئاشسا، جەمئىيەتنىڭ

مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئۇچۇن ماددىي ئاساس يارد-
تىپ بېرىدۇ، ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈمنىڭ نىسپىي مۇقىمل-
قىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئىجتىمائىي سىياسىي تۈزۈم
جەھەتتىن ئالغا باسقاندا بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىقتىسا-
دىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى، بارلىق جەم-
ئىيەت ئەزالىرىنى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئېلىپ كەلگەن مەنپە-
ئەتتىن بەھرىمەن قىلغىلى بولىدۇ. تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى شۇ-
كى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى
ۋە تەرەققىي قىلىشىغا بېقىنىدۇ. كاپىتالىستىك يېرىك ئىشلەپ-
چىقىرىش بۇرژۇئا مىللىي دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ
راۋاجلانغان. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرمۇ پەقەت جاھانگىر-
لىكنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىنلا،
ئاندىن ھەقىقىي ھالدا زامانىۋىلىشىش مۇساپىسىنى باشلىدى.
خەلقنىڭ مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆ-
تۈرۈلۈشى بىۋاستە ھالدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى
ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.
پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ جەمئىيەت-
نىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشى يەنە زامانىۋىلىشىش جەريانى
ئۈچۈن بىر ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ. جەمئى-
يەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا، ھەر خىل ئامىللار ئۆزئارا
رول ئويناپ، ئۆزئارا تەقەززا قىلىشىپ تۇرىدۇ، بۇ ماھىيەتتە
ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش جەريانىدا جەمئىيەتنىڭ ياخشى
سۈپەتلىك ئايلىنىشىنى ۋە ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىنى ساق-
لاشنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر. سانائەتلىشىش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشى-
شى ئەگەر جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئىسلاھاتىدىن،
مەسىلەن، سىياسىي ئىسلاھات، نوپۇسنىڭ ئۆسۈشى، مائارىپنى
ئومۇملاشتۇرۇش ۋە شەھەرلەشتۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئايرىلىپ
قالسا، ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

2) جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ نىشانى.

جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ نىشانى يۇقىرى قاتلاملىق، ئۇنىۋېرسال بولىدۇ. سانائەتلىشىش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا پۈتكۈل جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى جەمئىيەتنىڭ كۈنسېرى راۋاجلىنىش ئېھتىياجىنى ۋە ئادەمنىڭ ئەتراپلىق راۋاجلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. شۇڭا، جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىلىرى مۇتلەق كۆپ سانلىق جەمئىيەت ئەزالىرى ۋە شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت قىممىتىنىڭ مۇئەييەن ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىشى كېرەك. ئەگەر سانائەتلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلسا، ئىقتىسادمۇ زور دەرىجىدە كۆپەيسە، بىراق جەمئىيەتتە باراۋەرسىزلىك كۆپەيسە، ئىجتىمائىي ئەخلاق بۇزۇلسا، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەت ۋە قىممەتلىك مىراسلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا ھەتتا دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى زىيانغا ئۇچرىسا، ئۇنداقتا بۇنداق سانائەتلىشىش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپى بىلەن قارىمۇقارشى بولغان بولىدۇ. باشقا بىر نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ، جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى پەقەت ئىقتىسادىي ئۆلچەم بويىچىلا ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. جەمئىيەت سىستېمىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى نۇرغۇن تەرەپلەرنىڭ مەسىلەن، ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرى، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ مەزمۇنى، ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى قاتارلىقلارنىڭ زامانىۋىلىشىش دەرىجىسىنى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدىن پايدىلىنىپ چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ. بەزى دۆلەتلەر ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ۋە مىللىي دارامەت جەھەتتە نۇرغۇن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنى بېسىپ چۈشەلمىسە-

مۇ، بىراق ئۇنىڭ زامانىۋىلاشقان دۆلەت ئىكەنلىكىگە ھېچكىم قوشۇلمايدۇ. چۈنكى بۇ دۆلەتلەردە، سىياسىي تۈزۈمۇش ۋە مەدەنىيەت تۈزۈمۇشى ئىنتايىن قالاق، يەنە فېئودالىزم ۋە قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ نەرسىلىرى كۆپلەپ ساقلانغان.

## ئىككىنچى پاراگراف جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى

جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىر خىل ئۆسۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرىدىغان تەرەققىيات جەريانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش ياكى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىش ئالامەتلىرىنى چۈشىنىش بىزنىڭ جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلىشىمىزگە پايدىلىق.

### 1. پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يېتەكچى ئورۇنغا ئۆتۈشى

بۇ جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش باسقۇچىنىڭ ئىلگىرىكى جەمئىيەت تەرەققىيات باسقۇچلىرىغا ئوخشىمايدىغان ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ بارغانسېرى تېز بولۇشىغا، سەۋىيىسىنىڭ بارغانسېرى يۇقىرى بولۇشىغا، قوللىنىلىشىنىڭ بارغانسېرى مۇرەككەپ بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ زامانىۋىلىشىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. بىز ئىككى تەرەپتىن پەن ـ تېخنىكىنىڭ رولى ئۈستىدە توختىلىمىز.

بىرىنچى، پەن ــ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، زامانىۋى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاساسلىق شەكلى بولغان «سانائەت» دەل پەن ــ تېخنىكىنىڭ تۈرتكىسىدە راۋاجلانغان. ھازىرقى دەۋردىكى «ئۈچۈر ئىنقىلابى» دېگىنىمىزمۇ مەلۇم مەنىدە پەن ــ تېخنىكا بىلەن مەنىداش سۆز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىشى ئېھتىياجلىق بولغان پەن ــ تېخنىكا ئەڭ دەسلەپتە بىۋاستە ھالدا ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ئۆزىدىن كېلەتتى. بىراق، يېقىنقى زاماندىن بۇيان، بىر ھەل قىلغۇچ ئۆزگىرىش كېلىپ چىقتى، يەنى يىرىك سانائەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەمدە ئۇنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئاساسلىقى يېڭى تېخنىكا تەرەپىدىن بەلگىلىنىدىغان، يېڭى تېخنىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى بولسا، ئاساسلىقى پەن ــ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ تېخنىكا ئىجادىيىتىگە ئۆزگىرىشىنى مەنبە قىلىدىغان بۇرۇلۇش بارلىققا كەلدى. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئۆزى پەن ــ تېخنىكىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. پەن ــ تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ قالدى.

ھازىرقى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، پەن ــ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بولۇپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەمەلىيىتى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا بولغان تەسىرى كاپىتال ۋە ئەمگەك كۈچى سېلىنمىسىنىڭ رولىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. پەن ــ تېخنىكىنىڭ قالاقلىقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتىكى قالاقلىقتىن بېشارەت بېرىدۇ. بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەت ئەگەر جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا، يېڭى پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تېزلىك بىلەن قوبۇل قىلمىسا ۋە ئىجاد قىلمىسا، زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتە ئىلغار دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقى بارغانسېرى چوڭى-يىپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى، پەن - تېخنىكا يەنە ئىجتىمائىي مەنىۋى تۇر-مۇش ۋە ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئادەمنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەسىلەن، يې-ڭى تېخنىكا ئۆزگەرتىش نەتىجىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىز-مەت جەريانىدا قوللىنىشى كىشىلەرنىڭ زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنى قىسقارتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە ئۆگىنىش، ئىجتىمائىي ئالاقە، مەدەنىيەت ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللى-نىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت چىقىدۇ، كىشىلەر ئىجادىي تەپەككۇر پائالىيەتلىرى بىلەن كۆپلەپ شۇغۇللىنىدىغان بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى قويۇقلىشىپ تۇرمۇش - ئالاقە رىتىمى تېزلىشىدۇ. بۇ مۇقەررەر ھالدا ئادەمنىڭ ئىجتىما-ئىيلىشىش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئادەمنىڭ ئەتراپلىق ھەم كۆپ تەرەپلىمىلىك تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان رولى بىلەن ماسلاشقان ھالدا، پەن - تېخنىكىنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي پائالىيەت جەريانىدىكى رولىمۇ بارغانسېرى مۇھىم بولماقتا. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردە ئىپادىلىنىدۇ: (1) پەن - تېخنىكا تەتقىقات قوشۇنى كۈنسېرى كېڭىيىدۇ. (2) پەن - تەتقىقات راسخوتى كۈنسېرى كۆپىيىپ، پەن - تەتقىقات راسخوتى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ مىللىي ئىشلەپ-چىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىلەن مىللىي دارامەتتە ئىگىلەيدى-غان نىسبىتى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. (3) پەن - تېخنىكا تەتقىقات ئاپپاراتلىرىنىڭ كۆلىمى يەككە تەشكىلاتتىن

دۆلەت دائىرىسىگە، يەككە دۆلەت دائىرىسىدىن دۇنياۋى خاراك- تېرلىك كۆلەمگە تەرەققىي قىلىدۇ. مەسىلەن، 1984 ـ يىلىدى- كى «يەر شارى ئاتموسفىرا تەتقىقات پىلانى بىرىنچى قېتىملىق يەر شارى تەجرىبىسى» گە يۈز نەچچە دۆلەت ۋە رايون قاتناشتى.

## 2. ئىقتىسادنىڭ سجىل ھەم تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى

ئىقتىسادىي تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرى بويىچە قارىغاندا، جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش —— يېڭى تېخنىكا قوللىنىپ ئىق- تىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش دېگەنلىكتۇر. زامانىۋىلاشقان ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانى تۆۋەندىكىدەك ئالا- ھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) ئىقتىساد ئىزچىل ھەم تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىدۇ. يەن ـ تېخنىكا بىلەن قوراللانغان زامانىۋى ئىقتىساد ئۆزۈن مۇددەت ئالغا باسماي توختاپ قالغان ياكى تەرەققىياتى ئاستىلاپ قالغان فېئوداللىق ئىقتىساد بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مۇنداق بىر روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنى پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئىزچىل ھەم تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىدۇ، ئىقتىسادنىڭ تە- رەققىي قىلماسلىق ۋە ئارقىدا قېلىش ئەھۋالى تەدرىجىي يوقىلىدۇ.

2) ئىقتىسادىي قۇرۇلما ئۆزگىرىدۇ. زامانىۋىلىشىش مەنى- سىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگى- رىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مۇھىم بەلگىسى، ئىقتىساد- نىڭ ئېشىشىنىڭ مەزمۇنى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىشتىن سانائەتنى ئاساس قىلىشقا ئۆتۈش، يەنى «سانائەتلىشىش» تىن ئىبارەت. بىر دۆلەتنىڭ سانائەتلىشىش سەۋىيىسى سانائەت ئىش- لەپچىقىرىشىنىڭ پۈتۈن مىللىي ئىگىلىكتە ئىگىلەيدىغان نىسبى- تى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ندا بارلىق دۆلەتلەر سانائەتلىشىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى ياكى سانائەتلىشىش نىشانى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە ھەمدە خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە «سانائەتلىشىش» جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن مەنىداش سۆز بولۇپ قالدۇ. بىر قىسىم باي، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر كۈچلۈك سانائەت ئاساسىغا ئىگە. بىر قىسىم نامرات دۆلەتلەر بولسا، سانائەت ئاساسى ناھايىتى ئاجىز ياكى سانائەت ئاساسى يوق دېيەرلىك ھالەتتە تۇرماقتا.

ھازىرقى زامان سانائەت ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرى، بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى يېزا ئىقتىسادى بولۇپ، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاھالە يېزا ئىگىلىكىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. سانائەتلىشىش جەريانى يېزا ئىگىلىكىنىڭ مىللىي ئىگىلىكتە ئىگىلەيدىغان نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشى، سانائەت نىسبىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىشى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى مىللىي ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق تايانچى كۈچى بولۇپ قالدى.

لېكىن شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، سانائەتنىڭ تەرەققىياتى دېگەندە، ئاساسلىقى ياساش كەسپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، ياساش كەسپى سانائەتتە ئۆزى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئەڭ جانلىق تارماق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزى دۆلەتلەر ئالاھىدە شەرت ـ شارائىتلىرىدىن پايدىلانغاچقا، ئۇلارنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى مىللىي ئىگىلىكتە خېلى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئىچىدە ياساش كەسپىنىڭ نىسبىتى بولسا ناھايىتى تۆۋەن. مەسىلەن، ئوتتۇرا شەرقتىكى نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەرنىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى مىللىي ئىگىلىكتە ئىگىلەيدىغان نىسبەت 65% گە يەتكەن، ئەمما بۇنىڭ ئىچىدە ياساش كەسپىنىڭ نىسبىتى پەقەت سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 6% ىنىلا ئىگىلەيدۇ.

شۇڭا، كىشىلەر ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە زامانىۋىلاشقان دۆلەت دەپ ھېسابلىمايدۇ.

3) زامانىۋى سانائەت بىلەن زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىقتىسادنىڭ ئۆسۈش جەريانىدىن قارىغاندا، نىسبەتەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان سانائەتلىشىش جەريانى بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا تەرەققىي قىلىشىنى ساقلىغان ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرگەن جەريان بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئەمگەكچىلەر سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىغا يۆتكىلىدۇ، سانائەت ئەمگەك كۈچلىرىنى ئەرزان باھادىكى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى، پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈچۈن ئەرزان خام ئەشيا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، سانائەتلىشىش ئۈچۈن بىر قىسىم مەبلەغ توپلاپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ بىر چوڭ دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، يېزا ئىگىلىك ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە يېزا ئىگىلىك كىرىمىنىڭ ئېشىشى سانائەتلىشىشنىڭ تەرەققىياتىنى جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان دۆلەت ئىچكى بازىرىنى كېڭەيتىپ، سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، پۈتكۈل يېزا ئىگىلىكىنىڭ تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ.

4) ئۈچىنچى كەسىپنىڭ نىسبىتى بارغانسېرى چوڭ بولىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرى باشلانغان يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى يەنە ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىغا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. سانائەتلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بولغان دۆلەتلەردە، مۇلازىمەت كەسپى ياكى ئۈچىنچى كەسىپنىڭ تەرەققىياتى تەدرىجىي ھالدا سانائەتتىن ئېشىپ كەتتى، مىللىي ئىگىلىكتە ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىدى، بۇ زامانىۋىلاشقان ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، سانائەتلى-

شىش بىلەن ھەرگىز زىت ئەمەس. ئالدى بىلەن، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مۇتلەق قىممىتى ھەرگىز تۆۋەنلىمىدى، ئەكسىچە داۋاملىق ئاشتى؛ ئىككىنچىدىن، سانائەتلىشىش يەنىلا زامانىۋى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىدۇر. سانائەتلىشىش بارلىققا كەلتۈرگەن چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە مول ماددىي مەھسۇلاتلار بولمىغان بولسا، باشقا كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىمۇ بولمىغان بولاتتى. ئۈچىنچىدىن، ئۇچىنچى كەسىپنىڭ گۈللىنىشى، بىلىم ۋە ئەقلىي كۈچنىڭ مىللىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بارغانسېرى ھالقىلىق ئامىلغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى بارغانسېرى تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈردۇ. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا سانائەتلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىدا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيە ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامغا قاراپ ئىلگىرىلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى. پۈتكۈل ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا بۇ خىل قۇرۇلما خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئوخشاش بولمىغان زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنى پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم بەلگە بولۇپ قالدى.

5) زامانىۋىلاشقان ئىقتىسادىي تەرەققىيات يەنە ئومۇمىي خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرالمىسا، كەڭ خەلقنىڭ تەربىيىلىنىش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، داۋالىنىش، سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش شارائىتى قاتارلىقلار ئۆزگەرتىلمىسە، ئەكسىچە باي ۋە نامراتلىق پەرقى چوڭىيىپ كەتسە، بىر قىسىم ئادەملەر «جەننەتتە»، يەنە بىر قىسىم ئادەملەر «دۇ-

زاخ»تا ياشىسا، ئۇنداقتا، بۇنداق ئىقتىسادىي ئۆسۈش ھەرگىزمۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا باراۋەر بولمايدۇ.

جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانى ئىقتىسادنىڭ سان جەھەتتىكى ئۆسۈش جەريانى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قۇرۇلما ئۆزگىرىشى، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى قاتارلىق تەزەپلەرنىڭ بىر پۈتۈن جەريانىدىن ئىبارەت.

### 3. ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە سىياسىينىڭ دېموكراتىيىلىشىشى

پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئىجتىمائىي ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە باشقا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر كۈنسېرى مۇرەككەپلەشتى، تۈرلۈك پائالىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش بارغانسېرى قويۇقلاشتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئورتاق پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان كېيىنكى جامائە يەنى ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلار بارغانسېرى تەرەققىي قىلىشقا باشلاپ، كىشىلەرنىڭ ئورتاق پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق شەكلىگە ئايلاندى. ئىجتىمائىي پائالىيەت مۇرەككەپ بولغانسېرى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تەرەققىي قىلغانسېرى ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئورگانلارمۇ شۇنچە تەرەققىي قىلىدۇ.

جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا كىشىلەر سىياسىي تەشكىلىي ئورگان بولۇپمۇ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى، دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنى پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى باشقۇرغۇچىسى، ئىجتىمائىي تەرتىپنىڭ ئەڭ ئالىي قوغدىغۇچىسى ۋە پۈتۈن جەمئىيەتتىكى باشقا تۈرلۈك پائالىيەتلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ ئەڭ يۇقىرى تەشكىللىگۈچىسى، جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى سىياسىي تۈزۈمنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا قاراپ راۋاجلىنىشىنى، تېخىمۇ كۆپ جەمئىيەت، ئەزالىرىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىنى، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ سىياسىيغا قاتنىشىش دەرىجىسى ۋە سىياسىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## 4. ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ زامانىۋىلىشىشى

زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا، ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشلەرگە ماسلاشقان ھالدا، پۈتۈن جەمئىيەت ۋە پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى قالاق، نادان، چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن مەدەنىي، ئىلمىي، ساغلام بولغان تۇرمۇش ئۇسۇلىغا يۈرۈلىدۇ، ھازىرقى ھالەتكە شۈكۈر قىلىدىغان، ئۆزگىرىشتىن قورقىدىغان، كونا قائىدە - يوسۇنلارغا ئېسىلىۋالىدىغان قىممەت قارىشى ئاكتىپ، يۇقىرى ئۆرلەيدىغان، ئالغا باسىدىغان روھىي ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ.

ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئادەم ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. بىر جەمئىيەت ياكى دۆلەت زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قەدەم قويۇش جەريانىدا ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولسا، زامانىۋى تۈزۈمنىڭ ياخشى يۈرۈشەلىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس، پسىخولوگىيە ئالىمى ئىنكېرىس (A. InKels) ئەڭ بۇرۇن ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغان. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئۇ دۇنيادى-

كى ئوخشاش بولمىغان ئالتە دۆلەتتە ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ئادەم-نىڭ زامانىۋىلىشىشىنى سىستېمىلىق بايان قىلغان. ئۇنىڭ قارى-شىچە ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئاساسلىقى سۇبيېكتىپ پوزىت-سىيە ۋە ئوبيېكتىپ قىلمىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتە ئىپادى-لىنىدۇ، زامانىۋى تۇزۇم، زامانىۋى تەشكىلىي ئورگان ۋە زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىسىدا ماس ھالدىكى زامانىۋى پەزىلەت تەدرىجىي ھالدا يېتىلىپ چىقىدۇ. ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشى دېگەندە، تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئال-دۇ: زامانىۋى ئادەم چوقۇم تەقدىرچىلىك بىلەن قارىمۇقارشى بولغان ئۇقۇم قارىشىغا ئىگە بولۇشى، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر-نى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشى، يېڭى تۇرمۇش تەجرىبىلىرى-نى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان بولۇشى، خىلمۇخىل ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرگە ھۆرمەت قىلالايدىغان ھەم ئۇ پىكىرلەر توغرىسىدا ئويلىنىپ كۆرۈشنى خالايدىغان بولۇشى، يېڭى بىلىم ۋە ئۇچۇرلارنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىگىلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇشى، ۋاقىتقا رىئايە قىلىشى، ۋاقىتنى قەدىرلى-شى، نىسبەتەن كۈچلۈك ۋاقىت كۆزقارىشىغا ئىگە بولۇشى، مەيلى ئاممىۋى تۇرمۇش، ياكى شەخسىي تۇرمۇشتا بولسۇن، پىلان بىلەن ئىش قىلىدىغان بولۇشى، ئەقلىي ئىشەنچ ئاساسىدا ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە ئىشىنىشى، مەخسۇس تېخنىكا ۋە ئادىل تەقسىماتقا ئەھمىيەت بېرىشى، نىسبەتەن يۇقىرى بولغان تەربىيە-لىنىش ۋە كەسىپ ئۆگىنىش ئارزۇسىغا ئىگە بولۇشى، ئومۇم-لۇق كۆزقارىشىغا ئىگە بولۇشى، كىشىلەرگە شەخسىي ئالاھىدى-لىكى تۈپەيلىدىن ئوخشاش بولمىغان مۇئامىلىدە بولماسلىق،

تۇرمۇشقا تەھلىلى پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش، مەسىلە ۋە زىددىيەتلەرگە يولۇققاندا ئۆزىنى قاچۇرماسلىق، ئەكسىچە ئاكتىپلىق بىلەن ھەل قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇش قاتارلىقلار.

زامانىۋى ئادەمنىڭ يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى قۇرۇق-تىن - قۇرۇق بارلىققا كەلمەيدۇ. ئۇلار زامانىۋى تۈزۈم ۋە زامانىۋى تەشكىلىي ئورگانلارنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كىشىلەرنىڭ زامانىۋى تۈزۈم ۋە زامانىۋى تەشكىلىي ئورگانلاردىكى كەچۈرمىشلىرى يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. زامانىۋى زاۋۇت، زامانىۋى مەكتەپ، زامانىۋى تارقىتىش ۋاستىلىرى زامانىۋى شەھەر تۇرمۇشى قاتارلىقلار ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشى توغما بولمايدۇ. مەلۇم بىر مىللەت ياكى مەلۇم بىر جەمئىيەتكىلا خاس بولۇشى ئېھتىمال مۇمكىن ئەمەس؛ ئادەمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تەربىيىلىنىشى ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا قارىتا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىراق بۇنداق تەسىر ھەل قىلغۇچ رول ئوينىمايدۇ. ئادەم زامانىۋى ۋە زامانىۋى تەشكىلىي ئورگان ياكى زامانىۋى ئىجتىمائىي قۇرۇلما شارائىتىدا، تەدرىجىي ماسلىشىش ۋە ئۆگىنىش جەريانى ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئالاھىدە ماھىيەتنى شەكىللەندۇرگەن. جەمئىيەتنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئوخشاش بولمىغاچقا جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولى ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ، ئادەمنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىمۇ مەلۇم پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

# ئۈچىنچى پاراگراف تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئالاھىدىلىكى

## 1. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشىنىڭ تارىخىي شارائىتلىرى

دۇنيادا مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش بۇ دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قەدەم قويغان ۋاقتىنىكى چىقىش نۇقتىسى، ئۇلار يۈزلەنگەن تارىخىي شارائىت تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

ئالدى بىلەن، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىسى بولغان. جاھانگىرلارنىڭ بۇ دۆلەتلەردىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى گەرچە بۇ دۆلەتلەرگە مۇئەييەن زامانىۋى ئىگىلىك ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئەڭ ئاساسلىقى بۇ دۆلەتلەرنىڭ تەبىئىي تارىخىي تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. پەقەت زور مىقداردىكى بايلىقلارنى تالان ـ تاراج قىلىپلا قالماستىن، يەنە تېخى ئۇلارغا ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي، سىياسىي، مىللىي بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئاندىن قالسا، ئۇزاق مۇددەتلىك مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى ۋە شۇ دۆلەتلەردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئېزىشى تۈپەيلىدىن، بۇ دۆلەتلەر سىيا-
سىي مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ زامانىۋىلىششقا قەدەم قويغاندا،
ئاساسىي جەھەتتىن ئىنتايىن نامرات، قالاق ھالەتكە چۈشۈپ
قالغان. بۇ دۆلەتلەردە زامانىۋى سانائەت ئاساسى ئاجىز، سىيا-
سىي جەھەتتە چىرىكلەشكەن، ساۋاتسىزلىق ئومۇملاشقان، خەلق-
نىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، ئۇلاردا نۇرغۇن جەھەت-
لەردىن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن غايەت زور پەرق مەۋجۇت
بولۇپ تۇرماقتا.

كاپىتالىزمنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىي سىستېمىسى شەكىللە-
نىپ، يەرشارى خاراكتېرلىك جەمئىيەتمۇ تەدرىجىي شەكىللەن-
مەكتە. شۇڭا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر تارىخىي ۋە رېئال
خەلقئارا مۇھىتتا باشتىن - ئاخىر پايدىسىز ئورۇندا تۇرماقتا.
ئۇلار پەقەت دۇنيا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ۋە خەلقئارا ئىش تەق-
سىماتىدا باراۋەر بولمىغان ئورۇندا تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى
يەنە سىياسىي مۇستەقىللىقنى ساقلاش ۋە مۇقىملىقنى قوغداش
جەھەتتىمۇ غايەت زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلمەكتە.

مۇشۇنداق ئالاھىدە تارىخىي تەقەززا قىلىنغۇچى شەرتلەر
تۈپەيلىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش
باسقۇچى بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

## 2. مەقسەتلىك، پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان «سەكرەش» شەكلىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئادەتتە تەرەققىي تاپقان دۆلەت-
لەر بىلەن بولغان كۈچلۈك سېلىشتۇرما ئىچىدە، بولۇپمۇ جاھان-
گىرلار ئۆز دۆلىتىگە تاڭغان خىلمۇخىل تەڭ باراۋەرسىز مۇناسى-
ۋەت ھەمدە ھاقارەتلىك مۇستەملىكە تارىخىي كەچۈرمىشلىرى
جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ قالاقلىقى ۋە نامراتلىقىنى ھېس قىلغان،
شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىرادىسىگە كەل-

گەن. ئۆز دۆلىتىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش نىشانىنى بەلگىلىگەن. بۇ خىل مەقسەتلىك زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانى ئادەتتە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى ۋە تەرەققىيات يولىنى ئەينەك قىلىش ھەتتا دوراش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئەينەك قىلىش زۆرۈر. بىراق، نوقۇل ھالدىكى دوراش شۇ دۆلەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ.

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەينەك قىلىش ۋە دوراش ئىمكانىيىتى بولغاچقا، ئۇلار تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بېسىپ ئۆتكەن بەزى باسقۇچلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە يېتىشىۋېلىش ھەتتا ئېشىپ كېتىش مەقسىتى بولىدۇ. «سەكرەش» بىر خىل ئۆز مىللىتىنى تېزرەك قۇدرەت تاپقۇزۇش، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش، ئۆز دۆلىتى خەلقىنى نامراتلىق ھالىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ھەم بېيىتىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك ئارزۇنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، «سەكرەش» تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئادەتتە مەلۇم دەرىجىدە پىلان تۈزۈش ئارقىلىق جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. چۈنكى، پەقەت مەلۇم پىلان ئارقىلىقلا دۆلەت ئىچىدىكى بايلىق، چەكلىك مالىيە كۈچى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۈنۈملۈك تەشكىللىنىپ، ئالدىن ئەڭ زۆرۈر ۋە ئەڭ پايدىلىق تەرەققىياتقا ئىگە بولغىلى ھەم بۇ خىل تەرەققىياتنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

## 3. چەت ئەلنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى ۋە تەرەققىيات ئەندىزىسىنى كىرگۈزۈش ۋە قوبۇل قىلىش

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانى ئادەتتە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان كۈچلۈك سېلىشتۇرما ئىچىدە پەيدا بولغان ۋە قوزغالغان بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىرتقى مۇھىت تەرىپىدىن قوزغىتىلغان ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈلگەن بولىدۇ. 19 - ئەسىردە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانى بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ توپلىمىسى. شۇڭا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانىدا، مۇستەسناسىز ھالدا سىرتتىن تۈرلۈك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئامىللىرىنى يەنى ئىقتىسادىي ئەندىزە، ئىجتىمائىي قىممەت قارىشى، تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى، پەن - تېخنىكا قاتارلىقلارنى كىرگۈزىدۇ. يات مەدەنىيەت ۋە سىرتقى ئەندىزىلەرنىڭ كىرگۈزۈلۈشى نۇرغۇن ئالاھىدە تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىرىنچى، سىرتقى ئامىللارنىڭ كىرگۈزۈلۈشى مۇستەسناسىز ھالدا شۇ دۆلەت جەمئىيىتىدە ئەسلىدە بار بولغان ئەنئەنە ئامىللىرى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسى بىلەن قارىمۇقارشىلىق پەيدا قىلىدۇ، نۇرغۇن ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىككىنچى، بۇ خىل سىرتقى ئامىلنى ئاساس قىلىپ قوزغالغان زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانى جەمئىيەتنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي قۇرۇلما مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پارچىلىنىشى ياكى قايتىدىن تەشكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا بۇ دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىغا قارىغاندا مۇقىمسىزلىق بەكرەك ئىپادىلىنىدۇ. مۇقىمسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللار بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى ئىج-

تىمائىي كۈچلەردىن كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا بەك ئالدىراپ كەتكەن ئىجتىمائىي كۈچلەر-نىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ماسلىشىپ تەرەققىي قىلىشىنى بۇزۇ-شىدىن كېلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ «نەمۇنىلىك تەسىرى» غايەت زور ئىجتىمائىي بېسىم پەيدا قى-لىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ نورمال، مۇقىم تەرەققى-ياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. بىر تەرەپتىن شۇ دۆلەت خەلقىدە يۇقىرى ئۈمىد، تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە بەرداشلىق بېرىش كۈچىدىن ھالقىغان جىددىيلىك پسىخىكىسى پەيدا قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنى كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان تاكتىكا تۇزۇشكە مەجبۇر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلاننىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مۇمكىن بولمىغاچقا، سىياسىي قالايمىقانچىلىق ۋە ئىجتىمائىي داۋالغۇش كېلىپ چىقىدۇ.

## 4. «ئىككى مەنبە»لىك جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى

ئىككى مەنبەلىك ئىجتىمائىي قۇرۇلما دېگىنىمىز، پۈتكۈل ئىجتىمائىي قۇرۇلما سىستېمىسىدا بىرلا ۋاقىتتا نىسبەتەن زاما-نىۋىلاشقان شەھەر جەمئىيىتى بىلەن غەيرىي زامانىۋى يېزا جەم-ئىيىتىنىڭ روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «ئىككى مەنبەلىك قۇرۇلما تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىمۇ مەۋجۇت، بىراق دائىرىسى ناھايىتى تار. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە «ئىككى مەنبە»لىك ئىجتىمائىي قۇرۇلما پەقەت ئىقتىسادىي جەھەتتىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماس-تىن، بەلكى يەنە ئىجتىمائىي سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىدىيە - مەدەنىيەت قاتارلىق تەرەپلەرگىچە سىڭگەن بولىدۇ.

ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناسلار لويىس بۇنداق ئالاھىدىلىكنى ئوبىرازلىق بايان قىلىپ: بىز كانچىلىق ۋە مېتاللورگىيىگە ئوخشاش يۇقىرى دەرىجىدە كاپىتاللاشقان سانائەت بىلەن ئەڭ قالاق ئىپتىدائىي تېخنىكىنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئاز ساندىكى ئالىي دەرىجىلىك ماگىزىنلارنىڭ ئەتراپىنى كونا شەكىلدىكى دۇكانلارنىڭ ئوراپ تۇرغانلىقىنى، يۇقىرى دەرىجىدە كاپىتالىزم شەكلىنى ئالغان ئېكىنزارلىقلارنىڭ ئەتراپىنى دېھقانلارنىڭ پايانسىز ئېتىزلىرىنىڭ ئوراپ تۇرغانلىقىنى، ئاز ساندىكى غەربچە تەربىيە كۆرگەن، غەربچە سۆزلىيەلەيدىغان، بىتخوۋېن، ماركس ياكى ئېينىشتېيىنغا چوقۇنىدىغان كىشىلەرنىڭ بۇ جەمئىيەتكە ئىنتايىن ماس كەلمەيدىغان كىشىلەر بىلەن بىللە ياشاۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق دەيدۇ. غايەت زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ياساۋاتقان، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، «ئىككى مەنبە»لىك ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ساقلىنىش قىيىن. كونترول قىلغىلى بولىدىغان زىددىيەت دائىرىسىدە، «ئىككى مەنبە»لىك ئىجتىمائىي قۇرۇلما زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسىگە پايدىلىق ياكى ئۇنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىراق، ئېغىر ئىجتىمائىي توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن. بولۇپمۇ نىسبەتەن قالاق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان «ئىككى مەنبە» ئىچىدىكى جەمئىيەت ئەزالىرى پۈتۈن جەمئىيەتكە قارىتا كۈچلۈك نارازىلىق ۋە قارشىلىق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن. قانداق قىلىپ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى چىقىش قىلىپ، ئاكتىپ ھەم ئىجادچانلىق بىلەن «ئىككى مەنبە»لىك ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىنى ماسلاشتۇرۇش ھالقىلىق مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# تۆتىنچى پاراگراف ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولى

## 1. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش تارىخى

1949 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا ماۋزېدۇڭ پۈتۈن دۇنياغا: «جۇڭگو يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت سۈپىتىدە دۇنياغا تونۇلىدۇ» دەپ جاكارلىغانىدى. 1954 - يىلى 9 - ئايدا 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 1 - قېتىملىق ئومۇمىي ۋەكىللەر يىغىنىدا ماۋزېدۇڭ يەنە: «بىرنەچچە بەش يىللىق پىلان ئىچىدە جۇڭگونى سانائەتلەشكەن، يۈكسەك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئۇلۇغ دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. 1958 - يىلى پارتىيە 8 - قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى «تېزلىك بىلەن دۆلىتىمىزنى زامانىۋى سانائەتكە، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە، زامانىۋى پەن - تېخنىكىغا ئىگە ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش»قا سەپەرۋەر قىلىنىدى. گەرچە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسى سوتسىيالىزمنىڭ تارىخىي باسقۇچىدا بىرنەچچە قېتىم بۇرمىلانغان ھەتتا ئۈزۈپ قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق خەلقنىڭ ئىرادىسىنى، مىللەتنىڭ ئىرادىسىنى ھەرقانداق كۈچ توسۇپ قالالىدى. 1982 - يىلى 9 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 12 - قۇرۇلتىيىدا يەنە بىر قېتىم: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى باش ۋەزىپىسى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دۆلىتىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسىتىلدى. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخ ئېقىمىغا ئايلاندى.

دۆلىتىمىز ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك قەدىمىي دۆلەت، نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخ ئەنئەنىسى غايەت زور تەسىر كۆچىگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، دۆلىتىمىز يەنە نوپۇسى كۆپ چوڭ دۆلەت دۇنيا نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان نوپۇس ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات پەرقى چوڭ بولغان زېمىنغا تارقالغان. نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ قاششاقلىقى يېقىنقى زاماندىن بۇيان ئېلىمىز جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى دۇنيادىكى ئىلغار دۆلەتلەردىن زور دەرىجىدە ئارقىدا قويدى. نامرات، قالاق ھالەتتىكى چوڭ دۆلەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغان يېرىم ئەسىردىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. بۇ دۆلىتىمىز كەلگۈسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تارىخىي ئالدىنقى شەرتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

1979 - يىلىدىن بۇيان، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ باشلىنىشى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى يەنە يېڭى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش» ھازىرقى دەۋرنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئايلاندى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى مەركەز قىلغان ئومۇم-

يۇزلۇك تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش زۆرۈر. سوتسىيا-لىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئۈمىدى ئىسلاھاتتا. ئىسلاھات سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۇ-رۇلۇشى كېرەك. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئىسلاھات — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇقەر-رەر يولىدۇر.

## 2. ئېلىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى

1) پەقەت ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن سوتسىيا-لىزمنىڭ تارىخىي تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقىلى بولىدۇ

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قۇرۇلغان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئەينەك قىلىپ، ھوقۇق يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە بەرپا قىلدى. بۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى دۆلەت بارلىق ئىج-تىمائىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ تەشكىللىگۈچىسى، رەھ-بەرلىك قىلغۇچىسى، دۆلەت مەمۇرىي بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى پىلان ئارقىلىق كارخانىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىنى بىۋاسىتە كونترول قىلىدۇ. كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلى-رىنى كونكرېت بەلگىلەيدۇ. بۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ ئورنىتىلىشى مىللىي ئىگىلىكنىڭ تېز سۈرئەتتە ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلى-نىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى. مىللىي ئىگىلىكنى بىر مەزگىل ئىچىدە يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇردى. بىراق، 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، بۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ نۇقسان-لىرى بارغانسېرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر-نىڭ ئىقتىسادىدا تۆۋەنلەش كۆرۈلدى. بۇ نۇقسانلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

www.uyghurkitap.com

دۆلەت ھوقۇقى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن بۇيرۇق شەكلىدىكى پىلان ئارقىلىق ئىقتىسادنى باشقۇرغانلىقتىن، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانا ئايرىلمىدى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشقا سەل قارالدى، قىممەت قانۇنىيىتى ۋە بازارنىڭ رولىغا ئېتىبار بېرىلمىدى، ماددىي مەنپەئەت پرىنسىپى ئىنكار قىلىندى. كارخانىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى تارتىۋېلىنىپ، كارخانا ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقى، تەشەببۇسكارلىقى قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ خىل قاتمال تۈزۈلمىنى دەۋر قىلغان ھالدا بىر قاتار سىياسىي، پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ۋە قاتمال، يېرىم قاتمال ھالەتتىكى ئىدىيىۋى ئۇسۇل ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى شەكىللىنىپ، ئەسلىدە ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تاشقان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى زور دەرىجىدە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويدى. كەڭ كۆلەملىك مۇھاكىمە ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ پەقەت ئىسلاھات ئارقىلىق يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قاتمال ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلغاندىلا ئاندىن سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى يۇقىرى سۈرئەتتە ئالغا قاراپ راۋاجلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

سوتسىيالىزمنىڭ تۈپكى ۋەزىپىسى تېخىمۇ تېز سۈرئەت، تېخىمۇ يۇقىرى ئۈنۈمدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئۆسۈۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرىمىزكى، بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى،

سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك ئامىللار ئوتتۇرىسىدا كېـ
لىپ چىققان تۈرلۈك ماسلىشالماسلىقلار، ئۇيغۇنلاشمىغان مۇنا-
سىۋەتلەرنى تەڭشەش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر-
قايسى تەرەپلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلاشتۇرۇش، سوتسىيالىس-
تىك ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ھەقىقىي ئىلگىرى
سۈرەلەيدىغان جانلىق ۋە ھاياتىي كۈچكە باي تۈزۈلمە بەرپا قىلىش-
تىن ئىبارەت. ئىسلاھات بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش ئوتتۇرىسىدا لوگىكىلىق باغلىنىش مەۋجۇت.

2) پەقەت ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن تەشەببۇسكار-
لىق بىلەن ئۇنۇملۇك ھالدا يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ خىرىسى-
نى كۈتۈۋالغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە دۇنيا مىقياسىدا يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابى كۆتۈرۈل-
مەكتە. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش
قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن ھەم بىر خىل پۇرسەت، شۇنىڭ بىلەن
بىرگە كۈچلۈك خىرىس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز پەن -
تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئالاھىدە ئەھمى-
يىتىگە سەل قارىساق، پۇرسەتنى تۇتمىساق، يېڭى تېخنىكا ئىن-
قىلابىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئاكتىپ كۈتۈۋالمىساق، تارىخىي
پەيتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز. بۇنداق پۇرسەت ۋە خىرىسقا
يەزلەنگەن ئەھۋالدا، بىز ھازىر يولغا قويۇۋاتقان ئىقتىسادىي تۈزۈل-
مىنى، پەن - تېخنىكا تۈزۈلمىسىنى، مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ۋە
ئىدىيىۋى ئۇسۇلىمىزنى ئىسلاھ قىلىشنى تېزلىتىشىمىز. دۆلى-
تىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئەڭ يېڭى پەن - تېخنىكا
مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنالاي-
دىغان ئەڭ كۈچلۈك ئىقتىدارغا ئىگە قىلىشىمىز لازىم. پەقەت
شۇنداق قىلغاندىلا، دۆلىتىمىز ئاندىن زامانىۋىلاشتۇرۇش ئېقى-
مىدا دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات سېپىگە قو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇلالايدۇ.

3) پەقەت ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىلا، ئاندىن دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرەلەيدۇ.

دۆلىتىمىز ناھايىتى ئۇزاق بولغان فېئوداللىق جەمئىيەت باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. فېئوداللىق ئەنئەنىلەر ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىۋاتىدۇ، بىز يەنىلا ناھايىتى ئېغىر بولغان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ قالاقلىقى ھەم فېئوداللىق ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەسىرىدىن ئىبارەت يۈكنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىمىز. بۇ كونا، قالاق بولغان تارىخىي ئەنئەنىلەرنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلىمىغاندا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىنتايىن قېيىن بولىدۇ. ئەڭ ئاساسلىقى شۇكى، ئۆتكەنكى سوتسىيالىزم دەۋرىدە، تەجرىبىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن، «سول» چىل ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە بىر قىسىم چەت ئەل ئەندىزىلىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بىزدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپى بىلەن ماسلاشمىغان، ئۆلۈك، قاتمال بولغان بىر يۈرۈش ئىقتىسادىي تۈزۈلمە شەكىللەندى. دۆلىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن جەزمەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ مۇقەررەر ھالدا كۆپ تەرەپلەردىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇستقۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىشنى، بارلىق ماس كەلمەيدىغان باشقۇرۇش ئۇسۇلى، پائالىيەت ئۇسۇلى ۋە ئىدىيىۋى ئۇسۇللارنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەقەت مۇشۇ خىل ئۆزلۈكسىز ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان، ئۆز ـ ئۆزىنى يېڭىلايدىغان سوتسىيالىزم تۈزۈمىلا ئاندىن ھەقىقىي ھاياتىي

كۆچكە ئىگە بولىدۇ.

ئىسلاھات - ئىچكىرىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى — جىددىي تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيادا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نىشانغا يېتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئىككىنچى باب

# ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ئىجتىمائىي خىزمەت

جەمئىيەت ئۆز تەرەققىياتى داۋامىدا تۈرلۈك ئامىللارنىڭ گىرەلىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن ئۆزئارا ماسلاشمايدىغان ئىجتىمائىي ھادىسىنى پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇنىڭغا سەل قارىساق، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويىمىز. شۇڭلاشقا ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنىڭ مۇھىم مېخانىزمى بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت فونكسىيىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ۋە ئىجتىمائىي خىزمەت سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك.

## بىرىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى

### 1. ئىجتىمائىي كاپالەت چۈشەنچىسى

ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە ئۇنىڭ تۈزۈمى ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەزەلدىنلا بار بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى چوڭقۇر

ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي مەنبەگە ئىگە. شۇڭا جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتلىرىنى تەخسىملەش تۈزۈمى ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر تەركىب سۈپىتىدە تۇرغۇزۇلغان ئىجتىمائىي كاپالەت بىر تارىخىي كاتېگورىيە ھېسابلىنىدۇ.

1935 ـ يىلى ئامېرىكا پارلامېنتى «ئىجتىمائىي كاپالەت قانۇنى»نى تۈزۈپ چىقىپ، تۇنجى قېتىم ئىجتىمائىي كاپالەت ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىجتىمائىي كاپالەت مەسىلىسى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنىپ، كەڭ دائىرىلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ مەزمۇنى ۋە كاتېگورىيىسى دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، قىممەت قارىشى، مىللىي ئالاھىدىلىكى قاتارلىق ئامىللارغا باغلىق بولغاچقا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بۇ ئۇقۇمنى قوللىنىشى ۋە چۈشىنىشىدە مۇئەييەن پەرق مەۋجۇت. چۈنكى، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى ئادەتتە پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى كاپالەتلىك قىلىش ۋە پۇقرالارنىڭ مائارىپ جەھەتتە تەربىيىلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق تەرەپلەرگە تاقىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، ئىجتىمائىي كاپالەت — دۆلەتنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، خەلق ئىگىلىكى كىرىمىنى تەقسىملەش ۋە قايتا تەقسىملەش ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىر خىل تۈزۈم ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە ئىجتىمائىي نەپىقە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن تىببىي داۋالىنىش ۋە ساقلىقنى ساقلاش، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ مۇھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەركىبىي قىسمىگە كىرىدۇ. لېكىن بەزىلەر، ئىجتىمائىي كاپالەت بىلەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، نەپىقە بېرىش قاتارلىقلار ئوخشاش قاتلامدىكى ئۇقۇم بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى دەپ قارايدۇ.

ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەتكە بەرگەن تەبىرى ئوخشاش ئەمەس، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي كاپالەت بىلەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، ئىجتىمائىي ياردەم، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىرقەدەر ئېنىق بولغان بىردەك كۆزقاراش يوق. لېكىن بىرقەدەر ئومۇمىي بولغان كۆز قاراش ئەنگىلىيىلىك مەشھۇر پاراۋانلىق مۇتەخەسسىسى ۋىليام، ھېنرى بىۋىرىچنىڭ (1879—1963) خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان كۆزقارىشى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي كاپالەت ھۆكۈمەتنىڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ كىرىمىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشسىز قالغاندا، ئاغرىپ قالغاندا، مېيىپلەنگەندە، پېنسىيىگە چىققاندا شۇنداقلا ئۆلۈپ كېتىپ مائاشى توختاپ قالغاندا ئەڭ ئاددىي ئۆلچەمدىكى تۇرمۇش كىرىمىدىن بەھرىمەن بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە، ئىشسىزلارغا قوللىنىلىدىغان تەدبىر ئۇلارنىڭ كىرىمى توختاپ قالغانلىق مەسىلىسىنى تېزرەك ھەل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن يەنى قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكلەش، تەربىيىلەشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ بىر تەسۋىر خاراكتېرىدىكى تەبىر بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەتى ئىشچى، ئەمگەكچىلەر دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، باشقا

قاتلامدىكى بىر قىسىم ئىجتىمائىي جامائەتلەرگە كېڭىيىپ بول-
دى. شۇڭا ئىجتىمائىي كاپالەت ئۇقۇمىنىڭ ھەجىمىنى يەنىمۇ
ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەجرىبە قاتلىمىدا تۇرۇپ بېكىتىشكە توغرا
كېلىدۇ. ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى ئىككى تۈرنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ.

بىرىنچى، سۇغۇرتا خاراكتېرىدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت،
ئادەتتە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياكى دۆلەت سۇغۇرتىسى دەپمۇ ئاتى-
لىدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن قانۇن تۈزۈش ئارقىلىق
يۈرگۈزۈلىدىغان، ئاساسەن مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى پرىنسىپ-
لار ئاساسىدىكى سۇغۇرتا تۈزۈمى بولۇپ، ياشانغانلار سۇغۇرتى-
سى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش سۇ-
غۇرتىسى، تۇغۇت سۇغۇرتىسى ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى قاتار-
لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سۇغۇرتا ئوبيېكتى ئىش ئورنىدىكى
ئەمگەكچىلەر، شۇڭا ئۇ ئەمگەك سۇغۇرتىسى خاراكتېرىدە بو-
لۇپ، سۇغۇرتىنىڭ مەزمۇنى ۋاقىتلىق ياكى مەڭگۈلۈك ھالدا
ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ھەمدە ۋاقتىنچە خىزمىتىنى
يوقاتقان ھادىسىلەرگە قارىتىلىدۇ.

ئىجتىمائىي سۇغۇرتا بىلەن سودا سۇغۇرتىسى ئوخشاشلا مە-
لۇم بىر خىل خەۋپ - خەتىرى بولغان ئىش تۈرلىرىگە قارىتىلغان
كەسپىي خىزمەت بولۇپ، مەبلەغ تەڭپۇڭلۇقىدا ئوخشاشلا چوڭ
سان پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىغاچقا، ئىككىلىسىلا «سۇغۇرتا»
كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقىمۇ خېلى
چوڭ. (1) سودا خاراكتېرىدىكى سۇغۇرتا پايدا ئېلىشنى مەقسەت
قىلىدۇ. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا بولسا پايدا ئېلىشنى كۆزلىمەيدۇ،
ئۇنىڭ مەقسىتى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاساسىي كىرىمىگە كاپالەتلىك
قىلىشتىن ئىبارەت. (2) سودا خاراكتېرىدىكى سۇغۇرتىنىڭ
مەبلىغىنى پۈتۈنلەي سوغۇرتىغا قاتناشقۇچىلار تاپشۇرغان سۇغۇرتا
ھەققىگە تايىنىدۇ. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا بولسا سۇغۇرتىغا قاتناش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوچىلار تاپشۇرغان ھەققىدىن باشقا، يەنە ھۆكۈمەت مالىيىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى قوللىشىغا تايىنىدۇ. مەسىلەن، بىر قىسىم دۆلەتلەردە ياشانغانلار سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققىنىڭ 1/3 قىسمىنى ھۆكۈمەت ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. (3) سودا خاراكتېرىدىكى سۇغۇرتىغا پەقەت ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قاتنىشىدۇ. ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى بولسا دۆلەت ئارىلىشىپ تەشكىللەيدۇ ۋە باشقۇرىدۇ.

ئىككىنچى، سۇغۇرتا خاراكتېرى بولمىغان كىرىم پاراۋانلىقى مەسىلەن، نۇرغۇن دۆلەتلەردە قۇرامىغا يەتمىگەنلەر، ئىگە - چاقىسى يوق تۇل خوتۇن، سالتاڭ ئەرلەر، ئېغىر ئاياغ ئاياللار، مېيىپ ھەربىيلەر ۋە ئۆلۈپ كەتكەن ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى قاتارلىق كىشىلەرگە قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئاجرىتىدۇ ھەمدە تۇرمۇش سەۋىيىسى نامراتلىق سىزىقىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەر ۋە ئائىلىلەرگە قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىدۇ. بۇ خىل پاراۋانلىق بىلەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنىڭ ئورتاق يېرى شۇكى، بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ئاساسىي كىرىمىگە كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە دۆلەت ئوتتۇرىغا چىقىپ تەشكىللەشتىن ئىبارەت. لېكىن بۇ ئىككىسى يەنە زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، سۇغۇرتا خاراكتېرى بولمىغان ئىجتىمائىي كاپالەتنى پۈتۈنلەي دۆلەت مالىيىسى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ، مەنپەئەتدار بولغۇچىنىڭ ھەق تاپشۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئوبيېكتى دائىم دېگۈدەك ئىقتىدارى ئاجىز بولغان بىر قىسىم كىشىلەر بولۇپ، ئادەتتە ئۇلارنىڭ سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرۇشقا قۇربى يەتمەيدۇ.

سۇغۇرتا خاراكتېرى بولمىغان كىرىم پاراۋانلىقىنى يەنىمۇ پەرقلەندۈرۈپ، ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرىنچى تۈر، ئۆسمۈر باللار، ئېغىر ئاياغ ئاياللار، ئىگە - چاقىسى يوق ئاتا - ئانىلار، مېيىپ ھەربىيلەر، ئۆلۈپ كەتكەن ھەربىيلەرنىڭ

ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى قاتارلىق كىشىلەرگە بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇل بولۇپ، بۇنىڭ پرىنسىپى ئۆلارنىڭ نامرات ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش. ئىككىنچى تۈرى، نامرات ھالەتكە چۈشۈپ قالغان شەخسلەر ياكى ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش. نامراتلىق ياردىمى ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چەك سىزىقى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى بىلەن ئىجتىمائىي كاپالىتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۈرلەردىكى پاراۋانلىقى مەلۇم ئۆلچەمدىكى تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يەتمىگەن چاغدا، بۇ خىل كىشىلەر ئەڭ ئاخىرقى چەك سىزىقىنىڭ بۇ خىل ھىمايىسىگە ئىگە بولىدۇ.

تەجرىبە ئاساسىدىكى تەبىرنىڭ يۇقىرىقى مەزمۇنىنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ مۇنداق بىر قىسىم خاراكتېرىنى بىلەلەيمىز: (1) ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش بولۇپ، بۇ خىل خاراكتېر ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ تۈپكى خاراكتېرى ھېسابلىنىدۇ. (2) ئىجتىمائىي كاپالەت مەلۇم بىر خىل ماددىي نەرسە ياكى مۇلازىمەت شەكلىدىكى بېرىلىدىغان ياردەم ئەمەس، بەلكى كىرىم شەكلىدە تەمىنلىنىدىغان قۇتقۇزۇش ياردىمى ھېسابلىنىدۇ. (3) ئىجتىمائىي كاپالەت دۆلەت ھەرىكىتى بولۇپ، ئادەتتە قانۇن ئارقىلىق بېكىتىلگەن تۈزۈم ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ئايرىم شەخسلەرنىڭ قىسمەن، تاسادىپىي ھالدا ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى ئەمەس. ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرى ئۇنى ئەنئەنىۋى خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىدىن ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش ھەرىكىتىدىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

ئىجتىمائىي كاپالەت ئۇقۇمىنى تار مەنىدە ۋە كەڭ مەنىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ، لېكىن بۇ ئىككىسىنىڭ ئاساسىي پەرقىمۇ «ئاساسىي ئېھتىياج»نى قانداق چۈشىنىشتە. نۇرغۇن كىشىلەر

ئاساسي ئېھتىياج يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئائىلە بىساتلىرى قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى يەنە سالامەتلىك ئەھۋالىنىمۇ ھەتتا ئولتۇراق ئۆي جەھەتتىكى ئەھۋاللارنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي كاپالەت تېببىي داۋالىنىش كاپالىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ھەتتا ئولتۇراق ئۆي پاراۋانلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن بۇ خىل كۆزقاراشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ خىل كەڭ مەنىدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت ئۇقۇمى غەرب دۆلەتلىرىدىمۇ ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردە خېلى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدا مۇشۇ مەنىدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت ئۇقۇمى كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

تەرەققىي تاپقان ئەللەر بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت ئۇقۇمىنى ئىشلىتىشتىكى پەرق، ئاساسەن مۇشۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ۋە غەربتىكى پاراۋانلىق دۆلەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تېببىي مۇلازىمەت، ئولتۇراق ئۆي پاراۋانلىقى ۋە شەخسىي پاراۋانلىق مۇلازىمىتىنىڭ ئاللىقاچان ئىشقا ئاشقانلىقىدا بولۇۋاتىدۇ. ماددىي نەرسە ۋە مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى پاراۋانلىق بىلەن كىرىم خاراكتېرىدىكى پاراۋانلىق ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەن پەرق بولغاچقا، ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا تېببىي داۋالاش مۇلازىمىتى ۋە شەخسىي مۇلازىمەتنىڭ خىزمەت مىقدارى زور. بۇ كەسىپتە شۇغۇللىنىدىغان خادىملار كۆپ بولغاچقا، بۇ خىل پاراۋانلىق بىلەن كىرىم خاراكتېرىدىكى پاراۋانلىقنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار تار مەنىدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت ئۇقۇمىنى ئىشلىتىدۇ. دىنامىكىلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، كەڭ مەنىدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت ئۇقۇمىنى ئىجتىمائىي

كاپالەتنىڭ شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلمىگەن باسقۇچتا قول- لىنىشقا باب كېلىدۇ. تار مەنىدىكى ئىجتىمائىي كاپالەت ئۇقۇمى- نى ئۇنىڭ شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن قوللى- نىشقا بولىدۇ.

ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى ئىجتىمائىي كاپالەت بىلەن ئارىلاش- تۇرۇۋېتىشكە ھەمدە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئۇقۇمىنىڭ ھەجىمى- نى كېڭەيتىۋېتىشكە بولمايدۇ. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە نۇرغۇن كىشى- لەر ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى ئىجتىمائىي كاپالەتكە تەۋە بىر ئۇ- قۇم دەپ قاراپ، مېيىپلار، يېتىم باللار، قېرىلار ساناتورىيىسى قاتارلىقلارنى پاراۋانلىق ھېسابلايدۇ. دېمەك ئۇنىڭ ھەجىمى ناھا- يىتى كىچىك، ئەمما غەرب دۆلەتلىرىدە ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنىڭ ھەجىمى ناھايىتى كەڭ ئۇقۇم بولۇپ، ئىجتىمائىي كاپالەت، تېببىي داۋالاش، ئولتۇراق ئۆي پاراۋانلىقى، شەخسىي مۇلازىمەت ھەتتا مائارىپ پاراۋانلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «پا- راۋانلىق دۆلەتلىرى» تەمىنلىگەن بۇ پاراۋانلىقنىڭ بازار ساھەسى ئىچىدە ئىشقا ئاشقان ئىقتىسادىي پاراۋانلىق بىلەن بولغان مۇھىم پەرقى ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدىكى ئىجتىمائىي قايتا تەقسىمات ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان پاراۋانلىق بولغانلىقىدا. بۇ خىل پاراۋانلىقنىڭ ئىستېمال جەريانى دائىم كونكرېت ئادەم بولىدۇ. جامائەت پاراۋانلىقىدەك ئورتاق ئىستېمال ئەمەس. بۇ خىل مەنىدىكى پاراۋانلىق ئۇقۇمى بىلەن كەڭ مەنىدىكى ئىجتىما- ئىي كاپالەت ئۇقۇمى بىرقەدەر يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىج- تىمائىي كاپالەت ئۇقۇمى بىلەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئۇقۇمىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش كېرەك. غەرب دۆلەتلىرىدە كەڭ مەنىدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق بىلەن تار مىنىدىكى ئىجتى- مائىي كاپالەت تۈزۈمى قوللىنىلىدۇ. لېكىن نۆۋەتتە ئېلىمىزدە ئاساسىي جەھەتتىن بۇنىڭ ئەكسىچە.

## 2. ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

ئىجتىمائىي كاپالەت ئۇقۇمى نەزەرىيە جەھەتتىن كەڭ دائى-
رىلىك ئۇقۇم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىيەت جەريانىدا
ئىنتايىن مول مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ.
ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەردە ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ كونكرېت
مەزمۇنى ئوخشاش بولمايدۇ. ئېلىمىز ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقان-
دا، ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ
7 - بەش يىللىق پىلانىدا ئىجتىمائىي كاپالەتنى تۆۋەندىكىچە تۆت
خىل ئاساسىي مەزمۇنغا بۆلىدۇ.

### 1) ئىجتىمائىي سۇغۇرتا

ئىجتىمائىي سۇغۇرتا — دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ قانۇن شەك-
لى ئارقىلىق ئەمگەكچىلەر ياكى پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ
قېرىش، ئاغرىش، مېيىپلىنىش ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن
ئەمگەك ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ماد-
دىي ياردەم بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش
ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىر خىل كاپالەت تۈزۈمى
ھېسابلىنىدۇ. ئۇ سودا سۇغۇرتىسى بىلەن ئوخشاشمايدۇ.

ئېلىمىز ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىنىڭ ئوبيېكتى، دائىرىسى
ئاساسەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەت-
چىلىرى، دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خىزمەتچى
خادىملىرى ھەمدە شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدى-
كى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلەت ئىگى-
لىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە قارىتا ئەم-
گەك سۇغۇرتىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. دۆلەت ئورگانلىرى،
كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىغا قارىتا داۋالاش،
كېسەل بىلەن دەم ئېلىش، پېنسىيىگە چىقىش قاتارلىق ئۇسۇللار
قوللىنىلىدۇ. شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى
كارخانىلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگىمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدى-

ىكى كارخانىلارنىڭ سوغۇرتا ئۇسۇلىنى تەتبىقلاشقا بولىدۇ. كار-
خانىنىڭ كىرىمگە ئاساسەن ئەمگەك سوغۇرتىسى چارىسىنى مۇۋا-
پىق هالدا قوللىنىشقا بولىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار
ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشچى - خىزمەت-
چىلىرى تۇغۇتتا، خىزمەتتىن چېكىنگەندە، پېنسىيىگە چىققاندا،
كېسەل بولغاندا، مېيىپلەنگەندە، ئۆلگەندە بەلگىلىك ئىجتىمائىي
سوغۇرتا مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ئەمگەك سوغۇرتا
هەققىنى ئاساسەن كارخانا ياكى دۆلەت ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

جۇڭگو ئىجتىمائىي سوغۇرتا تۈزۈمى ئىنتايىن روشەن بول-
غان سوتسىيالىستىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇ دۆلەت ۋە
جەمئىيەتنىڭ ئەمگەكچىلەر بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىغا
بولغان غەمخورلۇقىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەم-
گەك ئىقتىدارىنى يوقاتقاندىن كېيىنكى ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپا-
لەتلىك قىلىپلا قالماستىن، پۇقرالارنىڭ هوقۇق - مەنپەئەتىگە
كاپالەتلىك قىلىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاش، ئىشلەپچى-
قىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينايـ-
دۇ.

2) ئىجتىمائىي پاراۋانلىق

ئىجتىمائىي پاراۋانلىق دۆلەتنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ
كۈندىلىك تۇرمۇش ئىشلىرى ۋە تۇرمۇش يۈكىنى يەڭگىللىتىش،
پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋى-
يىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەمىنلىنىدىغان پاراۋانلىق
تۈرلىرى، پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەتنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ يەنە ئىگە - چاقىسى يوق كىشىلەر،
يېتىم - يېسىرلار، مەجرۇھلار هەمدە قېرىلار، باللار قاتارلىق
جەمئىيەت ئەزالىرىغا قارىتىلغان پاراۋانلىق تۈرى، پاراۋانلىق
ئەسلىھەلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇلازىمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ئالدىنقىسى هەق ئۆلچىمى نىسپىي هالدا تۆۋەن بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى، يەسلى، بالىلار باغچىسى، ساتىراشخانا، مونچا ھەمدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى، ئىش-چىلار ساناتورىيىسى قاتارلىق تورمۇش، مائارىپ، سەھىيە - داۋالاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، يەنە قاتناش، مەدەنىي كۆڭۈل ئې-چىش، تەنتەربىيە قاتارلىق جەھەتلەردىكى پاراۋانلىقنىمۇ ئۆز ئى-چىگە ئالىدۇ. ئەمما جەمئىيەت ئەزالىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ھەرگىزمۇ شەخسىي ئىش ھەققى ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىگە بولىدىغان پاراۋانلىق بولماستىن، بەلكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ياكى باشقا ئىجتىمائىي يوللار ئارقىلىق ئىگە بولىدىغان پاراۋانلىق ھېسابلىنىدۇ. بەزى پاراۋان-لىق پەقەتلا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر تەرەپتىكى چىقى-مىنى ياكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان بولىدۇ. مەسىلەن، سوغاق رايوندىكى ئىشچى - خىز-مەتچىلەرنىڭ ئىسسىنىش پۇلى، شارائىتى جاپالىق رايونلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلىنى يوقلاش يول پۇلى، ئالاھىدە قىيىنچى-لىقتىن قۇتقۇزۇش ياردەم پۇلى قاتارلىقلار. كېيىنكىسى ئاسا-سەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورۇنلىرى، قېرىلار ساناتورىيىسى، ئۆسمۈرلەر پائالىيەت مەركىزى قاتارلىقلارنى قورۇش جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدىغان پاراۋانلىق بولۇپ، ئۇ ياشانغانلار، بالىلار ۋە مەجرۇھلار ئۈچۈن ھەقسىز ياكى سىمۋول خاراكتېرىدە ھەق ئېلىپلا تۇرلۇك ئىجتىمائىي مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

3) ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش

ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش — دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي ئاپەت ياكى باشقا بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ھەمدە غەيرىي سۇبيېك-تىپ ئامىللار تۈپەيلىدىن تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا يولۇققان بىر قىسىم جەمئىيەت ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان ماددىي جەھەتتىكى يار-

دەمنى كۆرسىتىدۇ. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئادەتتە ئائىلىلەرنى ئاساس قىلىدۇ. ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دۆلەت قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ھەقسىز ياردەم بېرىدۇ. ئېلىمىزدە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇشنىڭ ئوبيېكتى ئاساسەن تۇرلۇك ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلاردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئائىلىلەر ۋە كۈتۈلمىگەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋاقتىنچە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغانلار، ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارى يوق، تۇرمۇش كىرىم مەنبەسى بولمىغان قېرى - چۆرىلەر، مەجرۇھلار ھەمدە ئەمگەك كۈچى كەم، كىرىمى تۆۋەن، تۇرمۇشى ئالاھىدە قىيىن بولغان ئائىلىلەر ھېسابلىنىدۇ. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئېلىمىزنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا كىشىلەرنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىندى. لېكىن، ئېلىمىز ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى يېزىلاردا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، تەبىئىي ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا، دېھقانلار تۇرلۇك ئاپەتلەرنىڭ زىيىنىغا كۆپرەك ئۇچراۋاتىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئېلىمىزدىكى نامرات رايونلاردا بولۇپمۇ يېزىلاردا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تۇرلۇك خىزمەت ھېسابلىنىدۇ.

4) ئىجتىمائىي غەمخورلۇق ۋە نەپىقە

ئىجتىمائىي غەمخورلۇق ۋە نەپىقە دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىنقىلابىي قۇربان ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، مېيىپلەنگەن ھەربىيلەرگە، كەسىپ ئالماشقان ھەربىيلەرگە غەمخورلۇق قىلىدىغان، نەپىقە بېرىدىغان ۋە باشقا ماددىي جەھەتتە ئېتىبار بېرىدىغان ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئىلھاملاندۇرىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. ئېلىمىز ھۆكۈمىتى مېيىپ ھەربىيلەرنىڭ

تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلدى. ئىنقىلابىي قۇربان ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا نەپىقە بېرىپ، ھەربىي ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداقلا ئارمىيىنى ھېمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا غەمخورلۇق قىلىشتەك تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ بۇ تۆت تۈرلۈك ئاساسىي مەزمۇنىنى كونكرېت ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆز ئارا پەرقلەندۈرۈش تەسكە توختايدۇ. ئۇلار ئۆز ئارا گىرەلىشىپ، ئورگانىك ھالدا بىرلىشىپ كېتىدۇ ھەمدە ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى ئاساسىي نۇقتا قىلىدۇ. ئېلىمىزدە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا مەيلى دۆلەت، كوللېكتىپ ئۆز ئۈستىگە ئالغان سۇغۇرتا مەسئۇلىيىتى بولسۇن، ياكى پۇل ئامانىتى ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشىش خاراكتېرىدىكى سۇغۇرتا بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە دۆلەت، كوللېكتىپنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ئارا ياردەملىشىش ـ ھەمكارلىشىشىدەك يېڭىچە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئېلىمىزدە ئەزەلدىن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق بىلەن كەسكىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئېلىمىزنىڭ قۇتقۇزۇش ۋە پاراۋانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك ئىشى كۆپ ھاللاردا ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىجتىمائىي غەمخورلۇق ۋە نەپىقىمۇ ئوخشاشلا ئىجتىمائىي پاراۋانلىققا مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمەتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

### 3. ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ رولى

ئىجتىمائىي كاپالەت جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرىدىغان بىر خىل مېخانىزم. جەمئىيەت مۇقىملىقى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ، ئۆز ئارا رول ئوينا-

دۇ. بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمى‐
سى جەمئىيەت ئۈچۈن، دېموكراتىك، ئىناق، مۇقىم بولغان
ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرىدۇ. ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ رولىنى تۆۋەندىكى
بىرقانچە تەرەپلەر بويىچە چۈشىنىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، ھەرقانداق جەمئىيەتتە تەبىئىي ئاپەت، ئىجتىما‐
ئىي ئاپەت ھامان بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن
بىر قىسىم ئادەملەر ۋاقىتلىق ياكى مەڭگۈلۈك ھالدا ئەمگەك
ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. جەمئىيەتتە ھامان تۇغۇلۇش،
قېرىش، ئاغرىش، مېيىپلىنىش، ئۆلۈش بولۇپ تۇرىدۇ. ھەر
قانداق جەمئىيەتتە باشپاناھسىز، يېتىم - يېسىر، مۇساپىر،
نامرات كىشىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق كىشىلەرگە قارىتا
قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىشتە ھەمدە پۈتكۈل جەمئىيەتتە تۇرمۇش
بىخەتەرلىكىنىڭ كاپالىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا جەمئىيەت كۈچلە‐
رىگە تايانماي بولمايدۇ. يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىدە بۇنداق ئىش‐
لار ئاساسەن جەمەت - ئائىلە ۋە قولۇم - قوشنىلارنىڭ ياردىمىگە
تايىناتتى. ئىنسانلار سانائەتلەشكەن جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن
كېيىن، كىشىلەرنىڭ تۇغۇلۇش، قېرىش، ئاغرىش، ئۆلۈش،
يارىلىنىش، مېيىپلىنىش قاتارلىق مەسىلىلىرى بارغانسېرى
جەمئىيەتنىڭ تەسىرىگە ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، ئىج‐
تىمائىي كاپالەتنى جەمئىيەتتىكى مەلۇم بىر تارماق ياكى ئورۇنغا
تايىنىپلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىغا ئاساسەن،
دۆلەت كۈچىگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشلىرىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش ھازىرقى دەۋرنىڭ تەلىپى، ئىنسانلار جەم‐
ئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ قالدى. شۇڭا
دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى
ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي كاپالەت دۆلەتنىڭ قانۇن شەكلى ئارقىلىق بېكىتىلگەن. دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ بىر خىل مەسئۇ- لىيىتى ۋە تۈزۈمى. ئىجتىمائىي كاپالەت — دۆلەتنىڭ پۇقرالار- نىڭ ئەڭ تۆۋەن ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئادا قىلىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل مەسئۇلىيەتنى تۈزۈملەشتۈرگەندە ۋە قانۇنلاشتۇرغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇكەم- مەللىشىشى دۆلەت قانۇنى ئارقىلىق قوغدالغانلىقىنىڭ نەتىجە- سى. دۆلەت قانۇن شەكلى ئارقىلىق سىياسىي جەھەتتە، قانۇنىي جەھەتتە پۇقرالارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ھوقۇقىنى قوغدايدۇ. ھۆكۈمەت بىۋاسىتە ئارىلىشىپ، باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى تە- سىس قىلىپ، قانۇنىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۇنى باشقۇرۇپ تىز- گىنلەيدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي كاپالەت دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ بىر خىل مەسئۇلىيىتى ۋە تۈزۈمى بولۇپ قالغان.

ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي كاپالەت فوندى ئادەتتە بەلگىلىك دەۋردىكى دۆلەت كىرىمىدىن ئاجرىتىلىدۇ. ئۇ دۆلەت كىرىمگە بولغان قايتا تەقسىملەشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. ئىجتىمائىي كاپا- لەت فوندى دۆلەت كىرىمىنى قايتا تەقسىملەش جەريانىدا ئىستې- مال فوندىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ مالىيە خام چوتى ئارقىلىق دۆلەت كىرىمىنى قايتا تەقسىملەشتىن كېلىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي كاپالەتنى ئىقتىسادىي نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇ دۆلەت كىرىمىنى قايتا تەقسىملەشتىن كېلىپ چىققان بىر خىل شەكىل بولۇپ، ئۇ شەھەر بىلەن يېزا، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تۈگىتىدۇ. تۈرلۈك ئەم- گەكچىلەرنىڭ كىرىمى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئازايتىپ، پۇقرا- لارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايـ- دۇ. دېمەك، ئىجتىمائىي كاپالەت جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى

تەكشەپ ۋە تىزگىنلەپ، ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرا-لىشىدىكى مۇھىم پىشاك ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ ئوبيېكتى پۈتكۈل جەمئىي-يەت ئەزالىرى بولۇپمۇ تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ نورمال تۇرمۇشىنى قامداپ كېتەلمەيدىغان كى-شىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي كاپالەت ئادەمگە قارىتىلغان كاپالەت، ئۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئائىلە ئەھۋالىنى شەرت قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئوبيېكتى جەمئىيەت ئەزالىرى ئىچىدىكى قىسمەن كىشىلەر ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي كاپالەتتىن بەھرىمەن بولۇش ھازىرقى زامان دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ھېسابلى-نىدۇ.

بەشىنچى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنىڭ تۈپكى مەقسىتى ئىج-تىمائىي مۇناسىۋەتنى تەكشەش. بۇمۇ ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنىڭ ئاساسىي رولى ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق دۆلەتنىڭ پۇقرالارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش مەس-ئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشلا بولۇپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت ئىجتىمائىي كاپالەت ئارقىلىق جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تۇرلۇك ماددىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەكشەپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى تۇرلۇك زىددىيەتلەرنى پە-سەيتىش، بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئەمىن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا ئىجتىمائىي كاپالەت يەنە «جەمئىيەتنى مۇقىملاشتۇرغۇچى» ۋە «بىخەتەرلىك تورى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى پاراگراف ئىجتىمائىي خىزمەت

## 1. ئىجتىمائىي خىزمەت چۈشەنچىسى

ئىجتىمائىي خىزمەت دېگىنىمىز، ھازىرقى زامان دۆلەتلىرى ۋە باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ جەمئىيەتنى تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۇنىۋېرسال ئىجتىمائىي مۇلازىمەت" بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تەشكىللىي ھەرىكىتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائىي مۇلازىمەت-نىڭ مەقسىتى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي پىسخىكىنى تەڭشەپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدە ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈش، ئىنسانلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق روھى ۋە يوشۇ-رۇن ئىقتىدارىنى قوزغاپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي سىياسەتنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبا-رەت.

نۆۋەتتە ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ خاراكتېرى بىلەن ۋەزىپى-سىگە بولغان تونۇش بىردەك ئەمەس ياكى مۇكەممەل، ئورتاق بولغان تەبىر يوق. ئامېرىكا 1972 ـ يىلى نەشر قىلغان «دۇنيا ئىجتىمائىي پەن ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە، ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ دائىرىسى بىرقۇر تەسۋىرلەنگەن. ئومۇلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا: ئىج-تىمائىي خىزمەتنىڭ نىشانى جەمئىيەتتە زىيانغا ئۇچرىغان شەخس، ئائىلە، ئىجتىمائىي رايون ۋە توپلىشىپ ياشىغۇچىلارنى ئۆز ئىجتىمائىي ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ياردەملىشىپ ھەم شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ۋەيران بولۇشتىن ساقلاپ قېلىش. ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ فونكسىيىسى كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىششىغا ياردەملىشىش ھەم ئىج-تىمائىي تۈزۈمنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت. كەسپىي ئىجتىمائىي

خىزمەتچىلەرنىڭ ۋەزىپىسى ھەر خىل مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قول-
لىنىپ ئاشۇنداق نامرات، كېسەل بولۇش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇ-
رۇلۇش، توقۇنۇش تۈپەيلى شەخسىي ئائىلە ياكى جەمئىيەتنىڭ
بۇلۇنۇشى تۈپەيلىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتا
تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن قىيىنچىلىققا چۈشۈپ قالغان
كىشىلەرگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا
يەنە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سىياستى بىلەن ئىجتىمائىي جەھەتتە
ئالدىنى ئېلىش لايىھىسىنى تۈزۈشكە قاتنىشىدۇ دەپ بايان قى-
لىنغان.

ئىجتىمائىي خىزمەت مۇئەييەن ئىقتىسادىي، سىياسىي تۈ-
زۈمنىڭ قوللىشى ۋە قوغدىشى ئاستىدا قانات يايدۇرۇلىدۇ ھەم
مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۈزۈم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ
فونكسىيىسىنى ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىغا نىسبەتەن تۆۋەن-
دىكىدەك ئىپادىلىگىلى بولىدۇ: ئىجتىمائىي خىزمەت پارتىيە
بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەر-
دىن پايدىلىنىپ، ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش پاراۋانلىق ئىش-
لىرىنى باشقۇرۇش، ئۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ھاياتقا
ماسلىنىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ياكى ماسلىشىشى كەمچىل بول-
غان كىشىلەرگە قارىتا، مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ
ساغلام ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىپ،
جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش. مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ
مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاپ قېلىش.

ئوخشاش بولمىغان تۈزۈمدىكى جەمئىيەتتە ئوخشاش بولمى-
غان تۈزۈمدىكى ئىجتىمائىي خىزمەت بولىدۇ. كاپىتالىستىك
تۈزۈمدىكى ئىجتىمائىي خىزمەت «پاراۋانلىق دۆلەت»، «مۇلا-
زىمەت جەمئىيىتى» دېگەنلەرنى مەنبە قىلىدۇ. قانات يايدۇرغان
خىزمىتى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلغان
بولۇپ، مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ

ئاشۇ بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى، پاراۋانلىق ئەس-لىھەلىرى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي سىيا-سىتى، ئاساسەن ئەمگەكچى بىلەن كاپىتالىستىنىڭ مەنپەئەت توقۇ-نۇشىنى تەڭشەپ، سىنىپىي زىددىيەتنى پەسەيتىپ، ئۇنى مونوپول بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، بۇر-ژۇئازىيىنىڭ ئىسلاھاتچىلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ شۇنداقلا بۇرژۇ-ئازىيىنىڭ غەلىتە شەكىلدە تەرەققىي قىلىشىدەك كېسەللىك ھا-لىتىنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. سوتسىيا-لىزم تۈزۈمىدىكى ئىجتىمائىي خىزمەت بولسا، يۈزەكى قارىغاندا، گەرچە ئوخشاشلا ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇلى بىلەن تېخنىكىسىدا يەنە ئوخشاشلىق بولسىمۇ، ئەمما سوتسىيالىزم تۈزۈمىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ خاراك-تېرى كاپىتالىزم دۆلەتىدىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقتىن، كاپىتا-لىستىك تۈزۈمدىكى ئىجتىمائىي خىزمەت بىلەن ماھىيەتلىك پەر-قى بولىدۇ.

ئىجتىمائىي خىزمەت خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىدىن كەل-گەن. سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان جەمئى-يەتتە، خەير - ساخاۋەت ئىشلىرى بولسا، «كەمبەغەل» لىكنى ئوبيېكت قىلغان بىر خىل قۇتقۇزۇش ئىشى. يەنى كەمبەغەللەر-گە قارىتا پۇل ماددىي قۇتقۇزۇش، ئىلتىپات قىلىش بولۇپ، ئاساسەن كىشىلەرنىڭ ئاجىز، كەمبەغەللەرگە قارىتا بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش ھېسسىياتىدىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي ھەرد-كەت ئىدى.

مەملىكىتىمىزدە، ئىجتىمائىي خىزمەت ئۇزاقتىن بېرى ئۇ-زۇلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان «قەھەتچىلىك سىياسىتى» بولسا بىر خىل دەسلەپكى كۆلەمدىكى ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ مودېلىدۇر، تارىخىي كىتاب-لاردا خاتىرىلىنىشىچە، جۇ سۇلالىسىدە ۋەزىر دەرىجىلىك ئەمەل-

دار تەسىس قىلىنىپ، «خەلق ئالتە تەرەپتىن خاتىرجەملەندۈ-
رۈلگەن: بىرىنچى، بالىلارغا رەھىم قىلىش؛ ئىككىنچى، قېرى-
لارنى بېقىش؛ ئۈچىنچى، كەمبەغەللەرنى يۆلەش؛ تۆتىنچى،
كەمبەغەللەرگە نەپىقە بېرىش؛ بەشىنچى، كېسەلنى داۋالاش؛
ئالتىنچى، بايلارنى خاتىرجەم قىلىش (جۇ ئەدەپ - قائىدىسى،
سىتۇ بابىغا قارالسۇن). مۇشۇ مەزمۇنلار ماھىيەتتە غەربنىڭ
ھازىرقى زاماندىكى بالىلارنى ئاسراش ئىشلىرى، ساقلىقنى ساق-
لاش ئىشلىرى، ئىقتىساد قوغداش ئىشلىرى ھەم كەمبەغەللىك-
تىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرى قاتارلىق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئەسلە-
ھەلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ ۋە مەملىكىتىمىز تارىخىدا ئۆت-
كەن خان سۇلالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆزاق ئىدارە قىلىش، خاتىر-
جەم ھالدا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، ھەم-
مىسىدە قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان.

ئەنگلىيىدە 1500 يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە جەمئىيەتتىكى
ئاغرىق، غېرىب ۋە كەمبەغەل كىشلەرنىڭ ھەممىسىنى، دىنىي
مەھكىمە مەسئۇل بولۇپ قۇتقۇزغان. 1601 - يىلى ئايال پادشاھ
ئېلىزاۋېتا بەلگىلىگەن كەمبەغەللەرنى قۇتقۇزۇش قانۇن لايىھە-
سى، ئەنگلىيىنىڭ قۇتقۇزۇش قانۇنىنىڭ ئاساسىنى سېلىپلا قال-
ماستىن، بەلكى ئامېرىكا، گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق غەرب
دۆلەتلىرىگە قارىتامۇ ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئىنسانلار
جەمئىيىتى تارىخىنىڭ بالدۇرقى مەزگىلىدىكى مۇشۇنداق ئىجتى-
مائىي ئىشلار ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئىشلىرى، مەسلەن،
ياشانغانلارنى بېقىش ئورنى، بوۋاقلارنى بېقىش ئورنى، دارىلئە-
تام، سارائىلار ئورنى، ئاياللارنى قۇتقۇزۇش ئورنى قاتارلىقلار
بىردەك شەخس ياكى كوللېكتىپ تەرىپىدىن يولغا قويۇلغانىدى.

خەيرىيەت ئىشلىرى گەرچە خېلى بالدۇرلا مەۋجۇت بولغان
بولسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائىي خىزمەت (ئىجتىمائىي ئىش) نامىنى
قوللىنىش 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كى ئىش بولۇپ، ئالدى بىلەن گېرمانىيە بىلەن ئامېرىكىدا قوللىنىلغان، كېيىن تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلىپ مۇستەقىل بىر پەن بولۇپ قالدى. بەزى جەمئىيەتشۇناسلار ئىجتىمائىي خىزمەت بىلەن خەيرىيەت ئىشلىرى ۋە ئادەتتىكى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنىڭ روشەن پەرقى بار دەپ قارايدۇ: (1) ئىجتىمائىي خىزمەت جەمئىيەتنىڭ (دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىر خىل مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان خىزمەت بولۇپ، ئاساسەن جەمئىيەت تۇرمۇشقا ماسلىشالمىغان ياكى تىرىكچىلىك ئىقتىدارى ئاجىز ھالەتتىكى جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئوبيېكتى قىلىدۇ. خەير - ساخاۋەت ئىشلىرى بولسا بىر خىل دىنىي ئەقىدە بىلەن بولىدىغان ساۋابلىق ئىش بولۇپ، خەيرىيەتچىلەرنىڭ مۇددىئاسى «ياخشى ئىش قىلىش»، «خەيرىيەتتىن ساۋاب ئېلىش»، «جەننەتكە كىرىش»، «كەلگۈسىگە بەخت يارىتىش ئۇچۇن يول ئېچىش» تىن ئىبارەت مەنىۋى غايىگە يېتىش. شۇڭلاشقا، ئۇلار پەقەت جەمئىيەتتىكى ئاز سانلىق ئادەملەرگە قارىتا تاماق بېرىش، كىيىم بېرىش، مال - مۈلۈك بېرىش قاتارلىق «ساۋابلىق» ئىشلارنىلا ئىشلەيدۇ. (2) ئىجتىمائىي خىزمەت بەزى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي، قاتناش، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئېھتىياجىنى كۆزلەشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئىجتىمائىي كوللېكتىپقا نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. خەيرىيەت ئىشلىرى بولسا، خەيرى - ساخاۋەت قىلغۇچى چىن كۆڭلىدىن پۇل، مال - مۈلۈك ئىئانە قىلىپ، ئۆز ئىئانىسىنىڭ رېئال تەسىرىگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. (3) ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ مۇكەممەل، تەشكىللىك چىڭ بىر يۈرۈش تېخنىكا ۋە چارىسى بولىدۇ ھەمدە باشقا ئورگانلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىشلارنى ھەمكارلىشىپ ئورۇنلىيالايدۇ. (4) ئىجتىمائىي خىزمەت يالغۇزلا پاس-

سىپ ھالدىكى قوتقوزۇش بىلەنلا توختاپ قالماي، تېخىمۇ مۇھىم خىزمىتى يەنىلا ئىشتىن ئاۋۋال ئالدىنى ئالىدۇ. دېمەك، ئىجتىمائىي خىزمەت پاسسىپ ئىجتىمائىي قوتقوزۇش بىلەن ئاكتىپ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. ئەمدى خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىنىڭ دائىرىسى بىرقەدەر تار بولىدۇ. ئاكتىپ ھالدا ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە قىلچىمۇ تاقالمايدۇ.

## 2. ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى ئىجتىمائىي خىزمەتلەر تارىخىيلىق، ئىلمىيلىك جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان دەۋردە ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى دۆلەتلەردە ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ مەزمۇنى ۋە خاراكتېرى مۇئەييەن ئىقتىسادىي - سىياسىي تۈزۈم تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت مائارىپ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بولۇپمۇ جەمئىيەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇقەررەر ياكى تاسادىپىي شەكىلدە تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە ئىجتىمائىي ھادىسە خاراكتېرلىك ئاپەتلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مۇئەييەن ئىقتىسادىي - سىياسىي ئۆزگىرىش داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان زىددىيەتلەر بىلەن مۇئەييەن مائارىپ ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت شارائىتىدا كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى بولىدۇ. دېمەك، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. سوت-

www.uyghurkitap.com

سىيالىستىك تۈزۈم بىلەن كاپىتالىستىك تۈزۈمدىكى ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

1) ئىقتىسادىي بازىسى ئوخشىمايدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي خىزمەت ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساس قىلغان بازىس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆزى ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز خىزمەت قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى تارماق، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، ئاساسىي قاتلام ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، پىلانلىق، سىستېمىلىق ھالدا خىزمەت ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئىجتىمائىي خىزمىتى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ھۆكۈمەت تەرەپتىن باشقۇرۇلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە «خۇسۇسىيلىق»، «تارقاقلىق» ۋە «دىنىي» خاراكتېرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي خىزمەتنى مەيلى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، سىياسىي ساھەدىكى ئەربابلار، جامائەت ئەربابلىرى باشقۇرسۇن، ياكى كارخانىچى كاپىتالىستلار، دىنىي جەمئىيەتلەر باشقۇرسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا كاپىتالىستىك تۈزۈمنى قوغداپ قېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

2) يېتەكچى ئىدىيە ئوخشىمايدۇ. سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي خىزمەت ماركسىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىدۇ. دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزمنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنى تەھلىل قىلىدۇ ۋە تەتبىقلايدۇ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنىڭ پرىنسىپى بويىچە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ ۋە ئالدىنى ئالىدۇ. سوتسىيالىستىك ئېتىكا چۈشەنچىسىنى ئىنسان-

پەرۋەرلىك يېڭى مەزمۇنغا ئىگە قىلىپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە بولغان غەمخورلۇقى ۋە ھۆرمىتى-نى گەۋدىلەندۈردۇ.
كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي خىزمىتىنىڭ يې-تەكچى ئىدىيىسى كۆپ مەنبەلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدا ھازىرقى زا-مان دېموكراتىيىسى ۋە ئىجتىمائىي ئېتىكا قارىشىنىڭ جەمئىيەت تەشكىلىي قۇرۇلمىسىدىكى پرىنسىپ قائىدىلىرى بولىدۇ. جەم-ئىيەت ۋە ئەخلاق پەلسەپىسىنى كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ ئاساسى قىلغان يەنى ئىنسانپەرۋەرلىك تەربىيىدىن نامايان بولغان ئادەمنىڭ قىممىتى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى، ھەققانىيەت، باراۋەر-لىك، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت دېگەنلەرمۇ بولىدۇ شۇنداقلا «كۆ-يۈنۈش» ۋە «دىنىي پەلسەپە»مۇ بولىدۇ.
3) مەقسەت، نىشان ئوخشىمايدۇ. سوتسىيالىستىك ئىجتى-مائىي خىزمەتنىڭ نىشانى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى تۈگىتىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. كاپىتالىستىك جەمئىيەت ئىجتىما-ئىي خىزمىتىنىڭ نىشانى جەمئىيەتتىكى زىيانغا ئۇچراۋاتقان شەخسلەر، ئائىلە، ئىجتىمائىي رايونلار ۋە باشقا ئىجتىمائىي جامائەتلەرگە ياردەم بېرىش؛ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي فونكسىيىسى-نىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ياخشىلىنىشى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت يارىتىپ، ۋەيران بولۇشتىن ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى تۇرمۇش پاراۋانلىقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشنى پەسەيتىپ، كاپىتالىستىك تەرتىپنى ساقلاپ قېلىش.
4) ئالاھىدىلىكى، رولى ئوخشىمايدۇ. سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي خىزمەت ماددىي پاراۋانلىقنى ئاشۇرۇش بىلەن مەنىۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەدەنىيلىكنى، دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىقتىسادىي بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلمىدىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرىدۇ. كاپىتالىستىك جەمئىيەت ئىجتىمائىي خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنىڭ مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇپ، مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇتلەق كەمبەغەللىشىشى ۋە باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ ئالاھىدە كېڭىيىپ كېتىشىنى بەلگىلىك دەرىجىدە توسۇپ، كاپىتالىستىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

### 3. ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى

مەملىكىتىمىزدە ئىجتىمائىي خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، ئۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى، ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانلىق، نىسبەتلىك ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى، يەنە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا مۇۋاپىق ھەل قىلىشتا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتى گەرچە سىنىپلارنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئەمما خەلق ئىچىدە يەنە زور مىقداردا زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇ زىددىيەتلەر ئەگەردە ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىنمىسا، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر پەيدا بولىدۇ ـ دە، شەخسىي بىلەن كوللېكتىپ، شەخسىي بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك بىردەكلىككە بىۋاستە تەسىر قىلىدۇ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچىگە تەسىر قىلىدۇ. مەسىلەن، نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاھالە مەسىلىسى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى، نىكاھ ـ ئائىلە مەسىلىسى، ياشلار مە-

سىلىسى، ئاياللار مەسىلىسى، ئىجتىمائىي ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت مەسىلىسى، تۇرالغۇ جاي مەسىلىسى، ياشانغانلارنى بېقىش مەسىلىسى، شەھەر، يېزا مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ھەمدە زىيالىي-لارنىڭ تەمىنات مەسىلىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. مۇشۇ مەسى-لىلەرنى ھەل قىلىشتا، مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنىڭ يېتەكچى-لىكىدە زور مىقداردىكى ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا، بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر يەر مەيدانى بىپايان كەتكەن دۆلىتىمىزدە، دائىم ساقلانغۇسىز ھالدا سۇ ئاپىتى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتى، مۆلدۈر ئاپىتى، يەر تەۋرەش قاتارلىق ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. تەبىئىي ئاپەت مۇۋاپىق ھەل قىلىنمىسا، ئوخشاشلا ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەتتا جەمئىيەتنىڭ مەلۇم تەرتىپىدىكى ماسلاشماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئاجىزلار، مەسىلەن، مېيىپ ئادەملەر، روھىي كېسەللەر، تۆۋەن ئىقتىدارلىق باللار ھەم بوېتاق ـ سالتاڭ ۋە يېتىم ـ يېسىرلاردىن باشقا يەنە بەزى ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان كىشىلەر بار. ئۇنىڭغا قارىتا مۇۋاپىق قۇتقۇزۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ ھەل قىلىش لازىم.

نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە، ھەم ئومۇ-مىي خاراكتېرلىك (ئورتاقلىق) مەسىلە بار، ھەم ئالاھىدە خا-راكتېرلىك مەسىلە بار. ئالدىنقىسى، مەسىلەن، يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئاھالە، خىزمەتكە ئورۇنلىشىش قاتارلىق مەسىلە-لەر؛ كېيىنكىسى، يۇقىرىدا دېيىلگەن تەبىئىي ئاپەت ۋە بىر قىسىم ئاجىزلاردىن باشقا، يەنە ھەر خىل ئادەملەرنىڭ يەنى باللار، ئۆسمۈرلەر، ياشلار، ئاياللار، ياشانغانلارنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. جەمئىيەت ئومۇمىي خاراكتېر-لىك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق

ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالاھىدە خاراكتېر-
لىك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا قاتتىق ئەھمىيەت بېرىش
كېرەك. تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان ياكى ئۆزگىرىشچان ھالەتتىكى
ئىجتىمائىي ئاجىزلارغا قارىتا تەربىيىلەش، ياردەم بېرىش، ئۆز-
گەرتىش زۆرۈرىيىتىمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنى خۇشال ھالدا ئۆز
كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇ-
رىدىغان قىلىش كېرەك. جەمئىيەت بىر كوللېكتىپ بولۇپ،
مۇشۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ جاراھىتىنى داۋالاپ، ئۇلارنىڭ
ئازابىنى تۈگىتىپ، مۇشۇنداق ئالاھىدە خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي
مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى تېخىمۇ
ساقلىغىلى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىغىلى
بولىدۇ ھەم ئورتاق خاراكتېردىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ
ھەل قىلىنىشىغىمۇ ياردىمى بولىدۇ. پۈتۈن جەمئىيەت بۇ خىز-
مەتكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم، جەمئىيەتشۇناسلار بىلەن ئىجتىما-
ئىي خىزمەتچىلەر مۇشۇنداق ئالاھىدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى
تېخىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ۋە خىزمەت ئوبيېكتى قىلى-
شى لازىم. مۇشۇنداق ئالاھىدە مەسىلە ۋە ئېھتىياجغا قارىتا
ھەقىقىي تۈردە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش كېرەك.
ئەلۋەتتە، ئىجتىمائىي ھاياتتا كىشىلەرنىڭ ئورتاق مەسىلىسى
بىلەن ئورتاق ئېھتىياجىغا، مەسىلەن، بالىلار پاراۋانلىقى، ئايال-
لار پاراۋانلىقى، ياشانغانلار پاراۋانلىقى ھەمدە ياشلار ـ ئۆسمۈر-
لەرنى ئاسراش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا قارىتامۇ، ئوخشاشلا
ئەھمىيەت بېرىش لازىم. خۇددى دوختۇرلۇقتا كېسەل داۋالاش
ھەم ئالدىنى ئېلىشتەك قوش ۋەزىپە بولغىنىغا ئوخشاش، ئىجتى-
مائىي خىزمەتتە يالغۇزلا قۇتقۇزۇش ياردەم بېرىش بىلەنلا چەك-
لەنمەي، بەلكى تېخىمۇ تىرىشىپ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھادىسە ۋە
مەسىلىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. شەخس، گۇرۇھ
ئىجتىمائىي رايون ئەڭ ياخشى ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش

بىلەن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشى، تېخىمۇ ماسلىشىشى، تېخىمۇ ساغلام ھالدا تەرەققىي قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. مەملىكىتىمىز جەمئىيەتشۇناسى يەن شېنجى ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ئىشلىرى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىجتىمائىي ئىش (ئىجتىمائىي خىزمەت) بولسا ھازىرقى زامان پېنىدىكى بىلىم بىلەن ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى بېجىرىش بىلەن شەخسنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئازابىنى تۈگىتىدۇ ھەم جەمئىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدۇ، پاسسىپ ھالدىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي كېسەل ھالىتىنى ئازايتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ كېسەل ھالىتىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تەڭلا دىققەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي نىشانى شەخسىي بىلەن ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئورتاق مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، ئاممىنىڭ پاراۋانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش.» بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ مۇشۇنداق ئىجتىمائىي سىياسەتكە تۈرتكىلىك قىلىش، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئىجتىمائىي ھاياتنى. مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانى قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، ئالدىنى ئېلىش، ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن بولىدۇ. قىسقىسى، ئىجتىمائىي خىزمەتچىلەر ئىجتىمائىي مەسىلىنى ھەل قىلىش، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ھايات بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلىشى كېرەك.

### 4. ئېلىمىزدىكى ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنىڭ مەزمۇنى

ماكان، زامان ئوخشاش بولمىغاچقا، ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئوتتۇرىغا چىققان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوخشاش بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ مەزمۇنىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئالاھى-
دىلىك بولىدۇ بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى،
جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنىڭ
كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىشى نەتىجىسىدە، ئىجتىمائىي خىز-
مەتنىڭ مەزمۇنى يەنە مۇناسىپ ھالدا تولۇقلىنىپ بارىدۇ. شۇڭا،
ئىجتىمائىي خىزمەتنىڭ مەزمۇنى ۋە تۈرى ئوخشاش بولمىغان
دۆلەتلەردە ئوخشاش ئەمەس.

ئېلىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا ئا-
ساسەن، ئىجتىمائىي خىزمەتنى كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىجتى-
مائىي يېتەكچىلىك، ئىجتىمائىي سىياسەت (خەلق ئىشلار خىز-
مىتىدىكى ھەر خىل فاڭجېن، سىياسەتلەر) ئىجتىمائىي تەربىيە،
ھەر خىل شەكىلدىكى ئىجتىمائىي مۇلازىمەت، ئىجتىمائىي مەسى-
لىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش، ئىجتىمائىي
ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق مۇشۇ بىرنەچچە مۇھىم تەرەپلەرگە
ئوموملاشتۇرغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق يوللار ئارقىلىق ئىجتىما-
ئىيلىشىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شەخسنىڭ جەمئىيەتكە نىسبە-
تەن ماسلىشىش ئىقتىدارىنى تەڭشەپ، خەلقنىڭ تىنچ - ئىتتى-
پاقلىقى بىلەن جىسمانىي روھىي ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈپ، ھاياتلىقتىكى بەختەرلىكنى كېڭەيتىپ، تۇرمۇش سۈپىتى-
نى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەتكە بەخت يارىتىش، سوتسىيالىستىك
تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەنلىك بولى-
دۇ. ئىجتىمائىي خىزمەت تار مەنىدىن ئالغاندا، مەخسۇس ئىج-
تىمائىي پاراۋانلىق خىزمىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسەن ئىجتىما-
ئىي قۇتقۇزۇش، يېزىلارغا ئىجتىمائىي ياردەم بېرىش، ئىجتىما-
ئىي پاراۋانلىق ئىشلىرى، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلەپچىقى-
رىش، مېيىپلارغا نەپىقە بېرىش قۇربان بولغان ۋە كېسەل بولۇپ
ئۆلگەنلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا نەپىقە بېرىش ھەممە باشقا
ئىجتىمائىي مەمۇرىيەتكە تەۋە بولمىغان بەزى خىزمەتلەرنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ.

مەملىكىتىمىزدىكى ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى قىسقىچە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىشقا بولىدۇ:

1) خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىدىكى ئىجتىمائىي خىزمەت.

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ خەلق ئىشلىرى تارمىقى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق خىزمىتىدىكى ئاساسىي مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگىنى بولۇپ، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان فۇنكسىيىلىك ئورۇن. ئۇنىڭ خىزمەت دائىرىسى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئائىلە تەۋە-لىرىگە ئېتىبار بېرىش، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، نىكاھ، ئائىلە ماجىراسىنى ياراشتۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆپ قىسىم ئىجتىمائىي خىز-مەتلەرنىڭ ھەممىسى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ كەسىپ دائى-رىسىدە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

2) ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ۋە ياردەم بېرىش.

بۇ خىزمەت چوڭ تەبىئىي ئاپەت (مەسىلەن، يەر تەۋرەش، غايەت زور تەيفېڭ بورىنى، كەلكۈن ۋە قۇرغاقچىلىق) يۈز بېرىش تۈپەيلى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى قۇتقۇزۇش ۋە باشقا ئالاھىدە سەۋەبتىن كېلىپ چىققان يېزا - شەھەردىكى تۇرمۇش قىيىنچى-لىقى بار ئاممىنى قۇتقۇزۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەملىكىتى-مىزنىڭ قۇتقۇزۇش ياردەم بېرىش فاڭجېنىنىڭ يادروسى «كىشى-لەرنىڭ ئۆزىگە تايىنىشىغا ياردەم بېرىش»تىن ئىبارەت. بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يەنە ئاممىنى قوزغىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى قانات يايدۇرۇش؛ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىجتىمائىي كۈچلەرنى تەشكىللەپ، كوللېكتىپ ئۆزئارا ياردەم بېرىش، يەنى «ئاساسىي قاتلامغا تايىنىپ، ئىشلەپ-چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، ئامما ئۆزئارا ياردەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بېرىش، ھۆكۈمەتنىڭ تېگىشلىك قۇتقۇزۇشىنى قوشۇمچە قىلىش» نى ئىزچىللاشتۇرۇش.

3) ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى.

ئۇنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، پاراۋانلىق سىياسىتى، پاراۋانلىق تەشكىلاتى، پاراۋانلىق ئىشلەپچىقىرىشى، پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقىنى يولغا قويغان ئورۇنلار بۇ خىزمەتنى تارقاق ھالدا يولغا قويىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىلى بار:

(1) بالىلار پاراۋانلىقى. ئانا - بالىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش ئورنى، يەسلى، بالىلارنىڭ باغچىسى، بالىلارنىڭ بالدۇرقى مەزگىلدىكى تەربىيىسى، مېيىپ بالىلارنى تەربىيىلەش، بالىلارنى ئاسراش ھەم بالىلار پاراۋانلىق ئورگىنى بىلەن ئەسلىھەلىرىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) ياشانغانلار پاراۋانلىقى. شەھەردىكى ياشانغانلارنى بېقىش ئورنى، يېزىلاردىكى ياشانغانلارغا ھۆرمەت قىلىش ئورنىنى ياخشى يولغا قويۇش، جەمئىيەتتىكى پاناھسىز قېرى - چۈرىلەرنى يىغىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە پېنسىيىگە چىققان پاناھسىز قېرى - چۈرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشى يولغا قويۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(3) مېيىپلار پاراۋانلىقى. ئەما، گاس، كاچا، توكۇر، نېرۋا كېسىلى بار مېيىپ ئادەملەرگە قارىتا قىزغىن غەمخورلۇق قىلىش ۋە ئاكتىپ ھالدا قۇتقۇزۇپ ياردەم بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پاراۋانلىق جەمئىيىتى بىلەن نېرۋا كېسىلىنى داۋالاش ئورۇنلىرى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك ھەمدە يىغىۋېلىش مىقدارىنى داۋاملىق كېڭەيتىش كېرەك. مەسىلەن، شاڭخەي قىزىل كرېست جەمئىيىتى مۇناسى-

ۋەتلىك ئورۇنلارغا ماسلىشىپ، خەلق ئومۇمىي ياردەم بېرىش، ئەسلىدىكى ئاددىي شارائىتقا يارىشا ئىش كۆرۈش ئۇسۇلىنى قول-لىنىپ، 1981 - يىلى «شەھەرلىك قىزىل كرېست ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پونكىتى ۋە «كوچا قىزىل كرېست ئىجتىمائىي پاراۋان-لىق پونكىتى»نى قۇردى ھەمدە مېيىپ ياشلارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بىر پاراۋانلىق ئورنى ۋە بىرنەچچە كوچا پاراۋانلىق پونكى-تىنى قۇرۇش بىلەن ئۇلارنى مېيىپ بولسىمۇ ئىرادىسى مېيىپ ئەمەس، مېيىپ بولسىمۇ يارامىلىق بولۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇ-رۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولدى.

(4) ئاياللار پاراۋانلىقى. زاۋۇتلاردىكى ئاياللار ئىشچىلار خىزمىتى ۋە يېزىلاردىكى ئايال ئەزالارنىڭ خىزمىتىنى، پىلانلىق تۇغۇتتىكى تېخنىكا يېتەكچىلىك خىزمىتى، تۇغۇتلۇق ئاياللارغا ساقلىقنى ساقلاش، پەن ساۋاتىنى بېرىش، يولدىن چىققان ئايال-لارنى يىغىپ تەربىيىلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4) ئىجتىمائىي سۇغۇرتا

ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنىڭ ئوبيېكتى مىلىلىغان، تومەنلىگەن ئائىلىلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك سۇغۇرتىسى قاتارلىقلار.

5) كوچا - مەھەللىدىكى ئىجتىمائىي خىزمەت.

كوچا - مەھەللە، شەھەردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى بولۇپ، خىزمىتى ئالدىراش بولىدۇ، بېيجىڭ شەھىرىدىكى بىر ئاھالە كومىتېتىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى ستاتىستىكىغا قارىغان-دا، ئەمەلىي خىزمەت 128 تۈردىن ئارتۇق بولغان. ئۇنىڭ ئىچى-دە نۇرغۇنلىرى ئىجتىمائىي خىزمەتكە ياتىدۇ. مەسىلەن، ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ خىزمىتى، يولدىن چىققان ياشلار - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش، پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەت-چىلەرنىڭ ئۆگىنىشى، مەھەللىدە تارقىلىپ يۈرگەن نېرۋا كېسە-

لى بار ئادەملەرنى تەشكىللەپ داۋالاش خىزمىتى، شەھەردە قې-يىنچىلىقى بارلارنى قۇتقۇزۇش خىزمىتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلا كۆپلىگەن ئاھالە كادىرلىرى، پېنسىيىگە چىققان كەڭ ئىشچى - خىزمەتچى ئاكتىپلارنى خىزمەتكە قاتناشتۇرۇپ، شەھەر ئىجتىما-ئىي خىزمىدىكى بىر غايەت زور قوشۇننى تەشكىللىگەندە، ئۇ ئىجتىمائىي خىزمەتتىكى مۇھىم كۈچ بولۇپ قالىدۇ.

6) ئىشچىلار، دېھقانلار، ياشلار، ئاياللار قاتارلىق خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى ئىجتىمائىي خىزمەت.

بۇ خىزمەتلەرنىڭ بەزىسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ماسلى-شىپ ئورتاق ئورۇنلايدۇ. مەسىلەن، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش تارماقلىرىغا ماسلىشىپ بالىلارنى تەربىيىلەش ۋە ئانا بالىلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى. مۇشۇ ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولسا، ئۇلار مەلۇم بىر تەرەپتىكى كەڭ ئامما بىلەن باغلانغان بولىدۇ، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ۋە بىر يۈرۈش تەشكىلىي سىستېمىغا ئىگە بولى-دۇ. مەلۇم بىر تەرەپتىكى ئاممىغا نىسبەتەن چاقىرىق قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ، ئۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي خىز-مەت سېپىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان قوشۇندۇر. ئاممىۋى خا-راكتېرلىك ئىجتىمائىي خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشتا مۇھىم رو-لىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

7) ھەر خىل ئاممىۋى مۇلازىمەت خىزمىتى.

ئورتاق پايدىلىنىدىغان ئىشلار مۇلازىمىتى. تۇرمۇش مۇلازى-مىتى، داۋالاش ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدىكى مۇلازىمەت. ياشلار - ئۆسمۈرلەر بىلەن پېنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەت-چىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە تەشكىللەنگەن ئىجتىمائىي پارا-ۋانلىق پائالىيىتى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە روھىي جەھەتتە ساغلام تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ھەر خىل ئېھتى-ياجنى قاندۇرۇشتا ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى.

8) قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان ۋە يولدىن چىقىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى ئۆزگەرتىش يەنى «ئىجتىمائىي تەلىم بېرىش ئىشلىرى».

ئۇ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى ئۆزگەرتىش، يېتەكلەش ۋەزى- پىسىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ھەر خىل ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى تۈزىدۇ، بولۇپمۇ جىنايەتچىلەر تۆۋە قىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا روھىي جەھەتتە ئىلھام بېرىدۇ. ئۇلارنى خىزمەتتە، ئىجتىمائىي ئورۇندا كەمسى- تىشكە ئۇچرىمايدىغان قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى سەككىز خىل ئەمەلىي بولغان ئىجتىمائىي خىز- مەت، مۇنداق قارىماققا تۈرى ناھايىتى جىق، مەزمۇنى كەڭ، مۇرەككەپ بولۇپ كۆرۈنگەندەك قىلىدۇ. ئەمما، ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى بايقاش تەس ئەمەس. ئىجتىمائىي خىزمەت بولسا، ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ، جەمئىيەتنىڭ نورمال پائا- لىيىتىنى توسىدىغان ئامىللارنى ئازايتىپ، ساغلام، ئىجتىمائىي ھاياتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك بىر خىل جەريان. ھەربىر ئىج- تىمائىي خىزمەتچى ئۆز خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى، ئەھمىيىتى، دائىرىسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشەنچىدە بولۇشى لازىم. مۇشۇ ئاساستىلا ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئېھتىياجىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگى- لەپ، جەمئىيەت ئېھتىياجى بىلەن ئىجتىمائىي سىياسەت ئوتتۇ- رىسىدا ھەرقاچان ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدىغان ئەھۋاللارنى بايقاش بىلەن، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى تەشكىللەپ ۋە سەپەر- ۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى ياكى ئىجتىمائىي مەسىلىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولى- دۇ. شۇنىڭدىلا بىر ئاڭلىق ئىجتىمائىي خىزمەتچىنىڭ شەرەپلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 参考书目


1、刘豪兴主编:《社会学概论》(全国组编本)高等教育出版社,1999年第二版。

2、《社会学概论》编写组:《社会学概论》(试讲本)天津人民出版社,1984 年版。

3、北京大学社会学系《社会学教程》编写组:《社会学教程》,北京大学出版社,1988 年版。

4、郑杭生主编:《社会学概论新编》中国人民大学出版社,1987 年版。

5、杨心恒,宗力编:《社会学概论》群众出版社,1986 年版。

6、王继编著:《理论社会学》陕西师范大学出版社,1990 年版。

7、陆学艺主编:《社会学》知识出版社,1996 年版。

8、王康主编:《社会学词典》山东人民出版社,1988 年版。

9、《中国大百科全书》中国大百科全书出版社 2000 年电子光盘。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەم، زەمىرە
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# جەمئىيەتشۇناسلىق

باش تۈزگۈچى: ئەخمەت يەھيا

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىندۇ ھەسسىدارلىق شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32،
باسما تاۋىقى: 15.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2001 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1—3,000
ISBN7—228—06726—6/C. 99
باھاسى: 24.00 يۈەن